

# بۈيۈك ئىلھامنامە

ئورىسون مادىن (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ئارسلان

مىللەتلەر نەشرىياتى

1BUI00000210

# كىرىش سۆز

دەۋرگە قارىتا ياشلاردا پەيدا بولىدىغان باش قېتىنچىلىق، پاسسىپلىق جەھەتلەردە مەنمۇ سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمىغانىمەن. مادېننىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق روھلىنىپ كەتتىم، كىشلىك تۇرمۇش قارىشىممۇ ئۆزگەردى. باش قېتىنچىلىق، پاسسىپلىق، ئۈمىدسىزلىك، بوشاڭلىقنىڭ تۇمانلىرىنى تەلتۆكۈس قوغلىۋەتتىم. ئەمدىلىكتە دۈچ كەلگىنىم ئوچۇق- ئاشكارا دۇنياۋى چوڭ بىرلىكتىكى كىشلىك تۇرمۇش بولدى.

مادېننىڭ كىتابىنى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش نۇقسانى بار ياشلارغا تونۇشتۇردۇم، ئۇلارنىڭمۇ مادېننىڭ كىتابىدىن ماڭا ئوخشاشلا ھاياجانلىق تەسىراتقا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

—— لىن يۇتاڭ ئەپەندى: «ياشلار تىرىشىشى كېرەك»

ئورىسون مادېن ئامېرىكىلىق بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇل سالغۇچىلىرىنىڭ بىرى.

مادېن يەتتە يېشىدا يېتىم بولۇپ قالغان. بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان شوتلاندىيىلىك يازغۇچى سامۇئىل سىمىلس يازغان «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالغان ۋە ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە بەل باغلىغان.

ئىقتىساد گۈللەنگەن 1893 ـ يىلى، مادىن تۆت مېھمانخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان. مادىن مېھمانخانىلارنىڭ تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا تولۇق تاپشۇرۇۋېتىپ، ئۆزى كۆپرەك ۋاقتىنى يېزىقچىلىققا سەرپ قىلغان. ئۇ «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» قا ئوخشاش كىشىلەرنى روھلاندۇرىدىغان ياخشى كىتاب يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن.

مادىن ئۆز كىتابىغا «جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش» دەپ نام قويغان (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئىسمى «بۈيۈك ئىلھامنامە»)، ئۇ: «ھەربىر قىيىن ئۆتكەلنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ پۇرسىتى قىلىش كېرەك!» دېگەن. بۇ كىتاب مادىننىڭ داڭلىق كىتابى بولۇپ قالغان.

لېكىن، بەختسىزلىك ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. 1893 ـ يىلىدىكى چوڭ مالىمانچىلىقتا مادىننىڭ ئىككى مېھمانخانىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، قولىيازمىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆيۈپ كېتىپ، ھەممە ئەجرى بىكارغا كەتكەن.

لېكىن، مادىن ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇ مالىمانچىلىقنىڭ ۋەھىمە تۈپەيلى پارتلىغانلىقىنى، بىرقانچە چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن ۋەيران بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ پاخاللىشىشىدىن، پاي چېكىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن، ئىقتىسادتىكى مۇقىمسىزلىقتىن قورققانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ۋەھىمە پاي چېكى بازىرىدىكى زور كاساتچىلىقنى، بەش يۈز ئاتمىش يەتتە بانكا ۋە ئىناۋەتلىك ھاۋالە شىركىتى، بىر يۈز ئەللىك ئالتە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئىش تاشلاش ئەۋج ئالغان، ئىشسىزلىق مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن يىغىۋېلىنمىغان.

ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇقىمـ



سىزلىقىنى كۆرگەن مادىن كىشىلەر مەنىۋى جەھەتتىكى ئىلھامغا موھتاج، دەپ قارىدى. بەزى كىشىلەر مېھمانخانا دىرېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلدى. ئۇ يېڭىۋاشتىن كىتاب يېزىقا كىرىشتى، ھەپتىسىگە بىر يېرىم ئامېرىكا دوللىرىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈپ، ساناقسىز جاپا ـ مۇشەققەت ۋە جەبىر ـ جاپالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، كېچە ـ كۈندۈز تىنىمسىز ئىشلەپ، كىشىلەر قەلبىگە ئىلھام بېرىدىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن «ھاياتلىق كاپىتالى»، «جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش»، «توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش ياراتقان مۆجىزە»، «ئۇلۇغ خاراكتېر»، «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمىنىڭ پرىنسىپلىرى» قاتارلىقلارنى يازدى.

«جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش» نىڭ تۇنجى نەشرى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، دەرھال جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر ئۇنى دەرسلىك كىتاب ياكى پايدىلىنىش كىتابى قىلىپ بېكىتتى؛ شىركەت ۋە سودا ئورۇنلىرى خادىملىرىغا تارقىتىپ بەردى. بۇ كىتاب مائارىپ خادىملىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، مىسسىئونېرلار، سودىگەرلەر ۋە كەسىپ دىرېكتورلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن قارشى ئېلىنىپ، كىشىلەرگە غەيرەت بېغىشلايدىغان قۇدرەتلىك كىتاب، دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە يىگىرمە بەش خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى، سېتىلىش مىقدارى نەچچە مىليون پارچىغا يەتتى.

ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمۇ كۆپ قېتىم قايتا نەشر قىلىندى ھەمدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەردە تارقىتىلدى. كىتابخانىلاردىن كەلگەن خەتلەر قاردەك يېغىپ كەتتى، نۇرغۇن كىتابخانىلار بۇ كىتابلار بىزگە يېڭى بىر دۇنيانى ئېچىپ، بىزنى ۋۇجۇدىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى بايقاش ۋە تولۇق ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئىلگىرى بۇنداق

يوشۇرۇن كۈچىنىڭ بارلىقىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتۇق، دېيىشتى.

مادىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، «مۇۋەپپەقىيەت» ناملىق ژۇرنالنى تەسىس قىلدى. ئامېرىكىدا بۇ ژۇرنالنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمىنى ئىجادچانلىق بىلەن تارقىتىپ، سانسىزلىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلارغا تەسىر كۆرسەتتى.

«كىشىلەر ئۆز ئىشىدىكى يۈكسەكلىك ۋە چوققىغا چىقىشتا ھەرگىز تۇيۇقسىزلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇرادەرلىرى شېرىن چۈش كۆرۈپ ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقاندا، ئۇلار تەنھا ھالدا چىراغ يورۇقىدا جاپالىق كۈرەش قىلىدۇ.» بۇ دەل مادىننىڭ ئۆزى ۋە كۈرەش قىلىش مۇساپىسىنىڭ سۈرەتلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزى شەرھلىگەن قائىدىلەرنى دەلىللىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مادىن نام - شۆھرەتتە يەنە بىر ئىلھاملاندۇرۇش ئۇستازى ناپولېئون خېئول بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئېرىشىپ، لىن يۇتاڭ ئەپەندى تەرىپىدىن ياشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئۇستازلىقىغا تەۋسىيە قىلىندى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمىغا دائىر ئەسەرلىرى كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ ھەممە كۈچ ۋە ئېتىقاد بېغىشلاپ، ياش يارانقۇچىلارنىڭ ياخشى ئۇستازى، پايدىلىق دوستى بولۇپ قالدى.

مادىننىڭ ئەسەرلىرى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنىڭ مەنىۋى ئەڭگۈشتىرى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىلھام قامۇسىدۇر.

بىز مادىن ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۇچرىتالايمىز. ئۇ كىتابخانلار تەرىپىدىن ئۈمىدۋارلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ خۇش خەۋ-



رى، گۈزەل تۇرمۇش ۋە پارلاق ئىستىقبالغا ئېلىپ بارىدىغان پەلسەپە، دەپ قارالدى.

بۇ خىل تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ مەقسىتى: كىشىلەرگە دۆتلۈك ۋە نادانلىقتىن، نامراتلىق ۋە قولى قىسقىلىقتىن قانداق قۇتۇلۇشنى، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى قانداق يېڭىشنى، ھەر خىل رەزىل نەرسىلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قانداق ساقلىنىشنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ تۇرمۇش پەلسەپىسى كىشىلەرنى نامراتلىق، قولى قىسقىلىق ۋە كېسەللەرگە قۇل بولۇش ھالىتىدىن ئازاد قىلىپ، كىشىلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختكە تۇتاشقان يولدىكى تۈرلۈك پۇتلىكاشاڭلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ بېرىدۇ.

«بۈيۈك ئىلھامنامە»نىڭ ئەسلىي نامى «جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش»، ئۇ مادىننىڭ تۇنجى كىتابى، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆز ھاياتىدا كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ رىغبەتلەندۇرىدىغان كىتاب يېزىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىسىنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

بۇ كىتاب نۇرغۇن ماتېرىيال يىغىش ئاساسىدا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن زاتلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى پىششىقلاش ئارقىلىق يېزىپ چىقىلغان. كىتابتا كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلارنىڭ قانداق قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىگە دائىر نۇرغۇن مىسال يېزىلىپ، ياشلارنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتور ماتېرىياللارنى دۆۋىلەپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، بۇلارغا قارىتا ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزگەن ۋە باھا بەرگەن.

ئاپتور بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئۇنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى مۇنداق شەرھلىگەنىدى: «قايمۇقۇش ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قالغان ياشلارنى ھەرىكەتكە كېلىپ،

خۇددى كولومبودەك ئۆزىنىڭ يېڭى قۇرۇقلۇقىنى تېپىشقا رىغبەتلەندۈرمەكچىمەن؛ ياشلارغا ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلىمىلىرى ئىچىگە پېتىپ قالماسلىق، كەلگۈسى ھەققىدىكى قۇرۇق خىياللارغىمۇ بېرىلىپ كەتمەسلىك، بەلكى ھازىر بار بولغان مىنۇت - سېكۇنتتىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرماقچىمەن؛ ياشلارنى تىرىشىپ ھەربىر ئاددىي پۇرسەتنى پەۋقۇلئاددە بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرماقچىمەن.»

كىتابتا سۆزلەنگەن ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئىش ئىزلىرى «ھېلىقى ‹ئەزەلدىن خولۇق كۆرمىگەن›، ‹رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا جاي تاپالمىغان› ياشلارغا قىيىن ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئېيتىپ بېرىدۇ؛ بىلىملىك، قەتئىي ئىرادىلىك بىر ياشنىڭ ئىشلىرىنى ھېچقانداق نەرسىنىڭ چەكلىيەلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.»

بۇ كىتابتا ئاپتور ھەرقانداق ئەربابقا باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ قانچىلىك پۇلى بارلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىگە قاراشنى ئۆلچەم قىلغان؛ ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي شەخسىي ئىقتىدارىغا قارىغان؛ ئۇلارنىڭ بايلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق - پەزىلىتىگە قارىغان.

خۇددى ئاپتور ئېيتقاندەك: بۇ كىتابنىڭ «قىلالايدىغىنى پەقەت بىر خىل يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق، نامرات ياشلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشتىنلا ئىبارەت، بىراق ئۇنىڭدا سولومۇن ھېكايىلىرىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇل قوللىنىلغان. ھالبۇكى، بۇلار ئاللىقاچان كونىراپ كەتكەن دەپ قارىلىدىغان ھېكايە ۋە كونا گەپ تېمىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرى يوشۇرۇنغان.»

ناپولېئون خېئول: «مادېننىڭ ‹بۈيۈك ئىلھامنامە›سى



پۈتكۈل دۆلەتنىڭ پوزىتسىيىسىنى پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا ئۆزگەرتتى، پۈتۈن دۇنياغا تەسىر قىلدى» دېگەنىدى.

بىر كىتابنى بىر دۆلەت ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن باغلاشتىن، بۇ كىتابنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مادېننىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ھەر خىل تىللاردا نەشر قىلىنىپ چەت ئەللەردە ناھايىتى بازار تاپقان، بولۇپمۇ ياپونىيىدە شۇنداق بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىنگلىزچە نەشرى ۋە ياپونچە نەشرى ھۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىپ بېكىتىلىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ماك كېنلىي ياشلارغا يازغان تەۋسىيە خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مادېننىڭ كىتابلىرى ئالىيجاناب ۋە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بارلىق ياش كىتابخانلار ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام. مېنىڭچە، ھەربىر ئامېرىكىلىق ياش ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مادېننىڭ كىتابلىرىدىنمۇ چارە ھېچقانداق نەرسە يوق.»

قىلچە مۇبالىغە قىلماي ئېيتىشقا بولىدۇكى، مادېننىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇ تەشەببۇس قىلغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پرىنسىپلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىليونلىغان نامرات خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى قاق سەنەم كىشىلەردىن مىليونېرلارغا، نامسىز كىشىلەردىن جەمئىيەتنىڭ داڭدارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن ياغقان مەدھىيىلەرگە سازاۋەر قىلدى ۋە سازاۋەر قىلىپ كەلمەكتە.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى يارىتىش ........ 1

ئىككىنچى باب

نامرات ئائىلىدىن چىققان مەشھۇر ئەربابلار ........ 53

ئۈچىنچى باب

بوش ۋاقىتلاردىكى بايلىق ........................ 95

تۆتىنچى باب

تۇغما قابىلىيىتىگە نالايىق كەسىپكە دۇچ كەلگەندە... 117

بەشىنچى باب

كەسىپىي هاياتنى تاللاش........................... 137

ئالتىنچى باب

زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش........................... 161

يەتتىنچى باب

تېزلىك ۋە دەللىك .............................. 183

سەككىزىنچى باب

شەخسىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى بايلىق ........... 201

توققۇزىنچى باب

قىزغىنلىق ياراتقان مۆجىزە ....................... 245

ئونىنچى باب

پەم - پاراسەت ۋە ئومۇمىي ساۋات ............... 271

ئون بىرىنچى باب

غۇرۇر ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش ............... 297

ئون ئىككىنچى باب
پەزىلەت ۋە خاراكتېرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ...... 309
ئون ئۈچىنچى باب
توغرىلىق ۋە مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش ........... 341
ئون تۆتىنچى باب
مۇۋەپپەقىيەت ئىرادىلىكلەرگە مەنسۇپ ........... 365
ئون بەشىنچى باب
ئىخچام بولۇش ئادىتى ........................... 391

# بىرىنچى باب

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى يارىتىش

كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا پەۋقۇلئاددە پۇرسەتكە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلۇغ دەپ ئاتالغان كىشىلەر پەقەت جاھان ئەھلىنىڭ نەزىرىدىكى ئادەتتىكى شارائىتنى بىر خىل پايدىلىق پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان. ئەمەلىيەتتە، ھەربىرىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى باراۋەر بولىدۇ، ھەربىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا سەمىمىيلىك پەزىلىتى، قىزغىن ئارزۇ ۋە بوشاشماسلىقتەك خىسلەت بولىدۇ، بۇلار بىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئالدىمىزدا سانسىزلىغان ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بىزگە يول كۆرسەتمەكتە، بىزنى ھەرىكەتكە كېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا.

*بارلىق مەۋجۇداتلار ياشاۋاتقان بۇ چەكسىز دۇنيادا، جەزمەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر كىشىلىك خىزمىتى بولىدۇ.*

*—— لوۋېل*

*پۇرسەتنى ھەر ۋاقىت ئىزدەش لازىم؛ پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە كەسكىن بولۇش، ئۇنى ۋاقتىدا تۇتۇۋېلىش لازىم؛ پۇرسەت قولدا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئۈچ خىل مۇھىم پەزىلەت.*

*—— ئاۋۇستىن فىلىپس*

*ھەربىر كۈندە بىر پۇرسەت بولىدۇ، ھەربىر كۈندە مەلۇم كىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بىر پۇرسەت بولىدۇ، ھەربىر كۈندە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەم ھەرگىز قايتا كەلمەيدىغان بىر پۇرسەت بولىدۇ.*

*—— بېرل*

— ئەگەر بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بولساق، كىشىلەر نېمە دېيىشىپ كېتەر؟ — دەپ سورىدى كاپىتان بارلىق قىزغىنلىق ۋە ھاياجان بىلەن. ئەينى چاغ دەل نىل دەرياسى بويىدىكى جەڭنىڭ ھارپىسى بولۇپ، نېلسون ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى ئەمدىلا تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغانىدى.

— بۇنداق ئەھۋالدا ھېچقانداق گەپكە ئورۇن قالمايدۇ، ھەرقانداق تەسەۋۋۇر مەۋجۇت بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى نېلسون، — بىز چوقۇم يېڭىمىز، بۇ شەك - شۈبھىسىز. بىرەر ئادەم جەڭ مەيدانىدىن تىرىك قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ باشقا گەپ.

كېيىن، كاپىتان ۋە باشقا ئوفىتسېرلار مەجلىسخانىدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرىغا قايتىشتى. نېلسون ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ بىر ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويدى:

— ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا مەن يا ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىمەن، يا لاياقەتلىك ھالدا ۋېسمېنىست چېركاۋىنىڭ قەبرىستانلىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆتكۈر ۋە قىزغىن نۇر چاقنىدى، چۈنكى باشقىلار پەقەت مەغلۇپ بولىدىغان جايلارنىلا كۆرگەندە، ئۇ غەلىبىنىڭ ھىدىنى پۇرىۋالىغانىدى.

* * *

— ئەگەر بۇ يول بىلەن بىۋاسىتە كېسىپ ئۆتمەكچى بولساق، بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ناپولېئون ئىنژېنېرلاردىن. بۇ ئىنژېنېرلار خەتەرلىك بولغان ئالپىس تې-

غىنىڭ سېپىبونا ئېغىزىنى تەكشۈرۈپ كەلگەندى.

— بەلكىم مۇمكىن بولۇپ قالار، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار تىلىنى چاينىشىپ، — يەنىلا مەلۇم مۇمكىنچىلىك مەۋجۇت.

— ئۇنداقتا، بىز ئالغا ئىلگىرىلەيلى، — دېدى پاكار بويلۇق ناپولېئون قەتئىيلىك بىلەن. ئۇ ئىنژېنېرلارنىڭ بايىقى گەپلىرىدىكى «تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش ئىنتايىن قىيىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئۇرغۇغا پەرۋا قىلمىدى.

شۇ چاغدا، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئاۋستىرىيىلىكلەر ناپولېئوننىڭ ئالپىس تېغىدىن ھالقىپ ئۆتمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ، مەنسىتمىگەن ھالدا ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ: «ئۇ دېگەن ئەزەلدىن بىر ھارۋىنىڭ چاقى تېگىپ باقمىغان، ھارۋا چاقىنىڭ تېگىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان جاي» دېيىشكەنىدى. ھالبۇكى، ناپولېئون يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ، ئېغىر زەمبىرەكلەرنى سۆرىتىپ، تونىنا - تونىلاپ توپ ئوقى ۋە قوراللارنى، زور مىقداردىكى ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە ئوق — دورىلارنى ئېلىپ ماڭدى!

لېكىن، قورشاۋدا قالغان گېنېرال مارتېسىنا رېنايادا ئاچارچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ، يەنىلا غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ئاۋستىرىيىلىكلەر ناپولېئون گېنېراللىرىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ناپولېئون ئېگىز تاغدىن قورقۇپ قالمىدى، ئالپىس تېغىدىن كەينىگە يېنىپ چۈشمىدى. مەغلۇبىيەت ناپولېئونغا يولىمىدى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

سانسىز كىشىلەر «مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارىغان ئىش رېئاللىققا ئايلانغان ھامان، ھەممىشە بەزى كىشىلەر بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇنلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئىدى، دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزى كىشىلەر باھانە تېپىپ، بىز يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى



ھېچقانداق كىشى يېڭەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ؛ قىيىنچىلىق ئالدىدا چېكىنگەنلىكىنى بولسا، نورمال ئىش دەۋېلىپ، قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا تىكىۋېتىدۇ. نۇرغۇنلىغان كوماندىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئوخشاشلا سەرخىل، شۇنداقلا ئەگرى - بۈگرى تاغ يوللىرىدا مېڭىشقا ماھىر ئەسكەرلىرى بار بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا ناپولېئوندا بار بولغان ئېگىلمەس ئىرادە ۋە جاسارەت كەمچىل. مەيلى بۇ قىيىنچىلىق باشقا ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا يېڭىش قىيىن بولغان قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ناپولېئون بۇنداق قىيىنچىلىق ئالدىدا ھەرگىز چېكىنمەيتتى. ئۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە موھتاج ئىدى، شۇڭا ئۆزى پۇرسەت يارىتاتتى ھەمدە بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتاتتى.

* * *

ئامېرىكىنىڭ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدىكى قەھرىمان گېنېرال گرانت يېڭى ئورلېئاندا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئېغىر يارىلاندى. دەل شۇ چاغدا ئۇ چاتانوگا ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. ئەينى چاغدا، جەنۇب ئارمىيىسى قوشما شتات ئارمىيىسىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، تەسلىم بولۇش گويا پەقەت ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. كەچ بولغاندا، تۆت ئەتراپتىكى تاغلاردا دۈشمەن ئارمىيىسى گۈلخانلىرىنى يېقىۋەتتى، قاراڭغۇ كېچە خۇددى سانسىز يۇلتۇزلارغا تولۇپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. گېنېرال گرانت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بارلىق ياردەم ۋە تەمىنات پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، كەسكىنلىك بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى - دە، ئادەملىرى بىلەن يېڭى جەڭ مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇلار مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ، ئوخېئو دەرياسى ۋە ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردەك تارالغان تارماق ئېقىنلىرىنى كېسىپ ئۆتتى. ئاتقا سۆرىتىلگەن نوسىلكىدا ياتقان گېنېرال

گرانت ئوڭغۇل - دوڭغۇل، چەكسىز قاقاسلىقنى كېسىپ ئۆ-
تۈپ، ئاخىرى تۆت ئەسكەرنىڭ ياردىمىدە چاتانوكاغا يېتىپ بار-
دى. بىر ئۇلۇغ قوماندان يېتىپ كەلدى! ئۇنىڭ كېلىشى پۈتۈن
ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى دەرھال ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ئۇرۇش ۋەزىيە-
تىنى ئۆزگەرتەلەيتتى، پەقەت ئۇلا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەر-
تەلەيتتى. ئۇنىڭ ئېگىلمەس روھى ۋە جاسارىتىنىڭ ئىلھامىدا،
پۈتۈن قوشۇننىڭ جاسارىتى ئۇرغۇدى. دۈشمەن يەنىلا قەدەممۇ-
قەدەم قىستاپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن گرانت ئېگەرگە چىقىشقىمۇ
ئۇلگۇرمەي ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەرگەن چاغدا، شىمال
ئارمىيىسى شۇ ئەتراپتىكى بارلىق تاغ چوققىلىرىنى چاقماق
تېزلىكىدە قايتۇرۇۋالدى.
بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھەممە ئىش تامامەن تاسادىپىيلىقتىنمۇ
ياكى پۈتكۈل ئارمىيە ياردار بولغان گېنېرال گرانتنىڭ ئېگىل-
مەس - سۇنماس ئىرادىسىنىڭ ئىلھامى ۋە رىغبىتى بىلەن ئۇ-
رۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكتىنمۇ؟

* * *

ئىرادە كۈچى، جاسارەت ۋە بىر قارارغا كېلىش بارلىق
ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتەلەمدۇ، يوق؟ ئەكسىچە، نېمە ئۈچۈن خېر-
رېخوگس پەقەت ئىككى جەڭچىگە باشچىلىق قىلىپ توقسان مىڭ
كىشىلىك توسكانا ئارمىيىسىنى ساراسىمىگە سېلىپ، غال -
غال تىترىتىپ، تېبىر دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرالىدى؟ نېمە ئۈچۈن دمىترىك گرېتسىيىنىڭ
دېڭىز ياقىسىدا پېرسىيە ئۇرۇش كېمىلىرىنى پاچاقلاپ دېڭىزغا
غەرق قىلىۋېتەلىدى؟ نېمە ئۈچۈن كايسار ئۆز ئارمىيىسىنىڭ
ھۇجۇم قىلىشى تەس بولغان ئەھۋالدا، نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ،
قالقىنىنى چىڭ تۇتۇپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆز ئارمى-
يىسىنى يەنە تېزلىك بىلەن يىغىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتنى غەلى-
بىگە ئايلاندۇرالىدى؟ نېمە ئۈچۈن ۋېنكېلرېدنىڭ كۆكرىكىگە



نەيزە چوڭقۇر سانجىلغان چاغدىمۇ، ئۇ يەنىلا قەددىنى تىك تۇ-
تۇپ، سەپداشلىرى ئۈچۈن قانلىق يول ئېچىپ، ئۇلارنىڭ قەدەم-
مۇقەدەم ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە يولىغا مېڭىشىغا ئىمكانىيەت
يارىتىپ بېرەلىدى؟ نېمە ئۈچۈن ناپولېئون ئۇرۇش بىلەن ئۆت-
كەن ھاياتىدا، ھېچقانداق جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ باقمىدى؟ نېمە
ئۈچۈن ناي يۈزدىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلاردا خەتەرنى
ئامەتكە ئايلاندۇرۇپ، مەغلۇبىيەت خەۋپى بولغان ئۇرۇش ۋەزى-
يىتىنى زور غەلىبىگە ئايلاندۇرالىدى؟ نېمە ئۈچۈن گېرتسوگ
ۋېللىنگتون زادىلا مەغلۇپ بولۇپ باقمىدى؟ نېمە ئۈچۈن پېررې
لاۋرېنس دەرياسىدىن ئايرىلىپ، قېيىقنى يالغۇز ھەيدەپ نىئاگا-
را شارقىراتمىسىغا بېرىپ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئوق ئاۋازىنىڭ
ئۈن - تىنسىز يوقىلىشىغا سەۋەب بولدى؟ قوشما شتات ئارمى-
يىسى ئۈزلۈكسىز مەغلۇپ بولۇپ تۇرغان چاغدا، نېمە ئۈچۈن
گېنېرال شېردان ئۆزى يالغۇز ۋېنچېستقا — دۈشمەن ئالدىنقى
سېپىگە ئاتلىق بېرىپ جەددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالىدى؟ گېنې-
رال شېرمان تەنھا ھالدا پوزىتسىيىگە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۆز
ئەسكەرلىرىگە قول پۇلاڭلىتىپ، ئۇلارنى بەرداشلىق بېرىپ
ئىستىھكام ۋە پوزىتسىيىنى قەتئىي ساقلاشنى تەلەپ قىلغاندا،
نېمە ئۈچۈن جەڭچىلەر شىجائەتكە تولۇپ، ئۆز قوماندانى شېر-
ماننىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزدى
ھەمدە راستتىنلا پوزىتسىيىنى قوغداپ قالالىدى؟
تارىخ ئۈن - تىنسىز ھالدا مانا شۇ خىلدىكى مىڭلىغان،
ئون مىڭلىغان مىساللارنى قالدۇرۇپ، بىزگە سانسىزلىغان
قەھرىمان ۋە ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ باشقىلار پۇرسەت ئالدىدا ئارى-
سالدى بولۇپ تۇرغان چاغدا، كەسكىنلىك بىلەن پۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى قىيىن بول-
غان ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ
كىشىلەر ھامان ئۆز پەيتىدە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، چاقماق-

ـتەك چاققان بولۇپ، پۈتۈن جان ـ دىلى بىلەن ئۆزىنى ھەرىكەت
ئىچىگە ئېتىپ، پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.
توغرا، سىز دۇنيادا پەقەت بىرلا ناپولېئون بار، دېيىشىـ
ڭىز مۇمكىن. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن كۆرۈشىمىز كېرەكـ
كى، هازىرقى ھەرقانداق بىر ياش دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق
بىلەن خەۋپ ـ خەتەر بۇ كورسىكالىق پاكىنەك ھالقىپ ئۆتكەن
ئالپىس تېغىدەك ئېگىز ۋە خەتەرلىك ئەمەس.

* * *

پەۋقۇلئاددە پۇرسەتنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا زاھىر بولۇشىنى
كۈتۈپ ئولتۇرماڭ، بەلكى ھەربىر ئاددىي پۇرسەتنى چىڭ تۇـ
تۇپ، ئۇنى ئۆز ئىلكىڭىزدىكى پەۋقۇلئاددە پۇرسەتكە ئايلاندۇـ
رۇڭ.
1838 — يىل 9 — ئاينىڭ 6 — كۈنى ئەتىگەندە،
ئىنگلاند ۋە شوتلاندىيىنىڭ ئارىلىقىدىكى لانستون ماياك مۇنارىدا
بىر ياش قىز سىرتتىن ئاڭلانغان چىرقىراق، قورقۇنچلۇق ئاـ
ۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. سىرتتا قاتتىق بوران چىـ
قىپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى، دېڭىز دولقۇنى غەزەپلىك
ھۆركىرەپ دەھشەت بىلەن تولغىناتتى، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىـ
غان كۈچلۈك ئاۋاز بوراننىڭ غۇيۇلدىشى ۋە دولقۇنلارنىڭ ھۆرـ
كىرىشىدىن ھالقىپ دەمۇدەم ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، قىزـ
نىڭ دادىسى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ دۇربۇن بىلەن قاـ
راپ، ئاجىز، كىچىك توققۇز گەۋدىنى كۆردى، ئۇلار ھادىسىگە
يولۇققان بىر كېمىدىن قېپقالغان بىر تاختايغا جېنىنىڭ بارىچە
ئېسىلىۋېلىشقانىدى، كېمىنىڭ بېشى يېرىم ئىنگلىز مىل يىـ
ـراقلىقتىكى خادا تاشقا تىرىلىپ تۇراتتى.
— بۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق، — دېدى ماياكچى
ۋىلىيام دۇلىن نائىلاج قالغان قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ.
— ياق، چوقۇم ئامال تېپىلىدۇ، ئامال تاپايلى. بىز



ئۇلارنى قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك، — قىز كۆزلىرىگە ياش ئالغان
ھالدا ئاتا — ئانىسىغا يالۋۇردى. ئاتا ئاخىر تەۋرىنىپ قالدى.
— ماقۇل، گىرىت، مەن سېنىڭ تەلىپىڭ بويىچە سىناپ
كۆرەي. لېكىن، مەن بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى
بىلىمەن.
كېيىن، بىر قېيىق خۇددى دەھشەتلىك بوراندا لەيلەپ
يۈرگەن بىر تال پەيدەك، يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان دولقۇندا
دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشۈپ، بوران — يامغۇرنى ۋە دولقۇنلارـ
نى يېرىپ ئۆتۈپ، ھادىسىگە يولۇققان كېمىگە قاراپ ئىلگىرىلىـ
دى. ھېلىقى ماتروسلارنىڭ ۋارقىراشلىرى بۇ قىزنىڭ ئاجىز
گەۋدىسىنى قاۋۇل ۋە جاسارەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. نەدىن كەلـ
گەن جاسارەت ۋە كۈچ — قۇدرەت ئىكەنلىكى نامەلۇم، بۇ باتۇر
قىز دادىسى بىلەن بىللە پالاقنى كۈچەپ ئۇرۇپ بوران — يامغۇر
ئىچىدە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. توققۇز ماتروس ئاخىر قۇتقۇـ
زۇۋېلىندى، ئۇلار بىخەتەر ھالدا قېيىققا چىقتى.
— تەڭرىم سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، سۆيۈملۈك
قىزچاق. سىزدەك بىر ئاجىز قىزنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلار
ئىچىدىن بۇنچە كۆپ ئادەمنى قۇتقۇزالىشىنى زادىلا ئويلىماپـ
ـتۇق، — بىر ماتروس بۇ قەھرىمان قىزغا ئىشەنمىگەندەك
قاراپ، ئىختىيارسىز ماختاپ كەتتى. ئۇنىڭ قىلغانلىرى پۈتۈن
ئەنگلىيىلىكلەرنى چەكسىز شەرەپ ھېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ
باتۇرانە غەيرەت ـ جاسارىتى ئېسىلزادىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدا قىزدـ
ـرىشقا مەجبۇر قىلدى.

* * *

ئوچېرك يازغۇچى گېئورگى ئېگىستون بايان قىلغان ھېكاـ
يىدە مۇنداق بىر بۆلەك بار: بىر كۈنى، سېگنو فارىنو بىرمۇنچە
مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ قەسرىدە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزمەكـ
چى بولىدۇ. زىياپەت باشلىناي دېگەندە، تاماق جوزىسىغا مەسـ

ئۇل كىشى ئۆزى لايىھىلىگەن چوڭ تورتنى ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇزۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىش غوجىدارنى قاتتىق جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ چاغدا، بىر ئوغۇل بالا:

— ئەگەر مېنىڭ بىر ئامال قىلىپ بېقىشىمغا يول قويسىڭىز، مەن يېڭىدىن تورت پىشۇرغان بولاتتىم، — دەيدۇ تارتىنغان هالدا. بۇ بالا سېگنو قەسرىدە قارا ئىش قىلىدىغان بىر مالاي ئىدى.

— سەن؟ — دەيدۇ غوجىدار قاتتىق هەيران بولۇپ، — بۇنچە يوغان گەپ قىلغۇدەك قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ؟

— مېنىڭ ئىسمىم ئانتونىئو كانوۋا، هەيكەلتاراش پىسانونىڭ نەۋرىسى، — دەيدۇ تاتىراڭغۇ چىراي بۇ بالا.

— شاكىچىك، سەن راستتىنلا قىلالامسەن؟ — دەپ سورايدۇ غوجىدار گۇمانسىرىغان هالدا.

— مەن بىرنەرسىنى ياساپ جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويالايمەن، ئەگەر سىز مېنىڭ سىناپ كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلسىڭىز، — دەيدۇ بالا دادىللىشىپ.

مالايلار بۇ چاغدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئالدىراپ قېلىشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن، غوجىدار ئانتونىئونىڭ ئۇرۇنۇپ بېقىشىغا ماقۇل بولىدۇ، شۇنداقلا بالىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ هەربىر هەرىكىتىگە زەن سېلىپ، ئۇنىڭ زادى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ. ئاشپەزنىڭ بۇ كىچىك ياردەمچىسى ئالدىرىماي- تېنىمەي باشقىلارغا سېرىق ماي ئەكەلدۈرىدۇ. بىردەم ئۆتە- ئۆتمەيلا، كۆزگە چېلىقمايدىغان سېرىقماي بۇ بالىنىڭ قولىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر شىرغا ئايلىنىدۇ. قاتتىق خۇش بولۇپ كەتكەن غوجىدار هەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالىدۇ. ئۇ سېرىقمايدىن ياسالغان بۇ شىرنى جوزا ئۈستىگە تىزدۇرىدۇ.



كەچلىك زىياپەت باشلىنىدۇ. مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن ئاشخانىغا باشلاپ كىرىلىدۇ. بۇ مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا، ۋېنتسىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر كەسپكارلار، شاهزادىلەر، تەكەببۇر ئاقسۆڭەكلەر، يەنە مەخسۇس قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرىدىغان سەنئەت ئوبزورچىلىرى بار ئىدى. لېكىن، مېھمانلار جوزا ئۈستىدە ياتقان سېرىقماي شىرنى كۆرگەن چاغدا ئىختىيارسىز ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ، بۇ هەقىقەتەن تالانت بىلەن ياسالغان ئەسەر، دېيىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ شىرنىڭ ئالدىدىن كەتكۈسى كەلمەي قالىدۇ، هەتتا بۇ يەرگە كېلىشتىكى هەقىقىي مەقسىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. نەتىجىدە، پۈتۈن زىياپەت زالى سېرىقماي شىرنى تاماشا قىلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مېھمانلار زوقلانغان هالدا شىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، سېگنو فارىلودىن ئۆز تالانتىنى تېزلا ئېرىپ كېتىدىغان مۇنداق نەرسىگە ئىسراپ قىلغان ئۇلۇغ هەيكەلتاراشنىڭ كىملىكىنى سورىشىدۇ. سېگنو فارىلومۇ گاڭگىراپ قېلىپ، غوجىدارىنى چاقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، غوجىدار كىچىك ئانتونىئونى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىدۇ.

بۇ ئېسىلزادە مېھمانلار ئۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ نەپىس سېرىقماي شىرنىڭ مۇشۇ بالا بىردەمدە ياسىغان ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئۇققىنىدا، ئىختىيارسىز هەيرانلىققا چۆمۈشىدۇ، زىياپەت زالى بۇ بالىنى ماختاش سورۇنىغا ئايلىنىدۇ. باي خوجايىن دەرهال ئۆزىنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ بۇ بالىغا ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تۇغما تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

دەرۋەقە، سېگنو فارىلو لەۋزىدە تۇرىدۇ، لېكىن ئانتونىئو كۆز ئالدىدىكى كاتتا ئامەت ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئۇ يەنىلا ئاددىي- ساددا، قىزغىن ۋە سەمىمىي بىر بالا بولۇپ، هارماي - تالماي جاپا چىداپ تىرىشىپ، پىسانونىڭ شاگىرتىغا



000021

مۇناسىپ بولغان بىر مۇنەۋۋەر ھەيكەلتاراش بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئېھتىمال نۇرغۇن كىشىلەر ئانتونىئونىڭ تۇنجى پۇرسەتتىن قانداق تولۇق پايدىلىنىپ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما كېيىنكى چاغلاردىكى مەشھۇر ھەيكەلتاراش كاۋانونىڭ كاتتا نامىنى بىلمەيدىغان، ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ ھەيكەلتاراشلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.

* * *

ئاجىزلار پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، كۈچلۈكلەر پۇرسەتنى يارىتىدۇ.

شابىن مۇنداق دېگەنىدى: «مۇنەۋۋەر كىشىلەر پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، بەلكى پۇرسەتنى ئىزدەپ تاپىدۇ ھەم چىڭ تۇتىدۇ، پۇرسەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مالايغا ئايلاندۇرىدۇ.»

سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا پەۋقۇلئاددە پۇرسەتكە ئېرىشەلىشىڭىزنىڭ مۇمكىنچىلىكى مىليوندىن بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. لېكىن، پۇرسەت دائىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، سىز پۇرسەتنى تۇتۇۋالسىڭىز، ئۇنى پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ھەرىكەتكە كېلىش!

ئاجىز كىشىلەر ۋە ئارسالدى بولۇپلا يۈرىدىغان كىشىلەر ھە دېسىلا پۇرسەت يوق، دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ، ھە دېسىلا «پۇرسەت! ماڭا پۇرسەت بېرىڭلار!» دەپ توۋلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ھەر سائەت، ھەر مىنۇت پۇرسەت بىلەن تولغان. مەكتەپ ياكى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھەربىر دەرسخانا سىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق پۇرسەت؛ ھەربىر ئىمتىھان سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى بىر قېتىملىق پۇرسەت؛ ھەر-



بىر كېسەل دوختۇر ئۈچۈن بىر قېتىملىق پۇرسەت؛ گېزىتكە بېسىلغان ھەربىر پارچە خەۋەر بىر قېتىملىق پۇرسەت؛ ھەربىر خېرىدار بىر قېتىملىق پۇرسەت؛ ھەربىر قېتىملىق ئېلان بىر قېتىملىق پۇرسەت؛ سودىدىكى ھەر قېتىملىق تىجارەت بىر قېتىملىق پۇرسەت، ئۇ سىزنىڭ سىپايىلىقىڭىز ۋە ئەدەپلىكلىكىڭىز، كەسكىنلىكىڭىز ۋە شىجائىتىڭىزنى نامايان قىلىشنىڭ بىر قېتىملىق پۇرسىتى، ئۆزىڭىزنىڭ سەممىي پەزىلىتىڭىزنى ئىپادىلىشىڭىزنىڭ بىر پۇرسىتى، شۇنداقلا دوست تۇتۇشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى؛ ھەر قېتىم سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى سىنىشىڭىزمۇ بىر قېتىملىق پۇرسەت.

بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىڭىزنىڭ ئۆزى تەڭرى سىزگە ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە ھوقۇقنى ئىنئام قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىشىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىشىڭىز كېرەك، شۇنداق قىلغىنىڭىزدا بۇ پۇرسەتنىڭ سىزگە بېرىدىغانلىرى ئۇنىڭ ئۆزىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۆز بەدىنى ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان فلايت دوگلاستىن ئىبارەت بىر قۇل ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق داڭلىق ناتىق، يازغۇچى ۋە سىياسىئونغا ئايلانغان، ئۇنداقتا، بۈگۈنكى ياشلار دوگلاسقا سېلىشتۇرغاندا چەكسىز پۇرسەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشى كېرەكمۇ، يوق؟

ھۇرۇن كىشىلەرلا پۇرسەت يوقلۇقىدىن ئاغرىنىدۇ، ئىشچان كىشىلەر بولسا، مەڭگۈ ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ، تىرىشىدۇ. ئەقلى بار كىشىلەر ئۇششاق ئىشلار ئىچىدىن پۇرسەتنى تېپىپ چىقالايدۇ، بىپەرۋا كىشىلەر بولسا، سەل قاراش بىلەن پۇرسەتنى ئۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆز ھاياتىدا ھەممىلا يەردىن پۇرسەتنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. ئۇلار خۇددى

ئىشچان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش، ھەربىر گۇلدىن شەربەتنى
شۈمۈرىدۇ. ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارغا ئۇچ-
رىغان ھەربىر ئادەم، ھەربىر كۈن، ئۆزى تۇرغان ھەربىر
سورۇن بىر پۇرسەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىم خەزىنىسىگە بەزى
پايدىلىق بىلىملەرنى قوشىدۇ، شەخسىي قابىلىيىتىگە يېڭى
كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

*　　*　　*

مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆز ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان: «تە-
لەي ئىلاھىي دۇنيادىكى ھەربىر كىشىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. لې-
كىن، بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋېلىشقا ئوبدان تەييارلىق
قىلمىغانلىقىنى بايقاپ قالسا، ئۇ دەرۋازىدىن مېڭىپ كىرىپ،
دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ.»

ئامېرىكا ترانسپورتىنىڭ دوكارى، مەشھۇر كارخانىچى
كونىپېرس ۋاندېربىلت پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كېمە ساھە-
سىدە ئۆزىگە پۇرسەت بارلىقىنى كۆرگەن. ئۇ مەن پار كېمىسى
بىلەن دېڭىزدا قاتنىسام روناق تاپالايمەن، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ
بۇ قارارى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن دوستلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈ-
ۋەتكەن. ئۇ ئەسلىدىكى ئېقىمۋاتقان ئىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئەينى
چاغدا ئەڭ دەسلەپكى پار پاراخوتىغا كاپىتان بولغان، ئەمما
ئۇنىڭ يىللىق مائاشى ئاران مىڭ دوللار ئىدى. لىۋىنگىستون
بىلەن فولتون ئەينى چاغدا پار كېمىسى بىلەن نيۇ - يورك
دەرياسىدا قاتناش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ بولغانىدى، بىراق ۋاند-
ېربىلت بۇ پەرمان ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ روھىغا
خىلاپ، دەپ قارىغان. ئۇ بۇ پەرماننى بىكار قىلىشنى قايتا -
قايتا تەلەپ قىلغان ھەمدە ئاخىرى غەلىبە قىلغان. ئۇزاق ئۆت-
مەي، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پار كېمىسىگە ئىگە بولغان.

ئەينى چاغدا، ھۆكۈمەت ياۋروپادىن كېلىدىغان پوچتا يول-
لانمىلىرى ئۈچۈن زور مىقداردا تولۇقلىما مەبلەغ سەرپ قىلات-



تى. ھالبۇكى، ۋاندېربىلت پوچتا يوللانمىلىرىنى ھەقسىز تو-
شۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنىڭدەك تېخىمۇ
ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى تېزلا
قوبۇل قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلغا تايىنىپ، ئۇ ناھايىتى تېزلا
غايەت زور يولۇچى توشۇش ۋە يۈك ترانسپورت تۈزۈلمىسىنى
بەرپا قىلىپ چىقىدۇ. كېيىن، ئۇ ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ
زېمىنى كەڭ، نوپۇسى كۆپ دۆلەتتە تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ
كاتتا ئىستىقبالى بارلىقىنى ئالدىن كۆرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن، ئۇ تۆمۈر يول ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، كېيىن تەرەپ-
تەرەپكە تۇتاشقان ۋاندېربىلت تۆمۈر يول تورى ئۈچۈن پۇختا
ئاساس سالىدۇ.

*　　*　　*

ياش فىلىپ ئامۇل ئەينى چاغدا «قىرىق توققۇز كىشىلىك
مەپە ئەترىتى» نىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە تەئەل-
لۇقاتلىرىنى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ قېچىر قېتىلغان بىر مەپد-
سىگە بېسىپ، مەپە كارۋىنىغا قەيسەرلىك بىلەن ئەگىشىپ «ئا-
مېرىكا قۇملۇقى» نى كېسىپ ئۆتكەنىدى.

ئۇ ئىنتايىن تىرىشىپ ئىشلەپ، كانىنىڭ قەرەللىك تارقات-
قان بارلىق ئىش ھەققىنى ئاز - ئازدىن يىغقانىدى. بۇ پۇللار
كېيىنچە ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىگىلىك-
نى مۇستەقىل بەرپا قىلىشى ئۈچۈن يىغقان دەسمايىسى بولۇپ
قالدى. ئالتە يىلدىن كېيىن، ئۇ بۇ پۇللار بىلەن ۋىسكاسىنىنىڭ
مىلۋوك دېگەن يېرىدە ئاشلىق ۋە تاۋارلارنى توپ تارقىتىش
تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. توققۇز يىل ئىچىدە،
ئۇ بەش يۈز مىڭ دوللار پۇل تاپتى.

جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېنېرال گرانت
«رىچماننى يوقىتىش» بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، فى-
لىپ ئامۇل قىممەتلىك بىر پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى

تونۇپ يەتتى. 1864 - يىلىنىڭ بىر ئەتىگىنى، ئۇ كەسىپ شېرىكى پلانكىتوننىڭ ئىشىكىنى قېقىپ: «مەن كېلەر قېتىملىق پويىز بىلەن نيۇ - يوركقا بېرىپ، ئامبىرىمىزدىكى گۆشنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتمەكچىمەن. گرانت بىلەن شېرماننىڭ ئارمىيىسى ئاسىي قوشۇننىڭ كېلىنى بوغۇۋالدى، غەلىبە يېتىپ كېلەيلا دەپ قالدى. ئۇرۇش پات ئارىدا ئاخىرلىشىدۇ، ئۇ چاغدا گۆشنىڭ بىر توڭى ئون ئىككى دوللارغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېدى. ئەينى چاغ بىر قارارغا كېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولۇپ، ئۇ بۇ پۇرسەتنى توغرا تونۇپ يەتكەنىدى.

نيۇ - يوركقا بارغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر توڭ گۆشنى ئەللىك دوللارلىق باھادا ساتتى، كىشىلەر ھەرىدەك ئولىشىپ بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىشتى. ۋال سترېت كوچىسىدىكى چېچەن ھايانكەش سودىگەرلەر غەربىي قىسىملىق بۇ يىگىتنىڭ ساراڭلارچە قىلمىشىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىشتى. ئۇلار ئامۇلغا بىر توڭ گۆشنىڭ باھاسى ئاتمىش دوللارغا ئۆسىدۇ، چۈنكى ئۇرۇشنىڭ ئاياغلىشىشىدىن زادىلا دېرەك يوق، دەپ نەسىھەت قىلىشتى. ئامۇل بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، گۆش سېتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. گېنېرال گرانتنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلدى، جەنۇب قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ھە دەپ چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، رىچمان ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ قىلىندى. دەرۋەقە، ھەر توڭ گۆشنىڭ باھاسى ئون ئىككى دوللارغا چۈشۈپ قالدى، ئامۇل ئەپەندى بولسا ئىككى مىليون دوللار ساپ كىرىم قىلىۋالدى.

* * *

جون روككېفېللېر نېفىتچىلىك كەسپىدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان. ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى، بىراق نېفىت چەككىلەش - پىششىقلاش ئۇسۇللىرىنىڭ تولىمۇ ئىپتىدائىي ئىكەنلىكىگە، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن، يەنە كې-



لىپ ئىشلىتىشتىمۇ بىخەتەر ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلغان. بۇ دەل ئۇنىڭغا كەلگەن پۇرسەتنىڭ ئورنى ئىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن بىر شېرىكنى، يەنى ئىلگىرى بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا بىللە ئىشلىگەن رېمونتچى سامۇئىل ئاندرونى تاپقان. 1870 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ شېرىكىدىن پايدىلىنىپ نېفىت چەككىلەش - پىششىقلاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى توڭ نېفىتىنى چەككىلەپ چىققان. ئۇلار چەككىلىگەن نېفىتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، تىجارىتى ناھايىتى تېز روناق تېپىپ كەتكەن. كېيىن، ئۇلار شېرىكتىن بىرنى كۆپەيتكەن، ئۇنىڭ ئىسمى فلېگېل ئىدى.

لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئاندرو ھازىرقى ھالەتتىن رازى ئەمەسلىكىنى، شېرىكلىكتىن چېكىنىپ چىققۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. روككېفېلېر ئۇنىڭدىن: «سېنىڭ قانداق ھەق ئالغۇڭ بار؟» دەپ سورىغاندا، ئاندرو روھسىز ھالدا بىر قەغەزگە «بىر مىليون دوللار» دېگەن تەلىپىنى يازغان. يىگىرمە تۆت سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، روككېفېللېر بۇ پۇلنى ئاندروغا بەرگەن، ئاندىن كېيىن: «سەن ئون مىليون دوللار ئەمەس، ئاران بىر مىليون دوللار ئالىدىكەنسەن، بۇ باھا راستىنلا يۇقىرى ئەمەس» دېگەن.

قىسقىغىنا يىگىرمە يىل ئىچىدە، مۇقىم مەبلىغى ئاران مىڭ دوللار بولغان بۇ كىچىككىنە نېفىت چەككىلەش زاۋۇتى خۇددى قار پومزىكىدەك يوغىناپ توراس — «مېيىفۇ نېفىت شىركىتى»گە ئايلىنىپ، ئومۇمىي مۈلكى توقسان مىليون دوللارغا يەتكەن، پاي چېكىنىڭ ھەربىر پېيى بىر يۈز يەتمىش دوللارغا كۆتۈرۈلگەن، شىركەتنىڭ بازار قىممىتى بولسا بىر يۈز ئەللىك مىليون دوللارغا يەتكەن.

* * *

يۇقىرىقىلار پەقەت كىشىلەرنىڭ بېيىش ئۈچۈن پۇرسەتنى

چىڭ تۇتقانلىقى ھەمدە ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىغا
دائىر تىپىك مىساللاردىن ئىبارەت. لېكىن، تېخىمۇ كۆرۈشكە
تېگىشلىكى، جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەر
باركى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مانتىيور، ئىنژېنېر، ئالىم، سەنئەت-
كار، يازغۇچى، شائىر قاتارلىقلار بار. ئۇلار ھامان پۇرسەت
تېپىپ بايلىق توپلاشتىنمۇ يۇكسەك ئىشلارنى قىلىدۇ. بايلىق
بىر كىشىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر پۇرسەت-
تىنلا ئىبارەت، خالاس. بايلىققا ئېرىشىش بىر ئادەمنىڭ ئىشلە-
رىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئەمەس، بەلكى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشى-
نىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

ئېلىزابېت فرېي خانىم بىر دىن مۇخلىسى ئىدى. ئۇ ئەنگلى-
يە ئاياللار تۈرمىسىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كەل-
گەن «پۇرسەت» دەپ قارىدى. 1813 - يىلى يېتىپ كەلگۈچە،
دائىم ئەنگلىيىدە كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل، يېرىم
يالىڭاچ دېگۈدەك ئۈچ - تۆت يۈز ئايال مەھبۇس لوندوندىكى
نيۇگايت تۈرمىسىدىكى بىر كامىردا جازا ھۆكۈمىنى كۈتۈپ
ياتاتتى. كامىردا كارىۋات، يوتقان - كۆرپە دېگەنلەر يوق ئىدى.
ياشانغان ئاياللار، ياش ئاياللار، ھەتتا يېشى كىچىك ئايال مەھ-
بۇسلار يەردە ياتاتتى، ئۈستىگە پاسكىنا لاتا - پۇتىلەرنى يېپىن-
ۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى خىيالىغا كەلتۈرىد-
غان ئادەم يوق ئىدى، ھەتتا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭمۇ ئۇلار-
نىڭ ئۆلەر - تىرىلىشى بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى، قورساققا
بېرىدىغان نەرسىسىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى.

ئېلىزابېت فرېي خانىم نيۇگايت تۈرمىسىنى زىيارەت قى-
لىپ، تىنماي قىيا - چىيا قىلىشىۋاتقان بۇ ئاياللارنى تىنچلاند-
ۇردى، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ياش ئاياللار ۋە كىچىكلەر ئۈچۈن
بىر مەكتەپ ئېچىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن بىر مەكتەپ مۇدىرىنى سايلاپ



بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىش-
تى، ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ھاياجانلىنىشتى ۋە بىر قول
سائىتىنى ئوغرىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشكەن بىر
ئايال مەھبۇسنى ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا كۆرسەتتى.
ئۈچ ئايدىن كېيىن، دائىم كىشىلەر تەرىپىدىن «غالجىر ھايۋان-
لار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ ئايال مەھبۇسلار تۈرمە ئىچىدە
قائىدە - يوسۇنلۇق ھەم مۇلايىم بولۇپ قېلىشتى.

بۇ خىل تۈرمە ئىسلاھاتى ناھايىتى تېزلا باشقا تۈرمىلەردە
ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاخىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يۇكسەك
ئېتىبار بېرىشىگە ۋە بۇ ئىسلاھاتقا مۇناسىپ ھالدا قانۇن تۈزۈ-
شىگە تۈرتكە بولدى. پۈتكۈل ئەنگلىيىدە فرېي خانىمنىڭ بۇ
خىزمىتىگە ئىشتىياق باغلىغان ئاياللار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا
كەلدى. ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئايال مەھبۇسلارنى كىيىم -
كېچەك بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئايال مەھبۇسلارنى تەربىيە-
لەش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىشتى. سەكسەن يىل ئۆتۈپ
كەتتى، فرېي خانىمنىڭ بۇ پىلانى ۋە تەسەۋۋۇرى پۈتكۈل مەدە-
نىي جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

* * *

ئەنگلىيىلىك بىر ئوغۇل بالا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىدى.
بىر ماشىنا ئۇنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۈزۈۋېتىلگەن قان
تومۇرىدىن قىپقىزىل قان بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى. كىشى-
لەر قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئازاب-
لىق ئىڭرىشىغا، ئەزرائىلنىڭ ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاپ
كېلىۋاتقانلىقىغا قاراشقىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاستىلىي
كوئوپېر تېزلىك بىلەن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، ئوغۇل بالى-
نىڭ يارا ئېغىزىنى چىڭ تاڭدى. قان توختىدى، ئوغۇل بالا
ئامان قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى قاتتىق ماختاشتى،
بۇنداق ماختاش ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى، كوئوپېر تاشقى كېسەل-

لىكلەر دوختۇرى بولۇشقا بەل باغلىدى. بىلىش كېرەككى، ئۇ
ياشاۋاتقان ئاشۇ دەۋردە «تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى» دېگەن
سۆز تېخى بىر يېڭى ئاتالغۇ ئىدى.

«تەلەي ئىلاھى بۇ ياش تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىغا قول
پۇلاڭلاتماقتا ئىدى، پۇرسەت ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، —
ئانود كوئوپپېرنى شۇنداق تەسۋىرلىدى، — ئۇزاق مەزگىللىك
هازىرلىق ۋە كۈتۈشتىن كېيىن، ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە قىلىشنى
كۆڭلىگە پۈككەن بۇ يىگىت تۇيۇقسىز ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا
سۆرەپ كېلىندى، بۇ ئۇ توغرا كەلگەن تۇنجى هالقىلىق ئوپېرات-
سىيە ئىدى. بىر ئۇلۇغ ئوپېراتسىيە ئۇستىسى بۇ يەردە ئەمەس،
شۇنداقلا ۋاقىت تولىمۇ قىستاپ قالغان بولۇپ، كۆپ ئويلىنىپ
تۇرۇشقا بولمايتتى. بىمار هايات - مامات گىردابىدا جان تالى-
شىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا بۇ جىددىي ئوپېراتسىيىنى مۇستەقىل بىر
تەرەپ قىلغۇدەك قابىلىيەت بارمىدۇ؟ ئۇ هېلىقى ئۇستا دوختۇر-
نىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالارمۇ؟ ئەگەر ئۇ
بۇ ئىشنى قىلالايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ دەل كىشىلەر ئىزدى-
گەن دوختۇر بولۇپ قالاتتى. پۇرسەت ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ
كەلدى، ئۇ پۇرسەت بىلەن مانا شۇنداق روبىرو تۇراتتى. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىسۇنمۇ ياكى شان -
شۆهرەت ۋە بايلىق قەسىرىگە قەدەم تاشلىسۇنمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى
ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.»

* * *

ئۇلۇغ پۇرسەت يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، سىز تەييارلى-
نىپ بولدىڭىزمۇ؟

«بىر كۈنى خورتون بىلەن لونگفېللوۋ بىللە تاماق
يېدى، — جامېس فېلدېر مۇشۇنداق بىر هېكايىنى سۆزلەپ
بەردى، — خورتون سېلىم ئىسىملىك دوستىنى باشلاپ كەلگە-
نىدى. تاماقتىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستى ئېغىز ئېچىپ: ‹مەن



شۇ چاغقىچە خورتوننى ئاركادىيە رىۋايىتىگە مۇناسىۋەتلىك رومان
يېزىشقا قايىل ئۇچۇن تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ هېكايە
مۇنداق: ئاركادىيىلىكلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەندە،
بىر قىز يىگىتىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە
يىگىتىنى كۈتىدۇ ۋە ئۇنى ئىزدەيدۇ. ئۇ قېرىپ هالىدىن كەت-
كەندە سۆيگىنىنى تاپىدۇ، بىراق ئۇ سۆيگىنىنىڭ ئاللىقاچان
دوختۇرخانىدا جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرىدۇ.› بۇ هېكايىنى ئاڭ-
لىغان لونگفېللوۋ نېمە ئۇچۇن خورتون بۇ ماتېرىيالدىن پايدىلى-
نىپ رومان يازمايدىغاندۇ، دەپ تولىمۇ ئەجەبلىنىدۇ. ئۇ خور-
تونغا قاراپ: ‹ئەگەر سىزنىڭ بۇ هەقتە رومان يازغۇڭىز بولمى-
سا، بۇ هېكايىدىن پايدىلىنىپ شېئىر يېزىشىمغا رۇخسەت قىلا-
مسىز؟› دەپ سورايدۇ. خورتون خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولى-
دۇ، شۇنداقلا لونگفېللوۋنىڭ بۇ تېمىدىكى شېئىرى پۈتۈپ بو-
لۇشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ بۇ هەقتە نەسر يازمايدىغاي تۇرىدىغان-
لىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. لونگفېللوۋ بۇ پۇرسەتنى
چىڭ تۇتۇپ، دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى ‹ئىۋان گىللىنگ›نى
يېزىپ چىقىدۇ.»

* * *

سىز كۆزىتىشكە ماهىر بولسىڭىزلا، ئەتراپىڭىزدىكى هەم-
مىلا يەردە پۇرسەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ سىز قۇلاق سېلىشقا
ماهىر بولسىڭىزلا، ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بار-
غانسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان ساداسىنى ئاڭلىيالايسىز؛ سىزدە
مېھرىبان قەلب بار بولسىلا، پەقەت شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈنلا
ئىشلەپ يۈرمەيسىز؛ قولىڭىزنى ئۆزىتىشنى خالىسىڭىزلا، ئا-
لىيجاناب ئىشلار سىزنىڭ ئىشلىشىڭىزنى هەر ۋاقىت كۈتۈپ
تۇرىدۇ.

هەممىلا كىشى لىقىدە سۇ توشقۇزۇلغان داستا ئۈزلۈكسىز
سىرتقا تېشىپ تۇرغان كۆرۈنۈشنى كۆرەلىشى مۇمكىن، بىراق

كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، سۇغا چۆشكەن بەدەننىڭ ھەجمى دەل تېشىپ چىققان سۇنىڭ ھەجمى بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يۈرمەيدۇ. ئارخىمېد بولسا، بۇ ھادىسىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، جىسىمنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەشنىڭ بىر خىل ئاددىي ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان. بۇنداق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق ئۆلچەمسىز جىسىمنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەپ چىققىلى بولىدۇ.

ھەربىر كىشى بىلىشى كېرەككى، مۇئەللەقتە ساڭگىلاپ تۇرغان ئېغىر جىسىم ئىنتايىن رىتىملىق ھالدا تەۋرىنىپ، ئاخىرى ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا توختاپ قالىدۇ. لېكىن، ئەزەلدىن ھېچكىم بۇ ھادىسىنىڭ باشقىچە بىرەر رېئال ئەھمىيىتى بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقمىغان، بۇ پرىنسىپنى تۇرمۇشتىكى بىرەر جايغا تەدبىقلاپ بېقىشنى تېخىمۇ ئويلاپ باقمىغان. گالىلېي بولسا، ئۆسمۈر چېغىدا تۇيۇقسىز بىسا چېركاۋىنىڭ ئۇستىدىكى بىر پانارنىڭ توختىماي تەۋرىنىپ تۇرغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ تەۋرىنىشنىڭ ئىنتايىن رىتىملىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قالىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مەشھۇر «ماياتنىك قانۇنى» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ تۇرمىگە تاشلانغاندىن كېيىنمۇ، تۇرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئۇنىڭ تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى توسۇۋالالمايدۇ. ئۇ كامىرىدىكى شال پاخاللىرىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئوخشاش دىئامېتىرلىق كاۋاك تۇرۇبا بىلەن پۈتەي كالتەكنىڭ چىداملىقلىق نىسبىتىنى تېپىپ چىقىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاسترونوملار مارسنىڭ سىرتىدا بىر قەۋەت نۇر چەمبىرىكى بارلىقىنى بايقىغان، بۇنى سەييارىلەرنىڭ شەكىللىنىش قانۇنىيىتى تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى بىر مەسىلىدىنلا ئىبارەت دەپ قارىغانىدى. لاپراسمۇ بۇ ھادىسىنى



كۆزەتكەن، بىراق ئۇ بۇ ھادىسىنى تەسەۋۋۇرنىڭ سىرتىدا دەپ قارىمىغانىدى. ئۇنىڭچە، بۇ ئادەتتە كۆزىتىش قىيىن بولغان يۇلتۇزلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى بىردىنبىر كۆرگىلى بولىدىغان باسقۇچ ئىكەن. ئۇ ئاخىرى بۇ كۆزقارىشىنى ئىسپاتلاپ، يۇلتۇزلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئىلمىي تارىخىغا بىر پارلاق سەھىپىنى قوشتى.

ياۋروپالىق ماتروسلار ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نېرىسىدا بىر قۇرۇقلۇق بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشاتتى، لېكىن ئەزەلدىن ھېچكىم ھەرىكەتكە كېلىپ ھەقىقىي ئىزدىنىپ باقمىغانىدى. كولومبو باتۇرلۇق بىلەن كېمە ئەترىتىنى باشلاپ چەكسىز ۋە ئۆزگىچە ناتونۇش بولغان ئوكياندا سەپەر قىلىپ، كۇتۇلمىگەندە يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقاپ قالدى.

بۇرۇن مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئالما دەرىخىنىڭ تېگىدە ئولتۇرغان، شۇنداقلا سانسىز ئالمىلار كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، بۇ ھادىسە ئۇستىدە ئويلىنىپ بېقىشنى ئاگاھلاندۇرغان بولغىيدى. لېكىن، پەقەت نيۇتونلا ئالما يەرگە چۈشكەن چاغدا «نېمىشقا» دېگەن سوئالنى قويالىدى ھەمدە بۇ ھادىسە ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالالىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئالمىنىڭ يۇقىرىغا ياكى باشقا يۆنىلىشكە ئەمەس، پەقەت پەسكە چۈشىدىغانلىقى، بۇ ھادىسە بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا نورمال ئايلىنىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئالەمدىكى مولېكۇلىلارنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئۆزئارا سوقۇلۇپ ۋە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقى بىلەن ئوخشاش قائىدىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

تەڭرى ئالەمنى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام، ھەۋۋا ئانىلارنى ياراتقاندىن بۇيان، چاقماق ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا چاقناپ تۇردى، گۈلدۈرماما ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇردى، لېكىن ئەزەلدىن ھېچكىمنىڭ كاللىسىدىكى ئېغىر ئۇيقۇغا كەت-

كەن تەپەككۇرنى ئويغىتالمىدى، ھېچكىم چاقماقنىڭ ئىنتايىن
قۇدرەتلىك ئېنېرگىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيالمىدى. پەقەت
فرانكلىنلا كۆزىنى يوغان ئېچىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، كۆك-
تە تۇمەن مىڭ ئارغىماقلار چېپىپ كېتىۋاتقاندەك قاراسلاشلارغا
بېشىنى كۆتۈرۈپ زەن سالدى. ئۇ ئىنتايىن ئاددىي بىر تەجرىبە-
دىن پايدىلىنىپ، دۇنياغا چاقماقنىڭ كۈچلۈك ھەم ئىنسانلار
كونترول قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى-
نى، ئۇنىڭ خۇددى سۇ بىلەن ھاۋاغا ئوخشاشلا ئالەمدە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

* * *

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيا خەلقى
تەرىپىدىن ئۇلۇغ دەپ ئاتالغانلار، بۇنىڭدىكى سەۋەب پەقەت بىر-
لا: ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئاددىي ھالەتنى بىر خىل
پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.
بىز ئوقۇپ ئۆتكەن سانسىز ئۇلۇغ كىشىلەر ھەققىدىكى ھېكايە-
لەردىن پادىشاھ سۇلايمان نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن ئېيتقان:
«سەن خىزمەتتە تىرىشچان كىشىلەرنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇلار ئولتۇ-
رۇش ـ قوپۇشتا پادىشاھ بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك» دېگەن
بىر جۈملە سۆزىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.
ھارماس ـ تالماس فرانكلىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى مۇشۇ بىر جۈملە
سۆزنىڭ ئەڭ ياخشى شەرھىسى قىلدى: ئۇ ئولتۇرۇش ـ قوپۇش-
تا بەش پادىشاھ بىلەن بىللە بولغان، ئىككى پادىشاھ بىلەن
كەچلىك زىياپەتتە بىللە بولغانىدى.

پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشىلەر پۇرسەتنى بايقىغان
ۋە پۇرسەتنى تۇتقان چاغدا ئوخشاشلا ئۇرۇق سالىدۇ، كۆڭلەرنىڭ
بىرىدە بۇ ئۇرۇقلار يىلتىز تارتىپ، بىخلىنىپ، مېۋە بېرىپ،
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەرنى
ئېلىپ كېلىدۇ. ھەربىر قەدەم، ھەربىر ئاياغ ئىزى خىزمەتنى



كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيدىغان كىشىنىڭ بىلىم ۋە بەخت بىلەن
بولغان ئارىلىقىنى بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرۇپ، تاللىۋالغان يو-
لىنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، بارغانسېرى راۋانلاشتۇرۇپ، ئالغا
ئىلگىرىلىشىنى بارغانسېرى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بۇ يول ئەمەلىيەتتە
بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئوچۇق بولۇپ، سوغۇققان، تۇرمۇشتا
تېجەشلىك، ياش ھەم قاۋۇل مېخانىك ياكى ئەدەپلىك، سىپايە
ئوقۇغۇچى بولسۇن؛ مەيلى تەمكىن، ئەستايىدىل دۆلەت مەمۇرى
بولسۇن ياكى قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان شىركەت خادىمى بول-
سۇن، ھەممىسى بۇ يولغا قەدەم تاشلىسا بولۇۋېرىدۇ. بۈگۈنكى
كۈندە، بۇ يوللار ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا قاراپ مې-
ڭىش مۇمكىنچىلىكى ھەتتا تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىگە
قارىغاندا تېخىمۇ زور بولماقتا.

* * *

بىر رەسىمخانىدا بىر يىگىت ئىلاھلار ھەيكەللىرىنىڭ ئال-
دىدا تۇراتتى. ئۇ بىر ھەيكەلنى كۆرسىتىپ، قىزىققان ھالدا
سورىدى:

— بۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

بۇ ھەيكەلنىڭ يۈزىنى ئۇنىڭ چېچى توسۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ
پۇتلىرىدا بىر جۈپ قاناتمۇ بار ئىدى.

— پۇرسەت ئىلاھى، — دەپ جاۋاب بەردى ھەيكەلتاراش.

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزى بۇنداق توساپ قويۇل-
غان؟ — دەپ سورىدى يىگىت يەنە.

— چۈنكى، ئۇ كىشىلەرگە يېقىنلاشقان چاغدا، كىشىلەر
ئۇنى ناھايىتى ئاز كۆرەلەيدۇ.

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن پۇتلىرىدا قانىتى بولىدۇ؟

— چۈنكى، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇچۇپ
كەتكەن ھامان، كىشىلەر ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدۇ.

«پۇرسەت ئىلاھىنىڭ پېشانىسىدە چېچى بار بولىدۇ، —

بىر لاتىن يازغۇچى بۇرۇن شۇنداق دېگەنىدى، — لېكىن ئۇنىڭ
بېشىنىڭ كەينىدە چېچى بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ پېشانىسى-
دىكى چاچنى تۇتۇۋالسىڭىز، ئۇنى تۇتۇۋالالايسىز. لېكىن، ئۇ
تىركىشىپ قاچماقچى بولسا، ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى زېۋسمۇ ئۇنى
تۇتۇۋېلىشقا ئامال قىلالمايدۇ.»

لېكىن، پۇرسەتتىن پايدىلانمايدىغان، ھەتتا پايدىلىنىشنى
خالىمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قانداق نەرسە ئەڭ
ياخشى پۇرسەت بولالىشى مۇمكىن؟

* * *

«شۇ كۈنى كەچتە بىز بەختسىز ‹ئوتتۇرا ئامېرىكا› ناملىق
پاراخوتنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، — دېدى بىر پاراخوت كاپىتانى،
— جاھاننى بارا - بارا قاراڭغۇلۇق باستى، بوران ناھايىتى
قاتتىق چىقىۋاتاتتى، دېڭىز دولقۇنلىرى بىر - بىرى بىلەن
بەسلەشكەندەك كۆككە قاراپ ئېتىلماقتا ئىدى. مەن ئاشۇ كونا،
ئەبجەق پار پاراخوتىغا سىگنال بېرىپ، ياردەم بېرىشىمىزگە
موھتاج - موھتاج ئەمەسلىكىنى سورىدىم. ‹ئەھۋال بارغانسې-
رى چاتاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ› دەپ ۋارقىرىدى كاپىتان خېنتون
ماڭا قاراپ. ‹پاراخوتىڭىزدىكى يولۇچىلارنى پاراخوتۇمغا يۆتكە-
ۋالامسىز؟›، دەپ سورىدىم مەن يۇقىرى ئاۋازدا. ‹ھازىرچە ھېچ
ئىش يوق، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ ياردەم بەرسىڭىز قانداق؟›
دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. ‹ماقۇل، مەن بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ
باقىمەن. لېكىن، سىز يولۇچىلارنى پاراخوتۇمغا ھازىر يۆتكە-
ۋەتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟›، دېدىم مەن. ‹يەنىلا ئەتە
ئەتىگەن كېلىپ ماڭا ياردەم قىلىڭ› دېدى ئۇ گېپىدە چىڭ
تۇرۇپ. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا ھەرىكەت قىلىپ باققان،
بىراق سىز بىلىسىز، ئۇ چاغ كېچە ئىدى، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ،
دولقۇنلار بەك چوڭ بولغاچقا، مەن ھەرقانچە قىلسممۇ ئۆز ئور-
نۇمنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. كېيىن مەن ‹ئوتتۇرا



ئامېرىكا› ناملىق پاراخوتنى قايتا كۆرەلمىدىم. كاپىتانى بىلەن
سۆزلەشكەندىن كېيىنكى بىر يېرىم سائەتتە، ئۇنىڭ پاراخوتى
ئۈزىدىكى ئاشۇ تىرىك جانلار بىلەن بىللە دېڭىز تېگىگە مەڭگۈ-
لۈك چۆكۈپ كېتىپتۇ. كاپىتان، ئۇنىڭ ماتروسلىرى ۋە كۆپ
قىسىم يولۇچىلار دېڭىزنىڭ چوڭقۇرىسىدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن
ئەڭ تىنچ يەرلىكنى تېپىپتۇ.»

كاپىتان خېنتوننىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىقى يېقىن بولغان،
ئەمما ئۇ پۇرسەت قولدىن كەتكەندىلا ئاندىن بۇ پۇرسەتنىڭ قىم-
مىتىنى تونۇپ يەتكەن، ھالبۇكى، ئەزرائىل بىلەن ئۇچراشقان
ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە ئۆزىنى ئەيىبلىگىنىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟
ئۇنىڭ قارىغۇلارچە ئۇمىدۋارلىقى ۋە لىككتاسىملىقى قانچىلىگەن
يولۇچىلارنى قۇربانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان - ھە! ئەمەلىيەت-
تە، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كاپىتان خېنتونغا ئوخشايدىغان نۇر-
غۇن كىشىلەر بار، ئۇلار ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلاردا شۇ قەدەر
ئاسان زەربىگە ئۇچرايدۇ، شۇ قەدەر قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلى-
دۇ، تەقدىر ئالدىدا يەنە شۇ قەدەر ئاجىزلىق قىلىدۇ! پەقەت
بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار دەرھال سەگەك-
لىشىپ: پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ، پۇرسەت
قايتىپ كەلمەيدۇ، دېگەن ئەقلىيە سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنى-
دۇ. لېكىن، بۇ چاغدا ئاللىقاچان كېچىكىپ قالغان بولىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر قولىدىكى ئىشلاردا ھامان پۇرسەتنى ئوب-
دان تۇتالماي، بىر بولسا بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ، بىر بولسا
بەك كېچىكىپ قالىدۇ. «بۇ كىشىلەرنىڭ ئۈچ قولى بار، —
دېگەنىدى جون گوئوۋ، — بىرى سول قولى، بىرى ئوڭ قولى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىم كېچىكىپ قالىدىغان يەنە بىر قولىمۇ
بار بولىدۇ.» ئۇلار تېخى بالا چاغلىرىدىلا دائىم كېچىكىپ
قالاتتى، ئائىلە تاپشۇرۇقىنى ئىشلەش ۋە تاپشۇرۇقنى تاپشۇ-
رۇشتىمۇ باشقىلارنىڭ كەينىدە قالاتتى. مانا شۇنداق قىلىپ،

ئۇلار كىچىككىنە ئادىتىنى ئاستا ـ ئاستا يېتىلدۈرۈۋالغان.

بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئال-
دىغان چاغدا، ئۇلار ئاندىن پۇشايمان قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار
ئەگەر يەنە بۇرۇنقى ۋاقىتقا قايتىپ بارغىلى، ھاياتنى يەنە بىر
قېتىم كەلتۈرگىلى بولىدىغان بولسا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتقان
بولاتتۇق، بىزنىڭمۇ يېپيېڭى ئەتىمىز بولغان بولاتتى، دەپ
ئويلىشىدۇ. ئۇلار يەنە بۇرۇنقى چاغلىرىنى، پۇل تاپقىلى بول-
دىغان قانچىلىغان پۇرسەتلەرنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى
ياكى بۇ زىيانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدىغان قانچىلىغان
پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى، مانا ئەمدى بولسا
ئورنىنى تولدۇرۇشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئەسلىشىدۇ. ئۇلار
كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ياخشىلاشنى، ئۆزىنى
قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىشى
كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، بىراق ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ
ئۆزىدە قانداق پۇرسەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالمايدۇ. ئۇلار مەڭ-
گۈ پۇرسەتنى تۇتۇشقا، پۇرسەتنى ئىگىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ.

* * *

جوئي ستوك پويىز تۇرمۇزچىسى ئىدى. تۆمۈر يولدىكىلەر-
نىڭ ھەممىسى ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، يولۇچىلارمۇ ناھايىتى
ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ دائىم كۈلۈپلا يۈرەتتى، سىز
قانداق سوئال سورىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خۇشاللىق بىلەن
جاۋاب بېرەتتى. لېكىن، ئۇ پويىز تۇرمۇزچىسى بولغىنى بە-
لەن، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىچە تو-
نۇپ يېتەلمىگەنىدى.

ئۇ ھەددىدىن زىيادە چېچىلاڭغۇ ئىدى، بەزى چاغلاردا ھەتتا
ھاراقمۇ ئىچىپ قوياتتى. ئەگەر بىركىم ئۇنىڭغا پىكىر بېرىدى-
غان بولسا، ئۇ ئۆزىگىلا خاس خۇشخۇي تەبەسسۇمىنى ئويىنى-
تىپ، ئىنتايىن مۇلايىم ئاھاڭدا: «*كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھ-*



مەت، ھېچقىسى يوق، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى ھېس
قىلىۋاتىمەن، ئەنسىرىمەڭ» دەيتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچە
تەمكىن، شۇنچە يېقىملىق بولغاچقا، ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان
دوستلىرىمۇ «تېرىقنى تۆگىدەك قىلىۋەتكەندەك» ، خەتەرنى مۇ-
بالىغە قىلىۋەتكەندەك ھېس قىلىشىپ قالاتتى.

قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بىر كېچىدە، ئۇلارنىڭ پويىزى
شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندا قېلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن
كېچىكىپ قالدى. جوئي توختىماي غوتۇلداپ، بۇ لەنىتى ھاۋا-
نىڭ ئۆزىگە خىزمەت نورمىسىدىن تاشقىرى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك
تېپىپ بەرگەنلىكىدىن ئاغرىناتتى، ئۇ بىردەم ـ بىردەم بىر
كىچىك بوتۇلكىدىكى ھاراقنى يوشۇرۇنچە سۈمۈرۈپ قوياتتى.
ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ھاياجانلىنىشقا باشلاپ، قاتتىق خۇش
بولۇپ كەتتى، سۆزلەشكە، كۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن، پويىز
خادىملىرى ۋە پويىز شوپۇرى باشتىن ـ ئاخىر يۇكسەك دەرىجىدە
سەگەك بولۇپ، يول يۈزىدىكى ئەھۋالغا ۋە ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى-
گە زەن سالماقتا ئىدى.

پويىز ئىككى بېكەتنىڭ ئارىلىقىدا كېتىۋاتقاندا، شىددەت
بىلەن توختىدى. ئەسلىدە پويىزنىڭ تورمۇز قاپقىسى يېرىلىپ
كەتكەنىكەن. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، چۈنكى نەچچە
مىنۇت ئۆتىسىلا بىر تېز پويىز ئوخشاش رېلىس بىلەن بۇ يەردىن
ئۆتەتتى. پويىز خادىمى ئارقا ۋاگونغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كې-
لىپ، جوئېغا دەرھال قىزىل چىراغنى يورۇتۇپ پويىزنىڭ ئار-
قىغا چېكىنىشى ئۈچۈن بەلگە بېرىشنى ئېيتتى. بۇ تورمۇزچى
قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— جىددىيلەشمەڭ، جىددىيلەشمەڭ، مەن چاپىنىمنى كى-
يىۋالغاندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن، — دېدى.

پويىز خادىمى ئىنتايىن جىددىي قىياپەتتە ئۇنىڭغا:

— بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، جوئي. يەنە بىر

پويىز كېلەي دەپ قالدى، — دېدى.

— ماقۇل، ماقۇل، — دەپ جاۋاپ بەردى جوئېي كۈلۈمسىرەپ. شۇنىڭ بىلەن، پويىز خادىمى ئالدىرىغىنىچە پويىز شوپۇرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

لېكىن، تورمۇزچى بۇ ئىشنى دەرھال بېجىرمىدى. ئۇ ئاۋۋال توختىتىۋېلىپ چاپىنىنى كىيدى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى بوتۇلكىنى چىقىرىپ، ھاراقتىن بىر ئوتلام ئوتلاپ، بۇنداق قىلسام سوغۇق ئۆتمەيدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، ئەزمىلىك بىلەن پانارنى ئېلىپ، ئىسقىرتقىنىچە پويىز رېلىسىنى بويلاپ بىخىرامان قەدەم تاشلاپ كېلىشكە باشلىدى.

ئۇ ئون قەدەمچە ماڭا - ماڭماي، ھېلىقى تېز پويىزنىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن دوقمۇشقا قاراپ يۈگۈردى، لېكىن بەك كېچىككەنىدى. قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى، ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان پويىز توختىتىپ قويۇلغان ئاشخانا ۋاگونىغا ئۇرۇلدى، يولۇچىلارنىڭ قىيا - چىيا قىلغان ئاۋازلىرى بىلەن پارنىڭ كۇشۇلدىشى ئارىلىشىپ، ۋاگون قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

كېيىن، كىشىلەر ئىسىگە كېلىپ، جوئېينىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشتى. ئۇ غايىب بولغانىدى. لېكىن، كىشىلەر ئەتىسى ئۇنى بىر ئاشلىق ئامبىرىدىن تېپىۋېلىشتى. ئۇ بىر ساراڭغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئىچى قۇرۇق بىر پانارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خىيالىي تۈيغۇسىدىكى پويىزغا قاراپ: «ھەي، بۇ نەرسىنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ تىنىماي توۋلايتتى.

ئۇ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇلدى. كېيىن، ئۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىلدى. ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى: «ھەي، مېنىڭدىكى بۇ نەرسىنى كۆردۈڭمۇ؟ ھەي، بۇنى كۆردۈڭمۇ؟» بۇ بىچارە ئادەم مانا شۇنداق ئارقا - ئارقىدىن توۋلايتتى. ئۇنىڭ چېچىلاڭغۇلۇق



ئادىتى ۋە ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىشى گۇناھسىز نۇرغۇن كىشىلەرنى قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىدى.

«ھەي، مېنىڭدە بۇ نەرسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟» ، «ھەي، مېنىڭدە بۇ نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەنلەر نۇرغۇن كىشىلەر توۋلاۋاتقان ئۈنسىز چۇقان، ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىغا تېگىشىشنى خالايدىغان بىر پۇرسەت، يەنە بىر قېتىم كەلگۈدەك بولسا، ئۇلارنى ئۆز خاتالىقلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىر پۇرسەت.

«ھاياتىمىزدا نۇرغۇن يىللىق ۋاقىتقا تەڭ كېلىدىغان بەزى ۋاقىتلار بولىدۇ، — دېگەنىدى دىئان ئالفورد، — بۇنىڭغا قارىتا بىز قىلچە ئامالسىز. مەيلى مۇھىملىق ياكى قىممىتى جەھەتتىن بولسۇن، دۇنيادا ۋاقىت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك بەش مىنۇتنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىشى، لېكىن بۇ بىر كىشىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى يالماپ كېتىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتنىڭ دەل ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك پەيت ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ؟»

* * *

ئانود مۇنداق دېگەنىدى: «بىز دەۋاتقان بۇرۇلۇش نۇقتىسى، ئەمەلىيەتتە دەل بۇرۇن ئاز - ئازدىن جۇغلىنىپ تۇيۇقسىز پارتلىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت. بۇنداق ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تاسادىپىيلىقتا پەيدا بولىدىغان ئەھۋاللار ئىنتايىن مۇھىمدۇر.»

بىزدىكى چاتاق شۇ يەردىكى، بىز ھامان ھېلىقى ئاتالمىش «مۇھىم» پۇرسەتنى بىردەممۇ توختىماي ئىزدەپ يۈرىمىز، بىر «پۇرسەت» كە تايىنىپ بېيىش ياكى نام چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايمىز. ئېمىرسون كۆرسەتكەن «يۈزەكى ئامېرىكىزم» نى بولسا، بىز شۇ چاغقىچە ھەقىقىي چۈشىنىپ باقمىغان-

مىز. بىز قانداق چىنىقىش ياكى قانداق شاگىرت بولۇش ئۇس-
تىدە ئويلانمايمىز، پەقەت ئۇستاز دەرىجىلىك ئەرباب بولۇشنىلا
ئويلايمىز. بىز ئۆگىنىش ئۇستىدە ئويلانمايمىز، پەقەت بىلىمگە
ئېرىشىشنىلا ئويلايمىز؛ بىز ئەمەلىي ئىشلەش ئۇستىدە ئويلان-
مايمىز، پەقەت زور نەتىجىگە ئېرىشىشنىلا ئويلايمىز.

ياش خانىملار ۋە ئەپەندىلەر، نېمە ئۈچۈن كۆن بويى ھېچ
ئىش قىلماي لاغايلاپ يۈرىسىلەر؟ بۇ زېمىندا سىلەر تۇغۇلۇش-
تىن بۇرۇنلا ھېچقانداق خىزمەت قىلىش پۇرسىتى يوقمىكەن؟
بۇ سەييارە ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا توختاپ قالىد-
غان بولۇپ قاپتىمۇ؟ بارلىق ئورۇنلار تولۇپ كېتىپتىمۇ ياكى
دۆلەتلەرنىڭ بارلىق بايلىقلىرى قېزىلىپ قۇرۇقدىلىپ قاپتى-
مۇ؟ ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ بارلىق سىرلىرىنى ئىگىلەپ بولۇپتى-
مۇ ياكى سىلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈڭ-
لارنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، باشقىلارغا بەخت يارىتىشنىڭ بىرەر
ئۇسۇلىنى تاپالمىدىڭلارمۇ؟ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى رىقابەتنىڭ
ئىنتايىن كەسكىن ۋە رەھىمسىزلىكى سىلەرنىڭ رايىڭلارنى قاي-
تۇرۇپ، بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، ھاياتىڭلارنى
ئاددىي ھەم چاكىنا ھالەتتە ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلايدىغان قىلىپ
قويدىمۇ؟

بىلىم ۋە پۇرسەت مىسلىسىز بولغان بۇنداق بىر دەۋردە،
پۇرسەتكە تولغان بۇنداق بىر زېمىندا تۇغۇلغان تۇرۇقلۇق، سىز
قولىڭىزنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئاللىقاچان سىزگە بېرىلىپ بولغان
قابىلىيەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى يەنە تەڭرىدىن تىلەپ تۇرسىڭىز
قانداق بولىدۇ؟ ھەتتا تەڭرىنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئالغا بېسىش
يولىنى قىزىل دېڭىز توسۇۋالغان چاغدىمۇ، ئۇلارنىڭ داھىيسى
قەدىمىنى توختىتىپ، تەڭرىدىن قۇتقۇزۇشنى تىلىگەندە، تەڭرى-
مۇ ئۇنىڭغا: «سەن نېمىشقا ماڭا قۇتقۇزۇشنى مۇراجىئەت قىلى-
سەن؟ بەنى ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن دا-



ۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىسۇن» دېگەندى. . .

* * *

ئويلاپ بېقىڭ، بۇ دۇنيادىكى سانسىزلىغان خىزمەتلەر كى-
شىلەرنىڭ ئىشلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا؛ ئىنسانلارنىڭ ماھىيى-
تى شۇ قەدەر ئالاھىدە بولىدۇكى، بىر ئېغىز كۆڭۈللۈك سۆز
ياكى كىچىككىنە ياردەممۇ باشقىلارنىڭ جىددىي ۋەزىيەتنى ئوڭ-
شىۋېلىشىغا ياردەم قىلالايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىش يولىنى تازىلاپ بېرەلەيدۇ؛ تەڭرى بىزگە ئىقتىدارنى تەك-
شى ئاتا قىلغان، ھەربىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا سەمىمىيلىك، قىز-
غىن ئارزۇ ۋە قەيسەرلىك مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. بىزنىڭ
ئالدىمىزدىكى سانسىزلىغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى
بىزنى يېتەكلەيدۇ، بىزنى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ مېڭىشقا رىغ-
بەتلەندۈرىدۇ. شۇنداقلا، ھەربىر يېڭى ۋاقىت بىزگە نۇرغۇنلى-
غان نامەلۇم پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

سىز پۇرسەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماسلىقى-
ڭىز، بەلكى پادىچى بالا فېرفۇسپىنىڭ تىزىق - تىزىق
ئورۇقلاردىن پايدىلىنىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانىغىنىغا
ئوخشاش ئۆزىڭىز ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىشىڭىز، گېئورگې
ستېفېنسن پاسكىنا كۆمۈر كان هارۋىسىنىڭ يېنىدا بور بىلەن
بىر ماتېماتىكا فورمۇلىسىنى تېپىپ چىققانلىقىدەك پۇرسەت يا-
رىتىشىڭىز، خۇددى ناپولېئون يۇز خىلغا يېقىن «مۇمكىن بول-
مايدىغان» ئەھۋال ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىغا ئوخشاش
پۇرسەت يارىتىشىڭىز لازىم.

ئۇرۇش يىللىرى ياكى تىنچلىق يىللىرىدىكى بارلىق ئۇلۇغ
رەھبەرلەرگە ئوخشاش، پەۋقۇلئاددە پۇرسەتلەرنى يارىتىپ، مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازانمىغۇچە توختاپ قالماسلىق لازىم. ھۆرۇنلار
ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناھايىتى تەستە ئۇچرايدىغان پۇرسەتنىڭمۇ

قىلچە پايدىسى بولمايدۇ، تىرىشچانلار بولسا، ئەڭ ئاددىي پۇرسەتنىمۇ ناھايىتى تەستە ئۇچرايدىغان پۇرسەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

ھايات مەڭگۈ توختىماس دەريا ئېقىنى،
ئاقار ئالغا، تەقدىرنىڭ قىرغاقلىرىغا.
ھايات كېمىسى توختايدۇ پۇرسەت بولمىسا،
ۋە ياكى دولقۇنلار ئۇنى ئۈگىتۈرۈپ سالسا.
تۇت پۇرسەتنى، ئېلىشقىن دولقۇنلار بىلەن،
يا ھەسرەتتە ئولتۇرغىن تاتارغان ھالدا.

تەلەي ئىلاھى ساڭا بېقىپ قىلار تەبەسسۇم،
پۇرسەت مەڭگۈ قايتىپ كەلمەس، چىڭ تۇتقىن ئۇنى.
ھايات بۇرچى كۆرسەتمەكتە نۇرلۇق بىر يولنى،
چېكىنمە ھەرگىز، ۋەھىمە باسسىمۇ سېنى.
گاڭگىرىما، بىغەم تۇرمۇش تەزىم قىلسىمۇ،
ئالغا باس، كۆزلەپ دائىم پارلاق نىشاننى.



# ئىككىنچى باب

## نامرات ئائىلىدىن چىققان مەشھۇر ئەربابلار

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە مەشھۇر ئەربابلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنىڭ بۇرۇن جاپالىق باللىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ھەتتا تەقدىرنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، لېكىن ئىرادىلىكلەرنىڭ ھامان تۇرمۇشنىڭ تايىنىش نۇقتىسىنى تېپىشقا ئاجايىپ ماھىر بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار دەل ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەپ، تۇرمۇشنىڭ جاپا ــ مۇشەققەتلىرىگە قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، قاقسەنەملىكتىكى يىللاردىن ئامان ــ ئېسەن ئۆتۈپ، شۇنىڭدەك مەڭگۈلۈك تىرىشچانلىق ئارقىلىق قىيىنچىلىقنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىلىرىنى بۆسۈپ، نامراتلىق ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاددىيلىقتىن قۇتۇلۇپ، يارقىنلىق ۋە ئۇلۇغلۇقنى ياراتقان.

— مەن ئورۇندا ياشايدىغان بالا، — دانىيىدىكى بىر باللار يىغىلىشىدا چىرايلىق بىر قىزچاق شۇنداق دېدى، — دادام پارلامېنت ئەمەلدارى، بۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئەمەل، — ئۇ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى، — «سېن» فامىلىلىكلەر (دانىيىدە فامىلىسىنىڭ ئاخىرى «سېن» بىلەن ئاياغلاشسا، بۇ ئادىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ — تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى) كەلسەك، ئۇلار مەڭگۈ كاتتا ئادەم بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز ئىككى قولىمىزنى بېلىمىزگە تىرەپ، ئۇلار بىلەن يىراق ئارىلىق ساقلاپ تۇرىمىز.

— لېكىن، مېنىڭ دادام قىلچە ئىچ ئاغرىتماي يۈز دوللار پۇل خەجلەپ كەمپۈت سېتىۋېلىپ باللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، — دېدى باي سودىگەر پېتېرسېنىنىڭ قىزى غەزەپلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — سېنىڭ داداڭ شۇنداق قىلالامدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى بىر مۇھەررىرنىڭ قىزى سۆز قىستۇرۇپ، — مېنىڭ دادام سىلەرنىڭ دادىلىرىڭلارنى ۋە ھەممە كىشىنىڭ دادىلىرىنى گېزىتكە بېسىپ چىقىرالايدۇ. دادامنىڭ دېيىشىچە، ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن، چۈنكى ئۇ كىمنى گېزىتكە چىقىرىمەن دېسە، شۇنى چىقىرالايدىكەن.

«پاھ، ئەگەر شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» ئىشىك يوچۇقىدىن مارىلاۋاتقان بىر كىچىك ئوغۇل بالا سەل ھاياجانلانغان ھالدا شۇنداق دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاشپەزنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن بۇ يەردە تۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا ئاشخانىنىڭ تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. لېكىن،



قارا تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەڭ رەڭدار گۈللەر، تىك قىيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەر ھامان ئەڭ تىك قىيا تاش ئۈستىدە يېتىلىپ تارتىپ، كۆككە باقىدۇ.

—— خوللاند

ھەر قېتىملىق بەختسىزلىك ھەرگىز ئاپەت بولۇۋەرمەيدۇ، دەسلەپكى يىللاردىكى مۇشكۇل شارائىت بىر ئامەتكە ئۇتاشقان بولىدۇ. قىيىنچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش بىزنىڭ ھاياتىمىزنى چېنىقتۇرۇپلا قالماي، يەنە كېيىنكى كۈنلەردىكى رىقابەت ئۈچۈن مول تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

—— شارپ

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۈگۈنكى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنە، دەۋر دولقۇنىنىڭ چوققىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغان كاتتا ئەربابلار چوقۇم نامرات بالىلىق تۇرمۇشتا تۇنجى قەدىمىنى باسقان كىشىلەردۇر.

—— سېت لوخر

بۇ بىر ئاددىي ساۋات: نامراتلىق — غايىلىك ياشلارنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەي.

—— شېكسپېر

ئۇ بۇ كىشىلەرگە تامامەن ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى-
نىڭ ھەتتا بىر تىيىن پۇلىمۇ يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭمۇ
فامىلىسىنىڭ ئاخىرى «سېن» ئىدى.

كۇنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتتى، ئەينى
چاغدىكى يىغىلىشقا قاتناشقان باللار سالاپەتلىك مۆتىۋەرلەرگە
ۋە ئېسىلزادە خېنىملارغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەشە-
مەتلىك بىر زالغا كىردى، ئۇ يەرگە نەپىسلىكتە تەڭداشسىز،
بىباھا سەنئەت ئەسەرلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ
ئىگىسى — ئەينى چاغدا ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ ئۇلارنىڭ
ئويۇنىنى كۆرگەن ھەمدە بۇنى كاتتا راھەت- پاراغەت دەپ بىل-
گەن ھېلىقى ئوغۇل بالا ئىدى. ھازىر ئۇ ئۇلۇغ ھەيكەلتاراشقا
ئايلانغانىدى، ئۇ دەل دانىيىنىڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارى، مەشھۇر
ھەيكەل «ئىيسا ۋە ئۇنىڭ ئون ئىككى مۇرىتى» نىڭ ئاپتورى
تۋارسېن ئىدى.

* * *

دانىيىلىك بىر نامرات موزدۇزنىڭ ئوغلى توغرىسىدا بىر
ھېكايە بار. بۇمۇ فامىلىسى «سېن» بىلەن ئاياغلىشىدىغان بالا
ئىكەن. بۇ ئىڭراپ يەرگە چۈشكەندىلا تەلەي ئىلاھىنىڭ ئۇنىڭغا
ھېچقانداق ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەت-
تى. ئۇ دەل دانىيىلىك يازغۇچى، ئاتاقلىق چۆچەك پىرى خانس
ئاندېرسېن بولۇپ، نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۇنىڭ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى توسىيالمىغانىدى.

* * *

«ئاچلىق ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، دادا، — دېدى
گاس بالا كىتتو دادىسىنىڭ ئۆزىنى دارىلئاجىزىندىن ياندۇرۇپ
چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ، — بىز
ماددىي جەھەتتە تويۇنغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز، شۇنداقلا مەن



ئاچارچىلىقتىن قانداق ساقلىنىشنى بىلىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر
ئۇزاق مەزگىل ئازغىنا قەنتكە تايىنىپ جېنىنى ساقلىغان ئە-
مەسمىدى؟ قورسىقى ئېچىپ قىينالغان چاغلىرىدا ئۇلار بەلۋېغى-
نى چىڭىتىۋالاتتى. نېمىشقا مەن بۇنداق قىلالمىغۇدەكمەن؟
چاتقاللىقتا ياۋا مېۋىلەر تولۇپ تۇرۇپتۇ، دالىنىڭ ھەممىلا يېرى-
دىن تۇرۇپ دېگەندەك كۆكتاتلار تېپىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بىلەن
قورساقنى توقلىغىلى بولىدۇ. بىر دۆۋە قۇرۇق ئۆت ـ چۆپ
ناھايىتى ياخشى كارىۋات بولالايدۇ.»

بۇ بىچارە گاس بالىنىڭ كۈن بويى ھاراقتىن بېرى كەلمەي-
دىغان زابوي دادىسى بار ئىدى، ئۆزىمۇ پەقەت ئاياغ تىكەلەيدىغان
كىچىك قەلەندەر دەپ قارىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئۇنى
ھېچقانداق بولىدىغان يېرى يوق دەپ قارايتتى. لېكىن، دەل
بۇ بالا ئاخىرى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىنجىلشۇناسلار-
نىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيادا داڭق قازاندى. كىتتونىڭ تۇنجى
ئەسىرى دەل نامراتخانىدا تاماملانغانىدى.

* * *

بىر ئاپتورنىڭ كات فېلدېر مۇھەررىرلىكىدىكى «ۋاشىنگ-
تون گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ماقالىسىگە ئاساسلانغاندا، كلاين
قەدىمكى يۇناندىكى بىر قۇل ئىكەن، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا ئۇ مۇقەددەس سەنئەت قەسرىگە چوقۇنىدىغان قۇل ئى-
كەن. گۈزەللىك ئۇنىڭ تەڭرىسى، ئۇنىڭ جېنى ئىكەن. ئۇ بىر
خىل ئەسەبىي قىزغىنلىق بىلەن سەنئەتكە چوقۇنىدىكەن. ئۇ
ياشىغان دەۋردە، قولىدا چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان پېرسىيە-
لىك تاجاۋۇزچىلارنىڭ سەنئەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە بىزارلى-
قى تۈپەيلى، قانۇندا ئەركىن پۇقرالاردىن باشقا، قۇللارنىڭ
سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە سەنئەتكە ھەۋەس قىلىشىغا
رۇخسەت قىلىنمايدىكەن، بولمىسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدى-
كەن. مۇشۇنداق بىر قانۇن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان چاغلاردا، كلاين

قىزىقىشى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بىر ھەۋەسكار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەنىكەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۇنلەرنىڭ بىرىدە فىدىياستىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەيكەلتاراشنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشىگە ئېرىشىشىنى ئۇمىد قىلىدىكەن، ھەتتا بىرىكلىپىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ كلاينىنىڭ جاۋابى، كاللامىنى، قەلبىمنى، پۈتكۈل روھىمنى ۋە ھاياتىمنى كۆز ئالدىمدا تۇرغان مۇزدەك مەرمەر تاشقا تەقدىم قىلىشىم كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بوپتۇ. ئۇ ھەر كۇنى تەقۋادارلىق بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قۇياش ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە پۈتمەس- تۈگىمەس ئىلھام ۋە يېڭى ماھارەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيدىكەن. ئۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا تولغان ۋە پەخىرلەنگەن ھالدا، قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ راستىنلا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىغا، شۇنىڭدەك يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىنى قوغداۋاتقانلىقىغا، ئۆزىگە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىغا، ئۇنىڭ قول ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىغا، ئۇ تاراشلاۋاتقان جىسىملارغا خۇددى تىرىكتەك ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. لېكىن، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلار شۇنداق بىر قانۇن تۈزگەن بولۇپ، شۇ تاپتا ئىلاھلار ئۇنى تاشلىۋەتكەندەك قىلىدىكەن.

ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان ھەدىسى كرېئېن ئۇكىسىغا ئوخشاشلا ئېغىر زەربىگە ئۇچراپتۇ، ئۇكىسىنىڭ ئازابى خۇددى ئۆزىنىڭ ئازابىدەكلا ئۇنى بەك ئازابلايدىكەن. «ئەي، گۈزەللىك ئىلاھى ئافرودىت، — دەپ دۇئا قىلىپتۇ ئۇ، — ئۇلۇغ ئافرودىت، باش ئىلاھ زېۋسنىڭ ئەڭ مېھرىبان پەرزەنتى! سەن مېنىڭ ئايال پادىشاھىم، مېنىڭ خۇدايىم، مېنىڭ ھىمايىچى ئىلاھىم، مەن كېچە - كۈندۈز ساڭا ھۆرمىتىمنى تەقدىم قىلىمەن. *ھازىر سەن مېنىڭ دوستۇم، ئۇكامنىڭ دوستى بولغىن،*



بىز سېنىڭ ھەممىگە قادىر ياردىمىڭگە موھتاجمىز!»

ئاندىن كېيىن، ئۇ ئۇكىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ: «كلاين، سەن ئۆيىمىزنىڭ ئاستىدىكى گەمىدە ئىشلىگىن! ئۇ يەر بەك قاراڭغۇ، ئەمما مەن ساڭا چىراغ ۋە يېمەكلىكلەرنى راسلاپ بېرىمەن. ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر، تەڭرىم بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ» دەپتۇ. كلاين گەمىگە كۆچۈپ چۈشۈپ، ھەدىسىنىڭ كېچە - كۈندۈز سەگەكلىك بىلەن قوغدىشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشىدا، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ھەم خەتەرلىك ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بارلىق يۇنانلىقلار ئافىنادا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. بۇ كۆرگەزمە شۇ جاينىڭ چوڭ بازىرىدا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، بىرىكلېي بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپتۇ. يېنىدا ئۇ ئامراق ئاسپازىيە، ھەيكەلتاراش فىدىياس، پەيلاسوپ سوقرات، تراگېدىك شائىر سوفرىكس ۋە باشقا نۇرغۇن نامدار ئەربابلار تۇرۇپتۇ.

بارلىق ئۇلۇغ سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بۇ يەرگە تىزىۋېتىلگەنىكەن. لېكىن، كۆزنى چاقنىتىدىغان، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز ئەسەرلەرنىڭ ئارىسىدا بىرمۇنچە ئەسەرلەر باشقا ئەسەرلەرگە قارىغاندا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار گۈزەللىكتە شۇنچە تەڭداشسىز بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بەدىئىي گۈزەللىكى ئالدىدا لەرزىگە كېلىپ، ئىختىيارسىز ماختىشىپ كېتىپتۇ، ھەتتا رىقابەتكە قاتناشقان سەنئەتكارلارمۇ چىن دىلىدىن قايىل بولۇشۇپتۇ.

— بۇ ئەسەرلەرنى ئويغۇچى كىم؟

بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ. پەرمانچى سوئالنى تەكرارلاپتۇ، كىشىلەر توپى يەنىلا سۈكۈتتە تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداقتا، بۇ بىر سىر ئىكەن! ئەجەبا بۇلار بىر قۇلنىڭ

ئەسەرلىرىمىدۇ؟

كىشىلەر توپى تۇيۇقسىز قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ، پاك، گۈزەل بىر قىز كىيىم - كېچەكلىرى ۋەيرانە، چاچلىرى چۇۋۇق، لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدە قەيسەرلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا ئىتتىرىپ چىقىرىلىپتۇ.

— مانا مۇشۇ ئايال! — دەپ ۋارقىراپتۇ شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى، — بۇ ئايال ھەيكەلتاراشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىدۇ. بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز، ئەمما ئۇ ھەيكەلتاراشنىڭ ئىسمىنى ئېيتقىلى زادىلا ئۇنىمايۋاتىدۇ.

كىرئېن قاتتىق سوراق قىلىنىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ جاۋابى سۈكۈت قىلىشتىن ئىبارەت بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن تارتىشقا تېگىشلىك جازانى بىلىدىكەن، بىراق بۇ باتۇر قىز يەنىلا ئۇندىمەپتۇ.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ بىرىكلېي، — قانۇن مۇقەددەس، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىشقا بولمايدۇ، مەن دەل قانۇننى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل ۋەزىر. بۇ قىزنى زىندانغا تاشلاڭلار.

ئۇ بۇ ھۆكۈمنى ئېلان قىلغان چاغدا، ئۇزۇن چاچلىق بىر يىگىت ھاسىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى پەقەت تالانتلىقلارغىلا خاس ھالدا خۇددى قاراڭغۇ كېچىدىكى بىر جۈپ نۇرلۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىكەن. ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا يېلىنىپتۇ:

— ئەي بىرىكلېي، بۇ قىزغا رەھىم قىلغىن ۋە ئۇنى كەچۈرۈم قىلغىن! ئۇ مېنىڭ ئاچام، مانا مەن ھەقىقىي گۇناھكار. بۇ ھەيكەللەر مېنىڭ بىر جۈپ قولۇمدىن، مېنىڭدەك بىر قۇلنىڭ قولىدىن چىققان.

غەزەپلەنگەن كىشىلەر توپى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ،



ئۇلار ھاياجانلانغان ھالدا ۋارقىرىشىپتۇ:

— ئۇنى زىندانغا تاشلايلى، بۇ قۇلنى زىندانغا تاشلايلى.

بىرىكلېي ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇرلۇك قىياپەتتە سۆزلەپتۇ:

— مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە رۇخسەت قىلمايمەن! قاراڭلار بۇ ھەيكەللەرگە! ئاپوللو ئۆزىنىڭ نامى بىلەن بىزگە ئېيتىمدۇكى، يۇناندىكى بەزى نەرسىلەر ئادالەتسىز بىر قانۇنغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇھىمدۇر. قانۇننىڭ ئەڭ يۈكسەك مەقسىتى گۈزەل شەيئىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈزەل شەيئىلەرنى كۆپەيتىش بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئافىنا كىشىلەر خاتىرىسىدە مەڭگۈ ياشايدۇ، نامى تارىختا پۈتۈلىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا بۇ ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان غايەت زور تۆھپىسى بولغانلىقىدىندۇر، بۇنداق تۆھپە ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قىلىدۇ. بۇ يىگىت زىندانغا تاشلانمىسۇن، ئۇنىڭ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ تۇرۇشىغا يول قويۇڭلار.

مانا شۇنداق قىلىپ، يىغىلىشتىكى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئالدىدا، ئاسپازىيە قولىدىكى زەيتۇن شېخىدىن توقۇلغان چەمبىرەكنى كلايىننىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ گۈلدۈرمامىدەك چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، ئۇ كلايىننىڭ مېھرىبان ئاچىسىنى مۇلايىملىق بىلەن سۆيۈپ قويۇپتۇ.

ئافىنالىقلار يەنە مەخسۇس ئىزوپ ئۈچۈن بىر ھەيكەل ياسىتىپ، بۇ مەشھۇر مەسەلچىنى خاتىرىلىگەن، ئىزوپنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ بىر قۇل ئىدى. بۇلاردىن بىزنىڭ بىلىۋېلىشىمىز تەس ئەمەسكى، شان - شەرەپ ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئوچۇقتۇر. قەدىمكى يۇناندا، پەقەت سىز سەنئەت، ئەدەبىيات ياكى ئۇرۇشتا ھەممىنى بېسىپ چۈشسىڭىزلا، ئاخىرى بايلىق ۋە ئۆچمەس نام - ئابرۇيغا مۇيەسسەر بولالايتتىڭىز. باشقا ھەرقانداق دۆلەت بۇ جەھەتتە بۇنداق

ياخشى ئىش قىلالمىغان، بەختسىزلىك ئىچىدە جاپالىق تىركەش-
كەن، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرگە بۇنداق ئىلھام
بېرىپ رىغبەتلەندۈرۈپ باقمىغان.

*　*　*

«مەن نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، — ئامېرىكىنىڭ مۇئا-
ۋىن زۇڭتۇڭى خېنرى ۋېلسون شۇنداق دېگەنىدى، — مەن تېخى
سەگەنچۈكتە گۈگراپ ياتقان چېغىمدىلا، نامراتلىق ئۆزىنىڭ
قورقۇنچلۇق چىرايىنى كۆرسەتكەنىدى. مەن ئاپامدىن بىر بۇردا
بولكا بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ قولىدا ھېچنېمە
يوق بولغان چاغلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشە-
نەتتىم. مەن ئون ياش ۋاقتىمدا ئۆيدىن ئايرىلىپ، ئون بىر
يىل شاگىرت ئىشچى بولدۇم. ھەر يىلى بىر ئاي مەكتەپ
تەربىيىسى ئالالايتتىم. ئون بىر يىل جاپالىق ئىشلىگەندىن
كېيىن، ئىش ھەققىم ئۈچۈن بىر كالا بىلەن ئالتە قويغا ئېرىش-
تىم. مەن ئۇلارنى سەكسەن تۆت دوللارغا ساتتىم. تۇغۇلغاندىن
تارتىپ يىگىرمە بىر ياشقا كىرگۈچە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بىر
دوللار خەجلەپ باقمىدىم، ھەربىر سېنتنى ئىنچىكە ھېسابلاپ
ئىشلەتتىم. مەن چارچىغان پۇتلارنى سۆرەپ، ماڭسا - ماڭسا
تۈگىمەيدىغان تاغ يولىدا مېڭىشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق بولىدىغان-
لىقىنى ئوبدان بىلىمەن، بۇنداق چاغلاردا ھەمراھلىرىمدىن مې-
نى تاشلاپ قويۇپ مېڭىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈشكە مەجبۇر بولاتتىم
... يىگىرمە بىر يېشىمنىڭ تۇنجى ئېيىدا، مەن ياغاچ كېسىش
ئۈچۈن ئادەمزات ئاياغ بېسىپ باقمىغان چوڭ ئورمانلىققا ئىچكى-
رىلەپ كىردىم. ھەر كۈنى ئۇپۇقتا تۇنجى قۇياش نۇرى پەيدا
بولغاندا ئورنۇمدىن تۇراتتىم، ئاندىن تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار پەيدا بولغۇچە جاپالىق ئىشلەيتتىم. كۈندۈزنى
كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىگەن بىر ئايلىق جاپالىق ئەمگىكىمنىڭ
بەدىلىگە ئالتە دوللارغا ئېرىشتىم. ئەينى چاغدا بۇ مېنىڭ نەزى-



رىمدە ھەقىقەتەن چوڭ سان ئىدى! ھەربىر دوللار ماڭا شۇ كۈنى
كەچتىكى ھەم چوڭ، ھەم يۇمىلاق، ئەتراپقا كۈمۈش نۇر چې-
چىپ تۇرغان ئايغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.»

مانا شۇنداق نامرات، قىيىن شارائىتتا، ۋېلسون ئەپەندى
ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ھەرقان-
داق پۇرسەتنىڭ كېتىپ قېلىشىغا يول قويماسلىقتا بەل باغلى-
غان. بوش ۋاقىتلارنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭدەك چوڭقۇر چۈشىنى-
دىغان كىشىلەر تولىمۇ ئاز. ئۇ خۇددى ئالتۇننى چىڭ تۇتقاندەك
پارچە - پۇرات ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇپ، بارماقلىرى ئارىسىدىن
مىنۇت - سېكۇنتنىڭمۇ بىكاردىن - بىكار ئېقىپ كېتىشىگە يول
قويمىغان.

ئۇ يىگىرمە بىر ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن، بىر ئاماللارنى
قىلىپ مىڭ پارچە ياخشى كىتابنى ئوقۇپ بولغان. ئويلاپ بې-
قىڭ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ
نەقەدەر جاپالىق ئىش - ھە! ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىل-
غاندىن كېيىن، پىيادە يول يۈرۈپ يۈز ئىنگلىز چاقىرىمى
يىراقلىقتىكى ماساچۇستېس شتاتىنىڭ نىدىك دېگەن يېرىگە
بېرىپ موزدۇزلۇقنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزىنى يولنىڭ ئازابىنى
تارتىپ بوستونغا بېرىپ، ئۇ يەردە بۇنكېر سىيېل خاتىرە مۇنارى-
نى ۋە باشقا تارىخىي مەشھۇر جايلارنى كۆرگەن. پۈتكۈل سەپەر
جەريانىدا ئاران بىر دوللار ئالتە سېنت خەجلىگەن. بىر يىلدىن
كېيىن، ئۇ نىدىكتىكى بىر مۇنازىرە كۇلۇبىدا باش كۆتۈرۈپ
چىقىپ، ئۇ يەردىكى سەرخىل كىشىگە ئايلانغان. كېيىن، ئۇ
ماساچۇستېس شتاتىدا قۇلچىلىق تۈزۈمگە قارشى مەشھۇر نۇت-
قىنى ئېلان قىلغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە تېخى
سەككىز يىلمۇ بولمىغانىدى. ئون ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ
ئاتاقلىق چارلىز سۇمنېر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ، پارلامېنتقا
كىرگەن.

ۋىلسون ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەربىر كىچىككىنە پۇرسەتمۇ
غايەت زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. ئۇ ھاياتىدىكى ھەربىر
ئۇششاق پۇرسەتنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىش يولىغا تۇتىشىدىغان پەلەمپەي قىلغان.

* * *

«بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ شە-
ھەرگە كىرمەڭ. مەن كىيىم دۇكىنىغا بېرىپ سىزگە بىر
يۈرۈش كىيىم زاكاز قىلىپ بېرەي. سىز رەتلىك ياسىنىشى-
ڭىز كېرەك، خوراس» دېگەنىدى سترېت. خوراس گېرل كى-
يىملىرىنىڭ شۇنچە ۋەيرانە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى زادىلا بايقاپ
باقمىغاندەك، ئۈستىۋېشىغا باشتىن - ئاياغ قارىۋېتىپ: «سىزگە
مەلۇم، سترېت ئەپەندى، دادام بىر يېڭى ناچار مۇھىتتا يېڭى
ئىشنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە
ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.»
سترېت ئەپەندى باشقۇرۇشىدىكى ئىللىخ «ھۆكۈمەت ئاخبا-
راتى» گېزىتىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەر
ئايدا بىر يۈز ئوتتۇز بەش دوللار مائاش ئالاتتى. لېكىن،
ئۆتكەن يەتتە ئايدا شەخسىي خىراجىتىگە ئاران ئالتە دوللارلا
ئىشلەتكەنىدى. ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ فومبېنت شتاتىدىن غەربىي
پېنسىلۋانىيىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ھەر ئايدا ئۆزىگە پەقەت
ئون بەش دوللار ئېلىپ قېلىپ، قالغان مائاشىنىڭ ھەممىسىنى
دادىسىغا بېرەتتى. دادىسىنىڭ قوي پادىسىغا قاراپ، ئۇلارنى ئاچ
بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، نۇرغۇن كېچىلەرنى
دالىدا «ئاسماننى يوتقان، يەرنى كۆرپە» قىلىپ يېتىپ ئۆتكۈ-
زۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى.
ئۇ يىگىرمە بىر ياشقا كىرەي دەپ قالغان بولۇپ، ئېگىز،
ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، چېچى سۇر رەڭ، ھەرىكەتلىرى
*كالامپاي، ئاۋازى بوغۇق ئىدى، بىراق ئۇ يەنىلا نيۇ - يوركقا*



بېرىپ پۇرسەت ۋە بايلىق ئىزدەشكە قەيسەرلىك بىلەن بەل
باغلىغانىدى. ئۇ بىر دۆۋە جۇل - جۇل كىيىمنى بىر بوپا
قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر كالتەككە چىگىپ ئۆشنىسى-
گە ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ يول بويى يەتكۈچە جاپا تارتتى،
ئاتمىش ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ، كاتتا ئورمانلىقتىن ئۆ-
تۈپ بۇفارۇغا كەلدى، ئاندىن كېيىن بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ
دەريا ئېقىنى بويىچە ئوربانىغا بېرىپ، خاردسون دەرياسىدا
كېمىگە ئولتۇردى. 1831 - يىل 8 - ئاينىڭ 18- كۈنى، دەل
قۇياش كۆتۈرۈلىدىغان چاغدا نيۇ - يوركقا يېتىپ كەلدى.
ئۇ ئەڭ ئەرزان بىر مېھمانخانىدىن ۋاقىتلىق تۇرالغۇ تاپ-
تى، بۇ ياتاقنىڭ ھەپتىلىك ئىجارە ھەققى ئىككى يېرىم دوللار
ئىدى. ئالتە يۈز چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۇ ئاران
بەش دوللار خەجلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ تاپتىكى
ئەڭ جىددىي ئىش خىزمەت تېپىش ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كوچىدا
قاتراپ يۈرۈپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا چاپلانغان ئىشقا قوبۇل
قىلىش ئېلانلىرىنى كۆردى؛ ئۇ بىنادىن چىقىپ بۇ بىناغا كى-
رىپ يۈردى، ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن ئۆزلىرىگە ياردەمچى
لازىم- لازىم ئەمەسلىكىنى سورىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەر قېتىم
ئېرىشكەن جاۋابى «ياق، لازىم ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت بولات-
تى. ئۇنىڭ غەلىتە قىياپىتى ۋە جۇل - جۇل كىيىملىرى
نۇرغۇن كىشىلەردە «بۇ بىر قاچقۇن شاگىرت ئىكەن» دېگەن
تەسىراتنى قالدۇراتتى.
بىر شەنبە كۈنى، ئۇ تۇرۇۋاتقان جايدا غەربىي قىسىم باسما
شىركىتىنىڭ باسما ئىشچىسى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ
قالدى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە، ئۇ غەربىي قىسىم
باسما شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈنۈپ بولدى. سائەت
يەتتە بولغاندا، ئۇ ئىش بېشى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭدىن بىر
كىشىلىك خىزمەت بېرىشنى ئۆتۈندى. لېكىن، ئىش بېشى

سەھرادىن كەلگەن، ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق بۇ يىگىت شىر-
كەتتىكى ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولغان تارماق تاپشۇرغان ھەرقاند-
داق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ قارىدى، چۈنكى
ئۇلار ئوخشاشمىغان تىل - يېزىقتىكى «ئىنجىل» نى تىزىشقا
ماھىر ئىشچىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىش
بېشى يەنىلا: «ئۇنىڭغا بىر ئىشنى تاپشۇرۇڭلار، ئۇ بىزگە
ئۆزىنىڭ نېمىگە كارغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ باقسۇن»
دېدى. شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچىسى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن
دەرھال قارشىلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئىش بېشىغا، خوراس تۈن-
جى كۈندىكى ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال كۆ-
زۈمدىن يوقات، دېدى. لېكىن، كەچ كىرگەندە خاررىسون ئىن-
تايىن ياخشى جاۋابنى تاپشۇردى: شىركەتتىكى بارلىق خادىملار
ئىچىدە ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ھەممىسىنىڭكىدىن كۆپ، خاتالىق
نىسبىتى ھەممىسىنىڭكىدىن ئاز ئىدى.
ئون يىلدىن كېيىن، خوراس گىرىل كىچىك تىپتىكى باسما
زاۋۇتنىڭ شېرىك خوجايىنى بولۇپ قالدى. ئۇ «نيۇ - يوركلۇق-
لار» گېزىتىنى چىقاردى. ئەينى چاغدا بۇ گېزىت ئامېرىكا
بويىچە ئەڭ ياخشى ھەپتىلىك گېزىت ئىدى، بىراق ئۇ زور
مىقداردا پايدا ئېلىپ كېلەلمەيتتى. خاررىسون 1840 - يىلى
زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەندە، خوراس گىرىل «كەپە»
ناملىق گېزىتنى چىقىرىشقا باشلىدى، بۇ گېزىتنىڭ تىراژى
توقسان مىڭ نۇسخىغا يەتتى، ئەينى چاغدا بۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈ-
سى كەلمەيدىغان بىر سان ئىدى. لېكىن، باھاسى ئەرزان بو-
لۇپ، ھەربىر پارچە گېزىت ئاران بىر پېنىستىن سېتىلسىمۇ،
يەنىلا پايدا ئالغىلى بولمايتتى.
ئۇنىڭ ئەمدىكى تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتى «نيۇ - يورك
مۇنبىرى» گېزىتىنى چىقىرىش بولۇپ، بۇ گېزىتنىڭ ھەربىر
پارچىسى بىر سېنتتىن بولدى. يول ئېچىش ئۈچۈن، ئۇ دوست-



لىرىدىن مىڭ دوللار قەرز ئالدى ھەمدە تۇنجى سان گېزىتنى
بەش مىڭ پارچە باستى. ئەلۋەتتە، باشلىنىشى ئىنتايىن قىيىن
بولۇپ، بەش مىڭ پارچە گېزىتنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىش
قىيىنغا چۈشەتتى. لېكىن، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، مۇشتەرى-
لەر ئەسلىدىكى ئالتە يۈزدىن ئون بىر مىڭغا كۆپەيدى. ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ «نيۇ - يورك مۇنبىرى» گېزىتىگە بولغان ئېھتىياجى
كۈنسېرى ئېشىپ باردى، كېيىن بارلىق باسما ماشىنىلىرى
ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلسىمۇ تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قال-
دى. بۇنداق بولۇشى بۇ گېزىتنىڭ مەيدانى ۋە ئۇسلۇبى بىلەن
ئىنتايىن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خوراس مۇھەر-
رىر بولۇش سۈپىتى بىلەن يا ئۇنداق، يا مۇنداق خاتالىقلارنى
سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمىسىمۇ، بىراق ئۇ ھامان بىر
ئامالLAR قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەققانىيەتنى قوغداشتىن ئىبارەت مەي-
دانىنى ساقلىدى.

* * *

گېزىت ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئەرباب جامېس بېننېت
1885 - يىلى «نيۇ - يورك پوچتىسى» گېزىتىنى چىقىرىۋاتقان-
دا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، 1832 - يىلى ئۇنىڭ «يەر شا-
رى» گېزىتىمۇ ۋەيران بولىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ «پېنسىل-
ۋانىيىلىكلەر» گېزىتىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇ چاغ-
قىچە، كىشىلەر پەقەت بېننېتنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى ئەقىل-
لىق، مول ھوسۇللۇق بىر مۇخبىر ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.
ئون تۆت يىللىق جاپالىق مېھنەت ۋە ئىقتىسادچىللىقتىن
كېيىن، ئۇ نەچچە يۈز دوللار پۇل يىغىدۇ. 1885 - يىلى،
ئۇ خوراس گىرىلنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ «نيۇ-
يورك ئاۋانگارتى» ناملىق يېڭى گېزىتنى چىقىرىش ئۈمىدىدە
بولىدۇ. لېكىن، خوراس گىرىل بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ،
بىراق ئۇنىڭغا ئىككى ياش باسما ئىشچىسىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ ئىككىيلەن بېننېت بىلەن شېرىكلىشىدۇ.

1885 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، «نيۇ - يورك ئاۋانگارتى» گېزىتى رەسمىي تەسىس قىلىنىدۇ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بارلىق كاپىتالى پەقەت ئون كۈنلۈك خىراجىتىگىلا چىقىش قىلالايتتى. بېننېت ۋال - سترېت كوچىسىدىن تار ھەم كىچىك بىر گەمىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئورۇندۇقنى قويىدۇ، يەنە ئىككى يۇملاق تۈڭنىڭ ئۈستىدە بىر قېلىن تاختاينى قويۇپ ئاددىي ئىش ئۈستىلى قىلىۋالىدۇ. ئۇلار گېزىت بېسىشتىن باشقا ھەممە خىزمەتنى مۇشۇ يەردە ئىشلەمەكچى بولىدۇ. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ، ئامېرىكا ئاخباراتچىلىق تارىخىدا غايەت زور تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ گېزىت نەشر قىلىنىشقا باشلايدۇ.

بۇ گېزىتنىڭ شەكلى تېخى كىشىلەرگە نامەلۇم بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇنداق گېزىت شەكلىنى ئامېرىكىلىقلار تېخى بىلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى ئورگانغا تەئەللۇق بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ياشلار ئاستا - ئاستا ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئۆز غايىسى تامان قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەشكە، ئىشلىرى كۈنسېرى روناق تېپىشقا باشلايدۇ. ئۇلار خەۋەر سۈرئىتىنىڭ تېز ھەم ۋاقتىدا بولۇشى، خەۋەر مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مول ھەم ئۆزگىچە بولۇشى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئوخشاش خىلدىكى رىقابەتچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەيلى ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى ياكى خەۋەرلەرنى ئىگىلەش سۈرئىتى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، ئۇلار باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك ئىدى. كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايدىغان، ئىشەنچلىك خەۋەرلەرنى ۋاقتىدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار ھەمىشە كۈچىنى ئايىمايتتى، كۆپ پۇل خەجلەشتىن يانمايتتى.

ھەرقانداق ئىش يېڭى باشلانغاندا قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا



ئۇچراش، نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگىنىدەك، «نيۇ - يورك ئاۋانگارتى» گېزىتىنىڭ دەسلەپ ماڭغان يولى ئەگرى- توقاي بولىدۇ، بىراق نيۇ - يوركنىڭ برۇدۋېي كوچىسى بىلەن ئان كوچىسىنىڭ كېسىشكەن جايىغا سېلىنغان ئەينى چاغدىكى ئەڭ ھەيۋەت ئاخبارات ئىش بىناسىنىڭ سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، «نيۇ - يورك ئاۋانگارتى» گېزىتى ئۆزىنىڭ گېزىت ساھەسىدىكى ئورنىنىڭ تەۋرەنمەس ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

* * *

گېئورگې چاردنىڭ فىلادېلفىيىدىكى خۇسۇسىي ئىشخانىسىغا كىرگەن چېغىڭىزدا، تامغا ئېسىقلىق: «ھېچنېمىڭىز يوق چاغدا، سىزنىڭ بىردىنبىر تاللىشىڭىز تىرىشچانلىق بىلەن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك» دېگەن ئەقلىيە سۆز ئالدى بىلەن دىققىتىڭىزنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نامىسىز بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئاخىرى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشىنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى ئىدى. چارد ناھايىتى كىچىك چېغىدىن باشلاپ، «فىلادېلفىيە گېزىتى» ۋە بۇ گېزىت نەشر قىلىنىدىغان بىناغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى.

لېكىن، بىر ھەپتىدە ئاران ئىككى دوللار تاپالايدىغان بۇ نامرات يىگىتنىڭ بۇنداق داڭلىق گېزىتنىڭ خوجايىنى بولۇشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ ئەجەبا بۇ بىر خىل مەستانىلەرچە خام خىيال ئەمەسمۇ؟ لېكىن، بۇ ياش يىگىت ھەرگىز يەڭگىللىك بىلەن ۋاز كەچمىدى، ئۇ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىگە، تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچكە ۋە ياشلارغا خاس بولغان ئىگىلىك يارىتىش جاسارىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ بىر كىتابخانىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ، جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە نەچچە يۈز دوللار پۇل تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كاتتا پىلانىنى يولغا قويماقچى بولدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئىشنى كىتاب

نەشر قىلىشتىن باشلىدى. ئۇ نەشر قىلغان بەزى كىتابلاردىكى
نۇقتىئىنەزەرلەر ئۆزگىچە، مەزمۇنى يېڭى بولۇش بىلەن سودا
ساھەسىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، مەسىلەن،
«كاييننىڭ شىمالىي قۇتۇپ سەپىرى» قاتارلىق كىتابلىرى ناھا-
يىتى بازار تاپتى. قانداق كىتابلار جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت -
ئېتىبارىنى جەلپ قىلالايدىغانلىقىغا قارىتا ئۇنىڭدا يۇكسەك سودا
سەزگۈرلۈكى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى
ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىپ، كۇنسايىن يۇقىرى ئۆر-
لەشكە باشلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى پىلانى بويىچە ئىش
باشلىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا «فىلادىلفىيىدىكى ئىشلار» نام-
لىق گېزىت ھەر كۇنى زىيان تارتاتتى، چاردىنىڭ دوستلىرىمۇ
ئۇنىڭغا تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرۈش توغرۇلۇق كۆپ قېتىم
نەسىھەت قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ 1864- يىلى يەنىلا بۇ گېزىت-
نى سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدىكى
شېرىن چۈشى ئاخىر راستىقا ئايلاندى. ئەمدىكى ۋەزىپە تىجارىتى
ناچار بولۇپ كەلگەن بۇ گېزىتنى تەرتىپكە سېلىش ئىدى، بۇ-
نىڭدا ئۇنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ناھايىتى كەسكىن بولدى. ئۇنىڭ
تۇنجى قەدىمى كىشىلەرنىڭ كۇتمىگەن يېرىدىن چىقتى، ئۇ گې-
زىتنىڭ باھاسىنى بىر ھەسسە ئۆستۇردى، بىراق شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا ئېلان بېتىنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى. شۇنىڭدىن
تارتىپ، «فىلادىلفىيىدىكى ئىشلار» گېزىتى خەۋەرلىرىنىڭ
مەزمۇنى ۋە ئوبزورلىرىغا تايىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى
يېڭىۋاشتىن جەلپ قىلدى. ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ
قالغان بۇ گېزىتكە ناھايىتى تېزلا قايتىدىن جان كىرىپ، ئۇ
يېڭىۋاشتىن گۇللەپ ياشناشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىغا
كىردى.
ناھايىتى كۆپ يىللارغىچە بۇ گېزىتنىڭ يىللىق پايدىسى



تۆت يۇز مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىنىڭ
ئەركىسىگە ئايلاندى. ۋەزىيەت ھەرقانچە قىيىن، ئىقتىسادىي
ئەھۋال ھەرقانچە جىددىي بولغاندىمۇ، ئۇ خادىملىرىنىڭ مائاشى-
نى ئازايتمىدى. فىلادىلفىيىدىكى بارلىق كەسپداشلىرى شۇن-
داق قىلغاندىمۇ، ئۇ بۇ پرىنسىپتا يەنىلا چىڭ تۇردى.

* * *

تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، فرانسىيىنىڭ رىئان
شەھىرىدە ئۆتكۇزۇلگەن بىر كاتتا زىياپەتتە مېھمانلار بىر پارچە
رەسىمدە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى بىرەر كۆرۈنۇش تەسۋىرلەنگەنمۇ
ياكى قەدىمكى يۇناندىكى ھەقىقىي تارىخىي ۋەقە سۇرەتلەپ بېرىل-
گەنمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا كەسكىن تالاش - تارتىش قى-
لىشقا باشلىدى. مېھمانلارنىڭ گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەن-
لىكى، بىر - بىرىگە يول بەرمەي ۋارقىرىشىۋاتقانلىرىدىن كەي-
پىياتنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
ساھىبخان دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپ، يېنىدا تۇرغان بىر مۇلا-
زىمنى بۇ رەسىمنىڭ مەنىسىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ
قىلدى.
نەتىجىدە، بۇ مۇلازىمنىڭ شەرھلىشى بۇ يەردىكى بارلىق
مېھمانلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. چۇنكى، ئۇ رەسىمدىكى
پۇتۇن كۆرۈنۇش ئىپادىلىگەن باش تېمىنى ئىنتايىن ئىنچىكە
تەسۋىرلەپ بەردى، ئۇنىڭ پىكرى ناھايىتى ئېنىق، چۇشەنچىسى
ئىنتايىن چوڭقۇر، شۇنىڭدەك كۆزقارىشىغا رەددىيە بەرگىلى
بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇلازىمنىڭ
چۇشەندۇرۇشى تالاش - تارتىشنى دەرھال ھەل قىلدى، سورۇن-
دىكى ھەممە كىشى خۇشاللىق بىلەن قايىل بولۇشتى.
— ئېيتىڭا، سىز قايسى مەكتەپنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان،
ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى بىر مېھمان ئەدەپلىك تەلەپپۇزدا.
— مەن نۇرغۇن مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن، جانابىل-

ـرى، — دېدى ياش مۇلازىم، — لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە
ئۆگىنىش ۋاقتىم ئەڭ ئۇزۇن ھەمدە ئۆگەنگەنلىرىم ئەڭ كۆپ
بولغان مەكتەپنىڭ نامى «ناچار شارائىت» دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇ مۇلازىمنىڭ ئىسمى ژان ياك رۇلىن ئىدى.
دەسلەپكى يىللىرىنى قاتتىق نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش
رۇلىننى مۇكەممەل تۇرمۇشقا قارىتا چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە ئادەم
بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئورنى تۆۋەن
بىر مۇلازىم بولسىمۇ، بىراق شۇ دەۋردە پۈتكۈل فرانسىيىدىكى
ئەڭ ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ژان ياك رۇلىننىڭ نامى ئىنسانىيەت
ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئەسەرلە-
رى بىلەن بىللە خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە چاقنىغان چاقماقتەك
ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ياۋروپانى يورۇتقانىدى.
شۇنداق، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى
غۇربەتچىلىكلەر ئەڭ سۈرلۈك ھەم ئەڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىدۇر.
ئىنسان چوڭقۇر ئىدىيىگە ئىگە بولىمەن ياكى غايەت زور نەتىجە-
گە ئېرىشىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك نامراتلىق ۋە
جاپادا ياشىغانلىقىغا دائىر ئەسلىمىسى بار بولۇشى كېرەك.
بەخت قەلئەسىدە يېتىلگەن كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا يەڭگىل-
تەك، بىلىمى يۈزە بولىدۇ؛ بەختسىزلىك تۈپرىقى يېتىلدۈرگەن
ئەۋلادلار بولسا، مۇكەممەل، تەمكىن ۋە ئېگىلمەس ـ سۇنماس
بولىدۇ.

* * *

ماددىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى
قىيىنچىلىق تۈپەيلى، پرات سپېنسېر ئىسىملىق بىر يالىڭاياغ
بالا خەتتاتلىقنى مەشىق قىلىشقا كېرەكلىك قەغەزنىمۇ سېتىۋا-
لالمىغان. لېكىن، ئۇ تۇغما خاراكتېرىدىكى قەتئىي ئىرادىسى
بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭگەن، ئىللىختىكى ئەينەكتەك
سىلىق ساھىل تەبىئەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان ئەڭ ياخشى



خەتتاتلىق قەغىزى بولغان. كېيىن، ئۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ
داڭلىق خەتتاتلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. دەل ئىللىغ كۆلى بويىدا
ئۇ داڭلىق خەتتات بولۇش ئۈلىنى تىكلەپ، سپېنسېر خەتتاتلىق
سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى ۋە پرىنسىپىنى شەكىللەن-
دۈرگەن، بۇ خىل پرىنسىپ ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇيان ئىنگ-
لىز يېزىقى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلىنى-
شى ۋە شەرھى بولۇپ قالغان.

* * *

ۋىليام كوربېت توپتوغرا سەككىز يىلنى ئائىلىسىدە كالا
بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ ئۆتكەزگەنىدى، بىراق ئۇنىڭ ياش قەلبى
بۇنداق زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ
دائىم سىرتتىكى تېخىمۇ كەڭرى زېمىندا كۆن كەچۈرۈپ بېقىش-
نى ئارزۇ قىلاتتى. كېيىن، ئۇ نيۇ ـ يوركقا بېرىپ سوت
مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچىلىك ئىشلىرىنى سەككىز ـ توققۇز ئاي
ئىشلەيدۇ، ئارقىدىن ھەربىيگە كىرىپ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىدە
ئەسكەر بولىدۇ. تۈنجى يىلدىكى ئەسكەرلىك تۇرمۇشىدا، ئۇ
چاتامنىڭ بىر سەييارە كۈتۈپخانىسىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بو-
لۇپ، قولىغا چۈشكەن ھەربىر كىتابنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇش-
قا، بىلىم دېڭىزى ئىچىدە ئۈزۈشكە باشلايدۇ.
ۋىليام كوربېتنىڭ شۇ يىلى ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسىنى
قانداق ئۆگەنگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى نامراتلىق ئىچى-
دە جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشكە توغرا كەلگەن بارلىق كىشىلەر
ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن تەربىيىۋى رولغا ئىگە. ئۇ مۇنداق
دەيدۇ: «مەن تېخى كۈنلۈك مائاشىم ئاران ئالتە پېنس بولغان
ئەسكەر ۋاقتىمدا گرامماتىكىنى ئۆگىنىشكە باشلىغانىدىم. كارى-
ۋىتىم ياكى مەخسۇس ھەربىيلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان ۋاقىتلىق
كارىۋات مېنىڭ ئۆگىنىش قىلىدىغان جايىمغا ئايلانغانىدى. ھەر-
بىي سومكام دەل مېنىڭ كىتاب سومكام ئىدى. بىر تاختاينى

تىزىمغا قويساملا، ئۇ مېنىڭ ئاددىي ئۇستىلىمگە ئايلىناتتى. بىر
يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مەن ئۆگىنىش قىلىش ئۈچۈن
ھېچقانداق مەخسۇس ئۆگىنىش قورالى سېتىۋالمىدىم. مېنىڭ
شام ياكى كىرسىن سېتىۋالغۇدەك پۇلۇم يوق ئىدى. قەھرىتان
سوغۇق بولۇۋاتقان قىش كېچىلىرىدە گۈلخاندىن چىقىۋاتقان
سۇس نۇردىن باشقا، مېنىڭ ھېچقانداق يورۇقلۇق مەنبەيىم يوق
ئىدى، شۇنىڭدەك گۈلخانىنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇش پۇرسى-
تىمۇ پەقەت ماڭا دىجورنىلىق نۆۋىتى كەلگەن چاغلاردىلا نېسىپ
بولاتتى. بىر تال قەلەم ياكى بىر ۋاراق قەغەز سېتىۋېلىش
ئۈچۈن، يېمەك - ئىچمىكىمنى قىسىپ پۇل تېجىشىمگە توغرا
كېلەتتى، شۇڭا مەن دائىم يېرىم ئاچ - يېرىم توق ھالەتتە
ياشايتتىم.

مېنىڭ ئەركىن ھالدا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان خاتىر-
جەم ئۆگىنىش ۋاقتىم يوق ئىدى. مەن ئىشخانىداشلىرىم ۋە
سەپداشلىرىمنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى، قو-
پال چاقچاقلىرى، قاتتىق ئىسقىرتىشلىرى، يۇقىرى ئاۋازدا تىل-
لىنىشلىرى قاتارلىق خىلمۇخىل ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئىچىدە
تىرىشىپ دىققىتىمنى يىغىپ كىتاب ئوقۇشقا، خەت يېزىشقا
مەجبۇر بولاتتىم. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن
كۆپرەكى ئەڭ تېتىقسىز، تەربىيە كۆرمىگەن، قوپال ۋە ياۋايى،
ئەڭ مەدەنىيەتسىز كىشىلەر ئىدى. سىز تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

ھەربىر تال قەلەم، بىر قۇتا سىياھ ياكى بىرنەچچە ۋاراق
قەغەز ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل تۆلىشىمگە توغرا كېلەتتى.
ھەر قېتىم قەلەم، سىياھ ياكى قەغەز سېتىۋېلىش ئۈچۈن قو-
لۇمغا ئالغان كىچىككىنە مىس تەڭگىلەرنىڭ سالمىقى تولىمۇ
ئېغىر بولاتتى. بىلىشىڭىز كېرەك، مېنىڭ ئەينى چاغدىكى
ئەھۋالىمدىن ئېيتقاندا بۇ ناھايىتى جىق سان ئىدى - دە! ئەينى
چاغدا مېنىڭ بويۇم ھازىرقىدەك ئېگىز ئىدى، تېنىممۇ ناھايىتى



قاۋۇل، كۈچۈم ئۇرغۇپ تۇراتتى، ھەرىكەت مىقدارىم ئىنتايىن
زور ئىدى. يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرالغۇنىڭ ھەقسىز بولغىنى-
دىن باشقا، ھەربىرىمىز ھەر ھەپتىدە پارچە خىراجەت ئۈچۈن
ئىككى پېنس پۇلغا ئېرىشەلەيتتۇق. مۇنداق بىر كۆرۈنۈش مۇشۇ
كۈنگىچە خۇددى تۈنۈگۈنلا يۈز بەرگەندەك ئېنىق ئېسىمدە: بىر
قېتىم، بازارغا بېرىپ ئۆزۈمگە كېرەكلىك بارلىق لازىمەتلىك-
لەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، يېنىمدا يەنە يېرىم پېنس ئېشىپ
قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىسى ئەتىگەندە بىر تال كارپ
بېلىقى سېتىۋالماقچى بولدۇم. شۇ كېچىسى مەن ئاچ ھالدا
كارىۋاتتا ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمى-
دىم، قورسىقىم توختىماي كورۇلدايتتى، مەن ئاچلىق تۈپەيلى
ھوشۇمدىن كېتىدىغاندەكلا بولۇپ قالدىم. لېكىن، بەختسىزلىك
بۇنىڭمۇ كەينىدە ئىكەن، مەن كىيىمنى سالغان چېغىمدا ھېلىقى
قىممەتلىك يېرىم پېنسنىڭ غايىب بولغانلىقىنى بايقاپ قالدىم.
شۇ ھامان كاللامدا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن-
دەك بولۇپ كەتتى - دە، ئۇمىدىم ئۈزۈلگەن ھالدا بېشىمنى
يىخسىپ كەتكەن كىرلىك ۋە ئەديال بىلەن پۈركەپ، خۇددى
كىچىك بالىدەك قايغۇرغان ھالدا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەت-
تىم.»

لېكىن، كوربېت مانا شۇنداق نامراتلىق ئىچىدىكى پايدى-
سىز شارائىتتىمۇ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن تىرمىشىپ يۈزلىنىپ،
ئۇسال شارائىت ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، كۈچ -
قۇۋۋەت توپلاپ، قەتئىي بوشاشماي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈ-
چۈن ئىنتىلگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مېنى مۇشۇنداق
نامراتلىق رېئاللىقىدا جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىپ، باشقىلارغا
قارىغاندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلىگەن، دېيىشكە توغرا كەلسە،
ئۇنداقتا يەنە بۇ دۇنيادىكى قايسى ياش ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە
بولۇمسىزلىقىنى ئاقلىغۇدەك باھانە تاپالىشى مۇمكىن؟»

* * *

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، خۇمفرىي داۋىي چوقۇم تەلەيلىك بالا قاتارىغا كىرەلمەيدۇ. نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەربىيە ئېلىش ۋە پەننىي بىلىملەرگە ئېرىشىش پۇرستى ناھايىتى چەكلىك بولغانىدى. لېكىن، ئۇ ھەقىقىي قەتئىي ئىشەنچكە ۋە سۇنماس ئىرادىگە ئىگە يىگىت ئىدى. دورىخانىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا، ئۇ ھەتتا كونا تاۋا، چۆگۈن ۋە ھەر خىل شىېشىلەردىن پايدىلىنىپ تەجرىبە ئىشلەپ، ئىلىم - پەن ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە تىنىماي ئىزدەنگەنىدى. كېيىن، داۋىي ئېلېكتروخىمىيە ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولدى.

* * *

«نسۇرغۇنلىغان دېھقان بىالىلىرى، — دەپ بىاھا بەرگەندى نيۇ - يوركلۇق مەشھۇر سىياسىي پائالىيەتچى تورلوۋ ۋېدېر، — جىددىي ئەمگەكنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۆزىنىڭ زېھنى ۋە روھىي ھالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان پۇرسەتلەرنى تاپالايدۇ. مېنىڭ شەخسىي تەجرىبەمدىن ئېيتقاندىمۇ دەل شۇنداق. تۈن يېرىم بولۇپ ئەل جىمىققان چاغلاردا، سىز چۆگۈننىڭ قايىنىشىنى كۈتكەچ ئوچاقتىكى ئوتقا قاراپ ئولتۇرسىڭىز، كۈندۈزى ھېرىپ چارچىغان ۋۇجۇدىڭىز ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىدۇ، تەپەككۇرىڭىز جانلىنىشقا، مېڭىڭىز يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ھەرىكەتلىنىشكە، ئەقىل - پاراسەت نۇرىڭىز قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇشقا باشلايدۇ. مەن نۇرغۇن كېچىلەرنى ‹قارىغاي دۇكان› دەپ ئاتىلىدىغان دۇكاندا ئۆتكۈزگەنىدىم. دۇكان خوجايىنى مۇلايىم كىشى ئىدى، قەنت - گېزەك ئىشكاپىنىڭ چىرىغىنىڭ نۇرى كۆزنى قاماشتۇراتتى، مەن چىراغ يورۇقىدا بېرىلىپ كىتاب



كۆرەتتىم. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان بىر كىتابنى دەل مۇشۇ ئۇسۇلدا ئوقۇپ تۈگەتكەنىدىم. بۇ داغدۇغىلىق ئىنقىلابتىكى بارلىق زور ۋەقەلەر، ۋەزىيەتتىكى ھەربىر ئۆزگىرىش، ۋەھىمىلىك تېررورلۇق كەيپىيات ۋە قان پۇرىقى، يەنە دەۋر دولقۇنىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ مەردانىلىك بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن تۇركۇم - تۇركۇم ئۇلۇغ داھىيلار مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن شۇ خىلدىكى ئوقۇشلۇقلاردىن ئېرىشكەن بىلىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندىمۇ يەنىلا بۇ كىتابتىن ئېرىشكەنلىرىمدىن كۆپ بولالمىدى. مۇنداق بىر مەنزىرە دائىم كۆز ئالدىمدا: مەن ئاياغ سېتىۋالالماي، ئايىغىمغا بىر كاللەك مازنى ئورىۋېلىپ، تىزىمغا كەلگۈدەك قېلىن قاردا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىپ ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئاق كۆڭۈل كايس ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغان ھەمدە كىتاب ئارىيەت ئالغان چېغىمدا، ھەقىقەتەن قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكىنىمدىن سەكرەپ كېتەتتىم.»

* * *

«ئەتە بىر كۈن ئارام ئالسام بولامدۇ، دادا؟» دەپ سورىدى تېئودور پاك تارتىنغان ھالدا. بۇ ئاۋغۇست كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى ئىدى. پاكىنىڭ دادىسى لاكستوندىكى نامى ئانچە چىقمىغان چىغرىق ياسىغۇچى ئىدى. ئۇ ئىنتايىن ھەيران بولغان ھالدا بۇ ئەڭ كىچىك ئوغلىغا قارىدى، چۈنكى بۇ چاغ ئىشنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتى ئىدى. لېكىن، ئۇ پاكىنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىدىن ئۆزىگە باشقىچە تاللاشنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى - دە، ئاتىلارچە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن بۇ تەلەپكە ماقۇل بولدى.

ئەتىسى سەھەردە، تېئودور بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، لاي - پاتقاق باسقان يولدا ئون چاقىرىم يول يۈرۈپ خارۋارد

ئىنستىتۇتىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ كۈنى يىلدا بىر ئېلىنىدىغان
يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتناشقىلى كەل-
گەنىدى. ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندىن باشلاپ نورمال مەكتەپ
تەربىيىسى ئالالمىغانىدى، لېكىن يەنىلا تۇرلۇك ئامال - چارى-
لەر بىلەن ھەر يىلى قىشتا ئۈچ ئاي ۋاقىت چىقىرىپ مەكتەپكە
باردى. باشقا ۋاقىتلاردا، ئۇ ئېتىزلىقتا يەر ئاغدۇرسۇن ياكى
باشقا ئىشلارنى قىلسۇن، كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆگەنگەن
دەرسلىرىنى تاكى پىششىق بىلىۋالغۇچە ئەسلەيتتى ۋە يادلايتتى.
ئۇ يەنە بارلىق بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ پايدىلىق كىتابلار-
نى ئارىيەتكە ئېلىپ ئوقۇيتتى. ئۇ بىر كىتابنى ئارىيەتكە ئېلىشقا
ئامال قىلالمىغانىدى، ئەمما ئۇ بۇ كىتابقا ئېرىششنى بەك ئارزۇ
قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، يازنىڭ بىر ئەتىگىنى، ئۇپۇقتا تېخى
تۇنجى قۇياش نۇرى پەيدا بولمىغان چاغدا ئۇ ھاپىلا - شاپىلا
ئورنىدىن تۇردى. ئاۋۋال ئېتىزلىقتىن بىر سېۋەت قۇلۇبنىك
ئۈزدى، ئاندىن بۇ قۇلۇبنىكلارنى بوستونغا ئاپىرىپ سېتىپ،
ئۇنىڭ پۇلىغا ئۆزى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھېلى-
قى لاتىنچە لۇغەتنى سېتىۋالدى.

— يارايسەن، ئوغلۇم! — شۇ كېچىسى ئوغلى قايتىپ
كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەنلىكىنى ئېيتقان چاغ-
دا، چىغرىق ياسىغۇچى ئۇستا خۇشاللىقىدا ماختاپ كەتتى، —
لېكىن، سېنى خارۋاردتا ئوقۇتقۇدەك پۇلۇم يوق - دە!

— ھېچقىسى يوق، دادا، — دېدى تېئودور، — مەن
مەكتەپتە تۇرمايمەن، ئۆيدە بوش ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ
ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىمەن ۋە مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تەييارلىق
قىلىمەن. ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسەملا، مەن ئىلمىي ئۇنۋان دىپلو-
مىغا ئېرىشەلەيمەن.

كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندىيال-
دى. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مەكتەپتە دەرس بېرىش ئارقى-



لىق ئازراق پۇل يىغىپ، خارۋارد ئىنستىتۇتىدا يەنە ئىككى يىل
ئوقۇدى ھەمدە ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى پۈتتۈردى.

كۆنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتتى، ئەينى
چاغدا مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بالا ئەمدى داڭلىق ئەربابقا ئايلان-
دى. قۇلچىلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر
تەشەببۇسچىسى، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى بولۇش سۈپىتى بى-
لەن، ئۇ دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپى سېۋارد، تۇنجى باش
سودىيە چايېس، ئاتاقلىق كېڭەش پالاتا ئەزاسى سۇمنېر، زۇڭ-
تۇڭ گاررېسون، ئاتاقلىق پېداگوگ خىللاس مان، قۇلچىلىق
تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋېندىل فىلىپس
قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېقىن دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى بولدى.
تېئودور پاكىنىڭ ھازىرقى پۈتكۈل ئامېرىكىدىكى تەسىر كۈچىنى
مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. تا ھازىرغىچە، بۇ مەشھۇر ئەرباب
بالىلىق چاغلىرىدا لاكستوندىكى قىيا ئۈستىدە ۋە چاتقاللىقتا
ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى، جان
تىكىپ ئېلىشقانلىرىنى ئەسلىسە، يەنىلا چەكسىز ئىللىقلىق ۋە
خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

* * *

«مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ پەخىرلىنىدىغان چېغىم، —
دەيدۇ ئېلىلىخ بېرىت، — ھومېرنىڭ ‹ئىلىيادا› سىنىڭ ئەڭ باش-
تىكى ئون بەش قۇرىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى تۇنجى قېتىم
تولۇق چۈشەنگەن ۋاقتىمدۇر.» ئېلىلىخ بېرىت ئون ئالتە ياشقا
كىرگەن يىلى دادىسى تۈگەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەنتتى-
كى بىر تۆمۈرچىگە شاگىرت بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ھەر
كۈنى تۆمۈرچىلىك ئوچىقى يېنىدا ئون سائەتتىن ئون ئىككى
سائەتكىچە ئىشلەيدۇ. لېكىن، بۇ تىرىشچان يىگىت كۆرۈك
تارتقاچ، كاللىسىدا مۇرەككەپ ئارىفمىتىكىلىق ھېسابلارنى ھې-
سابلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ دائىم ئۇسىتىنىڭ كۈتۈپخانى-

ـسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇيـ
ـدۇ. ئۇنىڭ ئەينى چاغدا يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق
سۆزلەر بار: «18 ـ ئىيۇن، دۈشەنبە، بېشىمنىڭ چىدىغۇسىز
ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، جوۋېلىينىڭ ‹تۇپراق توغرىسىدا›
سىدىن قىرىق بەتنى، فرانسۇز تىلىدىن ئاتمىش تۆت بەتنى،
مېتال تاۋلاش بىلىملىرىدىن ئون بىر دەرسنى كۆرۈپ چىقتىم.
19 ـ ئىيۇن، سەيشەنبە، ئىبراي تىلىدىن ئاتمىش قۇرنى،
دانىيە تىلىدىن ئوتتۇز قۇرنى، پوسمىيە تىلىدىن ئون قۇرنى،
پولەك تىلىدىن توققۇز قۇرنى، ئون بەش يۇلتۇزنىڭ ئىسمىنى،
مېتال تاۋلاش بىلىملىرىدىن ئون دەرسنى كۆرۈپ چىقتىم. 20ـ
ئىيۇن، چارشەنبە، ئىبراي تىلىدىن يىگىرمە بەش قۇرنى، سۈـ
رىيە تىلىدىن سەككىز قۇرنى، مېتال تاۋلاش بىلىملىرىدىن ئون
بىر دەرسنى كۆرۈپ چىقتىم.»

بىرېت ئۆمرىدە ئون سەككىز تىلنى پىششىق ئۆگەنگەن،
ئوتتۇز ئىككى خىل دىئالىكتنى ئىگىلىگەن. ئۇ «ئەڭ چوڭقۇر
بىلىملىك تۇمۇرچى» دەپ نام ئالغان، شۇنداقلا ئىنسانىيەت
مەدەنىيىتىگە قوشقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرى بىلەن تارىخ بېتىـ
ـدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان. ئېدۋارد ئېۋېرېت نامرات ئائىـ
ـلىدىن چىققان بۇ بالىنىڭ قانداق ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولـ
ـغانلىقى توغرۇلۇق توختالغاندا، ھاياجان بىلەن: «ئۇنىڭ كۈـ
ـرەش تارىخى ئەۋزەل شارائىتى ۋە ياخشى تەربىيە ئېلىش پۇرسىـ
ـتىگە ئىگە كىشىلەرنى ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايدىغان ھالغا
چۈشۈرۈپ قويىدى» دېگەنىدى.

* * *

دائىم يالاڭئاياغ يۈرىدىغان كرىستىينا نىلسون شۋېتسىيەـ
ـنىڭ بىر چەت يېزىدە ياشايتتى. ئۇمۇ تەلەيلىك باللار قاتارىغا
كىرمەيتتى، ئۇنىڭ يا ئېسىلزادە جەمەتى، يا باي ئاتا ـ ئانىسى
يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىللىق ھېسسىيات ۋە نەپىسلىككە تويۇنـ



ـغان ناخشا ئاۋازى پەيدا قىلغان چەكسىز جەلپكارلىققا تايىنىپ،
پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇندۇردى ھەم دۇنيا خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە
نائىل بولدى.

* * *

«سىلەر دۇچ كەلگەن پايدىسىز شارائىت توغرىسىدىكى
كۆزقارىشىمنى ئازراق سۆزلەپ باققۇم بار، — دوكتور تالماگې
چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ياشلارغا شۇنداق دېگەنىدى، —
ئەمەلىيەتتە، سىلەر ھازىر ئەڭ ئاخىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشىـ
ـدىغان ھېلىقى قالتىس ئەربابلار بىلەن بىللە بىر يۈگۈرۈش
سىزىقىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. ئەگەر سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئەستە
تۇتساڭلار، شۇنىڭدەك ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئوبدانراق ئەسلەپ
كۆرىدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغقا بارغاندا بۇ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى
ۋە تەقدىرىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان دانا كىشىلەر، مەرتىۋىسى
يۇقىرى ۋە ھوقۇقى چوڭ كىشىلەرنىڭ — بۇ ئەمەلىي كۈچى
زور سانائەت گىگانتلىرىنى، بايلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان
مىلياردېرلارنى، ئاغزىدىن گەپ بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىـ
ـدىغان ناتىقلارنى، ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان شائىر ـ يازغۇـ
ـچىلارنى، ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىـ
ـدىغان قورقۇنچلۇق سىياسىئونلارنى، ئادالەت يولىدا سېخىيلىك
قىلىدىغان، پۇلنى توپا ئورنىدا كۆرىدىغان خەير ـ ساخاۋەتچىـ
ـلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — شۇ تاپتا سىلەر بىلەن بىر
يۈگۈرۈش سىزىقىدا تۇرغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ
سىلەرگە سېلىشتۇرغاندا قىلچىمۇ ئۈستۈن شارائىتقا ئىگە ئەـ
ـمەسلىكىنى، سىلەرگە ئوخشاش مۈشكۈل ئەھۋالدىكى، ھەتتا
قاتتىق نامراتلىشىپ ھالىدىن كەتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى
بايقايسىلەر.

بەزى كىشىلەر ئىگىلىك يارىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھېچقانداق
شارائىتى، ھېچقانداق كاپىتالى يوقتەك ھېس قىلىشى مۇمكىن.

لېكىن، يىگىت، كۈتۈپخانىغا بېرىڭ، ياخشى كىتابلارنى ئارد-
يەتكە ئېلىپ، تەڭرىنىڭ ھەربىرىمىزگە نەقەدەر ئاجايىپ بايلىق-
لارنى ئاتا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ. بۇ بايلىقلار دەل سىز-
نىڭ ئاياغ ئاستىڭىزدا، سىزنىڭ كۆزىڭىزدە، سىزنىڭ قۇلىقى-
ڭىزدا. ئاندىن كېيىن، تەقدىر دوختۇرىنىڭ سىزنى ئوپېراتسىيە
بۆلۈمىگە باشلاپ كىرىپ، سىز ئوقۇغان مەزمۇنلارغا قارىتا قاي-
داق چۈشەنچە بېرىشىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئىگىلىك يارىتىش قەدە-
مىنى باسقۇدەك كاپىتالىم يوق دەيدىغان خاتالىقنى ھەرگىز قايتا
سادىر قىلماڭ، چۈنكى بۇ دەل تەڭرىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىز-
لىك بولىدۇ. شارائىتقا كەلسەك، دۇنيا بويىچە ئەڭ نامرات ياش
بولغان تەقدىردىمۇ، ۋۇجۇدىدا تەڭرى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان
بارلىق سوۋغات ۋە بايلىقلار ھازىرلاقلىق بولىدۇ.»

*　*　*

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، بىر گېزىت ساتقۇچى
بالىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەدە چوڭ ئىشلارنى قىلالىشى ئانچە
مۇمكىن ئەمەس. تەڭرىدىن ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان، تۇرمۇشتا
ئەڭ مۇھىم بولغان تۈنجى قەدەمنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدى-
غان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، يۈرەكلىك ئىزدىنىدىغان، با-
تۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىدىغان تەڭدېمەتلىرى بىلەن سېلىش-
تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش پۇرسىتى تولىمۇ
ئاز بولىدۇ. توماس ئېدىسون — ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى
سانائەت ئىنقىلابىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئالغا سۈرۈش رولىنى
ئوينىغان بۇ كاتتا كەشپىياتچى — بۇرۇن تۆمۈريولدىكى گېزىت
ساتقۇچى بالا ئىدى. ئېدىسون ئون بەش يېشىدىن باشلاپلا خىمىيە
ساھەسىگە كىرىشكە باشلىغانىدى، ئۇنىڭ تېخى ئۆزى راسلىۋال-
غان كۆچمە تەجرىبىخانىسىمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ مەخپىي
ھالدا تەجرىبە قىلىۋاتقاندا، پويىز تۇيۇقسىز بىر دوقمۇشتىن
قايرىلىدۇ، نەتىجىدە سۇلفات كىسلاتاسى قاچىلانغان شىشە چېقى-



لىپ كېتىدۇ. غەلىتە پۇراق تارقىلىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا بىر قاتار مۇرەككەپ خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز
بېرىدۇ. بۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە قاتتىق ئۇچراپ چىدىغۇچىلىكى
قالمىغان پويىز باشلىقى دەرھال بۇ ياش ئىلىم - پەن ھەۋەسكا-
رىنى قوغلىۋېتىدۇ.
ئېدىسوننىڭ كەشپىيات ھاياتىدا، بۇنداق مىساللار ئاز ئە-
مەس. ئۇ كەينى - كەينىدىن خەتەرلىك ئىشلارنى باشتىن كەچۈ-
رۈپ، كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل سوغۇق مۇئامىلىلىرىنىڭ تەمى-
نى يەتكۈچە تېتىغان؟ ئەمما ئۇ ھەر قېتىملىق كېلىشمەسلىك-
لەردىن چۆچۈپ كەتمەي، خەتەرنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇپ،
ئاخىرى دۇنيا ئىلىم - پەن گۈلزارىدىكى ئەڭ يارقىن يۇلتۇزغا،
كىشىلەر ئۆزئارا ماختىشىدىغان كەشپىيات پىرىغا ئايلانغان.
كىشىلەر ئېدىسوندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىنى سورىغان-
دا، ئۇ ئۆزىنىڭ باشتىن - ئاخىر پۈتۈنلەي ئۆزىنى كونترول
قىلغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، خىزمەتتىن باشقا
ھەرقانداق ئىشتىكى پوزىتسىيىسى لايىقىدا بولۇش بىلەنلا چەك-
لەنگەنلىكىنى ئېيتقان.
كلىۋېلاند زۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى قېتىملىق سايلام رىقابىتى-
نىڭ مەسئۇلى ۋە مالىيە مىنىستىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن،
دانىيېل ماننىنىنىڭ خىزمەت ھاياتىمۇ گېزىت ساتقۇچى بالا بولۇش-
تىن باشلانغان. گېزىت ساتقۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان داڭلىق
كىشىلەر يەنە تورلوۋ ۋېدىېر، داۋېي سىپېل قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. نيۇ - يوركنىڭ ھەممىلا يېرىدە غايىلىك،
جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن قەدەممۇقەدەم يۇقىرىغا ئۆرلەي-
دىغان مانا شۇنداق گېزىت ساتقۇچى باللار باردەك قىلىدۇ.

*　*　*

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، ھېچقانداق مەكتەپ يۈزى كۆرمى-
گەن، نامى چىقمىغان ئىككى يىگىت بوستوندىكى شارائىتى ئىن-

تايىن ناچار بىر سارايدا تونۇشۇپ قېلىپ، بۇ جەمئىيەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بىر خىل تۈزۈمگە، يەنى نېگىر قۇللار تۈزۈمىگە جەڭ ئېلان قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىش بىلمەيدىغان بۇ ئىككى ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنىڭ قىلمىشى شۇ قەدەر ئەخمىقانىلىق ۋە كۈلكىلىك ئىدى. بىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا شۇ قەدەر كۈچلۈك دۈشمەن بار ئىدى، چۈنكى بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سىياسىي تۇپراققا پۇختا يىلتىز تارتىپ كەتكەن، بەلكى يەنە بارلىق جەمئىيەت مېخانىزمى ۋە پايدا ـ مەنپەئەتلەر چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەيلى ئالىم، سىياسىئون، دىنىي جەمئىيەت ئەربابى ياكى ھوقۇق ئىگىلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ياكى سىياسىي قاراشلىرىدا نەقەدەر چوڭ ئىختىلاپلار بار بولسۇن، بۇ تۈزۈمنى ھەممىسى بىردەك ھىمايە قىلاتتى.

ئۇنداقتا، بۇ ئىككى ياش نېمىگە تايىنىپ پۈتكۈل جەمئىيەت، پۈتكۈل دۆلەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە تار قاراشلارغا تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن؟ ئالغا بېسىش يولى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خېيىمخەتەرلىك بولۇشىدىن، نىشانى شۇنچە يىراقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئېتىقادنىڭ ئوتى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتاتتى، ئۇلار ئۆزلىرى ئىنتىلگەن ئىشقا چەكسىز ئەقىدە قىلاتتى، ئۇنىڭدا چىڭ تۇراتتى. بۇ ئىككى ياشنىڭ بىرى بولغان بېنجامىن لۇند خېلى بۇرۇنلا ئوخىيو شتاتىدا «ئەركىنلىك روھىنى ئومۇملاشتۇرۇش گېزىتى» نى تەسىس قىلغانىدى. ئۇ ھەر ئايدا پىيادە يىگىرمە ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ، باسمىخانىدىكى بارلىق گېزىتلەرنى توشۇپ كېلەتتى. گېزىتنىڭ مۇشتەرىلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئۇ پىيادە تۆت يۈز ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ تېنناسىي شتاتىغا بېرىپ



تەشۋىق قىلاتتى. بۇ ھەقىقەتەن پەۋقۇلئاددە ئىرادىگە ئىگە يىگىت ئىدى.

ۋىلىيام گاررىسوننىڭ ياردىمىدە، ئۇ خىزمىتىنى بالتىموردا تېخىمۇ ئاكتىپ قانات يايدۇردى. ئەينى چاغدا، بۇ شەھەرنىڭ ئاساسىي كوچىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قۇللار قاماپ قويۇلىدىغان قاشالار بار ئىدى. قۇل توشۇش كېمىسىگە قاچىلانغان بەختسىزلەر يۇرتىدىن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبتىكى پورتلارغا ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇل بازىرىدىكى مەنزىرە يۈرەكلەرنى پارە ـ پارە قىلىۋېتەتتى، بەلكى بۇ يەردە دائىم زورلۇق بىلەن قۇللارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى، ۋاستىلىرى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى گاررىسوندا ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغانىدى. ئائىلىسى نامرات بولغانلىقتىن، ئانىسى گاررىسوننى مەكتەپتە ئوقۇتالمىغانىدى، بىراق سەبىي چاغلىرىدىلا ئانىسى ئۇنىڭغا مۇستەبىتلىككە ۋە ئېزىشكە قارشى تۇرۇشنى ئۆگەتكەنىدى. بۇ يىگىت بۇ بىچارە بەختسىزلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلىشقا، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغانىدى.

ئۇلارنىڭ تۇنجى سان گېزىتىدە، گاررىسون قۇللارنى دەرھال ئازاد قىلىش، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى يۇقىرى ئاۋازدا مۇراجىئەت قىلىدۇ، نەتىجىدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قارشىلىقى ۋە ئەيىبلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تىل ـ ھاقارەتلەر ئۇنىڭغا خۇددى سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. كېيىن، ئۇ قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ شىمالدىكى ئالىيجاناب، ھەققانىيەتچىل دوستى جون ۋېتتىئېرغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى گاررىسون ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەشكە ئىمكان بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋېتتىئېر خېنرى كرايغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ گاررىسون

ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنىدۇ. قە-رىق توققۇز كۈنلۈك تۈرمە تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، گاررىسون قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

ۋېندېل فىلىپس گاررىسون توغرۇلۇق توختالغاندا: «ئۇ يىگىرمە تۆت يېشىدا ئۆز كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن نەزەربەند قىلىندى. لېكىن، ئۇ نەۋقىران ۋاقتىدا يەنىلا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ جىنايىتىگە جەڭ ئېلان قىلدى» دېگەنىدى.

بوستوندا گاررىسون دوستلىرىنىڭ قوللىشىغا، يا تەسىرى بار ھەرقانداق ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ شەھەردە يەككە - يېگانە ھالدا كۈرەش قىلدى. يانچۇقىدا تىيىنىنىڭ سۇنۇقى يوق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ كىچىك ھەم تار بىر بالىخانىدا «ئازاد قىلغۇچى» ناملىق گېزىتنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئاچ- يالىڭاچ، «قىلچە پۇرسىتى يوق» بۇ يىگىتنىڭ تۇنجى سان گېزىتىدە ئېلان قىلغان خىتابنامىسىنى كۆرۈپ بېقىڭلار: «مەن ھەقىقەتكە ئوخشاش كەسكىن ۋە رەھىمسىز بولىمەن، ھەققانىيەتكە ئوخشاش ئېگىلى-مەس - سۇنماس بولىمەن. مەن ئۆزۈمنى تەقدىم قىلىشقا رازى-مەن. مەن مۇجمەل سۆزلەرنى ئىشلىتىپ تىلىمنى چايناپ يۈر-مەيمەن، ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن سۆز ئىزدەپمۇ يۈرمەيمەن. مەن ئورنۇمنى قەتئىي ساقلايمەن، ئازراقمۇ چېكىنمەيمەن. ئى-شىنىمەنكى، ھامان بىر كۈنى پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالايدۇ ۋە مېنى چۈشىنەلەيدۇ.» پاھ، بۇ نەقەدەر باتۇر يىگىت- ھە! ئۇ تەنھا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلى-قىغا تايىنىپ، ئاشۇ دەۋردە ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بىر تەرەپلىمە قاراشلار بىلەن جەڭ قىلدى.

جەنۇبىي كارولىنا شتاتىدىكى خوئېن خيان بوستون شەھە-رىنىڭ باشلىقى ئوتىسقا خەت يېزىپ، ئۆزىگە بىركىمنىڭ بىر پارچە «ئازاد قىلغۇچى» گېزىتىنى ئەكىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېي-



تىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن بۇ گېزىتنى نەشر قىلغۇچىنىڭ ئىسمىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوستىن جاۋاب خېتىدە، بىر نامرات يىگىت «كۆزگە چېلىقمايدىغان بۇ گېزىتنى بىر قاراڭغۇ گەمىدە باسىدىكەن، ئۇنىڭ بىردىنبىر ياردەمچىسى بىر نېگىر بالا ئىكەن، ئۇنى قوللايدىغانلاردىن رەڭگى خىلمۇخىل بىرمۇنچە كىشىلەر بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نام - نىشان-سىز كىشىلەر بولۇپ، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەنلەرنى يازىدۇ.

لېكىن، بۇ نامرات يىگىت، غىزالىنىش، ئۇخلاش ۋە گې-زىت بېسىش قاتارلىق ئىشلارنى «قاراڭغۇ گەمە» دە قىلىدىغان بۇ يىگىت ئۆز تىرىشچانلىقى، ئىدىيىسى ۋە يېزىقىدىن پايدىلى-نىپ پۈتكۈل دۇنيانى ئويغا سېلىشقا باشلايدۇ.

لېكىن، ئەينى چاغدىكى نۇرغۇن كىشىلەر، بۇنداق خەتەر-لىك ئۇنسۇر باستۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى! جەنۇبىي كارولىنا شتاتىنىڭ ساقچى ئورگانلىرى بىر مىڭ بەش يۈز دوللارنى مۇكاپات سوممىسى قىلىپ، «ئازاد قىلغۇچى» گېزى-تىنى تارقاتقانلىقى بايقالغان بارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىش ۋە جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر - ئىككى شتاتنىڭ باشلىقىمۇ گېزىت مۇھەررىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن مۇكاپات سوممىسى ئاجرى-تىدۇ. جورجىيە شتاتىنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش ئاپپاراتى گارر-سوننى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە بەش مىڭ دوللار مۇكاپات بېرىلىدى-غانلىقى توغرىسىدا يازما ئېلان چىقىرىدۇ. گاررىسون ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئۈچۈن چۈقان كۆتۈرۈپ مەدەت بېرىدىغان كىشى چىقمايدۇ.

لوۋېجوئېل ئىسىملىك بىر پوپ گاررىسوننىڭ ئىشلىرىنى قوللىغانلىقى، باسما ماشىنىسىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن بىر توپ زوراۋانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. «ئامېرىكا ئەركىنلىك

ئەنئەنىسىنىڭ بۆشۈكى» دەپ نام ئالغان ماسساچۇسېتس شتاتىدا بولسا، بارلىق كاتتا كەسپكارلار، نوپۇزلۇق ئەربابلار ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ، بۇ «قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسلەكچىسى» نى قاتتىق جازالاشنى غەزەپ بىلەن تەلەپ قىلىشىدۇ. تىقما - تىقماق كىشىلەر توپى ئىچىدە پەقەت بىرلا كىشى — ۋېندىل فىلىپس ئىسىملىك ئىستىقباللىق ياش ئادۋوكاتلا ئېگىز مۇنبەرگە چىقىپ سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ فانال زالىدا ئەزەلدىن ئاڭلىنىپ باقمىغان مۇنداق بىر نۇتۇقنى ئېلان قىلىدۇ:

«مەن مۆتىۋەرلەرنىڭ مۇنداق بىر پرىنسىپىنى، ئوۋلتوندا لوۋېجوئېلىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئوتىس، خانكوك ۋە ئادامس قاتارلىق يارقىن ئىسىملار بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىشنى بېكىتكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا، — ۋېندىل فىلىپس سۆزلەۋېتىپ تامغا ئېسىقلىق رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ، — لەۋلىرى چىڭ يۇمۇقلۇق تۇرغان بۇ رەسىملەر چوقۇم غەزەپلىك ئاۋاز چىقىرىپ، توخۇ يۈرەك ئامېرىكىلىقلارنى، ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - تۆھمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەيدۇ، دەپ ئويلىدىم. بىز ياشاۋاتقان بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىگە دىن مۇخلىسلىرى ۋە ئاۋانگارتلارنىڭ قىپقىزىل قېنى چېچىلغان. ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ جانلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ئاساسەن، بۇ گۈزەل تۇپراقتىكى ھەربىر يېشىل يوپۇرماق، ھەربىر ساھىل، ھەربىر ئېتىزلىق، چىرىلداۋاتقان ھەربىر ھاشارات، ھەتتا دەل - دەرەخلەر ئىچىدە ئېقىۋاتقان شىرىنىلەرمۇ ئۇلارغا بولغان ئەسلىمىلەر بىلەن تويۇنغان.»

پۈتكۈل دۆلەت بۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتەك قەلبىدىن ھاياجانغا چۆمدى.

شىمالدىكى ئاۋانگارتلار بىلەن جەنۇبتىكى زىرائەتلىكلەرنىڭ خوجايىنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئۇزاققا سوزۇلغان ھەم



كەسكىن توقۇنۇش مەۋجۇت ئىدى، يىراقتىكى كالىفورنىيىدىمۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ قارشىلىشى شۇ قەدەر روشەن بولدى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ توقۇنۇشمۇ ئەڭ كەسكىن دەرىجىگە يەتتى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇز بەش يىل تىز پۈكمەي باتۇرانە كۈرەش قىلغان گاررىسون دۆلەتنىڭ ئەزىز مېھمىنى سۈپىتىدە لىنكولن زۇڭتۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ يۇلتۇز - بالداقلىق بايراقنىڭ ساموت قورغىنى ئاسمىنىدا قايتىدىن لەپىلدىگەنلىكىنى كۆردى. ئازاد قىلىنغان بىر قۇل تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. بۇ قۇلنىڭ ئىككى قىزى — ئەمدى يەنە قۇل بولمايدىغان قىزلار — چىرايلىق گۈلچەمبىرەكنى ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ئۇ ياندۇرغان مەشئەل باشقىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتتى، شۇنداقلا بۇ مەشئەل ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ كەلمەكتە.

* * *

تەخمىنەن دەل مۇشۇ چاغدا، ئەنگلىيىلىك سىياسىي پائالىيەتچى رىچارد كوبدېن — ئېزىلگۈچىلەرنىڭ يەنە بىر ھەققانىيەتچىل ياخشى دوستى — لوندوندا ۋاپات بولغانىدى.

كوبدېننىڭ دادىسى بېقىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان، قاقسەنەم ھالەتتىكى توققۇز بالىنى قالدۇرۇپ ناھايىتى بۇرۇنلا تۈگەپ كېتىدۇ. كوبدېن بالا ۋاقتىدىلا بىر قوشنىسىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ جېنىنى جان ئېتىدۇ. ئون ياشقا كىرگۈچە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. كېيىن ئۇ ياتاقلىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىلىدۇ. ئۇ يەردە ئوغۇل بالىلار خورلاشقا ئۇچرايتتى، ھەر كۈنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتتە يۈرەتتى، ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئائىلىسىگە خەت يېزىشقا بولاتتى.

ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەندە لوندونغا بېرىپ، تاغىسىنىڭ دۇكە-
نىدا ئىشلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ،
ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، مىنۇت - سېكۇنتنى
قولدىن بەرمەي فرانسوز تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدۇ. ئۇ
ناھايىتى تېزلا بىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، سودىگەر سالاھىيىتى
بىلەن ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ئىشلەشكە باشلايدۇ.
كوبدېن جون برېتنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە
ئېرىشىشنى، بىرلىكتە شەپقەتسىز «دانلىق زىرائەت قانۇنى» غا
قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ
نائادىل قانۇن كەمبىغەللەرنى بۇلاپ، بايلارنى يۆلەيدىغان قانۇن
بولۇپ، ئۇنىڭ رولى دەل بولكىنى نامراتلارنىڭ ئاغزىدىن تارتى-
ۋېلىپ، بايلارنى بېقىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئۇ برېت
ئەپەندىنىڭ قاتتىق قايغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قال-
دۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى ئەمدىلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانىدى.
«ئەنگلىيىدە سىزنىڭكىگە ئوخشاش بەختسىزلىككە يولۇق-
قان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئائىلىلەر بار، — دەپ نەسىھەت
قىلىدۇ رىچارد كوبدېن، — قانچىلىغان ئاياللار، ئانىلار ۋە
تېتىك، ئوماق بالىلار ئاچلىق تۈپەيلى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرماقتا.
ھازىر ئەڭ دەسلەپكى ئېغىر قايغۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن،
سىز كۆز يېشىڭىزنى سۈرتۈۋېتىپ، مەن بىلەن مېنىڭ مۇرىنى مۈرىگە
تىرەپ كۆرەش قىلىڭ. ‹دانلىق زىرائەت قانۇنى› بىكار قىلىن-
غۇچە بىز ئەسلا مۇرەسسە قىلمايلى، قەتئىي بوشاشمايلى.»
كوبدېن بىچارە نامراتلارنىڭ بولكىلىرىنىڭ تاموژنا تەرىپى-
دىن تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ئېغىر باج ئېلىنىۋاتقاز-
لىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ باجنىڭ ھەممىسى باي پومېشچىكلار ۋە
دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىۋاتقاز-
لىقىنى كۆرۈپ يەنە چىداپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتى قالمايدۇ. ئۇ
پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق قانلىرىنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى، پۈ-



تۈن بەدىنىنىڭ جەڭگىۋار كۈچكە تولۇۋاتقانلىقىنى، دەرغەزەپ
بىلەن بۇ خىل ئادالەتسىز قانۇنغا ھۇجۇم قىلىشنى لازىملىقىنى
ھېس قىلىدۇ. «بۇ ھەرگىز نوقۇل بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا
مەسىلىسى ئەمەس، — دەيدۇ كوبدېن، — جەمئىيەتتىكى ھەر-
قايسى ساھەلەر بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ
كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىمىزگە مۇناسىۋەت-
لىك مەسىلە، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئاددىي ئەمگەكچىلەر
ۋە ئىشچىلار قاتلىمى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.»
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «‹دانلىق زىرائەت قانۇنى› غا قارشى
تۇرۇش ئىتتىپاقى» نى تەشكىللەيدۇ. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ھەرىكىتى
ئىرېلاندىيىنىڭ ئاچ- يالىڭاچ خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللى-
شىغا ئېرىشىدۇ. دەل مۇشۇ ئاچ - يالىڭاچلىقنىڭ ئۆزى قانۇندا
بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرنىڭ قاتمۇقات قورغانلىرىنى بۇزۇپ
تاشلايدۇ ۋە جاھىل كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ، يەنى 1846 -
يىلى ئەنگلىيىنىڭ «دانلىق زىرائەت قانۇنى» نىڭ بىكار قىلىنغاز-
لىقى جاكارلىنىدۇ. برېت ئەپەندى ھاياجانلانغان ھالدا: «ئەنگ-
لىيىدىكى بارلىق نامراتلار تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ياخشى، تېخى-
مۇ ئەرزان بولكىلارنى يېيەلەيدىغان بولدى، بۇ رىچارد كوبدېز-
نىڭ تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك»
دەيدۇ.
جون برېتنىڭ ئۆزىمۇ بىر يوقسۇل ئىشچىنىڭ ئوغلى ئى-
دى. ئۇ ياشىغان دەۋردە، ئالىي مائارىپنىڭ دەرۋازىسى نامراتلار
ئۈچۈن چىڭ ئېتىكلىك ئىدى. لېكىن، ئەنگلىيە ۋە ئېرلاندىيە-
دىكى سانسىزلىغان ئاچ- يالىڭاچ كىشىلەرنىڭ «دانلىق زىرائەت
قانۇنى» نىڭ ئېزىشى ئاستىدا ئاچ- يالىڭاچ قېلىپ ئۆلۈم گىردا-
بىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، بۇ تەقۋادار دىن مۇخ-
لىسىنىڭ قەيسەر ھەم ئالىيجاناب قەلبى قاتتىق زىلزىلىگە كې-

لىپ، ئىچكى دۇنياسىدىن كەمبەغەللەرگە بولغان چەكسىز ھېسداشلىقى ئۇرغۇيدۇ.

ئىرلاندىيىدە يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ئاچارچىلىقتا، بىر يىل ئىچىدە ئىككى مىليون ئىرېلاندىيىلىك ھاياتىدىن ئايرىلدۇ. بۇنداق ئېچىنىشلىق پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جون برېت ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئاكتىپ ھالدا ئۆزىنى بۇ كۈرەشكە ئاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەنگلىيىدىكى ھەرقانداق جەمئىيەت ئەربابى ۋە سىياسىي سەردارنىڭ ئىسمىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەسىر كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ رەددىيە بەرگىلى بولمايدىغان نۇتقى، قالتىس سۆزمەنلىكى ۋە قەتئىي ئىگىلمەس پەزىلىتى ئالدىدا، بارلىق ئاقسۆڭەكلەر تىترىشىدۇ. ئېھتىمال كوبدىندىن باشقا، ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قىسقا خىزمەت ۋاقتىنى، تېخىمۇ ئەرزان بولكىنى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىش ھەققىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇنىڭدەك زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشى بولمىسا كېرەك.

* * *

لوندوندىكى بىر ۋەيرانە ئات ئېغىلىدا مايكىل فارادى ئىسىملىك بىر نامرات بالا تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى بىر بولاق گېزىتنى يۈدىگەن پېتى كوچىغا چىقىپ توۋلاپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە گېزىتنىڭ بىر پارچىسىنى بىر پېنىستىن سېتىپ جېنىنى باقاتتى. ئۇ بۇرۇن تۈپلەش سودىگىرى ۋە كىتاب نەشر قىلىش سودىگىرىگە يەتتە يىل شاگىرتمۇ بولغانىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئۇلۇغ برىتانىيە قامۇسىنى تۈپلەۋاتقاندا، ئېلېكتر تونۇشتۇرۇلغان بىر ماقالىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ ماقالە ئۇنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ماقالىنى بىر ئولتۇرۇشتىلا ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇ دورا سۈيۈقلۇقى قاچىلانغان بىر شىشىنى، بىر كونا تاۋىنى، بىرنەچچە ئاددىي ئەسۋابلارنى تېپىپ، ئۆز تەجرىبىسىنى باشلىۋەتتى.



بىر خېرىدار بۇ ئوغۇل بالىنىڭ بىلىمگە بولغان ھەۋىسىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، فارادىنى مەشھۇر خىمىيە ئالىمى خومفرېي داۋېي ئەپەندىنىڭ ئېسىل لېكسىيىسىنى ئاڭلاشقا ئاپاردى. مايكىل فارادى غەيرەتكە كېلىپ، بۇ ئۇلۇغ ئالىمغا خەت يازدى ھەمدە ئۆزى يازغان لېكسىيە خاتىرىسىنى داۋېي ئەپەندىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندى.

بۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر ئاخشىمى مايكىل يېتىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرغاندا، خومفرېي داۋېي ئەپەندىنىڭ پەيتۇنى ئۇنىڭ ۋەيرانە تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بىر خىزمەتكار پەيتۇندىن چۈشۈپ، خومفرېي داۋېي ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر تەكلىپنامىنى ئۇنىڭغا بەردى، تەكلىپنامىدە فارادى ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىنغانىدى. مايكىل خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ، ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ دەل ۋاقتىدا خومفرېي داۋېي ئەپەندىنى زىيارەت قىلغىلى باردى. داۋېي ئەپەندى ئۇنى تەجرىبە ئەسۋابلىرىنى تازىلاش ۋە سايمانلارنى توشۇش ئىشىنى قىلىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. داۋېي ئەپەندى پارتلاش خەتىرى بولغان تەجرىبە سۈيۈقلۇقىنى تەجرىبە قىلغاندا، يۈزىگە ئەينەكتىن ياسالغان بىخەتەرلىك نىقابىنى تاقىۋالدى، فارادى بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزەتتى، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ھەۋىسى بىلەن يانغان كۆزلىرى باشتىن- ئاخىر بۇ كاتتا ئالىمدىن نېرى بولمىدى.

بىر مەزگىللىك كۆزىتىش ۋە ئۆگىنىشتىن كېيىن، مايكىلنىڭ ئۆزىمۇ تەجرىبە ئىشلەيدىغان بولدى. فارادىنىڭ پەۋقۇلئاددە زېرەكلىكى ۋە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى تۈپەيلى، ناھايىتى تېزلا ئالدىنقى قاتاردىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار دەسلەپتە ھېچقانداق «پۈرسىتى» بولمىغان

بۇ نامرات بالىنى ئۆزلىرىگە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. تىنىم تاپماي ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان بۇ بالا ئاخىرى گىگانتلارنىڭ مۈرىسىنى دەسسەپ، ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا چىقتى.

پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈپەيلى، مايكىل فارادى ۋۇلۋىچ خان جەمەتى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلىنىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئىلىم - پەن بېغىدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈلگە ئايلاندى. ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى ئېندىل فارادىغا: «ئۇ بۈگۈنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەجرىبە پەيلاسوپى» دەپ باھا بەردى. فارادىنىڭ ئۇستازى خومفرېي داۋېي ئەپەندى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ پەخىرلىنەتتى، ئۇنىڭدىن ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ زور بايقاشنىڭ نېمىلىكى سورالغاندا، ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا: «ئۆمرۈمدىكى ئەڭ زور بايقىشىم دەل مايكىل فارادىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

* * *

«ئالدىنقىلار قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن، — ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق پۇرسىتى يوقتەك بىلىنىدىغان ئوغۇل بالا دىسرېلى شۇنداق دېگەنىدى، كېيىن ئۇ ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولدى، — مەن قۇل ئەمەس، ئەسىرمۇ ئەمەس، مەن زېھنىمگە تايىنىپ بارلىق توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمەن ۋە ھالقىپ ئۆتەلەيمەن.» بىر يەھۇدىينىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىسرېلىنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا يەھۇدىيلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن تىز پۈكمەسلىك قېنى ئېقىپ تۇراتتى. پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، بىراق ئۇ نامى ئۆچمەس كىشىلەرنىڭ پارلاق تۆھپىلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتاتتى: جوسېپ تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىكى مىسىرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى؛ دانىيېل بولسا، ئىيسا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى بەشىنچى ئەسىردە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ ئىمپېرىيىنىڭ رەھ-



بىرى ئىدى.

ئۆسمۈرلۈك جاسارىتى خۇددى يانغىنغا ئوخشايدۇ، شېرىن ئارزۇ بىر خىل ھاياجانلىق ھېسسىياتقا ئايلىنىپ، دىسرېلىنىڭ رېئال ھاياتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. ھارماي تىرىشىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، دىسرېلى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن ئوتتۇرا قاتلامغا، ئارقىدىن يەنە يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىگە كىرگەن، ئاخىر ھوقۇق پىرامىدىسىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان بۈيۈك ھۆكۈمرانغا ئايلانغانىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول تىكەنلىك ۋە ئەگرى - توقاي يول ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى، چەكچىيىشلىرى، مەنسىتمەسلىكلىرى، مەسخىرىلىرى ۋە ئاۋام پالاتاسىدىكى ئىسقىرتىشلارنىڭ تەمىنى ئۇ بىرمۇبىر تېتىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى قەدىمىنى ھېچنېمە توسىيالمىدى. بارلىق خىرىسلارغا قارىتا، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن: «ھامان بىر كۈنى سىلەر مېنىڭ قىممىتىمنى تونۇپ قالىسىلەر، بۇنداق پەيت ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن جاۋابنى بەردى. توغرا، بۇ پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە زادىلا پۇرسىتى يوق دەپ قارىلىدىغان بۇ كىشى ئاخىر داڭق قازاندى. ئۇ ئەنگلىيە سىياسىسىغا توپتوغرا چارەك ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

* * *

خېنرى كىرايىنىڭ ئانىسى بىر تۇل خوتۇن ئىدى، بۇ ئائىلىدە كىرايدىن باشقا يەنە ئالتە قېرىنداش بار ئىدى. ئائىلىسى نامرات بولغانلىقتىن، كىراي ياخشىراق مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئادەتتىكى يېزا مەكتىپىدە تەربىيە ئالدى. ئۇ بۇ يەردە پەقەت ئەڭ ئاددىي ئېلىپبەنىلا ئۆگىنەلىدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئالغا بېسىشتىن توختاپ قالمىدى، ئەكسىچە ئۇ

دەرستىن سىرتقى بارلىق ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتقۇ-
چىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلۈكىدىن
ئۆگەندى.

مانا شۇ تەرىقىدە كۆپ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولۇشنىڭ، ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ئەينى
يىللاردا ئېغىلدا ناتىقلىقنى مەشىق قىلغاندا، تىڭشىغۇچىسى پە-
قەت بىر ئىنەك بىلەن بىر ئاتتىنلا ئىبارەت بولغان بۇ ئوغۇل
بالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ ناتىق
ۋە سىياسىئونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، مىڭلىغان – ئون
مىڭلىغان تىڭشىغۇچىلار ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغاچ، گۈلدۈراس
ئالقىش ياڭرىتىدىغان بولدى.

* * *

ئەمدى بىز كېپلېرنىڭ ھېكايىسىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇ
پۈتۈن ئۆمرىدە نامراتلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق بىلەن تىنماي كۈ-
رەش قىلغان. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقى تۈپەيلى، ئۇ-
نىڭ ئەسەرلىرى جامائەت سورۇنلىرىدا كۆيدۈرۈلگەن، كۇتۇپخا-
نىسى خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن،
ئۆزى بولسا جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان. تۇپتوغ-
را ئون يەتتە يىل ئىچىدە ئۇ ھارماي – تالماي كۈن بويى
ئىشلەپ، جىددىي ھالدا ئىزدەنگەن ۋە ھېسابلاش ئېلىپ بارغان.
ئاخىرى ئۇ «كېپلېر سەييارىلەر ھەرىكىتى قانۇنىيىتى» نى بار-
لىققا كەلتۈرگەن. ھېچقانداق پۇرستى يوق بۇ ئوغۇل بالا ئاخى-
رى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ ئاسترونوملارنىڭ بىرى بولۇپ
قالغان.

«مەن ئۆزۈمنىڭ بىر نېگىر ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يەتكە-
نىمدە، — دەيدۇ ئالېكساندىر دوما، — ئاق تەنلىكلەر بىلەن
ئوخشاش ياشاشقا ھەمدە باشقىلارنىڭ مېنىڭ تېرەمنىڭ رەڭگىگە



ئەمەس، بەلكى پەزىلىتىم ۋە ئىچكى دۇنيايىمغا قارايدىغان قى-
لىشقا بەل باغلىدىم.»

ئۇنىڭغا ئوخشاشلا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە جامېس شارپ-
لېسنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى تولىمۇ ئاز ئى-
دى. ھەممە كىشى بىلىدىغان بۇ ئەنگلىيىلىك سەنئەتكار تۇغۇل-
غان چاغدا ئائىلىسىدە تۆت تامدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.
لېكىن، نامراتلىق ئۇنى ھەرگىز قورقۇتالمىدى. ئۇ جىمجىتلىق-
قا چۆمگەن سەھەر سائەت ئۇچتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى سېتى-
ۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەن كىتابلارنى كۆچۈرەتتى. باھاسى ئەرزان
سەنئەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، دائىم جاپادىن قورق-
ماي پىيادە ئون سەككىز ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ مانچېس-
تېرغا بېرىپ، بىر كۈن ئېغىر ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن،
باھاسى بىر شىللىڭلىق سەنئەت بۇيۇمىنى سېتىۋالاتتى. شۇنداق-
لا، ئۇ يەنە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىكى ئەڭ ئېغىر ئىشنى ئۆز
ئۈستىگە ئېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلاتتى، چۈن-
كى ئۇ يەردە ئىشلىگەن چاغدا، تۆمۈرنى قىزىتىش ئۈچۈن كۆپ-
رەك ۋاقىت كېتەتتى، ئۇ بولسا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىلىم
ئۆگىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتقا ئېرىشەلەيتتى: ئۇ ئىشلە-
ۋاتقاچ، مورىغا يۆلەپ قويۇلغان كىتابنى ئوقۇيتتى.

ۋاقىت جەھەتتىن، ئۇ ۋاقىتنى قاتتىق قەدىرلەيدىغان پىخ-
سىق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتنى چەكسىز قىممەتلىك دەپ
بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغان-
لىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ھەمىشە جىمجىتلىق ئىچىدە
جاپالىق كۈرەش قىلىپ، بارلىق بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆز ئەسىرى-
نى «يارىتىش» قا سەرپ قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، نۇرغۇن
كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى
تاپقىلى بولىدۇ.

ئىلىم – پەندە ئەزەلدىن تۈپتۈز يول بولۇپ باقمىغان،

پەقەت جاپا- مۇشەققەتتىن قورقماي چوققىغا ئۆرلەيدىغان كىشى-
لەرلا ئاندىن ئىلىم- پەننىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ. گالىلېي
بۇنىڭ يەنە بىر تىپىك مىسالى. ئادەت بويىچە پۇل تاپقىلى
بولىدىغان ئورۇنغا ئىنتىلىش تۇپەيلى، ئاتا - ئانىسى ئۇنى
مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشقا كىچىككىدىنلا زورلايتتى. شۇ-
ڭا، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، تەبىئەتنى قىزغىن سۆ-
يىدىغان بۇ بالا فىزىكا ياكى ئاسترونومىيە جەھەتتە بىر ئىش
قىلالىشى تولىمۇ قىيىن ئىدى! ھالبۇكى، قانچىلىغان يۇلتۇز-
لۇق كېچىلەردە، پۇتكۇل ۋېنتسىيە ئېغىر ئۇيقۇغا چۆمگەن چاغ-
لاردا، ئۇ يالغۇز ھالدا سان مارك چېركاۋىنىڭ مۇنارىسى ئۈس-
تىدە تۇرۇپ، ئۆزى ياسىۋالغان تېلېسكوپ بىلەن مارس ۋە
يۇپىتېرنىڭ ئورنىنى كۆزەتكەنىدى.
كېيىن، ئۇ ئاخىر بىر ئۇلۇغ بايقاشقا ئېرىشتى، بىراق ئۇ
ئوتتۇرىغا قويغان يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسى-
دىكى نەزەرىيە ئەينى چاغدا بىدئەتچىلىك دەپ قارالغان، شۇڭا
ئۇ جامائەتچىلىك ئالدىدا تىزلاندۇرۇلۇپ ئەيىبلەشنى قوبۇل قى-
لىشقا مەجبۇرلاندى. لېكىن، دىنىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادەم
بەدىنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ھەرقانداق قىيىن - قىستاقلىرى
يېشى يەتمىشكە بېرىپ قالغان، تېنى ئاجىز بۇ بوۋاينىڭ بېشىنى
ئەگدۈرەلمىدى. قەتئىي تىز پۈكمەيدىغان بۇ بوۋاي توختىماي
ئۆز - ئۆزىگە: «قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ راستتىنلا
قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ» دەپ غۇدۇرايتتى. تۈرمىگە تاش-
لانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىدە ئىلىم -
پەننى تەتقىق قىلىش ھەۋىسى يەنىلا شۇنچە كۈچلۈك بولدى. ئۇ
يالغۇز كىشىلىك كامېردىكى بىر تال بۇغداي پاخىلىدىن پايدىلى-
نىپ، ئىچى كاۋاك تۇرۇبىنىڭ ئىچى پۈتەي كالتەكتىن چىڭ
بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىككى
كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنىلا قولىدىكى



خىزمەتنى تاشلاپ قويمىدى.
بىز يەنە بىر كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقاي-
لى: نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، نامى تىلغا ئېلىنىپ
باقمىغان خېرشېل ئۆزان يۇلتۇزنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى،
ئايلىنىش سۈرئىتى ۋە ساتورننىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىغا مۇناسى-
ۋەتلىك بايقاشلىرىدىن دوكلات يازغان ھەمدە ئۇنى ئەنگلىيە خان
جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىگە سۇنغان چاغدا، نامى چىقمىغان بۇ
يىگىت قانچىلىك زور زىلزىلە قوزغىۋەتكەنىدى - ھە! خېرشېل-
مۇ تەلەي ئىلاھىنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن نامرات كىشى ئىدى.
غورىگىلچىلىكتە ئۆتتۈۋاتقان تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن، كوچى-
دا پىلوت چېلىشقا مەجبۇر بولغان، لېكىن ئۇ ئۆزى ياسىۋالغان
تېلېسكوپ بىلەن ئوخشاش دەۋردە ئۇسكۈنىلىرى ئەڭ سەرخىل
ئاسترونوملار ھېچقايسىسى بايقىۋالالمىغان ئىلمىي ھەقىقەتنى
بايقىغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆڭۈلدىكىدەك نۇر قايتۇر-
غۇچ ئەينەككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇ بىر قېتىمدا ئىككى يۈز
پارچە ئەينەكنى بىلەيگە سۈركەپ نېپىزلىتىپ باققانىدى.
گېئورگې ستىفېنسېنمۇ تازا نامرات ئائىلىدە دۇنيا كەل-
گەن. بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەتتە بالا بار ئىدى.
نامراتلىق تۇپەيلى بۇ ئائىلىدىكىلەر بىر ئېغىزلىق ۋەيرانە كې-
سەك ئۆيدە قىستىلىپ ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. گېئورگې ناھايى-
تى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا قوشنىلىرىنىڭ ئىنەك ۋە قويلىرى-
نى باققانىدى. ئەقىللىق، قەيسەر بۇ بالا پۇرسەت تاپسىلا لايدىن
ماشىنا مودېللىرىنى ياسايتتى. ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى،
ئۇ ھەقىقىي پاراۋوزنى ھەيدەشكە باشلىدى، دادىسى ئوت قالىغۇ-
چى بولدى. ئۇ ئوقۇشنى يا يېزىشنى بىلمەيتتى، بىراق پاراۋوز
ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ بولسا سادىق ئوقۇغۇچى
بولدى. بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى باشقىلار بىمالال ھالدا
قارتا ئوينىغان ياكى قاۋاقخانىلاردا لەيلەپ يۈرگەن چاغلاردا،

گېئورگې ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى چۈۋۈپ،
ئۇنى پاكىز تازىلايتتى، ئۇنىڭ مېخانىزمىنى ئىنچىكە تەتقىق
قىلاتتى، شۇنداقلا قايتا- قايتا تەجرىبە قىلاتتى. ئۇ پاراۋوزغا
زور يېڭىلىق كىرگۈزگەن ھەمدە تۆھپىسى زور كەشپىياتچى
سالاھىيىتى بىلەن يىراق - يېقىندا داڭق چىقارغاندا، ئۇ باش
چۆكۈرۈپ ئىشلىگەندە لاغايلاپ يۈرگەن ھېلىقى كىشىلەر ستې-
فېنىنىڭ تەلىيى كېلىپ قالدى، خالاس، دېيىشكەندى.

گەرچە گۈزەل چىرايى ۋە كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك فىگۇ-
رىسى بولمىسىمۇ، شارلود كۇشمان ئالدىنقى قاتاردىكى ئايال
ئارتىس بولۇشقا بەل باغلىغان، ھەتتا روزالىند ياكى ئايال پادى-
شاھ كاتېرىنادىن ئىبارەت مۇھىم روللارنى ئېلىشنىمۇ ئارزۇ
قىلغان. پۇرسەت ھامان تەق بولۇپ تۇرغان كىشىلەرگە يېقىنلى-
شىدۇ. بىر كۈنى، بىر چولپان ئارتىس ھادىسىگە ئۇچرىغانلىق
تۈپەيلى سۇرەتكە ئېلىش مەيدانىغا كېلەلمەيدۇ، كاندىدات ئارتىس
كۇشمان ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. شۇ كېچىسى، ئۇ ئۆزى
چىقىدىغان رولنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى ۋە نەپىس ئورۇنداش
سەنئىتى بىلەن زالدا ئولتۇرغان بارلىق تاماشىبىنلارنى مەپتۇن
قىلىۋالىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئادەتتىكىچە چىرايىنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇ خۇددى پەرىشتىدەك
گۈزەل، جەلپكار ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ نامراتلىق
ئىچىدە ياشىغان، يا سىردىشى يوق، يا نام - نىشانى يوق بولۇپ
كەلگەن بولسىمۇ، بىراق لوندون تىياتىرخانىسىدا تۇنجى قېتىم
قويغان ئويۇنىنىڭ پەردىسى يېپىلغان چاغدا، سەنئەت ساھەسىدى-
كى ئۆز ئورنىنى تىكلەپ بولغانىدى. كېيىنكى يىللاردا، دوخ-
تۇر ئۇنىڭ ساقايتقىلى بولمايدىغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار
بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ تەقدىرنىڭ شەپقەتسىزلىكىدىن ئاز-
راقمۇ ئاغرىنمىدى، ئازابلانمىدى ۋە چۈشكۈنلەشمىدى، ئۇ يەنە
بۇ سەۋەبتىن ئازراقمۇ تۇگۇلۇۋالمىدى. ئۇ پەقەت تەمكىنلىك



بىلەن: «مەن ئۇسال شارائىت ئىچىدە ياشاشقا بۇرۇنلا ئادەتلەنـ-
گەن» دېگەن سۆزنىلا قىلدى.

رەڭلىك ئىرقتىن بولغان بىر نامرات ئايال ئۈچ ئوغلى
بىلەن بىر كىچىك كەپىدە جاپالىق كۈن كەچۈرەتتى. «ئۇ يېرىنى
ياپسا، بۇ يېرى ئېچىلىپ قالىدىغان» دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي
ئەھۋالدىكى بۇ ئانا ئۈچ ئوغلى ئۈچۈن ئاران بىر ئىشتانلا سېتىـ-
ۋالالىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى شۇنچە
ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن مەكتەپكە ئاپىراتتى.
بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ بالا ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مەكتەپكە
باراتتى، شۇنداقلا ئۇلار بىرلا ئىشتاننى كىيەتتى. بۇ نامرات ۋە
ئۇلۇغ ئانا بار ئىمكانىيىتى بىلەن بالىلىرىنى ئوقۇتتى، بۇ ئۈچ
بالىمۇ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى
جەنۇبتىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى، بىرى دوخ-
تۇر، يەنە بىرى بولسا پوپ بولدى. «پۇرسەت يوق» دېگەننى
باھانە قىلىپ، كۈن بويى لاغايلاپ يۈرىدىغان، ھاياتىنى زايە
قىلىۋاتقان ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ساۋاق
بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

سام كۇناد گىراسگدا ياغاچ شىلىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىـ-
دىغان شوتلاندىيىلىك يىگىت ئىدى. ئۇ ئەقىل - پاراسەتكە
تولغان كاللىسى ۋە قەلەمتىرىشى بىلەن سان - ساناقسىز ئۆزگىـ-
چە كىچىك كەشپىياتلارنى ياراتقان بولسىمۇ، بىراق بۇلار ئۇنىڭـ-
غا ھېچقانداق نام - ئاتاق ياكى ھەق ئېلىپ كېلەلمىگەن بولۇپ،
ئۇ يەنىلا نامراتلىق پاتقىقى ئىچىدە جاپالىق تىركىشەتتى. بىر
كۈنى بومەي شىركىتىدىن بىرەيلەن كۇنادنى ئىزدەپ كېلىپ،
ئۇنىڭ چەت ئەلگە ئەۋەتىلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدى-
غان كېمىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاپ بېرىشىنى
ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مانا شۇنداق قىلىپ، كۇنادنىڭ
كېيىنكى كۈنلەردا شۆھرەت تېپىشىنىڭ پۇرستى ئاخىر يېتىپ

كەلدى. سام كۇناد بىر پار كېمىسىنىڭ مودېلىنى كۆڭۈل قويۇپ ياساپ بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن مەشھۇر كۇناد قاتناش لىنىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن تۇنجى كېمە پۈتۈنلەي ئۇنىڭ مودېلى بويىچە ياسالدى، شۇنداقلا بۇ مودېل ئوخشاش تىپتىكى بارلىق كېمىلەرنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالدى.

* * *

«يېڭى ئىنجىل» ، «ئېلىپبەلىك دەرسلىك» كورنىلس ۋاندېربىلتنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدىكى بىردىنبىر ئىككى دەرسلىكى ئىدى، بىراق ئۇ يەنە ئوقۇشنى، يېزىشنى ۋە ئاددىي شىفىرلارنى تەرجىمە قىلىشنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ بىر كىچىك كېمە سېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەمما چۆنتىكى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇنىڭ دېڭىزدا ھايات كەچۈرۈش نىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئانىسى قەستەن بىر قىيىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ، يەنى ئۇ شۇ ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنىدىن بۇرۇن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئون ئىنگلىز موسى كېلىدىغان شارائىتى ناچار، پۈتۈنلەي شېغىللىق يەرنى تۈزلەپ، يۇمشىتىپ، قوناق تېرىپ بېرىدىغان بولسا، كېمە سېتىۋالغۇدەك پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

نەتىجىدە، بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ۋەزىپىنى تاماملاپ بولىدۇ، بەلكى ئىشنى ئىنتايىن ياخشى پۈتتۈرىدۇ. ئون يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنى، ئۇ چۈشىدىمۇ تىلەپ كەلگەن كېمىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، گۈزەل چۈش ئۇزاق داۋاملىشالمايدۇ. ئۆيگە قايتىش يولىدا، كېمە چۆكۈپ كەتكەن بىر كېمىنىڭ قالدۇقىغا سوقۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ كېمىنى ئەمدىلا تېيىزرەك يەرگە ھەيدەپ كېلىشىگە، سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ.

لېكىن، ۋاندېربىلت ئاسانلا بوشىشىپ قالىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن قىزىقىشىدىن ۋاز كەچ-



مەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈشكە ھازىرلىنىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇ ئۈچ مىڭ دوللار پۇل يىغىدۇ. ئۇ كېچە - كېچىلەپ كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇچە ئىشلەپ، ناھايىتى تېزلا پورتتىكى بارلىق كېمىچىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 1812 - يىلىدىكى ئۇرۇشتا، ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىمنامە تۈزۈپ، ھەربىي ئەشيالارنى پايتەخت ئەتراپىدىكى ھەربىي بازىغا توشۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ دائىم كەچتە بۇ خىزمەتنى ئىشلەيدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئۇ يەنە كۈندۈزى نيۇ - يورك بىلەن بروكلىن ئارىلىقىدا قاتنىيالايتتى.

ئۇ كۈندۈزى تاپقان كىرىمىنى ۋە كېچىلىك كىرىمىنىڭ يېرىمىنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرىدۇ، شۇنداق قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئوتتۇز يېشىدا ئوتتۇز مىڭ دوللارلىق مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرى، ئۇ ياشىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، ئون ئۈچ بالىسىغا ئامېرىكا بويىچە ئەڭ كۆپ مىراس قالدۇرىدۇ.

* * *

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئەنگلىيىدىكى مەشھۇر ئەرباب ئايرىدېن تۆرە ئىسمى جىسمىغا لايىق «پۇرسىتى يوق» لاردىن ئىدى. ئۇ تېخى كىچىك ۋاقتىدا ئاچ - زېرىنلىق رېئاللىق ئۇنىڭغا مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىنى، ھەتتا بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋېلىش پۇرسىتىنىمۇ بەرمىگەنىدى. لېكىن، ئۇ مېنىڭ راستىنىلا پۇرسىتىم يوق، دەپ قارىمىدى، چۈنكى ئۇ قەتئىي ئېگىلمەس ئىرادىگە، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش جاسارىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشكە، ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلەردىن بولۇشقا يارالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارىيەتكە ئېلىپ كەلگەن قانۇن كىتابىنى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا كۆچۈرەتتى. ئۇ خۇددى ئې-

چىرقىغان ئادەمدەك بىلىمگە ئىنتىلەتتى، نۇرغۇن ۋاقتىنى مې-
ڭىسى ئىشلەشنى رەت قىلغۇدەك ھالغا چۈشكۈچە قاتتىق ئىشلە-
تەتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا، ئۇ يەنە سۇغا چىلانغان بۆكنى
بېشىغا كىيىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەگەك مېڭە بىلەن
ئۆگىنىش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلاتتى. ئۇ تۇنجى يىلقى پراك-
تىكا خىزمىتى جەريانىدا ئاران توققۇز شىللىڭ تاپقانىدى، بە-
راق ئۇنىڭ قەلبىدىكى غايە ئوتى بارغانسېرى ئۇلغايغانىدى.
ئايردېن سوت مەھكىمىسىدىن ئايرىلغان چاغدا، ئەدلىيە
ئەمەلدارى ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «يىگىت، بۈگۈن-
دىن تارتىپ سېنىڭ بولكاڭ ۋە سېرىق مېيىڭ بار بولدى»
دېگەنىدى. «پۇرسىتى يوق» بۇ ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ قەيسەر
ئىرادىسى، چوڭقۇر بىلىمى، باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشى-
دىغان قابىلىيىتى ۋە ياخشى تەربىيىلىنىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت
يولىدا قەدەممۇقەدەم ماڭغان، ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، ئاخىرى
ئەنگلىيىدىكى كاتتا سودىيە ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئەڭ
داڭلىق ئادۋوكاتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

* * *

داڭلىق پۇلدار ۋە خەير ـ ساخاۋەتچى ستېفېن گىللاردنىڭ
ھايات كەچۈرمىشلىرىمۇ يوقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئون
يېشىدا ئۆز يۇرتى فرانسىيىدىن ئايرىلىپ ئامېرىكىغا كەلگەن،
دەسلىپىدە كېمىدە مۇلازىمەتچى بولۇپ جان باققان. ئۇنىڭ ئۇ-
لۇغۋار غايىسى ئۆزى ئۈچۈن بىر پارچە زېمىن ئېچىش ھەمدە
ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئى-
دى. ئۇ ھەرقانداق خىزمەتنى — ئۇلارنىڭ قانچە ئېغىر ياكى
مەينەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئىشلەشنى خالايتتى. خۇددى
قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان
مايدانسقا ئوخشاش، ئۇ قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، شۇ
كەسىپتە پايدا ـ نەپ ئېلىپ، ناھايىتى تېزلا بىر نامرات يىگىت-



تىن فىلادېلفىيە شەھىرى بويىچە تەڭدىشى يوق باي سودىگەرگە
ئايلانغانىدى.
ئۇنى مىسالغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پۇلنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى
كۆرىدىغانلىقىنى مەدھىيىلىمەكچى ئەمەس، ئەمما شەك ـ شۈب-
ھىسىزكى، ئۇنىڭ تۇرمۇش نىشانىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
ئاتلىنىشى، دۆلەت ئېھتىياجلىق بولغاندا ئىپادىلىگەن ئومۇمغا
پايدا يەتكۈزۈش روھى، شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنى بەدەل قىلىشتىن
يانماي، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بىمارنى قۇتقۇزۇشقا تەۋەككۈل
قىلغانلىقىدەك خالىس ھەرىكىتى بىزنىڭ ئەقىدە قىلىشىمىزغا
ۋە دورىشىمىزغا ئەرزىيدىغان پەزىلەتلەردۇر.

* * *

ياش جون ۋۇناماكېر ھەر كۈنى پىيادە تۆت ئىنگلىز چاقى-
رىم يول يۈرۈپ فىلادېلفىيە شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر
كىتابخانىدا ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ ھەر ھەپتىلىك ئىش ھەققى بىر
دوللار يىگىرمە بەش سېنت ئىدى. كېيىن، ئۇ بىر كىيىم
تىكىش دۇكىنىدا ئىشلەپ، ھەر ھەپتىدە ئىلگىرىكىدىن يىگىرمە
بەش سېنت ئارتۇق ئىش ھەققى ئالىدىغان بولدى. ئۇ ئىشنى
مۇشۇ نۇقتىدىن باشلاپ، ئۇزلۇكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاخىرى
ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ سودىگەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.
1889ـ يىلى، خارىسون زۇڭتۇڭ ئۇنى باش پوچتا ئىدارىسى-
نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ بۇ خىزمەت ئورنىدا ئۆزىنىڭ
رەھبەرلىك ۋە مەمۇرىيەت جەھەتتىكى يۇكسەك قابىلىيىتىنى
تولۇق نامايان قىلدى.

* * *

ئىرقىي ۋە جىنسىي كەمسىتىش ئېدمونىي لۇيىسنىڭ ئالغا
بېسىش قەدىمىنى توسىيالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ھېچقانداق ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان بۇ قىز ئاخىرى ئۆزى

ئۇچۇن بىر پارچە بوشلۇقنى بەرپا قىلدى. ئاتاقلىق ھەيكەلتاراش
بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئۆزىگە
تەئەللۇق بولغان شان - شۆھرەتكە ئېرىشتى.

فرىد دوگراسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى تېخىمۇ
تىكەنلىك، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسى ھەتتا ھېچنېمە يوقلۇقتىنمۇ بەتەر ئىدى،
چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىگىمۇ ئىگە بولالمايتتى، ئۇ تۇغۇلۇشتىن
بۇرۇنلا رەنە مال سۈپىتىدە قۇل خوجايىنىغا تۆلەپ بېرىلگەن-
دى. ئەڭ نامرات ئاق تەنلىك بالىلارغا سېلىشتۇرغاندىمۇ، ئۇ-
لارغا ئوخشاش باشلىنىش نۇقتىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، فرىد
دوگراس يۈز ھەسسىلەپ جاپالىق بولغان تىرىشچانلىق كۆرسى-
تىشكە توغرا كېلەتتى. بىر يىل ئىچىدە، ئۇ ئۆز ئانىسى بىلەن
كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئاران ئىككى- ئۈچ قېتىم ئېرىشەلەيتتى،
ھەر قېتىملىقى كېچىدە بولاتتى. ئانىسى ئون ئىككى ئىنگلىز
چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتلا بىللە
بولۇپ، ئاندىن كېيىن تاڭ يورۇغاندا ئادەتتىكىدەك ئېتىزلىققا
بېرىپ ئىشلەش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ قالاتتى.
ئۇنىڭغا ئۆگىنىش پۇرسىتى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇنى ئوقۇتىدى-
غان ئوقۇتقۇچى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دېھقانچىلىق مەيدا-
نىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، قۇللارنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا ۋە
خەت يېزىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. لېكىن، ھېچقانداق نەرسە
بىلىمگە ئىنتىلگەن بىر قەلبنى توسۇۋالالمىدى. خوجايىنىنىڭ
كۆرمىگەن ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ يوشۇرۇنچە پارچە -
پۇرات قەغەز ۋە تارىخ كىتابىدىن پايدىلىنىپ ھەرپلەرنى ئۆگەن-
دى. بىلىمنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغان ھامان، ئۇنى قايتا ئېتى-
ۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى مىڭلىغان -
ئون مىڭلىغان ئاق تەنلىك بالىلارنى خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويى-
دىغان يەر تاپالمايدىغان ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالايتتى.



ئۇ يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن يىلى، ئۆزى تەنھا شىمالغا
قېچىپ بېرىپ، قۇل قىلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلدى. جان بې-
قىش ئۈچۈن، نيۇ- يورك ۋە يېڭى بېدفوردتا ھامماللىق قىل-
دى. ماسساچۇستېس شتاتىدىكى نەنتاكىتتا، قۇللۇق تۈزۈمگە
قارشى تۇرۇش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ
قالدى. ئۇنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن،
ھەممەيلەننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ماسساچۇستېس شتاتلىق
قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا ساي-
لاندى. ئۇ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا،
بارلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەندى ۋە ئۆز سەۋىيىسىنى
يۇقىرى كۆتۈردى. كېيىن ئۇ قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش
تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياۋروپاغا ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردە
ئۇ بىرنەچچە ئەنگلىيىلىكنىڭ دوستلۇقىغا سازاۋەر بولدى. ئۇلار
فرىد دوگراسقا يەتتە يۈز ئەللىك دوللار پۇل تەقدىم قىلدى.
ئاندىن كېيىن، ئۇ بۇ پۇلدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئەركىنلىكىنى
قايتۇرۇۋالدى. ئۇ نيۇ - يوركتىكى روچېستىتا بىر گېزىتنى
تەسىس قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ يەنە ۋاشىنگتوندا «يېڭى
ئەسىر گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.
كېيىن ئۇ بىرنەچچە يىل كولۇمبىيە پەۋقۇلئاددە رايونىنىڭ
قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارى بولدى.

خېنرى دىكسېي ھەممە كىشىگە مەلۇملۇق ئاتاقلىق ئار-
تىس، ھالبۇكى، ئۇنىڭ سەھنە ھاياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ئەڭ
كىچىك، ئەڭ ئەرزىمەس رولدىن باشلانغان.

سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋاكالەتچىسى بارنوم
بۇرۇن جان بېقىش ئۈچۈن ئات ئويۇنى ئوينىغانىدى، ھەر كۈنى
تاپالايدىغىنى ئاران ئون سېنت ئىدى.

* * *

تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئائىلىسى نامرات كى-

شىلەر ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە بوشاشماي ئىزدىنىشى
ئارقىلىق، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ نام چىقىرىپ، ئال-
دىنقى قاتاردىكى داڭدار ئەربابقا ئايلىنالايدۇ، ئىنتايىن تەربىيە-
ۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇنداق مىساللارنى بىز ئىيغىزغا كۆپ ئال-
دۇق. تۆۋەندىكى مىسال تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە:
كەپىدە تۇغۇلغان بىر ئوغۇل بالا مەكتەپكىمۇ بېرىپ باقمىغان-
دى، ئۇنىڭ كىتابى ياكى ئوقۇتقۇچىسىمۇ يوق، ھەرقانداق تە-
لەيلىك پۇرسىتى تېخىمۇ يوق ئىدى، ھالبۇكى ئۇ ئامېرىكىنىڭ
ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى زۇڭتۇڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن
تۆت مىليون قۇلنى ئازاد قىلغان، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى
ۋە يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ
چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. بۇ كىشى
دەل ئابراخام لىنكولن.

ئورۇق، ھەرىكەتلىرى كالامپاي، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت-
كە قاراڭلار. ئۇ ئۆزى قول سىلىپ دەرەخ كېسىپ، يا پولى
يوق، يا دېرىزە يوق ئاددىي كەپىنى ياسىدى. دەل مۇشۇ كىچىك
كەپىدە، ئۇ ھەر كېچىسى جىمجىت ئولتۇرۇپ تام مەشتىكى
ئوتنىڭ يورۇقىدا ئارىفمېتىكا ۋە گراماتىكىنى ئۆزلۈكىدىن
ئۆگىنەتتى. «برىكستون ئوبزورى» نىڭ مەزمۇنىنى بىلىش ئۈ-
چۈن، جاپا - مۇشەققەتتىن باش تارتماي پىيادە قىرىق ئىنگلىز
چاقىرىم يول يۈرۈپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى سېتىۋالغىلى
باراتتى، قايتاشىدا بولسا، تاقەت قىلالمىغان ھالدا بىرەر يۈز
بەتنى ئوقۇپ بولاتتى. دەرۋەقە، سانسىزلىغان مىساللار ئىسپات-
لىيالايدۇكى: تەڭرى ئابراخام لىنكولنغا قارىتا تولىمۇ بېخىل-
لىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىلىق شارائىتنى ئاتا
قىلمىغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتى تەلەيگە
تايىنىپ قولغا كەلمىگەن. ئەگەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-
شىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنى تەتقىق قىلىنىشقا توغرا كەلسە،



شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭدا بوشاشماس تىرىشچانلىق،
ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە، ھەققانىيەتچىل، شەخسىيەتسىز
قەلبىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. دەل مۇشۇ ئامىللار ئۇنىڭ ئوسال
شارائىت ئىچىدىن، ھاياتىنىڭ ئوي - چوڭقۇرلىرىدىن، پىسخىك
جەھەتتىكى تۆۋەنلىكتىن تويۇقسىز ئېتىلىپ چىقىشىغا، شۇنىڭ-
دەك دۇنيادا قەد كۆتۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان.

ئوخشىتو شتاتى ئورمانلىقىدىكى بىر كەپىدە بىر بىچارە تۇل
خوتۇن ئون سەككىز ئايلىق بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە، تەڭرىدىن
ئۆز بالىسىنىڭ ئامان - ئېسەن چوڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلى-
شىنى تىلىمەكتە ئىدى. ۋاقىت ئاققان سۇدەك ئۆتۈۋەردى، ئاي-
يىللار ئۆتۈپ، ئاشۇ يىلى قۇچاقتا ياتقان بالا ئاستا - ئاستا چوڭ
بولدى. ئانىسىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇ
كىچىككىنە تۇرۇپ ئوتۇن يارىدىغان بولدى، شۇنداقلا ئورمانلىق-
تىن بىر پارچە قاقاسلىقنى ئاچتى. ئەمگەك قىلىشتىن باشقا،
ئۇ ھەربىر مىنۇتنى ئۆزى ئارىيەتكە ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى
ئوقۇشقا سەرپ قىلدى. ئون ئالتە يېشىدا، ئۇ ئەگرى - بۈگرى
چىغىر يول بىلەن بىر توپ قېچىرلارنى بەلگىلەنگەن يەرگە
ھەيدەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇۋالدى.
كېيىن، ئۇ بىر مەكتەپنىڭ پول سۈرتۈش ۋە قوڭغۇراق چېلىش
ئىشلىرىنى قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇ يەرنىڭ
ئوقۇش پۇلىنى تۆلەيدىغان بولدى.

ئۇ بىرىنچى مەۋسۇمدا ئاران ئون يەتتە دوللار خەجلىدى.
كېيىنكى مەۋسۇم باشلىنىپ، مەكتەپكە قايتىپ بارغان چاغدا،
يانچۇقىدا ئاران ئالتە پېنس پۇل قالغانىدى. ئەتىسى ئۇ بۇ ئالتە
پېنسنى چېركاۋنىڭ ئىئانە ساندۇقىغا تاشلىدى. ئاندىن كېيىن،
بىر ياغاچچىنىڭكىدە ئىش تېپىپ، رەندىلەش، تازىلاش، ئوت
قالاش ۋە چىراغنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بول-
دى، ھەر ھەپتىلىك ئىش ھەققى بىر دوللار ئالتە سېنت ئىدى؛

يەنە كېلىپ، ئۇ دەرس ئۆتۈلمەيدىغان كەچ ۋە دەم ئېلىش
كۈنلىرىدە كېلىپ ئىشلىسە بولاتتى. ئۇ بىر شەنبە كۈندىن
تارتىپ ياغاچچىنىڭكىدە ئىشلەشكە باشلىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئەل-
لىك بىر تال تاختايغا رەندە سېلىپ، بىر دوللار ئىككى سېنت
ئىش ھەققىگە ئېرىشتى. مەۋسۇم ئاخىرلاشقاندا، ئۇ پۈتۈن راس-
خوتنى تۆلەپلا قالماي، بەلكى يېنىدا ئۈچ دوللار ئېشىپ قالدى.
قىشتا ئۇ ھەر ئايدا ئون ئىككى دوللار ھەق ئالىدىغان ئوقۇتقۇچى
بولدى ھەمدە يەنە داۋاملىق ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ياغاچ رەندىلى-
دى. ئەتىياز كەلگەندە، ئۇ قىرىق سەككىز دوللار پۇل يىغىۋال-
غاندى، مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر ھەپتىدە
ئوتتۇز بىر سېنت تاپشۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە ياتاق -
تاماقنى زاكاز قىلدى.

بىز ناھايىتى تېزلا ۋېلىيامىس ئىنستىتۇتىدا يەنە ئۇنىڭ قارد-
سىنى كۆرىدىغان بولدۇق. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ ئەلا
نەتىجە بىلەن مەكتەپنى پۈتتۈردى، يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن
يىلى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شتاتلىق پارلامېنتقا كىردى،
ئوتتۇز ئۈچ يېشىدا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئەينى
يىللاردا خىلىم مەكتىپىنىڭ قوڭغۇراقچىلىقىنى قىلىش ئىشىغا
ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن خۇشلۇقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان
ئوغۇل بالا يىگىرمە يەتتە يىلدىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شتاتد-
نىڭ زۇڭتۇڭىغا ئايلاندى. ئۇ دەل جامېس گارفىيېلد ئىدى.
بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق مى-
سالنىڭ ئىلھام بېرىش رولى ئاستىيت، ۋاندېربىلت، فورد قاتار-
لىق كىشىلەرنىڭ بارلىق بايلىقلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىنمۇ
قۇدرەتلىكتۇر.

* * *

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە داڭلىق ئەرباب-
لارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى



كۆپ كىشىلەرنىڭ جاپالىق بالىلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈر-
گەنلىكىنى، ھەتتا تەقدىرنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، شۇند-
داقلا ئۇزاق مەزگىللىك تىرىشچانلىق ئارقىلىق قاتمۇقات قىيىند-
چىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاددىيلىقتىنمۇ قۇتۇلۇپ، يارقىنلىق
ۋە ئۇلۇغلۇقنى ياراتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«ئامېرىكىدىكى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
ۋەيرانە كەپىلەردە تۇغۇلغان ئىكەن.» بىر ئەنگلىيىلىك يازغۇچى
ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەربابلار رىۋايەت قىلىنغان بىر كىتابنى
ئوقۇغاندىن كېيىن مۇشۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولغانىدى.

توغرا، تەڭرى بىزگە ساغلام مېڭە ۋە بەدەننى، يەنە قەتئىي
تەۋرەنمەس ئىرادىنى ئاتا قىلغانىكەن، ھەرقانچە نامرات ھالغا
چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۈمىدسىزلد-
نىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان، ھەربىر پۇرسەتد-
نى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بايلىقنىڭ دەر-
ۋازىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەرۋازىسى مەڭگۈ ئوچۇق. سىزنىڭ
پاسكىنا، مەينەت يوقسۇل كەپىدە ياكى كۆزلەرنى چاقنىتىپ
تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك تۇرالغۇدا تۇغۇلۇشىڭىز مۇھىم ئەمەس.
سىزدە يۇقىرى ئۆرلەش ئارزۇسى، ئىزدىنىش روھى ۋە ئېگىلد-
مەس جاسارەت، نىشانغا يەتمىگۈچە بوشاشمايدىغان ئىرادە بولسد-
لا، ھەرقانداق نەرسە سىزنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىۋاتقان
قەدىمىڭىزنى توسيالمايدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# بوش ۋاقىتلاردىكى بايلىق

گلادستوندەك بىر تالانت ئىگىسى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە يانچۇقىغا بىر پارچە كىتابنى سېلىۋالغان يەردە، بىزدەك زېھنى كۈچى ئادەتتىكىچە كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆمرىمىز مەنىسىز، ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. فرانكلىن ياشلارغا مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى: سىز ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان بولسىڭىز، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ، چۈنكى ۋاقىت ھاياتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىلدۇر.

*بۇرۇن مەن ۋاقىتنى بىمەنىلەرچە خوراتقانىدىم، هازىر ۋاقىت مېنىڭ هاياتىمنى خوراتماقتا.*

*— شېكىسپىر*

*گېپىمگە ئىشىنىڭ، ئەگەر سىز ۋاقىتتىن تېجەشلىك بىلەن پايدىلانسىڭىز، ئۇنداقتا كېيىنكى هاياتىڭىزدا زور ياخشىلىققا ئېرىشىسىز، بۇ ياخشىلىق سىزنى ئۈمىدۋارلىققا تولغان شېرىن ئارزۇلىرىڭىزدىنمۇ بەكرەك خۇشال قىلىدۇ؛ ئەگەر سىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ زېھنىي كۈچىڭىز ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىڭىز ئوخشاشلا ئۇسۇلدا خورىتىۋېتىلىدۇ، بۇنداق خورىتىلىش سىزنى ئەڭ ئۈمىدسىزلىككە پاتقان چېغىڭىزدىكى مۆلچەرىڭىزدىنمۇ بەكرەك چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.*

*— گلادستون*

*ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمەكتە! كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىشنىڭ ئارىلىقىدا مەن يەنە ئالتۇندەك قىممەتلىك ئىككى سائەت ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتتىم، هەربىر سائەتتىكى ئاتمىش مىنۇت خۇددى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاتمىش دانە بىرىليانتقا ئوخشايتتى. مەن هېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشىشىم مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار هەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇپ كېتىپ قالدى.*

*— خىللاس مان*

— ئاۋۇ كىتاب قانچە پۇل؟ — بېنجامىن فرانكلىننىڭ كىتابخانىسى ئالدىدا بىرەر سائەتتىن بۇيان ئايلىنىپ يۈرگەن بىر ئەر كىشى سورىدى.

— بىر دوللار، — دەپ جاۋاب پىرىكازچىك.

— بىر دوللار! — هېلىقى كىشى ئۇھ تارتىۋەتتى، — ئەرزانراق بېرەلمەمسىز؟

— كەچۈرۈڭ، بۇنىڭدىن ئەرزان بېرەلمەيمەن، باهاسى بىر دوللار، — بۇ ئۇنىڭ ئېرىشكەن جاۋابى بولدى.

كىتاب سېتىۋېلىش ئۈمىدى بىلەن كەلگەن بۇ كىشى هېلىقى كىتابقا بىرهازا قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— فرانكلىن ئەپەندى بارمۇ؟

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى پىرىكازچىك، — ئۇ باسما سېخىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش.

— شۇنداقمۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي دېگەنىدىم، — دەپ تۇرۇۋالدى هېلىقى ئەر كىشى.

پىرىكازچىك كىتابخانىنىڭ خوجايىنى فرانكلىننى چاقىرىپ چىقتى. ناتونۇش كىشى يەنە بىر قېتىم سورىدى:

— ئاۋۇ كىتابنىڭ ئەڭ تۆۋەن باهاسى قانچە، فرانكلىن ئەپەندى؟

— بىر دوللار 25 سېنت، — دەپ جاۋاب بەردى فرانكلىن كەسكىنلىك بىلەن.

— بىر دوللار 25 سېنت؟ بۇ قانداق بولغىنى؟ بايا پىرىكازچىكىڭىز بىر دوللار دېگەنىدىغۇ؟

— توغرا، — دېدى فرانكلىن، — لېكىن سىز مېنىڭ ۋاقتىمنى ئالدىڭىز، بۇ زىيان بىر دوللاردىن كۆپ ئارتۇق.

بۇ ئەرنىڭ قاتتىق ئەجەبلەنگەنلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇ-
راتتى، بىراق ئۆزى قوزغىغان بۇ سۆھبەتنى تېزرەك ئاياغلاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئۇ يەنە سورىدى:
— بوپتۇ، ئەمىسە ماڭا بۇ كىتابنىڭ ئەڭ تۆۋەن باھاسىنى
ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
— بىر يېرىم دوللار، — دەپ جاۋاب بەردى فرانكلىن.
— بىر يېرىم دوللار! ۋاي خۇدايىمەي، بايىلا بىر دوللار
25 سېنت دېگەنىدىڭىزغۇ؟
— توغرا، — دېدى فرانكلىن سوغۇققانلىق بىلەن، —
لېكىن ھازىر خىزمىتىمگە دەخلى يەتكەنلىك تۈپەيلى مەھرۇم
بولغىنىم بىر يېرىم دوللاردىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ.
ھېلىقى ئەر ئۈن - تىنسىز ھالدا پۇلنى پەشتاختا ئۈستىگە
قويدى- دە، كىتابنى ئېلىپ كىتابخانىدىن چىقىپ كەتتى. ۋا-
قىتنىڭ قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان كىتابخانا خوجايىنى
فرانكلىننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇ مۇنداق بىر پايدىلىق ساۋاققا ئېرىش-
تى: مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋاقىت بايلىق، ۋاقىت قىممەت-
تۇر.

* * *

ۋاقىت ئالتۇندەك قىممەت، ئەمما ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدى-
غان كىشلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
فىلادېلفىيە شەھىرىدىكى ئامېرىكا پۇل زاۋۇتىنىڭ ئالتۇن
ئۇۋاقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سېخىنىڭ پولىغا بىر ياغاچ قۇتا
قويۇقلۇق. ھەر قېتىم پول سۈپۈرۈلگەندە، بۇ قۇتىدىكى ئۇش-
شاق ئالتۇن ئۇۋاقلىرى يىغىۋېلىنىدۇ. ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن ھەر يىلى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئون مىڭلاپ ئامېرىكا
دوللىرى تېجەپ قېلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇۋەپپەقىيەت قازان-
غان ھەربىر كىشىدە مۇشۇنداق «قۇتا» بولۇپ، ئۇلار پارچە -
پۇرات ۋاقىتلارنى، ئۇششاقلىۋېتىلگەن ۋاقىتلارنى، ئادەتتىكى



كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان ئۇششاق - چۈششەك ۋاقىتلارنى
بوش قويۇۋەتمەي ئىشلىتىدۇ. قەھۋە قاينىغۇچە ئارىلىقتىكى
يېرىم سائەت ۋاقىت، قەرەلسىز دەم ئېلىش كۈنلىرى، ئىككى
تۈرلۈك خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىت،
ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان بىركىمنى ساقلاپ تۇرغاندىكى بوش
ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار گۆھەر تېپىۋالغاندەك
قەدىرلەپ ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ سىرنى بىلمەيدىغان كىشى-
لەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرىدۇ.
«مەن تاماملاپ بولغان، ئاماملاشقا ھازىرلىنىۋاتقان ياكى
تاماملاشنى ئويلاۋاتقان بارلىق خىزمەتلەر، — دەيدۇ ئېلىبخ
بىرېت، — خۇددى چۈمۈلىلەر ھاسىل قىلغان دۆۋىگە ئوخشاش،
ئاستا - ئاستا، زېرىكىشلىك، ئۈزۈلمەيدىغان جۇغلىنىش جەريا-
نىدىن — ماتېرىياللارنىڭ ئاز - ئازدىن يىغىلىشىدىن ئۆتكەن
ياكى ئۆتىدۇ. ئەگەر مېنى مەلۇم قەيسەرلىكنىڭ ئىلھاملاندۇرۇ-
شىغا ئېرىشكەن دېيىلسە، ئۇنداقتا مېنىڭ ئەڭ يۇكسەك، شۇ-
نىڭدەك ئەڭ قىزغىن ئارزۇيۇم ئامېرىكا ياشلىرىغا ‹كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچە›، دەپ ئاتىلىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ۋاقىتلار-
نى چەكسىز قىممەتلىك ۋاقىت سۈپىتىدە تولۇق پايدىلىنىش
ئۆلگىسىنى تىكلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.»
«مەن نېدىنىڭ قانداق بولۇپ ئائىلىمىزدىكى بارلىق تۇغما
قابىلىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەتلەرنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈ-
ۋالغانلىقىنى شۇ چاغقىچە ئاڭقىرالماي كەلگەنىدىم، — دېگەنىدى
نېد بېركىنىڭ ئۆكىسى ئۇنىڭ پارلامېنتتا سۆزلىگەن بىر قېتىم-
لىق نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئەمدى بىلىۋالدىم، ئەس-
لىدە بىز ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇ تىنماي ئۆگى-
نەتتى.»
كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ، ۋاقىت خۇددى چىرايلىق

ياسىنىۋالغان دوستىمىزغا ئوخشاش بىزنى يوقلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆرۈنمەس قوللىرىدا بىباھا سوۋغاتلار بار بولىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدىغان بولساق، ئۇ ئۈن - تىنسىز كېتىپ قالىدۇ. خۇددى يىڭنىنىڭ ئۇچىدىكى بىر قەترە سۇ دېڭىزغا تامغاندەك، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز ۋاقىت دەرياسىدا ئۈن - تىنسىز، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ.

قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ياڭرىغان ھەربىر سەھەردە، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ھەمراھ بولۇپ يېڭى - يېڭى سوۋغاتلار كېلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بىز تۈنۈگۈنكى ۋە ئالدىنقى كۈندىكى سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلمايدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ بۈگۈندىن ھۇزۇرلىنىش ۋە پايدىلىنىش قابىلىيىتىمىز بارغانسېرى قورۇلۇپ يىگىلەپ كېتىدۇ - دە، بىر كۈنلەرگە بارغاندا بىز بۇ خىل قابىلىيەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىمىز. بۇرۇن مۇنداق بىر دانا سۆز بار ئەمەسمىدى: «مەھرۇم بولغان بايلىقنى قايتىدىن ئىش باشلاش ئارقىلىق قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؛ ئۇنتۇلۇپ قالغان بىلىمنى يېڭىدىن ئۆگىنىش، تىرىشىش ئارقىلىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ؛ مەھرۇم بولغان سالامەتلىكنى يېمەك - ئىچمەكتە پەرھىز تۇتۇش ۋە داۋالىنىش ئارقىلىق ياخشىلىغىلى بولىدۇ؛ ئەمما بىزنىڭ ۋاقتىمىزغا كەلسەك، ئۇ كېتىپ قالسا مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.»

* * *

«ۋۇي، تاماق ۋاقتى بولۇشقا بەش - ئون مىنۇتلا ۋاقىت قاپتۇ، ھېچ ئىش قىلغىلى بولمىغۇدەك.» بۇ ئائىلىمىزدە ئاڭلايدىغان ئەڭ ئادەتتىكى، شۇنىڭدەك ئېيتىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى سۆز. لېكىن، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان، تەلىيى كاج بولغان قانچىلىغان بالىلار نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئاسانلا ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە كەسپىدە مول نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ. بىز-



نىڭ تەرىپىمىزدىن تاشلىۋېتىلگەن ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىدىغان بولسىڭىز، سىز ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان داڭلىق ئەربابقا تامامەن ئايلىنالايسىز.

ماريون خاررودنىڭ پەۋقۇلئاددە نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇھىمى ئۇنىڭ ھەربىر مىنۇت - سېكۇنت ۋاقتىنى ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئىشلەتكەنلىكىگە مەنسۇپ. تولىمۇ ئالدىراش ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشى، يەنە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ ئالدىراش ئىشلار ئىچىدىكى ھەرقانداق ئازراق بوش ۋاقتىنى ئۆز ھېكايىسى ۋە ئاخبارات خەۋەرلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى ئىجاد قىلىشقا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ نەتىجىسى يارقىن بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن ئۆمرىدە تۈرلۈك پاسسىپ توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرغان، بۇ توسالغۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللارنى ئائىلىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلالمايدىغان قىلىپ قويغان بولاتتى. ئۇنىڭدا ئادەتتىن تاشقىرى قەيسەرلىك ۋە مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكتەك ۋاقىت پوزىتسىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى ئۇ پەۋقۇلئاددە ھەم شانلىق ئىشلارنى قىلالىدى، بۇنى ئاياللار ئىچىدە ئىنتايىن ئاز كىشىلەرلا قىلالايدۇ.

خارريېت ستو خانىم ئوخشاشلا ئالدىراش ئۆي ئىشلىرى مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان ئائىلە ئايالى ئىدى، ئەمما ئۇ دەل شۇنداق شارائىتتا ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان «تام تاغىنىڭ ھۇجرىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى تاماملىغان. بۇنداق مىساللار يەنە بار، بىتچىر ھەر كۈنى تاماق ۋاقتى بولغۇچە ئارىلىقتىكى قىسقا ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ تارىخشۇناس فرووۋدنىڭ ئون ئىككى توملۇق «ئەنگلىيە تارىخى» نى ئوقۇپ تۈگەتكەن. لونگفېللوۋ قەھۋە قاينىغۇچە بولغان ئون مىنۇتلاردىن پايدىلىنىپ «دوزاخ» نى تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ بۇ ئادىتى نەچ-

چە يىللارغىچە، تاكى بۇ كاتتا ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغۇچە داۋاملاشقان.

خوگ مىل بىر تاشچى بولۇپ، ئائىلىسىنى بېقىش ئۇنىڭ تۇغما مەسئۇلىيىتى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارچە - پۇرات ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىلىم - پەن كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ تاش بىلەن ھەپىلىشىش جەريانىدىكى بىۋاستە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئەقىل - پاراسەتكە تولغان بىر كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

دې گۆېرىس خانىم كېيىنچە فرانسىيە خانىشىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇ مەلىكىگە دەرس ئۆتۈشنى كۈتۈپ تۇرغان چاغلىرىدا، ۋاقىتنى يېزىقچىلىق قىلىشقا ئىشلەتكەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ جەلپكارلىققا تولغان نەچچە پارچە ئەسەر يېزىپ چىققان. شوتلاندىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى پېنس نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلىرىنى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقاندا تاماملىغان. «جەننەتتىن قوغلىنىش» نىڭ ئاپتورى مىلتون مىسسىئونېر، شۇنداقلا قوشما شتات كاتىپى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارنىڭ كاتىپى ئىدى. ئالدىراش خىزمەتنىڭ سىرتىدا، ئۇ ئۇششاق - چۈششەك ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىنۇت- سېكۇنتنى قەدىرلەپ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. جون ستويات مۇل «شەرقىي ھىندىستان» شىركىتىدە ئادەتتىكى خادىم بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. گالىلېي تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىدى، ئۇ ئەستايىدىل پوزىتسىيە ۋە ئادەتتىكى كىشىلەردە ئاز ئۇچرايدىغان تىرىشچانلىق بىلەن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتىپ، ھەربىر مىنۇت - سېكۇنتتىن تولۇق پايدىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، كېيىنكىلەر ئۇچۇن مول مېۋىلەر-



نى قالدۇرغان.

* * *

ئويلاپ بېقىڭ، گلادستوندەك بىر تالانت ئىگىسى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە يانچۇقىغا بىر پارچە كىتابنى سېلىۋالغان يەردە، بىزدەك زېھنىي كۈچى ئادەتتىكىچە كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەتراپىمىزدىكى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ياش قىز - يىگىتلەر ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتقا قاراپمۇ قويمايدۇ، بىپەرۋالىق قىلىدۇ، ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ياخشى قەدىرلىمەيدۇ. ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئاتقان ئوقتەك رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ تېخى يېتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، گويا بىر پۇلدار كىشى بىرنەچچە خىل قورۇمىنى بۇيرۇتۇپ، ئۇلارغا قىلچە تارتىنماي بىكاردىن - بىكار تۆكۈۋەتكەندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار چوڭ - چوڭ ۋاقىتلىرىنى قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا زايە قىلىۋاتقان چاغدا، ۋاقىتنىڭ ئاققان سۇغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ياشلىقنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان بەزى كىشىلەر بولسا، ۋاقىت بىلەن سۈرئەت تالاشماقتا، ھەربىر مىنۇت- سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشماقتا.

* * *

نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك نام قالدۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇلار ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ئۆز ھاياتىدىكى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە، تەڭرى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ھەربىر مىنۇتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىشلەش، جۇغلاش، ئالغا بېسىشتىن بىردەممۇ توختىمايدۇ. دانتون ياشىغان دەۋردە، ئىتالىيىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى

تولۇق ئادا قىلىدىغان سودىگەرلەر، دوختۇرلار، سىياسىئونلار،
سودىيىلەر ياكى ئەسكەرلەر ئىدى.

مىكائىل فارادى تېخى بىر كىتاب تۇپلەش شاگىرتى بولۇپ
تۇرغان چاغلاردا، بارلىق بوش ۋاقىتلىرىنى تەجرىبە ئىشلەشكە
ئىشلەتكەنىدى. بىر قېتىم، ئۇ دوستىغا خەت يېزىپ: «مەن
ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە — ۋاقىت. مۇبادا مەن كۆن بويى ھېچ
ئىش قىلماي لاغايلاپ يۈرىدىغان ئاشۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەربىر
بوش سائىتىنى، ياق، ھەربىر كۈنىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالالى-
غان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ يازغانى-
دى. شۇنداق، پارچە ـ پۇرات ۋاقىتلارنى جۇغلاپ ئىشلىتىدىغان
بولساق، مول نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلالايمىز. تامچە سۇلاردىن
دەريا، دانە ـ دانە بۇغدايلاردىن خامان ھاسىل بولىدۇ. قىممەت-
لىكى — ئاز ـ ئازدىن جۇغلاش، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشتىن
ئىبارەت. پەقەت ھەر كۈنى كىچىككىنە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك
پايدىلىنىدىغان بولساق، جەزمەن مۆجىزە يارىتالايمىز.

گېرمانىيىلىك ئۇلۇغ تەبىئىي پەنلەر ئالىمى ئالېكساندر
خوۋنبورگ ھەر كۈنى خىزمىتى بىلەن ئالدىراش ئىدى، پەقەت
كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكەن كېچىلەردە ياكى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان
سەھەرلەردىلا ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان ئىلمىي تەجرىبە ئۈچۈن
ۋاقىت ئاجرىتالايتتى.

ھەر كۈنى قول تۇتىدىغان ئۇششاق ئىشلار ياكى چېچىلاڭغۇ-
لۇق ئىچىدە ئىسراپ قىلىۋېتىلىدىغان بىر سائەت ۋاقىتنى تېپىپ
ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بول-
سا، زېھنىي كۈچى ئادەتتىكىچە بىر كىشىمۇ ئون يىلدا بىر
پەننىڭ ئەھلى بولۇپ قالالايدۇ. قىلچە بىلىمى يوق ساۋاتسىز
كىشى ئون يىل ئىچىدە يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە
ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. ۋاقىت ئاتقان ئوقتا ئوخشايدۇ، ۋاقىت بىر
كەتسە، قايتىپ كەلمەيدۇ. بىز ۋاقىتىمىزنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەت-



سەك بولمايدۇ. بىز قىممىتى بار بەزى نەرسىلەرنى تىرىشىپ
ئۆگىنىشىمىز، بىر پەننى ئىگىلىۋېلىشىمىز ياكى بىر خىل
ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر
ھەر كۈنى بىر سائەت ۋاقىتنى ئۆز سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش ئۈچۈن ئىشلەتسە، بىر ئوغۇل ياكى بىر قىز بالا كىتابنىڭ
يىگىرمە بېتىنى ئوقۇپ بولىدۇ، بىر يىلدىن كېيىن بولسا، ئۇ
يەتتە مىڭ بەتلىك كاتتا ئەسەرنى ياكى ئون سەككىز جىلدلىق
قېلىن كىتابنى ئوقۇپ بولغان بولىدۇ. ھەر كۈندىكى بىر سائەت
ۋاقىت سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش پەيدا قى-
لىپ، سىزنى ئاددىي ھالدا جان باقىدىغان ياكى مول مەزمۇن-
لۇق، ئەھمىيەتلىك، خۇشال ـ خۇرام ياشايدىغان ئادەمگە ئايلان-
دۇرۇشى مۇمكىن. ھەر كۈندىكى بىر سائەت بەلكىم — ياق،
جەزمەن شۇنداق بولىدۇ، دېيىش كېرەك — نام ـ نىشانسىز
كىشىنى ھەممىگە مەلۇملۇق ئاتاقلىق كىشىگە، ئەرزىمەس بىر
ئادەمنى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن چەكسىز تۆھپە قوشىدىغان ئادەمگە
ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

* * *

ۋاقىتنىڭ غايەت زور قىممىتىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن،
ئارقىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، شۇنچە كۆپ يىگىت ـ
قىزلارنىڭ ۋاقىتنى بولۇشىغا چېچىلاڭغۇلۇق ۋە بىمەنىلىك ئى-
چىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ھەر كۈنى ئىككى سائەت، تۆت سا-
ئەت، ھەتتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالتە سائەت قىممەتلىك ۋاقتى-
نى ئىسراپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نەقەدەر دەھشەتلىك
ئىسراپچىلىق، ھەتتا بىر جىنايەت ـ ھە! ھاياتى ئاخىرلىشاي
دېگەندە، بىرنەچچە كۈنلۈكلا ۋاقتى قالغاندا، ئاندىن ئۇلار ۋاقىت-
تىن ئاقىلانىلىق بىلەن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يې-
تىدۇ. لېكىن، بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇق ئادىتى ئاللىقاچان
چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۆزگەرتىش قىيىن بولغاچقا،

قايتۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ.
هەربىر ياش ئۆز هاياتىدىكى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قەدىرلەش
ۋە ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىش، هەرقانداق بوش ۋاقىتنى چىڭ
تۇتۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. سىز
مۇشۇنداق بوش ۋاقىتلارنى ئۆزىڭىزنىڭ خىزمىتىنى ئىسلاھ قى-
لىشقا ئىشلىتىپ، بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەش ئىمكانىيىتىنى
ياراتسىڭىز بولىدۇ؛ سىز يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يېڭى ساھەنى
ئېچىپ، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا ئېرىشتۈرسىڭىز بولى-
دۇ. مەيلى قايسى خىلى بولسۇن، كۆڭلىڭىزدە «ۋاقىت مېنى
ساقلاپ تۇرمايدۇ» دېگەننى چىڭ ساقلىشىڭىز لازىم. ۋاقىت
ئېقىن سۇدەك ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىدۇ، كېيىن تەنها هالدا ئاھ
ئۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ تىرىشقان،
مىنۇت ـ سېكۇنتنى قەدىرلىگەن تۈزۈك.
«مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بىر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قا-
زىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەڭ زور ئامىل دەل هېچ ئىش
قىلماسلىق، لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزۈشتۇر، — دېگەنىدى بوۋرك
چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، — هەرقانداق خىزمەت ۋە كەسىپكە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەخسنىڭ هۇرۇنلۇقى ۋە چېچىلاڭغۇلۇقى
ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ۋاقتىنى ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ۋاقىت-
نىڭ خوجايىنى بولالمايدىغان، ئاخىرى هېچ ئىشنى ئەپلەشتۈ-
رەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.»

* * *

دەل باشقا كىشىلەر كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ
قارايدىغان ئىقتىسادچىللىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش بىر
كىشىنى ئاخىرى بايغا ئايلاندۇرغىنىدەك، نۇرغۇن ئوغۇل باللار
باشقىلار بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلى-
نىپ، پارچە ـ پۇرات ۋاقىتلاردا مول بىلىم ۋە ياخشى تەربىيە-
لىنىشكە ئېرىشەلەيدۇ. كۈن بويى ئۆزىنىڭ زىيادە ئالدىراشلىقى-



-دىن ئاغرىنىپ يۈرىدىغان ياشلار ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش
ۋە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن هەقىقەتەن بىر كۈن
ئىچىدىن بىرەر سائەت ۋاقىتنى ئاجرىتالمايدۇ.
چارلس فروست فومېنت شتاتىدىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى
بىلىدىغان موزدۇز ئىدى. ئۇ هەر كۈنى بىر سائەت ۋاقىتنى
ئۆگىنىش قىلىشقا ئىشلىتىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇنىڭ هارماي ـ
تالماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئاخىر كىشىنى هەيران قالغۇر-
غۇدەك نەتىجە بېرىدۇ، يەنى ئۇ پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە داڭق
چىقارغان ماتېماتىكا ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ هەمدە
باشقا ساهەلەردىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.
ئالدىراش كۈندىلىك خىزمەتلەرنى تاماملاش ۋە ئىلمىي تەت-
قىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت چىقىرىش ئۈچۈن، كلىنىكى-
لىق ئاناتومىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى جون خۇنتېر ناپولېئوننى
دوراپ، هەر كۈنى ئۆزىنىڭ ئاران تۆت سائەتلا ئۇخلىشىغا رۇخ-
سەت قىلغان. ئاتاقلىق پروفېسسور ئوۋېن ئەپەندى ئون يىل
ۋاقىت سەرپ قىلىپ خۇنتېرنىڭ سېلىشتۇرما ئاناتومىيە ئىلمىگە
ئائىت ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىققان. ئۇ بىر تەرەپ قىلغان ۋە
تۈرگە ئايرىغان ماتېرىياللار يىگىرمە تۆت مىڭ داندىن ئارتۇق
ئەۋرىشكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ هەممىسى خۇنتېر-
نىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ يىغقان قىممەتلىك بايلىقلى-
رى ئىدى. هېچقانداق مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، تىرىك-
چىلىك قەدىمىنى ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىشتىن باشلىغان كىشى
ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نەقەدەر زور مۇۋەپپەقىيەت ـ هە!
جون ئادامس ئۆزىنىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزى-
دىغان ۋە خىزمەت ۋاقتىنى ئىگىلىۋالىدىغان كىشىلەردىن قاتتىق
نارازى ئىدى، ئۇلاردىن ئاغرىناتتى. ئىتالىيىلىك بىر ئاتاقلىق
ئالىممۇ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە: «بۇ يەردە تۇرغان هەرقانداق

كىشى مېنىڭ خىزمىتىمگە قاتنىششى كېرەك» دەپ يېزىپ
قويغانىدى، شۇ ئارقىلىق ئۇ ھەرقانداق زىيارەت قىلغۇچىنىڭ
بۇ يەرگە كېلىشى ئۆزىنىڭ خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇ-
شى كېرەكلىكىنى ئېنىق ئېيتقانىدى. كارلىل، دىننىسون،
بروۋنىنگ ۋە دىككىنسلارنىڭ ھەممىسى كوچىدىكى ئاككاردىئون-
چىلارغا نارازىلىق بىلدۈرگەن، چۈنكى بۇ ئاككوردىيونچىلار
ئۇلارنى دىققىتىنى يىغىپ خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالدۇر-
غانىدى.

تارىختا ئۆتكەن تۆھپىسى يارقىن ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئارى-
سىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نورمال خىزمەت ساھە-
سىنىڭ سىرتىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاسانلا ئىس-
راپ قىلىۋېتىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ۋاقىتلاردىن تولۇق
پايدىلىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرى كاتتا ئىشلارنى
ۋۇجۇتقا چىقارغان. ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ سپېنسېر ئېرلاندى-
يىدە كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغلاردا، بوش ۋاقىتلى-
رىدىن تولۇق پايدىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش، تەت-
قىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئەربابىغا ئايلانغان.
ئەنگلىيىلىك بانكىر ۋە تارىخچى جون لوبىبېك يازما تارىخ-
تىن ئىلگىرىكى تارىخ تەتقىقاتىغا ئاساس سالغانلىقى بىلەن ئىلىم
ساھەسىدە داڭق قازانغان، ھالبۇكى ئۇ بارلىق تەتقىقات خىزمى-
تىنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بانكا خىزمىتىدىن
سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشلىگەن.
رومانتىك شائىر مارسوۋ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر مىنۇت ۋاقىت-
نىمۇ ئىسراپ قىلماي، ئاخىر يۈز جىلدلىق كاتتا ئەسىرىنى
تاماملىغان.

خورتوننىڭ خاتىرىلىرى بىزگە ئۇنىڭ قول سېلىپ ئىش-
لەشتىن ئېرىنمەيدىغان، خاتىرە قالدۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان
كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ خالىغان ۋاقىتىدا ئۆزىنىڭ



كاللىسىدا چاقنىغان ئىدىيە ئۇچقۇنلىرىنى خاتىرىلىۋالاتتى، بۇ
قىممەتلىك ماتېرىياللار ئۇنىڭ ئالسا - ئالسا تۈگىمەيدىغان،
ئىشلەتسە - ئىشلەتسە خورىمايدىغان ئىدىيە خەزىنىسى بولۇپ
قالغانىدى.
فرانكلىن چارچاشنى تېخىمۇ بىلمەيدىغان كىشى ئىدى، ئۇ
ئۆزىنىڭ غىزالىنىش ۋە ئۇخلاشقا ئىشلىتىدىغان ۋاقىتلىرىنى
ئىمكانىنىڭ بارىچە قىسقارتىپ، ئۆگىنىشكە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت
ئاجرىتىشقا قۇلايلىق يارىتاتتى. ئۇ تېخى بالا ۋاقتىدا، ھەر
قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاق
دۇئا قىلىشىغا تاقەت قىلالمىغان ھەمدە دۇئانى قىسقىراق قى-
لىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سوراپ، شۇ ئارقىلىق
ۋاقىتنى تېجىگەن. ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى، مەسى-
لەن، «دېڭىز قاتنىشىنى ئىسلاھ قىلىش» ۋە «ئىس چىقىۋاتقان
تۈرخۈن» قاتارلىقلار دېڭىز سەپىرىدە تاماملانغان.
ئىتالىيە ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللىنىش دەۋرىنىڭ
ئاتاقلىق سەنئەت سەردارى بولغان رافېلنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى
خۇددى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇزدەك كۆكنى سىزىپ ئۆتكەنىدى،
ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ سەنئەتكار ئاران ئوتتۇز يەتتە يىل
ياشىغان بولسىمۇ، بىراق ئىنسانىيەتكە ئەڭ گۈزەل، ئۆچمەس
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قىلغانلىرى
«ۋاقىت يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ ۋاقىتنى بىمەنىلىك بىلەن
ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنى خىجىللىق ھېس قىلدۇرماسمۇ؟

* * *

بارلىق ئۇلۇغ ئەربابلار ۋاقىت مەسىلىسىدە ئىنتايىن بېخىل
كىشىلەردۇر. سېنېكا مۇنداق دېگەنىدى: «باشقىلار كۆڭۈل
ئېچىش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ۋا-
قىتلارنى، ياق، ھەتتا ئۆزىنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتىنى
ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ۋاقىتلارنىمۇ مەن پەلسەپە

تەتقىقاتىغا بېغىشلىدىم.» سېر باكون ئەنگلىيىنىڭ ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان چاغدا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ئاخىرى ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا پەيلاسوپىغا ئايلانغانىدى. ئورنى يۇقىرى بىر كىنەز بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، گېيتى تۇيۇقسىز ۋاقىتلىق خوشلىشىشنى ئۆتۈنۈپ، ياندىكى ئۆيگە كىرگەن ۋە چاقناپ ئۆتكەن ئىلھامىنى تېزلىك بىلەن خاتىرىلىۋېلىپ، يېزىۋاتقان ئەسىرى «فائۇست» نىڭ ماتېرىيالى قىلغان. خامفرى داۋىي ئەپەندى بۇرۇن بىر دورىخانىدا شاگىرت بولغان، ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بالىخانىدا تەجرىبە قىلىپ، ئاخىرى مەشھۇر خىمىيە ئالىمىغا ئايلانغان. ھەجۋىيە شائىر پوپې دائىم يېرىم كېچىلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان ئىلھامىنى يېزىۋالاتتى، چۈنكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈندۈزلىرى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. گېئورگى گروت بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ بانكىرلىق خىزمىتىنى ئادا قىلسا، بىر ياقتىن بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، دۇنياغا داڭلىق «يۇنان تارىخى» نى يېزىپ چىققان ھەمدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانىدى.

گېئورگى ستېفېنسېن ۋاقىتنى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بىلىپ، زادىلا بوش قويۇۋەتمەيتتى. ئۇ ھېچقانداق مۇنتىزىم تەربىيە ئالمىغان، تامامەن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە تايىنىپ ئىختىساسلىق بولغان ھەمدە پارچە- پۇرات ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ بىرمۇنچە مۇھىم خىزمەتلەرنى تاماملىغان. ئۇ تېخى مېخانىكا ئىنژېنېرى ۋاقتىدىلا، كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارىفمېتىكا ئۆگەنگەن.

مۇزىكا ئۇستازى مۇزارت ئوخشاشلا ۋاقىتنى بەك قەدىرلەيتتى، مىنۇت- سېكۇنتنى ئالتۇندىن قىممەت بىلەتتى. ئۇ دائىم



ئويقۇ ۋە تاماقنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇزىكا ئىجادىيىتىگە بېرىلەتتى، بەزى چاغلاردا ھەتتا ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيانى لەرزىگە سالغان ئەسىرى «ئەللەي ناخشىسى» دەل ئۇ قاتتىق ئاغرىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالاي دېگەندە پۈتكەنىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ، ئاخىرقى تىنىقى قالايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھايات شامى ئۆچكۈچە ئىجاد قىلىشتىن توختاپ قالمىغانىدى.

كايسار: «ئەڭ شەپقەتسىز ۋە ئەڭ كەسكىن جەڭدىمۇ، مەن ھامان چېدىرىمدا ئولتۇرۇپ باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئويلىنىشقا ۋاقىت چىقىرىمەن» دېگەنىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئولتۇرغان كېمىدىن چاتاق چىقىپ، قىرغاققا ئۈزۈپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزى يېزىۋاتقان «ئوبزور» نىڭ قوليازمىسىنى ئېلىۋالغانىدى، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ كېمىسى چۆكۈپ كېتىش جەريانىدا پۈتكەنىدى.

دوختۇر مارسون كۆد مەپىگە ئولتۇرۇپ لوندوندىكى بىمارلارنى كۆرگىلى كېتىۋاتقاندا، قەدىمكى رىم تارىخى ئالىمى رېۋېلنىڭ «لوكرىسا» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەيتتى. دوكتور دارۋىنمۇ مەپىدە ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. بۇ ئائىلىدىن ئۇ ئائىلىگە بېرىش جەريانىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى باغاقچىلەرگە يېزىۋېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ماقالە يېزىش ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بۇنداق باغاقچىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلغانىدى. خېنرى ۋايت دەل ئادۋوكاتلىق ئىشخانىسىغا بېرىپ - كېلىش جەريانىدا گرېك تىلىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. دوكتور بېرنېي ئات ئۈستىدە يۈرۈپ فرانسۇز تىلى ۋە ئىتالىيان تىلىنى ئۆگىنىۋالغا-

نىدى. ئەنگلىيىلىك سودىيە ماتتېۋ خۆل سوت قىلىش جەريانىدا «ئويلىنىش» ناملىق كىتابىنى يازغانىدى.

* * *

ئېمېرسون مۇنداق دېگەنىدى: «مۇبادا سىز ئەبەدىيلىكنى سۆيسىڭىز، ئۇنداقتا ھازىرنى سۆيۈشىڭىز لازىم. تۈنۈگۈننى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ، ئەتە تېخى مەۋجۇت ئەمەس، سىزنىڭ ھەقىقىي تۇردە ئىگىلىيەلەيدىغىنىڭىز پەقەت ھازىردىنلا ئىبارەت.» دەرھەقىقەت، ھاياتنىڭ مەنىسى پەقەت «ھازىر»نىڭ ئىچىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش يولىنىڭ ھەربىر قەدىمى يېپيېڭى بىر مەنزىرىگە قاراپ تاشلانغان بولىدۇ، ئادەم ئۆتمۈشكە مەڭگۈ قايتالمايدۇ. لېكىن، ئادەتتىكى كىشىلەر ھەمىشە ئۆتمۈشنى سېغىنىپ ئەسلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا دائىم كەلگۈسىگە قارىتا تولۇق ئۈمىد باغلايدۇ، ئەمما ھازىرغا تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ.

نۇرغۇنلىغان نامرات ئوقۇغۇچىلار كۈن بويى تىرىكچىلىكنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھېرىپ چارچاپ، ئازغىنا ۋاقتىنى بىلىم ئېلىشقا ئىشلىتەلەيدۇ، ھالبۇكى ئۇلار بوشاشماس تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئاخىرى ئېتىقاد ۋە ئۈمىد يالقۇنىنى يالقۇنجىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىدۇ. مۇھىمى، ئۇلار ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى تولۇق تونۇيدۇ، شۇنداقلا ھەربىر مىنۇتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. خۇددى فرانسىيە يازغۇچىسى فېرنارۋىننىڭ ئېيتقىنىدەك، مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسىدا تەڭرى بىزگە پەقەت بىرلا قېتىم ۋاقىت بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتنى يىغىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ بىزگە يېڭى ۋاقىتنى ئىنئام قىلمايدۇ.

سېھىر بىروۋگام ئۆزىنى كىچىككىنە بوش قويۇشقىمۇ زادىلا يول قويمايتتى، ئۇ ئىش قىلىشتا ئىنتايىن تەرتىپلىك، پىلانلىق بولغاچقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ



تېخىمۇ كۆپ بوش ۋاقتى باردەك قىلاتتى، بەزى كىشىلەر كۈن بويى چېپىپ يۈرسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە تاماملىغان ئىشى سېھىر بىروۋگامنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. ئۇ سىياسىي، قانۇن، تەبىئىي پەن، ئەدەبىيات قاتارلىق جەھەتلەردە پەۋقۇلئاددە نەتىجە ياراتقانىدى.

دوكتور جونسون بىر ھەپتە ئىچىدە كەچلىك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ «لاسېرلاس» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، ئانىسىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى راسلىغانىدى.

لىنكولن ئۆلچەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاچ، ھەربىر بوش ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ ھارماي - تالماي قانۇن ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىلىچمال دۇكىنىغا قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، مول بىلىملەرنى جۇغلىغانىدى.

سومۋېل خانىم قوشنىلىرى قىيا - چىيا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقان ۋە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋاتقان چاغلاردا، تىرىشىپ بوتانىكا ۋە ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئۆگىنەتتى، ئەسەر يازاتتى. سەكسەن ياشقا كىرگەن چاغدا، ئۇ يەنە «مولېكۇلا ۋە مىكرو پەن» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلغانىدى.

بىزنىڭ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشىمىزنىڭ ئەڭ زىيانلىق تەرىپى ئىسراپ بولغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى زېھنىمىزنىڭ ئىسراپ قىلىنىۋېتىلگەنلىكىدۇر. ھېچ ئىش قىلماسلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق بىزنىڭ نېرۋىمىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، مۇسكۇللىرىمىزنى بارغانسېرى يىگىلىتىدۇ. تىرىشىپ ئىشلەش بىر كىشىنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىلىدۇ، ئىشنى ئارقىغا سۆرەش بولسا، كىشىلەرنىڭ جاسارىتىنى يوقىتىپ، غەيرەتكە كېلەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا ئادەتلەنگەن بولىدۇ.

زۇڭتۇڭ كوۋس ئۆزى ئۈچۈن ئەتىكى خىزمەتنىڭ پىلانىنى

تۇزۇشتىن بۇرۇن زادىلا يېتىپ ئارام ئالماسلىقنى بېكىتكەن.

ئەنگلىيىنىڭ خىمىيە ۋە فىزىكا ئالىمى دوۋلتون خىزمەتنى ئۆز ھاياتىنىڭ تۆۋرۈكى دەپ قارايتتى، خىزمەت دەل ئۇنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقى ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا يىگىرمە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق مېتېئورولوگىيە خاتىرىسى يازغانىدى.

* * *

توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا، بىر تال ناچار يىپ پۈتۈن رەختنى براك مالغا ئايلاندۇرۇپ، بارلىق ئەجىر - مېھنەتنى بىكار قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن چاغلاردا، كىشىلەر خاتالىق سادىر قىلغان ئايال ئىشچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ ھەمدە كېلىپ چىققان زىياننى ئۇنىڭ مائاشىدىن تۇتۇۋالىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ ھايات تورىمىزدىكى ناچار يىپلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلارنى كىم تۆلەپ بېرىدۇ؟ بىزنىڭ بىر تال قۇرۇق موكىنى ئۇ ياق - بۇ ياققا ھەرىكەتلەندۇرۇپ تۇرۇۋېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس؛ ھەر قاچان - ھەر ۋاقىتتا مەلۇم خىل يىپ بىزنىڭ ھايات تورىمىزغا كىرىپ توقۇلۇشى مۇمكىن. ئۇ يا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ياكى پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىشتىن ھاسىل بولغان ناچار يىپ بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بۇنداق يىپ پۈتۈن توقۇلما بۇيۇمنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇۋېتىشى، شۇنداقلا ئەجىر قىلغۇچىنى ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۇياتقا قالدۇرۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ تامامەن ۋاقىتنى ئالتۇندەك قەدىرلەش، جان تىكىپ تىرىشىشتىن ھاسىل بولغان زەر يىپ بولۇشى، ھايات رەختىنى تېخىمۇ نەپىس، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ۋاقىت ئاتقان ئوققا ئوخشايدۇ، بىز ۋاقىتنىڭ قەدىمىنى توختىتىۋېلىشقا، قولىمىزدىكى موكىنى توختىتىۋېلىشقا مەڭگۈ ئامالسىز، ئۇ ناچار يىپلار توقۇلۇۋېرىدۇ، بىز ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز بولغاچقا، ئۇلار ھاياتىمىزدىكى مەڭگۈلۈك داغقا ئايلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.



بىر يىگىت بېرىلىپ خىزمەت ئىشلىگەندە، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ چۈشتە نەدە غىزالىنىدۇ؟ ئۇ كەچتە ئۆز ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن نەگە بارىدۇ؟ ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ ئۇ شەنبە - يەكشەنبىسى ۋە دەم ئېلىش- بايرام كۈنلىرىنى نەدە ئۆتكۈزىدۇ؟ بۇنداق بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە بېرىلگەن جاۋاب ئارقىلىق، بىز بىر ياشنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز، شۇنداقلا بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ شەخسىي پەزىلىتىنى تامامەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇقماي تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىتىدا چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ ماڭىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ نام چىقارغان، يۇقىرى پەللىگە چىققان ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ھارماي - تالماي، بوشاشماي تىرىشىپ ئىشلىگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار كەچكى ۋاقىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ يا ئۆگىنىدۇ، يا ئىشلەيدۇ، يا ئۆز سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ياشلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدە، ھەربىر ئاخشام بىر خىل قاتتىق سىناقتۇر. خۇددى ۋىتتېيېرنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرىدەك:

دەل بۈگۈن، بىز تەقدىرنىڭ ئالبومىنى يازماقتىمىز، ھايات تورىنى توقۇماقتىمىز؛

دەل بۈگۈن بىزنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىمىز كېيىن ھاياتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقباللىق ياكى جىنايەتلىك ھايات بولۇشىنى بەلگىلىمەكتە.

ۋاقىت — پۇل. دانە - دانە ئۇرۇقلار زېمىن ئانىنىڭ باغرىدىن قۇۋۋەت ئالغاندەك، كىمكى مىنۇت - سېكۇنتنى قە-

دىرلەپ، ئاز ـ ئازدىن جۇغلىيالىسا، شۇ كىشى كاتتا ئىگىلىك-
نى بەرپا قىلالايدۇ، پارلاق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. خۇددى بىر
دوللارنى مۇنداقلا تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىمىزغا ئوخشاش، ھاياتى-
مىزدىكى ھەربىر سائەتنى خالىغىنىمىزچە تاشلىۋەتمەسلىكىمىز
لازىم. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش زېھنىنى ئىسراپ قىلىش،
ئېنېرگىيىنى ئىسراپ قىلىش، ھاياتىمىزنى ئىسراپ قىلىش-
تىن، ھاياتىمىزدىكى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان نۇرغۇن پۇر-
سەتلەرنى بىكاردىن ـ بىكار تاشلىۋەتكەنلىكىمىزدىن دېرەك بې-
رىدۇ. سىز ۋاقتىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىڭىزغا ئىنچىكە
كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىڭ، چۈنكى بىزنىڭ كەلگۈسىمىز بىزنىڭ
ۋاقتىمىزنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.
«ھەربىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى، — دېگەنىدى ئېدۋارد ئې-
ۋېرېت چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، — دەل ھەربىر خىل ئېسىل
پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش، ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ھەرقانداق
پۇرسەتنى خۇددى بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئىن-
چىكە كۆزىتىش ۋە چىڭ تۇتۇش، زايە قىلىۋېتىلگەن بارلىق
ۋاقىتلارنى تولۇقلىۋېلىش ۋە قايتۇرۇۋېلىش، بارلىق ئادەتلەر-
نىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى، بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ بەھرىمەن
بولۇشىنى چەكلەپ، ئۆزىمىزنى جەمئىيەتكە پايدىلىق، كىشىلەر-
نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدى-
غان ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.»



# تۆتىنچى باب

## تۇغما قابىلىيىتىگە نالايىق
## كەسىپكە دۇچ كەلگەندە

بىر كىشى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر ئىشنى قىلىپ مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنالمىسا، بۇ ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشتا مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى،
ئۇ تۇغما قابىلىيىتىگە توغرا كەلمەيدىغان كەسىپنى تاللاپ
قويغان بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ باش
كۆتۈرۈشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مولىيېر بىلەن ۋولتېر مەغ-
لۇپ بولغان ئادۋوكاتلار، ئەمما ئالدىنقىسى مەشھۇر ياز-
غۇچى، كېيىنكىسى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرغا ئايلانغان.

بىر كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ شانلىق بايلىقى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا چىڭ تۇرىدىغان مەلۇم ئىنتىلىشىنىڭ بارلىقىدىدۇر. بۇ ئۇنى بۇ خىل ئىنتىلىش يېتەكلىگەن خىزمەت بىلەن ئوڭۇشلۇق شۇغۇللىنىش، شۇنىڭدەك بەخت ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

— ئېمېرسون

ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، ھەرقانداق شائىر، سەنئەتكار، پەيلاسوپ ياكى ئالىمنىڭ تالانتى ئاتا-ئانىسى ياكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىماي قالمىغان. بۇنداق مىساللار ئىچىدە، تالانت قاتمۇقات توسالغۇلارنى يېڭىشقا تايىنىپ غەلىبە قىلغان، ئۇ بۇنداق ھوقۇققا ئىگە بولۇشنى، شۇنداقلا ئاسىيلىق قىياپىتى ۋە باتۇرلۇق شىجائىتى بىلەن ئېلىشىشنى، ھەتتا گۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن ۋە سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بەدەل قىلىشتىن يانماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

— ۋىپىل

ئاڭلايمەن سىلەر ئاڭلىيالماس سادانى،
ئۇ سادا گۇندەر مېنى توختاپ قالما دەپ.
مەن كۆردۈم سىلەر كۆرەلمەس بىر قولنى،
ياقا يۇرتقا بارغىن دەپ تۇرار شەرەتلەپ.

— تىككېل

«توۋا، جامېس ۋات، مەن ئۆمرۈمدە سېنىڭدەك بولۇمسىز يىگىتنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، — ۋاتنىڭ مومىسى دائىم نەۋرىسىگە شۇنداق دەيتتى، — سېنىڭ ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇشۇڭ، ئاندىن كېيىن ئىش تېپىپ قىلىشىڭ كېرەك. ئۆتۈپ كەتكەن يېرىم سائەت ئىچىدە، سەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ. سەن چەينەكنىڭ ياپقۇچىنى ئېلىپ-سېلىپلا ئولتۇردۇڭ، ھېلى بىرىنى ئېلىپ، يەنە بىرىنى يۆتكىدىڭ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۇنى ئالدىڭ، يەنە سەن تەخسە ۋە قوشۇقتا سۇ ھورىنى يىغىش بىلەن ھەپىلەشتىڭ، فارفۇر قاچا ۋە كۈمۈش قاچىلارنىڭ ئۈستىدىكى سۇ تامچىلىرىنى يىغىش بىلەن ئالدىراش بولدۇڭ. سېنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىڭنى زادىلا بىلەلمىدىم؟ سەن ۋاقىتنى بۇنداق ھاماقەتلەرچە ئىسراپ قىلىشتىن خىجىل بولمامسەن؟»

بۇ موماي قانداق قىلغاندا ۋاقىتتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ زور ئىلگىرىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى جامېسقا بىلدۈرۈش ئۈمىدىدە ئىدى، بىراق جامېسنىڭ قىلمىشى ئۇنىڭ ئۇسۇلىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ دۇنيا بۇنداق مەغلۇبىيەت ئىچىدىن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى!

* * *

— لېكىن، مەن يەنىلا بۇ ئىشلارنى قىلالايمەن، — دېدى بىر يىگىت ئۆزىنىڭ ناچار نەتىجىسى تۈپەيلى ئىشتىن بوشىتىۋەتمەكچى بولغان سودىگەرگە يالۋۇرۇپ.

— پىرىكازچىكلىقتىن ئېيتقاندا، سەن لاياقەتسىز ئىكەنسەن، — سودىگەر شۇنداق قارىغانىدى.

— ئەپەندى، مەن ئۆزۈمنىڭ بىر ياراملىق ئادەم بولالايدى-

غانلىقىمغا ئىشىنىمەن، — دەپ تاكاللاشتى يىگىت.
— قانداق بولالايسەن؟ ئېيتقىنا، سەن قانداق قىلىپ يارام-
لىق ئادەم بولماقچىسەن؟
— بۇنى بىلمەيمەن، ئەپەندى، بىلمەيمەن.
— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى سودىگەر ۋە يىگىتنى زاڭ-
لىق قىلىشقا باشلىدى.
— مېنى ئىشتىن ھەيدىۋەتمىسىڭىزلا بولدى، ئەپەندى،
مېنى ھەيدىۋەتمەڭ. مېنىڭ باشقا جەھەتلەردە ئۇرۇنۇپ بېقىشىم-
غا يول قويۇڭ. مەن مال سېتىشنى قاملاشتۇرالمىغانلىقىمنى
بىلىمەن، بىراق باشقا ئىشلارنى قىلالىشىم مۇمكىن.
— قولۇڭدىن كەلمەيدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى
سودىگەر، — ئەسلىدە بۇ بىر خاتا تاللاش ئىكەن.
— لېكىن، مەيلى قانداق بولسۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ كارغا
كېلىدىغان جايلىرىمنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، — دېدى يىگىت
گېپىدە يەنىلا چىڭ تۇرۇپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ ئىش قىلالايدى-
غانلىقىمنى بىلىمەن.
ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ بوغالتىرخا-
نىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى. ئۇ يەر ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ
سان جەھەتتىكى تۇغما قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان جاي
بولۇپ قالدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ كاتتا بىر سودا
سارايىنىڭ كاسسىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە يارامىلىق بوغال-
تىر بولۇپ قالدى.

*　*　*

سىز ماگنىت يىڭنىسىنىڭ باشتىن - ئاخىر شىمالىي قۇ-
تۇپ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىدىن باشقا ھېچنېمىنى باي-
قىيالمايسىز، سىز بۇنىڭدىكى سەۋەبنى چۈشىنىشكىمۇ ئامال-
سىز. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرگە سىرلىق بىر قول قوماندانلىق
قىلىدۇ، شۇنىڭدەك سىرتىغا نەرسىلەر ئورنىۋېتىلگەن بولىدۇ.



تەڭرى ئاشۇ يىڭنىگە مەسئۇلىيەتنى يۈكلىگەن، شۇڭا ئۇ ئۆزى-
نىڭ بۇرچى بويىچە نىشاننى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. سىز ئادەمنىڭ
ھەرىكەت شەكلى ۋە تۇغمىلىقىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تەربىيە
ئارقىلىق ئۇنى ئايلاندۇرغان تەقدىردىمۇ، شۇنداقلا ئۇنى شېئىر،
سەنئەت، قانۇن، تېبابەت ياكى سىز ياخشى كۆرىدىغان ھەرقان-
داق كەسىپ يۈنىلىشىنى كۆرسىتىشكە مەجبۇرلىغان تەقدىردى-
مۇ، قىممەتلىك ھاياتىڭىزنىڭ ۋاقتىنى بىكاردىن - بىكار زايە
قىلغان بولىسىز. چۈنكى، بۇ يىڭنە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن
ھامان، يەنىلا ئۆزى كۆرسىتىشكە تېگىشلىك يۈنىلىشكە قايتىپ
كېلىدۇ.
روبېرت ۋات مۇنداق دەيدۇ: «تالانتلىق ئەربابلار ھەممىشە
قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ھاياجان بىلەن بىر
خىل كەسىپكە ئىشتىياق باغلاپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ كىشى
مانا شۇ خىل كەسىپ ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى
ئۇنىڭ ئەتراپىدا قانچىلىغان قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولسۇن،
مەيلى ئۇنىڭ ئىستىقبالى قانچىلىك غۇۋا بولسۇن، بۇ خىل
كەسىپ يەنىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسى بويىچە ئىنتىلى-
دىغان بىردىنبىر كەسىپ بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى
ئۇنىڭ تىرىكچىلىكىنى قامدىيالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇ ئۆ-
زىنىڭ ئىنتايىن نامرات، ۋەيرانە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى
بايقىغان چاغدا، بەلكىم بېرىنسقا ئوخشاش ھەسرەتلەنگەن ھالدا
ئۆتمۈشنى ئەسلىشى، شۇنىڭدەك ئۆزى باشقا كەسىپ بىلەن
شۇغۇللانغان بولسا، ئەھۋالىنىڭ ھازىرقىدىن قانچىلىك ياخشى
بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنداق
بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن ئىشقا ئىنتى-
لىشتا چىڭ تۇرىدۇ.»
ھەربىر كىشى ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان خىزمەتنى تاللىيالا-
يدىغان بولغان چاغ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە

تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولالايدۇ. كىشىلەر ئۆزىگە
مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇننى تاپقان چاغدىلا، كۆڭۈلدىكىدەك
نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ خۇددى بىر پاراۋۇزغا ئوخشايدۇ،
پاراۋۇز رېلىس ئۈستىدىلا كۈچلۈك بولالايدۇ، رېلىستىن ئايرىلـ
غان هامان ئازراقمۇ سىلجىيالمايدۇ. «خۇددى دەريادىكى كېمىـ
گە ئوخشاش، — دەيدۇ ئېمىرسون، — هەربىر بالا بىر نىشانـ
دىن باشقا هەرقانداق يۆنىلىشتىكى توسالغۇ جىسىملاردىن ئۆزىـ
نى قاچۇرىدۇ. پەقەت ئۆزى تاللىغان يۆنىلىشتىلا بارلىق توسالـ
غۇلارنى يېڭىپ، چوڭقۇرلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان دېـ
ڭىز بوغۇزىدىن كېمىسىنى تىنچ هەيدەپ ئۆتۈپ، بىپايان ئوكياند
غا يېتىپ بارىدۇ.»

* * *

دىككىنىس بالىلارنىڭ قۇل قىلىنىش تارىخىنى شۇنىڭ ئۈـ
چۈن يېزىپ چىقالىغانكى: بۇ بالىلارنىڭ ئۇمىدى ۋە قىزىقىشى
نادان ئاتا ـ ئانىلىرى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك كۆمۈۋېتىلگەن؛ بۇ
بالىلارنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ هۇـ
رۇنلۇقى، دۆتلۈكى ياكى بىنورماللىقى، گۆدەكلىكىدىن دەپ
قارالغان؛ ئۆزىگە خاسلىقتا ئىگە بۇ بالىلار مەجبۇرىي هالدا بىر
يۇمىلاق ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلىپ، تۇغما خاراكتېـ
رىدىن مەهرۇم قىلىۋېتىلگەن؛ بىراق «قانۇن»، «تېبابەت»،
«سەنئەت»، «ئىلىم ـ پەن» ياكى «سودا» قاتارلىقلارنى ئۆگىـ
نىشنى تەلەپ قىلىش سادالىرى يېتىپ كەلگەندە بولسا، بۇ
بالىلار يەنىلا دىنىي كىتابلارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان؛ بۇ
بالىلار بۇرمىلانغان، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى بىزار بولغان ئىش
ئورنىدا هەرقانداق ئاكتىپچانلىقنى ئىپادىلىيەلمىگەن، شۇنىڭـ
دەك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى هەربىر نېرۋا تالاسىدا مەڭگۈ تىنىم
تاپماس قارشىلىق ئىڭى ئىپادىلىنىپ تۇرغان.
يىراقنى ئويلىغاندا، بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن



نۇسخىسى قىلىپ تەربىيىلەشنى ئۈمىد قىلىش خىيالى ئادەتتە
تار هالەتتىكى شەخسىيەتچىلىك خىيالىدۇر. ئېمىرسون: «سىز
ئاشۇ بالىنى ئىككىنچى ئۆزىڭىز قىلىشقا تىرىشىسىز. لېكىن،
بىر ئۆزىڭىزمۇ يېتەرلىك ئىدىڭىز» دېگەنىدى. جون ئاستېتىنىڭ
دادىسى ئوغلىنى ئۆز هۈنىرىنىڭ ۋارىسى قىلىشنى، يەنى ئۇنىڭ
قاسساپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن كەلگۈسىدىكى بۇ
كاتتا سودىگەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سودا كەسپى جەھەتتىكى
قابىلىيىتى كۈچلۈك ئۇرغۇپ تۇراتتى.
تەبىئەت ئەزەلدىن بىر كىشىنىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ
باقمىغان. هەربىر كىشى تۇغۇلغان چاغدا، ئۇ تۇراقلىق شەكلىـ
نى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇننى قوشىدۇ. بۇ سىرـ
لىق بىرىكىش پەقەت بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدۇ. پادىشاھ ئۇلۇغ
پېتىر ياش ۋاقتىدا سەنئەت ۋە مۇزىكىغا بەكلا مەپتۇن بولۇپ
كېتىپ، هەربىي مەشىققە قىلچە قىزىقمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق
تەنقىد قىلىنغانىدى. دادىسى نەپىس سەنئەتتىن نەپرەتلىنەتتى،
شۇڭا پېتىرنى نەزەربەند قىلغانىدى. ئۇ هەتتا ئوغلىنى ئۆلتۈرۈـ
ۋېتىشنىمۇ قەستلىگەنىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈمى يىگىرمە سەكـ
كىز ياشلىق پېتىرنى تەختكە چىقىرىپ قويدى. سەنئەت ۋە
مۇزىكىنى قاتتىق ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن يارىماس دەپ قاـ
رالغان بۇ يىگىت پروسىيىنى ياۋروپادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتـ
كە ئايلاندۇردى.
ئۈۋىسىدا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرغان بۈركۈت قارىماققا
نەقەدەر دۆت هەم كالامپاي كۆرۈنىدۇ ـ هە! لېكىن، كۈچلۈك
قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈرـ
كۈتنىڭ كۆزلىرى نەقەدەر ئۆتكۈر، هاسىل قىلغان سىزىقچىلىـ
رى نەقەدەر نەپىس ـ هە!

* * *

نادان ئاتا ـ ئانىسى ئاركۇرايتنى ساتىراشقا شاگىرت بولۇشـ

قا مەجبۇرلىدى، بىراق تۇغما مايىللىق ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر
خىل ئەپچىل شەكىلدە كاجلىق بىلەن يوشۇرۇنۇپ، ئىنسان
خاراكتېرى ئۈچۈن تىلەك تىلىمەكتە ئىدى. شۇڭا، ھەتتا ئۆز
ئاتا - ئانىسىغىمۇ: «ئەگەر مەن دادامنىڭ كەسپىنى تاللىمى-
سام، سىلەر مېنىڭ ئارزۇيۇمغا ئارىلاشماي تۇرالارسىلەرمۇ؟»
دېيىشى كېرەك ئىدى. بۇ خۇددى ئىيسانىڭ ئانىسىغا دېگىنىگە
ئوخشاپ كېتەتتى.

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، گالېلېي
دوختۇر بولۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ئاناتومىيە ۋە
فىزىئولوگىيىنى تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغاندا، ئۇ ئېۋك-
لىد بىلەن ئارخىمېدنى يوشۇرۇپ قويغان ھەمدە يوشۇرۇن ھالدا
نۇرغۇنلىغان سىرلىق مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى ئۈستىدە تەتقىقات
ئېلىپ بارغان. ئۇ بىسا چېركاۋىدىكى چىراغنىڭ تەۋرىنىشىنى
تەتقىق قىلغان، شۇنداقلا ماياتنىك قانۇنىيىتىگە ئېرىشكەن چاغدا
تېخى ئون سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇ دۇربۇننى كەشىپ قىلىپلا
قالماي، يەنە مىكروسكوپنىمۇ كەشىپ قىلىپ، ماكرو ۋە مىكرو
جەھەتتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدا كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى
ئاچتى.

مىكرالىكىلىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز ئوغلىنىڭ «سەنئەتكار»
لىقتىن ئىبارەت يۈزنى چۈشۈرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنى-
شىغا يول قويماسلىققا قەسەم قىلىشقانىدى، ئۇلار ھەتتا تام ۋە
ئۆي جابدۇقلىرىغا رەسىم سىزغانلىقى ئۈچۈن مىكرالىكىلىنى جازا-
لىغانىدى. لېكىن، مۇقەددەس شەيئىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇل-
داپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىۋەتتى. بۇ ئوت يالقۇنى
ئۇنىڭ سان پېتىربورگنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا، موئېسىنىڭ مەرمەر
ھەيكەللىرى ۋە مۇناستېرنىڭ تام رەسىملىرى ئۈچۈن توختىماي
تىرىشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى.

مەشھۇر ماتېماتىكا، فىزىكا ئالىمى پاسكالنىڭ دادىسى تىل



ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، بىراق ماتېماتىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلىش-
نى تەلەپ قىلىش ساداسى باشقا ھەرقانداق كەسپنىڭ ساداسىنى
بېسىپ چۈشكەن، بۇنداق سادا تىل دېگەننى بىر ياققا ئىرغىتىپ
تاشلاپ، ئېۋكلىدقا بۇرالغۇچە كاللىسىدا ياڭراپ تۇرغان.

جوشۇيا راينولدسىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ رەسىم سىزغانلىقى
ھەمدە بىر پارچە رەسىمگە «بۇ ئەسەر ھورۇن بالا جوشۇيانىڭ
قولىدىن چىققان» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى
قاتتىق ئەدەپلىگەنىدى. لېكىن، دەل مۇشۇ «ھورۇن بالا» ئەنگ-
لىيە خان جەمەتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرغۇچىسى
بولۇپ قالدى.

تېناننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەسلىدە ئۇنىڭ قىزلار ساتىراش-
خانىسىدا ساتىراش بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، بىراق ئۇ ھا-
زىرقى زامان ئېقىمىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەنزىرە رەسسامى بولۇپ
چىقتى.

رەسسام كرووۋدېر لورراين ئەسلىدە تورت ياسىغۇچىنىڭ
شاگىرتى ئىدى؛ يازغۇچى مولىئېر ئەسلىدە بېزەش كەسپىنى
ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى؛ «سۇبھىدىكى ئايال ئىلاھ» ناملىق
رەسىمنى ئىجاد قىلغان ئاتاقلىق رەسسام گادو بۇرۇن مۇزىكا
مەكتىپىدە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بېرىلگەنىدى.

* * *

شىللېر بۇرۇن ستورتتىكى ھەربىي مەكتەپتە تاشقى كېسەل-
لىكلەر كەسپىنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىلگەنىدى، بىراق ئۇ
تۇنجى سەھنە ئەسىرى «بۇلاڭغۇچى»نى يوشۇرۇن ھالدا ئىجاد
قىلدى. بۇ دراما تۇنجى قېتىم ئوينالغاندا، ئۇ ئاددىي تاماشىبىن
قىياپىتىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مەكتەپنىڭ باشقۇ-
رۇلۇشى خۇددى تۈرمىنىڭكىدەك بولۇپ، بۇ ھال ئۇنى قاتتىق
بىزار قىلغانىدى، يازغۇچىلىق كەسپىگە بولغان ئىنتىلىش ئۇنى
شۇنچە تەشنا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچ - يالىڭاچ قېلىش

خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلىپ يېزىق دۇنياسىدا سەيلە قىلىشنى باشلىۋەتتى. تەلىيىگە، ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى ھەمدە ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىككى پارچە ئۇلۇغ درامىسىنى ئىجاد قىلدى، شىللېرمۇ بۇ ئىككى درامىسى بىلەن ئۆچمەس ئەربابقا ئايلاندى.

دوختۇر خاندېل ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە بىر ئادۋوكات بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئۇ تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئوغلىنىڭ مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوغلى بىر كونا چىلتارنى تېپىۋېلىپ، بىر كەپىدە مەخپىي ھالدا مەشىق قىلدى. بىر قېتىم، بۇ دوختۇر ۋېسفېرس تۆرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنىڭ ئاكىسىنى يوقلىغىلى بارماقچى بولۇپ، ئوغلىنىمۇ ئېلىۋالدى. بىر كىچىك چېركاۋدىكى مۇزىكىنى كۆرگەن كىچىك خاندېل ھەممىنى ئۇنتۇدى، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بىر مەيدان مۇزىكا ئويۇنىنى ئورۇندىدى. تۆرە ئۇنىڭ چالغان مۇزىكىسىنى تاسادىپەن ئاڭلاپ قالدى ھەم تولىمۇ ئەجەبلەندى، بىرىكتۈرۈلۈشى ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان بۇ چالغۇلارنى شۇنداق يېقىملىق چېلىۋاتقان كىمدۇ؟ ئوغۇل بالا تۆرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، تۆرە ئۇنىڭ چالغۇلارغا چېقىلغىنىنى ئەيىبلىمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭ چېلىش ماھارىتىنى ماختىدى، شۇنداقلا بالىنىڭ دادىسىنى ئۇنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يول قويۇشقا كۆندۈردى.

* * *

دانىيېل دىفۇ مەشھۇر رومانى «دېڭىز سەرگەردانى روبىنسون كرۇزو» نى يېزىشتىن بۇرۇن، سېتىقچى، ئەسكەر، سودىگەر، كاتىپ، زاۋۇت دىرېكتورى، بوغالتىر، پەۋقۇلئاددە ئەلچى ۋە بىرنەچچە كىتابنىڭ ئاپتورى بولغان.

قۇشقۇناس ۋىلسون ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كەسپىنى تېپىشتىن بۇرۇن، ئوخشاشمايدىغان بەش خىل كەسىپتە مەغلۇپ بولغان.



شوتلاندىيىلىك داڭلىق سوتچى ئېرسكىن دېڭىز ئارمىيىدە تۆت يىل ئەسكەر بولغان. كېيىن، ئۇ تېزرەك ئۆسۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىگە قاتناشقان. ئىككى يىل ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇ تۇرۇشلۇق قىسىم بىر بازاردا توختايدۇ. ئۇ قىزىقىش تۈپەيلىدىن، شۇ يەردىكى بىر سوت مەھكىمىسىگە كىرىدۇ. بۇ سوتنىڭ سودىيىسى ئۇنىڭ كونا دوستى بولۇپ، ئېرسكىننى يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ئاقلىغۇچى ئورنىدا ئولتۇرغان كىشى ئەنگلىيىنىڭ داڭلىق ئادۋوكاتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئېرسكىن سوتتىكى مۇنازىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى ئۇلاردىنمۇ ياخشى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كېيىن، ئۇ دەرھال قانۇننى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، ئاخىرى ئەنگلىيىدىكى ئەڭ يارامىلىق ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولۇپ چىقىدۇ.

ستېۋارد بۇرۇن ھەرقايسى مىنىستىرلىكلەرنىڭ مىنىستىرلىرى ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بارغان، كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىملىق تويۇقسىز پۇرسەت بىلەن، ئۇ ئۆزىگە ھەقىقەتەن مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپنى، يەنى سودىگەرلىكنى تېپىۋالىدۇ. ئىشنىڭ باشلىنىشى مۇنداق: ئۇ بۇرۇن بىر دوستىغا پۇل قەرز بەرگەنىدى، دوستىنىڭ تىجارىتى ۋەيران بولۇش خەتىرىگە دۇچ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دوستى ئۆزىنىڭ ماگىزىنىنى ستېۋاردنىڭ قەرزىگە تۆتۈپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، ستېۋاردقىمۇ بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولى قالمايدۇ.

«جوناتان، دۈشەنبە ئەتىگەندە ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشقا چۈش.» جوناتان مەكتەپ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدا قاقشىغاندا، دادىسى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى. كۆپ يىللاردىن كېيىن، جوناتان بۇ زاۋۇتتىن ئايرىلدى ھەمدە ئۆزىگە ھەقىقىي مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپنى ئىزدەشكە باشلىـ

دى. كېيىن ئۇ رود ئارىلىدىكى تەسىر كۆچىگە ئىگە كېڭەش
پالاتا ئەزاسى بولۇپ قالدى.

* * *

ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر، تەڭرى ئىككى پەرىشتىگە ۋە-
زىپە بېرىپ، بىرىنى كوچا سۈپۈرۈشكە، يەنە بىرىنى بىر پادى-
شاھنى ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۆز-
ئارا ئالماشتۇرسا بولمايدىكەن، دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتە، بىر
كىشى خۇدا ماڭا بىر تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە خىزمەتنى تاپشۇردى
دەپ قارىغان چاغدا، جان ـ دىلى بىلەن بۇ خىزمەتكە كىرىشىپ
كېتەلىسە، ئاندىن بەختكە ئېرىشەلەيدۇ. بىر كىشى ياش ۋاقتىدا
غايىسىدىكى كەسىپنى تېپىۋالالايدىغان بولسا، باشقا ھەرقانداق
خىزمەت ئۇنى ۋە باشقىلارنى رازى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.
بىر كىشى ئۆزىگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولغان ئورۇننى تېپىپ
بولغان بولمىسىلا، ئۇنىڭ تەبىئىي خاھىشى ئۆز غايىسى ئۈستى-
دىكى ئىزدىنىشتىن توختاپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ تەڭرى
ئۆزىگە ئاتا قىلغان تۇغما ئىقتىدارىنى قانائەتلىنەرلىك ئىپادىلە-
گۈچە ئىچكى تەبىئىي خاھىش ھامان ئۇنى ئورىۋالىدۇ، شۇنىڭ-
دەك ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ كىشى تەڭرى ئاتا قىلغان
تۇغما ئىقتىدارىنى قانائەتلىنەرلىك ئىپادىلىگەن، ئۆزىگە مۇنا-
سىپ ئورۇنغا قايتىپ كەلگەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ تەبىئىي
خاھىشى بولدى قىلىدۇ.

بىر ئات ھارۋىسى بەيگە مەيدانىدا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتى-
ۋاتىدۇ، بۇ نەقەدەر بىمەنىلەرچە ئىپادە ـ ھە؟ ھالبۇكى، بۇ
خىل ماسلاشماسلىقنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قانۇن، مېدىتسىنا
ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىق ھەربىر كىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەڭ
ياخشى كەسىپ، دېگەن قارىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ چو-
قۇم بەك ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى پۈت-
تۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىرىق ئىككى پىرسەنتى قانۇن ئۆگەن-



گەن، ئەجەبا بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ قانچىلىغان ياشلار
نەتىجە ياراتقان دادىسىنى ئويلىنىپ باقمايلا دوراپ يارامسىز
خادىم بولۇپ قالمىدىمۇ؟ ئوخشاشلا سەۋەب تۈپەيلى، جەمئىيەتتى-
مىزدىكى قانچىلىغان بىچارە دوختۇر ۋە ئادۋوكاتلار پەيدا بولمى-
دىمۇ؟ دۆلىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆز كەسپىگە لايىق كەل-
مەيدىغان كىشىلەر بار، ئۇلار ئۈمىدسىزلىك، غۇربەتچىلىك،
خىزمىتىدىن بىزار بولۇش، ئىشەنچسىزلىك، جاسارىتى كەم-
چىل بولۇش، ئۈستۈپشى ۋەيرانە بولۇش، ھەتتا سىرتتا قونۇش
ھالىتىگە چۈشۈپ قالماقتا.

جىددىي مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-
شىدا مەكتەپنىڭ تەربىيىسىدىن بىۋاستە نەپ ئالغان بىرەر
ئوقۇغۇچى يوق، بەلكى بۇنىڭدا ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن
كۆڭۈل قويۇپ قىلغان تەييارلىقىغا تايىنىدۇ. ئالىي مەكتەپتە،
ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ئەڭ ياخشى نەرسە دەل قانداق
ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. مەكتەپ قورۇسىدىن چىققان ئاشۇ چاغ-
دىن باشلاپ، ئۇ ئۆزىنى تولۇق قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان كىتابىي
بىلىملەرنى تەدبىقلاشنى توختىتىدۇ ـ دە، ئۆزىنى ھەقىقىي
قانائەتلەندۈرەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ.

* * *

بىز يەڭگىللىك بىلەن: بىر كىشى بىر ئىشنى قىلىش
ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنالمىسا، ئۇ ھەرقانداق ئىشتا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنالمايدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقارساق بولمايدۇ. ساھەلىدا
جان تالىشىۋاتقان ئاۋۇ بېلىقىقا قاراڭ، ئۇ ساھەلدا ئۆلىدىغاندەك
قىلىدۇ. لېكىن، سىز يەنە بىر قېتىم قارىغىنىڭىزدا، غايەت
زور بىر دولقۇن قىرغاققا ئېتىلىپ كېلىپ، ھېلىقى بەختسىز
جانلىقنى يالماپ ئېلىپ كەتتى. ئاشۇ پەيتتە، ئۇنىڭ قاناتلىرى
سۇغا تەگدى، ئۇ يەنە ئۆز دۇنياسىغا قايتىپ كېلىپ، ھەقىقىي

ئۆزىگە ئايلاندى، ئۇ خۇددى بىر دەستە نۇرغا ئوخشاش تېزلىك
بىلەن دېڭىز دولقۇنىنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ قاناتلىرى ئەمدى
ئەھمىيەتلىك نەرسىگە ئايلاندى، ھالبۇكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن
ئۇلار ھاۋادا ۋە لايدا بىھۇدە تېپىرلاپ ھېچقانداق رول ئوينىيال-
مىغان، ئەكسىچە بىر توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى.
ئەگەر ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئۆز خىزمىتىڭىزنى ئورۇندى-
يالمايدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن
خىزمەت سىزنىڭ تۇغما خاراكتېرىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان -
كەلمەيدىغانلىقىغا ياكى بۇ خىزمەتنىڭ ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشىشنىڭ مۇساپىسى ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ بېقىڭ. ئەنگ-
لىيىلىك كاۋۇف ئادۋوكاتلىقتا مەغلۇپ بولغان، ئۇ ئىنتايىن
قورقۇنچاق ئىدى، ھەتتا بىر دېلو ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولۇشقىمۇ
جۈرئەت قىلالمايتتى. لېكىن، ئۇ بىزگە بىرمۇنچە ئېسىل ناخ-
شىلارنى ئىجاد قىلىپ بەردى. مولىئېرمۇ ئۆزىنىڭ ئادۋوكات
بولۇشقا لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى بايقىغان، ئەمما ئۇ ئەدەبىيات
ساھەسىدە داڭق چىقاردى. ۋولتېر بىلەن بېتراك قانۇندىن ۋاز
كېچىپ، ئالدىنقىسى پەلسەپىنى، كېيىنكىسى شېئىرنى تاللى-
ۋالدى. كرومۋېل بولسا، قىرىق ياشقا كىرگۈچە يەنىلا ئاددىي
بىر دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنى ئىدى.

* * *

ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازاب-
ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ھەرقانداق
خىزمەت ياكى ھەرقانداق تەتقىقات ساھەسىدە ئۇلۇغ تالانتىنى
ياكى پەۋقۇلئاددە قابىلىيىتىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. مۇتلەق كۆپ
ساندىكى ئوغۇللار ۋە قىزلار بولسا، ئۆز ئارزۇسى بويىچە مۇنا-
سىپ خىزمەت ئورنى بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئون بەش يېشىدا،
ھەتتا يىگىرمە ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك
كەسپىنى بېكىتىشى تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. ھەربىر كىشى



ئۆز تەپەككۇرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ، مۆجە-
زىدەك بىر خىل تالانت بىلەن ئۆزىنىڭ قايسى خىل خىزمەتكە
مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى بولىدۇ، بۇن-
داق تالانت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. سىزدىكى مەسئۇلىيەت-
نى بىكاردىن - بىكار يوقىتىۋېتىشقا ھېچقانداق سەۋەب يوق،
شۇنىڭدەك بىر كىشىنىڭ زىممىسىگە ناھايىتى تەبىئىي ھالدا
چۈشىدىغان خىزمەتنىڭ ناھايىتى ياخشى ئورۇندالماسلىقىغىمۇ
ھېچقانداق سەۋەب يوق. ئەنگلىيە يازغۇچىسى سامۇئىل سىمىلس
ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىگە تامامەن ماس كەلمەيدىغان بىر خىل
كەسىپنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن، ھالبۇكى ئۇ ئىنتايىن ئىخ-
لاسمەنلىك بىلەن بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ كەچۈر-
مىش ئۇنىڭ كېيىنكى يازغۇچىلىق ھاياتىدا ناھايىتى زور رول
ئوينىغان، يازغۇچىلىق بولسا دەل ئۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدى-
غان كەسىپ ئىدى.
يېنىدىكى خىزمەت ۋە كۈندىلىك مەسئۇلىيىتىگە سادىقلىق
بىلەن مۇئامىلە قىلىش، سەمىمىيلىككە تولغان مەسئۇلىيەتچان-
لىق تۇيغۇ بىلەن ئاتا- ئانىمىزغا، خوجايىنىمىزغا، ئۆزىمىزگە
ۋە تەڭرىمىزگە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. بۇلار مۇۋاپىق پەيتتە
ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى پارلاق يولغا باشلاپ بارالايدۇ.
ئەگەر گارفېيلد بۇرۇن قىزغىن ئوقۇتقۇچى، مەسئۇلىيەت-
چان ئەسكەر، ساداقەتمەن سىياسىئون بولمىغان بولسا، ئامېرى-
كا زۇڭتۇڭىمۇ بولالمىغان بولاتتى. مەيلى لىنكولن ياكى گرانت
بولسۇن، بوۋاق ۋاقتىدىلا ئۇلارنىڭ ئاق سارايغا كىرىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدىغان ئالاھىدە بەلگە ياكى كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان
تۇغما تالانتى بولغان ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھېچكىم ئۆزىنىڭ
بۆشۈكتىكى ۋاقتىدا كاتتا سوۋغاتقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن
ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قولىدىكى ھەربىر
ئىشنى كۈچىنىڭ بارىچە ياخشى قىلىش، شۇنداقلا ئۆزىدە بار

بولغان تۇغما قابىلىيەت يېتەكلىگەن نىشان بويىچە ھەربىر زور پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز ئالغا باستۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. بۇرچنى يول كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئايلاندۇرۇش لازىم. مۇۋەپپەقىيەت بىر كىشىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى ۋە تىرىشچانلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان تاجدۇر.

* * *

نۇرغۇن كىشىلەر: «ئۆمۈرلۈك كەسىپ دېگەن نېمە؟ مېنىڭ ھاياتىمدا شۇغۇللىنىدىغان كەسپىم نېمە بولۇشى كېرەك؟» دەپ سورىشىدۇ.

ئەگەر تۇغما قابىلىيىتىڭىز ۋە قەلبىڭىز سىزنىڭ ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، سىز بىر ياغاچچى بولىسىز؛ ئەگەر تۇغما قابىلىيىتىڭىز ۋە قەلبىڭىز سىزنىڭ مېدىتسىنا بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، سىز دوختۇر بولىسىز. ئۆزىنىڭ تاللىشىغا قەتئىي ئىشەنگەن ۋە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. لېكىن، سىزدە ھېچقانداق تۇغما قابىلىيەت بولمىسا ياكى قەلبىڭىزنىڭ ساداسى تولىمۇ ئاجىز بولسا، سىز ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان تەرەپ ۋە ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن تاللاش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ سىزنىڭ ئىجاد قىلىشىڭىزغا قاراشلىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانماڭ، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ئۆز مەسئۇلىيىتىنى كۆرۈنەرلىك ئادا قىلىش، ئۆز رولىنى ياخشى ئويناشقا باغلىق، بۇنى ھەربىر ئادەم قىلالايدۇ. ئالدىنقى قاتاردىكى بىر ھامال بولۇشمۇ ئىككىنچى قاتاردىكى باشقا روللاردىن ئۈستۈندۇر.

* * *

ئىلگىرى ناچار ئوقۇغۇچى ياكى «دۆت، ئەقىلسىز» دەپ



نام چىقارغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا ئاللىقاچان ئىنتايىن كەڭ قورساق بولۇپ كەتتى، چۈنكى بۇنداق نۇرغۇن كىشىلەر كېيىن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار زەربىگە ئۇچرىغان ۋە خاتا چۈشىنىپ قېلىش مۇھىتىدا تىركىشىپ يۈرگەن چاغلارمۇ ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ھەربىر بالىغا بىر ئادىل پۇرسەت بېرىش، مۇۋاپىق ئىلھاملاندۇرۇش لازىمكى، دۆتلۈكى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلەنگەن چاغلاردىمۇ، ئۇلارنى دۆتلۈكتە ئەيىبلەۋەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ھېچ توغرا يېرى يوق دەپ قارالغان ئاشۇ بالىلار، زېھنى ئاجىز، دۆت، گومۇش بالىلار ياكى ناچار ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا پەقەت ئادەتتىكى دائىم ئىشلىتىدىغان ئۇسۇللاردىن ھالقىپ كەتكەن ياكى نامۇۋاپىق مۇھىتتا تۇرغان، خالاس.

* * *

بۇرۇن ئانىسى ۋېللىنگتوننى ناچار ئوقۇغۇچى دەپ قارىغانىدى. ئىلتوندا ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئۇ دۆت، گومۇش، ئەقلى كەمتۈك دەپ قارالغان، ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى، چۈنكى كىشىلەر ئۇنى ھەممىنى باشتىن ئۆگىنىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ھېچقانداق تۇغما قابىلىيىتىنى، ئارمىيىگە قاتنىشىش ئارزۇسىنىمۇ بىلدۈرمىگەنىدى. ئاتا- ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نەزىرىدە، تىرىشچانلىق ۋە قەيسەرلىك خاراكتېرى ئۇنىڭدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى. لېكىن، قىرىق ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇ «يېڭىلمەس» ناپولېئوننىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

ئەنگلىيىلىك ئەدىب گولدسمىت مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىم مەسخىرە قىلىدىغان ئوبيېكتى ئىدى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا «قاپاقۋاش» دەپ نام ئالغان، بۇ ئۇنىڭ مەكتەپتىكى بىر ناچار ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ بۇرۇن تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى سىنىپىدا ئوقۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان، ئەمما

رەت قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى. گولدسمىت تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇش تەلىپىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى، بىراق ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم «ۋاكېفىيېلدتىكى پوپ» ياكى «قاقاس كەنت» دەك ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازالايدۇ؟ دوكتور جونسون ئۇنىڭ ناھايىتى نامرات ئىكەنلىكىنى بايقىغان، ئۇ قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلغانلىقتىن تۈرمىگە كىرىشكە ئاز قالغان چاغدا، گولدسمىتتىن «ۋاكېفىيېلدتىكى پوپ» دېگەن كىتابىنىڭ قوليازمىسىنى ئالغان ھەمدە ئۇنى نەشرىيات سودىگىرىگە سېتىپ، گولدسمىتنىڭ قەرزىنى قايتۇرغانىدى. مانا بۇ كىتاب گولدسمىتنىڭ داڭقىنى چىقاردى.

روبېرت كلىۋېف تۇغۇلۇپلا «ئەقلى كەمتۈك بالا» دەپ قارالغان، مەكتەپتىمۇ «قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان» لاردىن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەندە، پىراس ئۇرۇشىدا ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئاجىز قوشۇنى بىلەن دۈشمەننىڭ ئەللىك مىڭ كىشىلىك ئۈستۈن ئەۋزەللىككە ئىگە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلغانىدى. ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ۋالتېر سكوتنى ئوقۇتقۇچىسى كالۋا، دەيتتى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە بىرونىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولغاندا، ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى مەنسىتمىگەن ھالدا: «بەك كېرىلىپ كەتمە، بىرون، ئۇزاق ئۆتمەي مەن سېنىڭ ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولغانلىقىڭنى يەنە كۆرۈپ قالىمەن» دېگەنىدى.

ئوقۇتقۇچىسى يان لىننېۋسنى دۆت چوشقا، دەپ ئاتايتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ مىسسىئونېر بولۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە بەرگەنىدى. لېكىن، نامى چىقمىغان، ئەمما باشقىلارغا قارىغاندا



تېخىمۇ سەۋرچان ھەمدە تېخىمۇ ئەقىللىق بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ساھەگە باشلاپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەيلى ئاغرىق، مەيلى ئاپەت ياكى نامراتلىق بولسۇن، ئۇنى بۇ ساھەدىن تارتىپ چىقالمىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ھەقىقىي تاللىشى ئىدى. كېيىن، ئۇ ئاشۇ دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ دىرىژور بولۇپ قالدى.

جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى داڭلىق گېنېرال رىچارد شىردانىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئەڭ تۆپكى بىلىملەرنى ئۆگەتكەن، لېكىن بۇلارنىڭ ئازراقمۇ رولى بولمىغاندەك قىلاتتى. كېيىن، ئانىسى ئالەمدىن ئۆتتى، بۇ ئىش شىردانىنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان تۇغما تالانتنى ئويغاتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تالانت بۇرۇن نۇرغۇن مىساللاردا ئىپادىلەنگەنىدى. ئاخىرى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەڭ داڭلىق ئەرباب بولۇپ قالدى.

قوشنىسىنىڭ نەزىرىدە، سامۇئىل دىرېۋ بىر ھۇرۇن بالا ئىدى. ھالبۇكى، جېنىدىن ئايرىلىشقا تاس قالغان بىر قېتىملىق بەختسىز ۋەقە ۋە ئاكىسىنىڭ ۋاپات بولۇشىدىن كەلگەن زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنتايىن تەمكىن ۋە تىرىشچان بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەتتا ھەرقانداق كىچىككىنە ۋاقىتنىمۇ زايە قىلىشقا چىدىمايدىغان بولدى. ئۇ ئويقۇ ۋە غىزانى ئۇنتۇغان ھالدا كىتاب ئوقۇپ، بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئۆزىنى تولۇقلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پاينىنىڭ «ئىدراك دەۋرى» ناملىق كىتابى ئۇنى يازغۇچىغا ئايلاندۇرغان، چۈنكى بۇ ئەسەرگە قارشى پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، بۇ ئۇنى تۇنجى قېتىم ئەقىل - پاراسەتكە تولغان ھەمدە زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يازغۇچى سالاھىيىتى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

* * *

بۇرۇن مۇنداق بىر سۆز كەڭ تارقالغانىدى: ئۆز تالانتىنى تونۇيالمىغان كىشىلەردىن يارىماسقا ئايلانمىغانلار يوق؛ ئۆز تالانتىغا خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويۇپ، ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قېلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالىغان بىرمۇ يارامىلىق كىشى يوق.



# بەشىنچى باب

## 2. كەسپىي ھاياتنى تاللاش

دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن سىغىشالمايدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۆزىنىڭ تۇغما ئارتۇقچىلىقىغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلار كۆپىنچە ھاللاردا ئەجىرنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ، شۇ تۈپەيلى مەغلۇپ بولغانلىق توغرىسىدىكى مىساللار سان ـ ساناقسىزدۇر. كەسپىي ھاياتنى تاللاش جەھەتتە ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىش لازىم: سىزنىڭ تۇغما قابىلىيىتىڭىز سىزنىڭ پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەن كەسپىڭىزدە بولىدۇ. سىدنىي سىمىت مۇنداق دېگەنىدى: «سىزنىڭ تۇغما ئارتۇقچىلىقىڭىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تەبىئىي تەرەققىي قىلىشى كېرەك؛ ئۆزىمىزنىڭ تۇغما ئۈستۈنلۈكى ۋە قابىلىيىتىمىزدىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز لازىم.»

*هايۋان بىلەر ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكنى،*
*ئېيىق ئۇچۇپ بېقىشقا ھەرگىز ئۇرۇنماس.*
*ئاساۋ ئاتلار سەكرەپ ئۆتەر ئېگىز توساقتىن،*
*ئىت دۇچ كەلسە تىلك قىياغا، ئۇنى ئاتلىماس.*

*بىراق، ئىنسان ئاجايىپ بىر قىزىق مەخلۇقتۇر،*
*ھاماقەتلىك ۋە قالتىس چاغلاش ئاڭا ھەمراھدۇر،*
*چىلڭ ئېيسلار قۇربى يەتمەس ئىشلارغا،*
*ئۆز ـ ئۆزىنى سېلىپ ئۇ ئېغىر جاپاغا.*

*—— سۋىفت*

*سىزنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكىڭىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-*
*نەزەر، ئۇ تەبىئىي تەرەققىي قىلىشى كېرەك؛ ئۆزىڭىزنىڭ*
*تۇغما ئەۋزەللىكىڭىز ۋە ئىقتىدارىڭىزنى ھەرگىز يوقىتىپ قويـ-*
*ماڭ. تەبىئىي تەرەققىي قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولـ-*
*ىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا «يول باشقا، مەنزىل باشقا» دېگەندەك*
*ئىش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، ھېچ ئىشتا نەتىجە قازانغىلى بولمايـ-*
*دۇ.*

*—— سىدنېي سمىت*

«ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى بولىدۇ، —
دېگەنىدى ئاتمىس ۋارد، — بەزى كىشىلەردە ئۇنداق ئالاھىدىلىك
بولسا، بەزى كىشىلەردە مۇنداق ئالاھىلىك بولىدۇ. يەنە بەزى
كىشىلەر بولسا كۆن بويى لاغايلاپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدـ-
ىلىكى ھېچ ئىش قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

مەن ئالاھىدىلىكىمگە ئەڭ ماس كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىشـ-
قا ئىككى قېتىم ئۇرۇنۇپ باققان. تۇنجى قېتىم مەن چېدىرىمنى
كېسىۋېتىپ ئۆملەپ كىرگەن بىر ئەبلەخنى تازا دۇمبالىماقچى
بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا: ‹بولدى، ئەپەندى، چىقىپ كېتىڭ.
بولمىسا، مەن سىزگە ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويىمەن› دېدىم.
ئۇ: ‹كېلە قېنى، ھارامزادە› دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ
باردىم، لېكىن ئۇ بېشىمنى تۇتۇۋېلىپ بىر كۈچەپ ئىتتىرىۋەـ-
دى، چېدىرنىڭ سىرتىدىكى چىملىققا يىقىلىپ چۈشتۈم. ئارقىدـ-
ىن ئۇ مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى، كېيىن پاتقاق ئۆرلەپ تۇرغان
سۇغا تاشلىۋەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يىرتىلغان كىيىملىدـ-
رىمگە قاراپ، مۇشتلىشىش مېنىڭ ئالاھىدىلىكىم ئەمەسلىكىنى
چۈشەندىم.

مەن بىر مەزگىل ئۆزۈمنىڭ سېرك ئۆمىكىدە ئىشلىيەلىدـ-
شىمگە ئىشىنىپ يۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ
سېرك ئۆمىكىگە باردىم. مېنىڭ كەينىمدە ئىككى ئات، ئالدىمدا
ئىككى ئات بار ئىدى. لېكىن، ئارقىدا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان
ئاتلار مېنى تېپىشكە ھەم توختىماي كىشنەشكە باشلىدى، پۇتلىدـ-
رىنى تېپىرلىتىپ زادىلا گېپىمنى ئاڭلىمىدى. نەتىجىدە، مەن
قورسىقىم ۋە دۈمبەمگە بىرنەچچە تېپىك يەپ، باشقا ئاتلارنىڭ
ئارىسىغا كىرىپ قالدىم. مەن ئاغرىققا چىدىماي خۇددى كورسىدـ-
كالىق ياۋايى ئادەملەردەك قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىم. كىشىلەر

مىنى ئاتلارنىڭ ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، مېھمانخانىغا
يۇدۇپ ئېلىپ باردى. مەن بېشىمنى تىكىشۈپتىپ زەئىپ ئاۋازدا
ئۆزۈمگە: ‹ يىگىت، قارىغاندا ھېلىقى ئاتلارنى ھەيدەش سېنىڭ
قولۇڭدىن كەلمەيدىكەن›، دېدىم.

بۇ ئىشلار شۇنى چۈشەندۈردۈكى، قولىڭىزدىن كەلمەيدى-
غان ئىشقا ھەرگىز ئېسىلغۇچى بولماڭ؛ ئەگەر ئۇنى قىلسى-
ڭىز، خۇددى پاتقاق ئىچىدە تىركەشكەندەك ھالەتكە چۈشۈپ
قالغانلىقىڭىزنى بايقايسىز، ئەلۋەتتە بۇ بىر سىلىشتۇرمىدىنلا
ئىبارەت. »

* * *

تۆۋەندىكى بىر ئېلان ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر
گېزىتكە بېسىلغان، بۇ ئېلان نادانلارچە ئىشلەنگەن خىزمەت
ئىزدەش ئېلانلىرىنىڭ تىپىك مىسالى، دېيىلگەن:

«خىزمەت ئىزدەيمەن: باسمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ خىزمەت
ئورنىنى ئىزدەيمەن، باسما ـ نەشرىيات شىركىتىنىڭ ھەرقانداق
بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىيەلەيمەن. قوبۇل قىلىشنى خالاي-
دىغان ھەرقانداق كەسپىي ساھەنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى
قوبۇل قىلىشنى خالايمەن. يەنە بېزەك رەسىم ۋە يېزىقچىلىقتىن
دەرس بېرەلەيمەن، بۇنىڭدىن سىرت جۇغراپىيە، ئۆچ بۆلۈڭلۈق
ئۆلچەش ۋە باشقا نۇرغۇن پەنلەردىن دەرس بېرەلەيمەن. مەن
غەيرىي كەسپلەر بىلەن ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە. كىچىك
دائىرە ئىچىدە خانىملار ۋە ئەرلەرنىڭ ئىلاھىيەت بىلىملىرىنىڭ
تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلالايمەن. چىش دوخ-
تۇرى ياكى پۇت كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا،
پېقىر ئاز تېپىلىدىغان ياردەمچى. مەن يەنە ناخشا ـ مۇزىكا
ئۆمىكىنىڭ تۆۋەن ئاۋازلىق ياكى يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچىسى
بولۇشنى تولىمۇ خالايمەن. »

بۇ ئېلاننىڭ ئاخىرىغا مۇنداق بىر قۇر خەت يېزىپ قويۇل-



غان: «قوشۇمچە: ئىش ھەققى تۆۋەنرەك، ئادەتتىكى سەۋ-
يىدىكى ياغاچ ھەرىدەش خىزمىتىنىمۇ قوبۇل قىلىشنى خالاي-
مەن.» لېكىن، بۇ سۆز ئۇنىڭ دەرھال خىزمەتكە ئېرىشىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي،
دەرۋەقە بۇ ئېلان گېزىتتە قايتا كۆرۈنمىدى.

* * *

پەۋقۇلئاددە ئەقىللىقلىقىڭىز دەل سىزنىڭ تالانتىڭىزدۇر،
شۇنداقلا سىزگە ھەقىقىي مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپ سىزنىڭ
خاراكتېرىڭىز ۋە تالانتىڭىزنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر
سىز ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇننى تاپالىسىڭىز، شۇ
خىزمەتنىڭ ئۆزى سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى تولۇق ھەم ئومۇم-
يۈزلۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ.

مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئىمكانقەدەر ھازىر ئەڭ زور
دەرىجىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان نەق تەجرىبىنى تاللاش، شۇنىڭ-
دەك ئۇنى ئۆز خاراكتېرى ۋە قىزىقىشىغا ماس كېلىدىغان كە-
سىپ بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنداق بولغاندا، سىز كۆ-
ڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە ئۆزىڭىزدە بار
بولغان بىلىم ۋە ماھارەتنى جارى قىلدۇرالايسىز. مانا بۇ ئۆزى-
ڭىزدىكى كاپىتالدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىڭىزدۇر.

كەسىپ تاللاش جەھەتتە، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش لازىم. سىز ئۇلۇغۋار ئىرا-
دە بىلەن ئۆز ئىشىڭىز ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش جەريانى-
دا، ئىشلار داۋاملىق ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، چوقۇم كۆڭۈل-
گە ياقمايدىغان ئىشلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.
ئائىلىدىكىلەر ۋە دوست ـ يارانلارنىڭ قارشى تۇرۇشى، باشقا
بەختسىزلىك ۋە زەربىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى
ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا،
سىز بەزى چاغلاردا ئۆزىڭىز قىزىقمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقىمۇ

مەجبۇر بولىسىز. لېكىن، بىر شەخسنىڭ قەلبىگە جۇغلانغان
قىزغىنلىق ئۇزاق مەزگىل قايناپ تۇرغان ۋولقانغا ئوخشاش
ئاخىرى شىددەت بىلەن پارتلاپ، ناتىقلىق، مۇزىكا، سەنئەت ۋە
ئۆزى خۇشاللىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپتە توسالغۇسىز
ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەلۇم جەھەتتە «سىز مەڭگۈ تولۇق ئىستېداتقا ئىگە بولۇ-
شىڭىز مۇمكىن ئەمەس» دېگەن خىيالدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.
بىلىش كېرەككى، تەڭرى ئۆزىنىڭ چالا ياساپ قويغان مەغلۇبى-
يەتچى ئەسەرلىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا غۇم
ساقلايدۇ. شۇڭلاشقا، مۇكەممەل بولمىغان ئىستېداتنىڭ تەڭرى-
نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى، شۇنىڭدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى
ناھايىتى قىيىن.

ئەگەر بىز ماتېتىۋ ئانودنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلىدى-
غان بولساق، ئۇنداقتا موزدۇزلار ئىچىدىن ناپولېئون، تازىلىق
ئىشچىلىرى ئىچىدىن ئالېكساندىر، شۇنداقلا قانۇننى زادىلا بىلـ-
مەيدىغان قارا قورساقلار ئىچىدىن ئادۋوكاتلار چىقىپ قېلىشى
مۇمكىن.

* * *

دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ يېرىمى دېگۇدەك ئۆزىنىڭ تۇغما
قابىلىيىتى بىلەن سىغىشالمايدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنى-
دۇ، بۇ خۇددى بارلىق كىشىلەرنىڭ تەرتىپى پۈتۈنلەي قالايمىقان
ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، بىرى ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك ئورۇنغا
باشقا بىرىنىڭ ئولتۇرۇۋالغىنىغا ئوخشايدۇ. پىرىكازچىك ئوقۇت-
قۇچىلىق قىلماقچى بولىدۇ، تۇغما ئوقۇتقۇچى بولسا ماگىزىن
تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ دېھقان بولۇشقا مۇۋاپىق كېلىدى-
غان ئادەم قانۇندىن قالايمىقان پايدىلانماقتا ۋە ئۇنى دەپسەندە
قىلماقتا، چوئات ۋە ۋېبىستتەك كىشىلەر بولسا، بارغانسېرى
خارابلىشىۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرماقتا. شۇنداق



قىلىپ، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان ئىشلار-
نى قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆچلۈك دە-
رىجىدە تونۇپ يەتمەكتە. گرېك تىلى بىلەن لاتىن تىلىنى قېتىر-
قىنىپ ئۆگىنىۋاتقان بالا زاۋۇتتا ھەر كۈنى ئېغىر ئەمگەك بىلەن
ئاۋارە بولماقتا، ئەسلىدە خۇشاللىق بىلەن دېھقانچىلىق ياكى
ماتروسلۇق قىلىشقا تېگىشلىك مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن باللار
بولسا، ئالىي مەكتەپلەردە ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان تاپشۇرۇق ۋە
دەرسلەر بىلەن بەند بولماقتا. ئەسلىدە رېشاتكا سىرلاشقىلا مۇۋا-
پىق كېلىدىغان كىشىلەر بولسا رەسىم سىزىدىغان رەختكە قاغا
سىزىدىغان «سەنئەتكار» بولۇپ قالماقتا. پەشتاختىدا تۇرغان
پىرىكازچىكنىڭ مېتىر، ھېساب دېگەنلەرگە ئازراقمۇ رايى يوق،
شۇڭا خۇشياقمىغان ھالدا خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، باشقا خىزمەتلەرنى خىيال قىلماقتا.

بىر ياخشى موزدۇز ئۆز رايونىنىڭ گېزىتىدە بىرنەچچە
مىسرا شېئىرىنى ئېلان قىلىۋىدى، دوستلىرى ئۇنى شائىر دەپ
ئاتاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى پىششىق كەسىپنى تاشلاپ،
بۇرۇن تۈزۈك تۇتۇپ باقمىغان قەلەمنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.
باشقا بەزى موزدۇزلار پارلامېنتتا سان توشقۇزۇپ تۇرماقتا،
بىراق ھەقىقىي سىياسىئونلار بولسا، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن
مەشغۇل بولماقتا. دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا تۇغما
تالانتى يوق كىشىلەر كېكەچلىگەن ھالدا ۋەز ئېيتماقتا، بىتچېر
ۋە ۋايتفىردەك كىشىلەر بولسا، تىجارەت سورۇنىدا ئىشلىرى
كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقان ماگىزىن خوجايىنلىرىدىن بولۇپ
قالدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىچى پۇشىدۇ: نېمە ئۈچۈن بەزى
كىشىلەر ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلمايدى-
غاندۇ؟ زېرەك، قولى ئەپچىل، سايمانلارنى ئىشلىتىشنى ياخشى
كۆرىدىغان بىر بالا غەيرەت قىلىپ ئالىي مەكتەپكە چىقىدۇ -
دە، شۇنىڭدىن باشلاپ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، «ئەڭ شەرەپ-

لىك ئۇچ كەسىپ» نىڭ بىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەقىقىي
چىش دوختۇرى بولالايدىغان ئادەم كۆن بويى پالتا ـ پىچاق بىلەن
ھەپىلىشىۋاتقان چاغدا، قاسساپلار دوختۇرغاندا كىشىلەرنىڭ
چىشىنى يۇلىدۇ. تەلىيىمىزگە:

تەقدىر بەلگىلەر قىسمىتىمىزنى،
پۈتكەندۇر بارار مەنزىلىمىزنى.

* * *

فرانكلىن مۇنداق دېگەنىدى: «قولىدىن ئىش كېلىدىغان
كىشىنىڭ ئۆز ئىگىلىكى بار بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆز ئارتۇقچە-
لىقىغا مۇناسىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا، بۇ ئۇنىڭغا مەنپە-
ئەت ۋە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. تىك تۇرغان دېھقان
يۈكۈنۈپ تۇرغان ئاقسۆڭەكتىن كۆپ يۇكسەكتۇر.»

بىر كىشىنىڭ كەسپى باشقا ھەرقانداق ئىشقا سېلىشتۇرغان-
دا ئۇنىڭ ھاياتىغا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر
كىشىنىڭ كەسپى ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭ، بەدىنىنى قا-
ۋۇل، تەپەككۇرىنى ئۆتكۈر قىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەنلىكلىرى ۋە
بىر تەرەپلىمىلىكىنى تۈزىتىپ، ئىجاد ـ ئىختىرا قىلىش تالانـ
تىنى ئۇرغۇتىدۇ؛ كەسپى ئۇنى ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدى-
غان، ئاكتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىدۇ، ئىنتىلىشچانلى-
قىنى قوزغىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكى-
نى، شۇڭا ئۆزىگە ھەقىقىي مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇندا تۇرۇ-
شى، ھەقىقىي ئىنسان تاماملاشقا تېگىشلىك بولغان خىزمەتنى
ئورۇندىشى، ھەقىقىي ئىنسان زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك
مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، شۇنداقلا ھەقىقىي ئىنساننىڭ
باتۇرلۇقى ۋە شىجائىتىنى نامايان قىلىشى لازىملىقىنى ھېس
قىلدۇرىدۇ. ئەگەر بۇنداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسا،
ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.
قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىشى يوق ئادەمنى مۇكەممەل ئىنسان



دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ خىزمەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەيسەر خاراك-
تېرىنى نامايان قىلالمايدۇ. يۇز ئەللىك قاداق كېلىدىغان مۇس-
كۇل بىلەن ئىسكىلىتىنىڭ ھەقىقىي ئادەمنى ھاسىل قىلالىشى
مۇمكىن ئەمەس، بىر يوغان كاللىمۇ بىر ھەقىقىي ئىنسان
بولالمايدۇ. ئىسكىلىت، مۇسكۇل ۋە كاللىنى بىرلەشتۇرۇپ،
ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەتنى قانداق تاماملاشنى بىلىپ،
ساغلام ۋە مۇكەممەل تەپەككۇر قىلىپ، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشى-
مايدىغان بىر يولنى ئېچىپ، غايەت زور بېسىم ۋە مەسئۇلىيەتكە
باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرىش لازىم، پەقەت شۇنداق قىلغان-
دىلا، ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقىي يارانقىلى، ئۆزىنى كاتتا ئىشلارنى
قىلالايدىغان كىشىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

* * *

تىرىشىپ ئىشلەش، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنىڭدەك بوشاشماي
قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، چىدامىلىق بولۇش مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىشنىڭ ئىككىنچى ئالدىنقى شەرتى. ئادەتتىكى شارائىتتا، بۇ
ئىككى ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىغان، شۇنىڭدەك ئومۇمىي سا-
ۋاتقا ئىگە كىشىلەر ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدۇ.

بىردىنلا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشنى، ئامىتى كېلىپ
تېز ئۆسۈشنى جايىدا ئولتۇرغان پېتى كۈتمەسلىك لازىم. ئۆز
خىزمەت ئورنىدا ئىشنى مۇكەممەل ئىشلەش، ئۇزلۇكسىز تېخى-
مۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش لازىم. ئىلگىرى زادىلا تولۇق-
لاپ باقمىغان كەمتۈكلۈك ۋە بوشلۇقنى تولدۇرۇش لازىم.
تېخىمۇ كەسكىن جاسارەتكە ئىگە بولۇش، زېھنىنى تېخىمۇ تو-
لۇقلاش، پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ ئىنچىكە قىلىش، باشقىلارغا
تېخىمۇ ئەتراپلىق، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش، ئىشلارنى كە-
سىپداشلار ۋە ئالدىنقىلارغا باققاندا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى
قىلىش لازىم. ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنى داۋاملىق تەت-

قىق قىلىشىڭىز، يېڭى ھەرىكەت شەكلىڭىزنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىشىڭىز، شۇنداقلا خوجايىنىڭىزغا ئۈنۈملۈك، ئەمەلىي ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەكلىپلەرنى بېرىشىڭىز لازىم. ئاچقۇچ — خىزمەتتە قانائەتلىنىش تۇيغۇسىغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكىڭىز، ئۆز خىزمىتىڭىزنى تاماملاش - تاماملىيالماسلىقىڭىزدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىشنى مۆلچەردىكىدىنمۇ ياخشى قىلىپ، خوجايىنىڭىزنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا ئۆزىڭىزنى ماختايدىغان قىلىۋېتىشىڭىزدىدۇر. شۇنداق بولغاندا، سىز تەبىئىي ھالدا ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز، بۇ جاۋاب دەل تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇن ۋە تېخىمۇ كۆپ مائاشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئىشسىز بولۇپ قالغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم تاپقان يۇزلۇك خىزمەتنى قوبۇل قىلىشىڭىز، ئۆز قابىلىيىتىڭىز بىلەن خىزمەت ۋەزىپىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بەك ھېسابقا ئېلىپ كەتمەسلىكىڭىز لازىم. ئەگەر سىز خىزمەت جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغانلىقىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز، شۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز، تېخىمۇ ياخشى خىزمەت ناھايىتى تېزلا سىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

* * *

بىزنىڭ كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە، نېمىنىڭ توغرا تۇرمۇش نىشانى ئىكەنلىكى گويا بارغانسېرى تۇتۇقلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر سىز زۇلۇ ياكى بىدۇئىنلارنىڭ ئەۋلادى بولسىڭىز، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تەس ئەمەس. ياۋايى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ ھاللاردا باشقىچە تاللاش بولمايدۇ، ئەمما ئادەم بىرقەدەر مەدەنىيەتلىك بولغان ئالىي باسقۇچقا تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى چۈشىنىپ يەتكەن



چاغدا ھايات نىشانىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق تىكلەش بارغانسېرى قىيىنلىشىدۇ. كەسكىن ئىجتىمائىي رىقابەت جەريانىدا، بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھايات نىشانىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق بېكىتىش - بېكىتەلمەسلىكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ زېھنىي كۈچ ۋە قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش - قىلماسلىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قارىماققا زور ئىستىقباللىق ساھە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى قالايمىقان ئىشلەتسە، ئۆز نىشانىنى قالايمىقان بېكىتسە، بۇ كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە زامىن بولىدۇ.

گلادستون مۇنداق دېگەنىدى: بىر ئادەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان خىزمەت ۋەزىپىسى چەكلىك بولىدۇ، جىسمانىي ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ئوخشاشلا شۇنداق بولىدۇ. گلادستون ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم ئىدى، ئۇ زېھنىي كۈچىنى ئۆزى ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن زادىلا زايە قىلمايتتى.

«ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى بايقىغان كىشى تەلەيلىكتۇر، — دېگەنىدى كارلىل، — ئۇ باشقا تەلەيگە موھتاج بولمايدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن كەسپى، بىر ئۆمۈرلۈك ماكانىمۇ بار بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نىشانىنى تېپىۋالىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ نىشانىنى قوغلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.»

كەسىپ تاللىغان چاغدا، ئۆزىدىن قانچىلىك پۇل تاپالايدىغانلىقى ياكى قانچىلىك زور ئابرۇيغا ئېرىشىدىغانلىقىنى سورىماسلىق، بەلكى قايسى خىزمەت ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى سوراش لازىم. سىز ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىلالايدىغان، كەلگۈسىدە نەتىجىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان كەسىپنى تاللىشىڭىز كېرەك. سىزگە كېرەكلىكى پۇل، مەرتىۋە ۋە نام - ئاتاق

ئەمەس، بەلكى بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي كۈچى ۋە مەزمۇنىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. ئۆز - ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىر مۇكەممەل ئادەم بولۇش پۇل ۋە بايلىققا ئېرىشكەندىنمۇ مۇھىم، نام - ئاتاق ۋە مەرتىۋىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر. خاراكتېر ۋە پەزىلەتمۇ كەسپىنىڭ ئۆزىگە باققاندا تېخىمۇ قىممەتلىك.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى ۋە تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولسا، تىرىشىش جەريانىدا ئاشكارىلانغان ئاجىزلىقلىرىنى ئاڭلىق ھالدا تۈزىتىشى كېرەك. قولىنىڭ ھەرىكىتى مۇلايىم، نەپىس، تەمكىن ھەمدە كەسكىن ۋە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. كۆزى ئۆتكۈر ۋە سەزگۈر، روشەن بولۇشى كېرەك. قەلبى شەپقەتلىك ۋە مۇلايىم، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ھەم سەممىي، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. خاتىرە كۈچىنى دائىم چېنىقتۇرۇپ، ئۇنى ئىنچىكە ۋە توغرا، كۆرگىنىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل قىلىش كېرەك.

* * *

بۇ دۇنيا سىزنىڭ چوقۇم مەلۇم كەسپىنىڭ ئادىمى، مەسىلەن، ئادۋوكات، دىپلوماتىيە ئەلچىسى، دوختۇر، دېھقان، ئالىم ياكى سودىگەر بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلغىنى يوق؛ ئۇ يەنە كەسكىنلىك بىلەن سىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىر خىل ئادەم بولۇشىڭىزغا بۇيرۇق قىلغىنىمۇ يوق. لېكىن، ئۇ سىزدىن ئۆزىڭىز تاللىۋالغان كەسىپكە پىششىق بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىي ساھەسىدە تەنها كەسىپكار بولسىڭىز، دۇنيا سىزنى ئالقىشلايدۇ، بارلىق دەرۋازىلار سىز ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. لېكىن، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆز كەسپىدە ئۇجمە كۆڭۈللۈك قىلىشىغا، يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشىغا ياكى پايدىسى يوق ئىشلارنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. رۇسسو مۇنداق دېگەنىدى؛ «ئەگەر بىر ئادەم ياخشى تەربى-



يىگە مۇيەسسەر بولغانلىقى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىشنى بىلسە، تاللىۋالغان ساھەسى ئۇنى تېنىتىۋەتمەيدۇ، جانىنى ئالغۇدەك چارچىتىۋەتمەيدۇ. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم كەلگۈسىدە ھەربىي، ئوقۇتقۇچى ياكى ئادۋوكات بولسۇن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. تەقدىر پېشانىمىزگە پۈتكەنىكەن، ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شەخسىي كەسپىي ھاياتىمىزنى تاماملىشىمىز كېرەك. مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن بارلىق تەلىمىم: تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، دېگەندىن ئىبارەت. مەن ئۇلارغا بولغان تەلىمىمنى تاماملىغان چاغدا، ئۇلار ھەربىي، ئادۋوكات ياكى دىن تارقاتقۇچى بولمىغان بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ئېگىز - پەس قىلىپ، ئۇلارنى جەمئىيەتتە تېنىتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ھامان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى تاپالايدۇ.»

تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە ئومۇمىي ساۋات كىشىلەرنى ئالغا يېتەكلەيدىغان مىزان. سىز بايلىق، ئوقۇش تارىخى، ئائىلە نەسەبى، ئىقتىدار، توغما قابىلىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە بارلىق ئەۋزەل شارائىتلارنى ھازىرلىغان تەقدىردىمۇ، ئومۇمىي ساۋات ۋە مۇناسىپ جاھاندارچىلىق ماھارىتىگە ئىگە بولمىسىڭىز، ئاددىي، چاكىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز. نۇرغۇن كىشىلەر ھەر تۈرلۈك ئۇنۋان، گۇۋاھنامىلارغا ئىگە بولسىمۇ، قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە، ئەمەلىيەتچىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئارقىدا قېپقالىدۇ. بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزدە ھەربىر ئادەمدىن سورىلىدىغان سوئال «سىز نېمىنى بىلىسىز؟» ياكى «سىز كىم؟» ئەمەس، بەلكى «سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟» ۋە «سىز نېمە ئىش قىلالايسىز؟» دېگەندىن ئىبارەت.

ئەنگلىيە شائىرى گېئورگې خېربېرت: «بىزنىڭ نېمىلە-

كىمىزدىن بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىز مۇھىم» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقانىدى. ئەگەر بىر نىشانىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتكە، شەخسىنىڭ شان - شەرىپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى ياكى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشىغا قارىتا گۇمان مەۋجۇت بولسا، بۇ نىشاندىن ۋاز كېچىش كېرەك. خاتا نەرسىنى پەردازلاپ، قارىماققا ئۇنى ناھايىتى توغرا نەرسىدەك قىلىۋېتىش ھۈنىرى ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك يامراپ باقمىغان. بۇ بىر خىل ئىنتايىن غەلىتە ھادىسە. ئەگەر بىر ئادەم ئەمەلىيەتنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭ ئىنچىكە ھېسابلىغان ئاقىلانىلىقى تەبىئىي ھالدا ھەق - ناھەق كۆزقاراشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ! بىر مەشھۇر ئالىم مۇنداق دېگەنىدى: بىر ئادەم روھىي جەھەتتىكى بەزى بەدەللەرگە بەرداشلىق بەرگەن ھەمدە بۇ جەھەتتە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئىدراكقا تايىنىپ، ئۆزىنى ئىلگىرى ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان يۇز - خاتىر قىلىش ۋە غۇرۇر توغرىسىدىكى كۆزقاراشلاردىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلىدۇ.

شۇڭا، قاتتىق جەلپكارلىقتا ئىگە كېلىچەك كۆز ئالدىدا نامايان بولغان چاغدا، بىر ئادەم ھەمىشە ئىنتايىن زور ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرايدۇ، يەنى ھەر ئاماللار قىلىپ خاتا قىلمىشنى توغرا كۆرۈنىدىغان قىلىشنى ئويلايدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئەخلاقسىز مەقسەتنىڭ ئىچىدە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇرۇقى ساقلانغان بولىدۇ. رېئاللىقتىن قارىغاندا، بۇنداق مەغلۇبىيەت ئەمەلىيەتنىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا مەنىۋى جەھەتتىكى بەدەل بولۇپ قالىدۇ.

* * *

ھەربىر كىشى مەلۇم شەكىل بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا لايىقلىشىدۇ. لېكىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا، يەنى بىز تالانتلىق دەپ ئاتايدىغان كىشىلەرلا ناھايىتى كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ئور-



نىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىدۇ.

ستۇل خانىم ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياشتىكى قىزچاقلار تېخى لاتا قونچاق ئويناپ يۈرگەن چاغلاردا، سىياسىيغا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ كەتكەن. مۇزارت تۆت ياش ۋاقتىدا رويال بىلەن ھەپىلىشەتتى ۋە ئۇنى چالاتتى، كىچىك مۇزىكىلارنى ۋە ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن باشقا بەزى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغانىدى. كالمېنس تولىمۇ كىچىك چېغىدا تۇرقى جىددىي، گەپ-سۆزلىرى سەممىي، قىزغىن ئىدى، بوۋاقنىڭ ھۇجرىسىدا كىچىك ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ نۇتۇق سۆزلەشكە باشلايتتى. گېيتى ئون ئىككى يېشىدىلا تراگېدىيە يېزىشقا باشلىغانىدى. گراۋخېۋس ئون بەش ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. پوپې «تىلى چىققان چاغدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان». چاتتېرتون ئون بىر يېشىدا مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازغان، كاۋرى ئون ئالتە يېشىدا ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. توماس لاۋرېنس بىلەن فرانكلىن ۋېست ئەمدىلا مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقاندا رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. رېست ئون ئىككى يېشىدا ئاشكارا ئويۇن قويغان. كانوۋا بالا ۋاقتىدىلا لايدىن قېلىپ ياسىغان. باكۇن ئون ئالتە يېشىدا ئارىستوتېل پەلسەپىسىدىكى كاۋاكلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ناپولېئون بورنىودا ئۇرۇش قىلغاندا «ھەربىي داھىي» بولۇپ بولغانىدى.

بەزىلەر ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆزلىرىنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان، كېيىنكى ھاياتىدا ئۇلار بۇ يۆنىلىشكە قاراپ پائال تەرەققىي قىلغان. لېكىن، بۇ كىشىلەردەك كىچىك چېغىدىلا تالانتىنى نامايان قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىساللاردىن باشقا، بىز مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزىمىزنىڭ تالانتى ۋە ئالاھىدە

ئارتۇقچىلىقىمىزنى بايقىشىمىز لازىمكى، قىزىقىشىمىز ۋە تالانتىمىزنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىپادىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك. بىر كىشىنىڭ هاياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ تالانت ۋە ئارتۇقچىلىقىنى بايقاش ئالتۇن كېنىنى بايقىغاندىنمۇ بەكرەك مۇهىمدۇر.

* * *

«مەن سېنى پوپ بولۇشتىن توسۇۋاتقىنىم يوق، — بىر ئېپىسكوپ بىر ياش پوپقا شۇنداق دېگەن، — بەلكى تالانتىڭ سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭنى توسماقتا.»

لوۋېل مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىمىزنىڭ توغما تالانتىمىزغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش كۆپىنچە هاللاردا بىهۇدە ئاۋارىچىلىك بولۇپ چىقىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆز ئالاهىدىلىكىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش تۈپەيلى غايىسى بەربات بولىدىغان، هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان كىشىلەرگە دائىر مىساللار سان ـ ساناقسىز.»

سىزنىڭ بارلىق قابىلىيەتلىرىڭىز تولۇق جارى قىلدۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. سىزنىڭ توغما قابىلىيىتىڭىز مىجەزىڭىزگە تامامەن ماس كېلىدىغان خىزمەت بىلەن ئۆزئارا بىرلەشكەندىلا، ئاندىن بۇ ئىشنى كۆڭلىڭىز بىلەن قولىڭىز ماسلاشقان هالدا ئىشلىيەلەيسىز؛ سىز خىزمىتىڭىزنى ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان هالدا ياخشى كۆرىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارمىسىڭىز بولمايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، سىز جەزمەن تېخى ئۆزىڭىزنىڭ هەقىقىي قىزىقىشىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تاپالمىغان بولىسىز. بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، مەلۇم باسقۇچتا سىز ئۆزىڭىز ياقتۇرمايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشىڭىز، شۇنىڭدەك بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرۈشىڭىز مۇمكىن، بىراق سىز بۇنداق هالەتتىن بالدۇرراق ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىڭىز لازىم. «موزدۇز



ئائىلىسىدىن چىققان پوپ» كايلور ۋەز ئېيتقاندا: «مېنىڭ كەسپىم ‹ئىنجىل›نى تەشۋىق قىلىش، موزدۇزلۇق بولسا پەقەت پۇل تېپىپ خەجلەش ئۈچۈن ئىدى» دېگەن.

* * *

ئەگەر سىزنىڭ توغما قابىلىيىتىڭىز بەزى ئاددىي ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋاپىق بولسا، چوقۇم ئاشۇ ئادەتتىكى ئىشلارنى باشقىلاردىنمۇ ياخشى قىلىشىڭىز لازىم. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆزگىچە خىزمەت ئۇسۇلىڭىزدىن پايدىلىنىپ، ئاددىي بىر ئىشنى بىر سەنئەتكە ئايلاندۇرۇشىڭىز كېرەك. زېرىكمەي ـ تېرىكمەي، قېتىرقىنىپ بىر ئاددىي خىزمەتنى بىر تۈرلۈك ئەهمىيەتلىك خىزمەتكە ئايلاندۇرۇشىڭىز لازىم. قانچە ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇددى بىر مۇقەددەس ئىشنى تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش ئىنچىكە تەتقىق قىلىش، يەنە بۇ خىزمەت ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بىلىم ۋە تەپسىلاتلارنى ئىمكانىنىڭ بارىچە ئۆگىنىۋېلىش لازىم. چوقۇم دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك، چۈنكى پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيەت كۆڭۈل بەرگەن كىشىلەرگە، نىشانىنى بېكىتكەن هامان ئېگىلمەي ـ سۇنماي شۇنىڭ كويىدا بولىدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ.

سىز ئۆز كەسپىڭىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشنى ئۈمىد قىلىدىكەنسىز، ئىشنى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىن باشلىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ كەسپىڭىزگە مۇناسىۋەتلىكلا بولىدىكەن، هەرقانداق ئىشتا بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان بولۇشىڭىز لازىم. بۇ نەرسىلەر ستورت ۋە جون ئاستېتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى: ئۆزى شۇغۇللانغان خىزمەت جەريانىدا، ئۇلار بارلىق تەپسىلاتلارغا پىششىق ئىدى.

مۇھەببەت نىكاھنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، مۇھەببەت بولغاندىلا ئاندىن نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل بوران - چاپقۇن ۋە ئەگرى - توقايلىقلىرى غايىب بولىدۇ؛ ئوخشاشلا، پەقەت كەسپكە قارىتا تولۇپ تاشقان قىزىقىش ۋە قىزغىنلىققا تولغان قەلب بولغاندىلا، ئاندىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر كەسپىي ھايات جەريانىدىكى بوران - چاپقۇنلاردا ئارقىغا چېكىنمەيدۇ، سودا ياكى باشقا ھەرقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئۇ غەلىبە قازانماي قويمايدۇ.

* * *

ئەنگلىيىلىك بىر مەشھۇر ئەرباب جىيەنىگە: «مېدىتسىنانى ئۆگەنمە، ئائىلىمىزدە جاننى ئويۇننىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان كالۋا دوختۇر زادىلا چىقىپ باقمىغان. سېنىڭ قارىغۇلارچە قىلغان ئىشىڭ ۋە نادانلىقىڭ بىمارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئادۋوكاتلىق كەسپىگە كەلسەك، مول تەجرىبىلىك ۋە سالماق، ئەستايىدىل كىشى ئۆز ھاياتى ياكى بايلىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىشنى تۇمشۇقىدىن ئوغۇز سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بىر شۇمتەكنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويمايدۇ، چۈنكى ياشلار تەجرىبىسىز بولۇپلا قالماي، يەنە ھەمىشە ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ بىلىپ، قولىدا خېرىدارىنىڭ ھايات - ماماتىدىن ئىبارەت چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ئەسلا تونۇپ يېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىنتايىن قىيىن. ئالدىنقى ئىككى كەسپ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پوپ بولغانلار ئاسان خاتالىق سادىر قىلىدۇ، مەسىلەن، دىنىي ئەقىدىلەرنى چۈشەندۈرۈش ياكى تەرغىباتتا خاتالىق سادىر قىلىدۇ، بىراق بۇنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئانچە روشەن بولمايدۇ، شۇڭا سېنىڭ بىر دىنىي خادىم بولۇشۇڭنى تەكلىپ قىلىمەن» دېگەن.

«بۇرۇن مەن بۇ دۇنياغا يارالغاندا مەلۇم بۇرچنى بىللە ئالغاچ كەلگەن دەپ ھېس قىلاتتىم. بىراق، ھازىر بۇ بۇرچنى



جەزمەن ئادا قىلىشىم كېرەك.» ۋېتتىنې بۇ سۆزنى قەلبىدىن چىقىرىپ ئېيتقان، ئۇ مەلۇم سىرلىق كۈچ ئۆزىنى يېتەكلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر تولۇپ تۇرغان كەسپلەر، مەسىلەن، ئادۋوكاتلىق، ئەدەبىيات، مېدىتسىنا، ئىلاھىيەت ئىلمى ياكى باشقا بەزى ساھەلەردە ھەقىقىي كۆرۈنەرلىك تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. تۇغما ئىنتىلىش، كەسپكە بولغان قىزغىنلىق، تەرسالىق ۋە مەستانىلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلىق ئامىللاردۇر.

مۇبادا بىر كىشى بىر كەسپنى تاللىۋېلىشى بوۋىسىنىڭ بۇرۇن بۇ ساھەدە ئىنتايىن يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكەنلىكى ياكى ئانىسى ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن بولسا، ئەمما ئۆزى بۇ كەسپنى ياقتۇرمايمەن ياكى ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيمەن دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇ يەنىلا ھەر كۈنى بىر - ئىككى دوللارغا ئىشلەيدىغان تراموۋاي شوپۇرى بولغىنى تۈزۈك. ئۆزى تاللىۋالغان ئاددىي كەسپتە، ئۇ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ ئەمما ئۇ ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان «ياخشى كەسپ»تە بىر ئىشنىمۇ توغرا قىلالماسلىقى مۇمكىن.

* * *

تېخى يېقىندىلا، توي قىلىش قىزلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىدى، بويتاق ئاياللار دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراشقا مەجبۇر ئىدى. گېرمانىيىلىك دراماتورگ لېسسىنگ: «ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشى خۇددى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ قىزىل پەلتوسىنى كىيىۋالغىنىغا ئوخشاش بىمەنە، كۈلكىلىك بولىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، نەچچە يىل ئۆتمەي، تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ئاكتىپ ئاياللار يۈرەكلىك ھالدا قەلەمنى قولغا ئالدىغان، كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇۋېلىشتى، بىراق ئۇلار كىتابنىڭ ئۈستىگە يىڭنە ئىشلىرىنى قويۇپ قويۇشتى، مېھمان

كەلگەن ھامان قولىدىكى كىتابنى قويۇپ قويىدىغان بولۇشتى.
دوكتور گېرىگورى قىزىغا: «ئەگەر سېنىڭ ئاز ـ پاز بىلىمىڭ
بولسا، چوقۇم ئۇنى مەخپىي تۇتۇشۇڭ، ھەرگىز ئەرلەرگە بىلـ
دۈرۈپ قويماسلىقىڭ لازىم. ئۇلار ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە،
ئەقىل ـ پاراسەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاياللارغا
ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ» دېگەن. ئەينى چاغلاردا، يېزىقـ
چىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاياللار بايقىلىپ قالـ
سا، گويا يېزىقچىلىق تولىمۇ سەت ئىشتەك، خىلمۇخىل ئامالـ
لار بىلەن بۇنى ئىنكار قىلاتتى.

لېكىن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىـ
رىشلەر يۈز بەردى. ئامېرىكىلىق ئايال پېداگوگ فرانسىس
ۋىللارد، بۇ ئەسىردىكى ئەڭ زور بايقاش ئاياللارنىڭ ئەقىل ـ
پاراستىنى بايقاشتۇر، دېگەنىدى. بىز ئۇلارنى ئازاد قىلدۇق،
قىزلىرىمىز ئۈچۈن نىكاھتىن سىرتقى كەڭ زېمىننى ئېچىپ
بەردۇق. بۇرۇن پەقەت ئوغۇل بالىلارنىڭلا ئۆز كەسپىنى تالالاش
ھوقۇقى بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ شۇنـ
داق قىلالايدىغان بولدى. بۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھەم شەرەپـ
لىك ئىلگىرىلەش دەل ئاياللارنىڭ تېخىمۇ زور ئەركىنلىككە
ئېرىشكەنلىكىدۇر. لېكىن، ئەركىنلىككە ھەمراھ بولىدىغان
مۇقەررەرلىك مەسئۇلىيەتتۇر. ئەھۋالدا غايەت زور ئۆزگىرىش
بولدى، ھەربىر قىز بالىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئېنىق
ئورنى ۋە تۇرمۇش نىشانى بولۇشى كېرەك.

دوكتور خوۋل دېگىنىدەك، بۇ دۇنيا مۇنداق قىزلارغا موھـ
تاج: «ئۇلار ئانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى قول ـ قانىتى بولۇپ،
ئۆي ئىچى بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەن چاغلاردا ھەممىنى رەتلەپ
جاي ـ جايىغا قويالايدىغان بولۇشى لازىم؛ ئۇلار ئانىسىدىن قالسا
ئۇكا ۋە سىڭىللىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇشى؛ ئاتىسى
ئۇلارنى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقىغىلا ئەمەس، قىلغان



ئىشىغا قاراپمۇ تەسەللى تېپىشى؛ ئاكىلىرى ئۇلارنىڭ پەقەت
ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، ئالاقە سورۇنلىرىدا ئۆزىنى كۆرستەـ
لەيدىغانلىقىدىنلا ئەمەس، باشقا جەھەتلىرىدىنمۇ پەخىرلىنىدىغان
بولۇشى لازىم. بۇلاردىن باشقا، بىز يەنە شۇنداق قىزلارغا موھـ
تاجمىزكى، ئۇلار ئۆزىگە خاس خاراكتېر ۋە قاراشقا ئىگە بولۇـ
شى كېرەك: ئۇلارنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشى ۋە ئۆلچىمى بار
بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلار ئۆز غۇرۇرىنى قەدىرلەيدۇ، شۇنىڭـ
دەك لەۋزىدە چىڭ تۇرالايدۇ؛ ئۇلار يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان
ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىۋېلىپ ئۈستۈۋېشىنى چاڭ ـ توزانغا
پۇركەپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ؛ ئۇلار دىققەتنى تارتىدىغان شىلەپىـ
لەرنى كىيىۋېلىپ تىياتىرخانىلاردا ئويۇن كۆرۈشنى ياكى پۈتىغا
مۇۋاپىق كەلمەي كۈلكىلىك كۆرسىتىپ قويىدىغان ئېگىز پاشنىـ
لىق ئاياغلارنى كىيىۋېلىپ كوچىدا ئايناقلاپ مېڭىشنى خالىمايـ
دۇ؛ ئۇلار بەزى قىزلارغا ئوخشاش ئىنتايىن قىممەت باھالىق
كىيىملەرنى كىيىپ، ھاماقەتلەرچە كۈلكىلىك بولغان ‹ئەڭ
يېڭى مودا› نى قوغلىشىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ.

بىز مۇنداق ئېسىل قىزلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز:
ئۇلار ساددا ۋە ئوچۇق كۆڭۈل، بىغۇبار ۋە ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق
كۆڭۈل ۋە شەخسىيەتسىز، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل؛
ئۇلار ئېغىر ـ بېسىق ھەم قائىدىلىك، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى
چۈشىنىشكە ماھىر؛ ئۇلار ھەر ۋاقىت ئائىلىسىنى بېقىش ئۈـ
چۈن جاپا چېكىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان دادىسىدىن خەۋەر ئېلىشنى
ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنى ئويلايدۇ، ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىگە
چىرايلىق كىيىم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېمەي ـ ئىچمەي ئۆتۈـ
ۋاتقان ئانىسىنى ئويلايدۇ، ئاشۇ قىزلار ئانىسىنىڭ ئىقتىساد
قىلغان پۇللىرىنىڭ بىر تىيىن ـ بىر تىيىنلاپ يىغىلغانلىقى
ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتە ھېسابلىق بولغانلىقىدىن كەلگەنلىكىنى
چۈشىنىدۇ؛ ئاشۇ قىزلار ھەر خىل چارە ـ ئاماللارنى ئىشلىتىپ

چىقىمنى تېجەيدۇ، قالايمىقان پۇل خەجلىمەيدۇ، ئۇلار ئائىلىسىگە خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ئېلىپ كېلىشنى خالايدۇ ۋە سەمىمىي ئۇمىد قىلىدۇكى، ھەرگىز راھەت - پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى قىلچە پايدىسىز يۈككە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى خالىمايدۇ.

بىز شۇنداق ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان قىزلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز: ئۇلارنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، ھېسداشلىق ھېسسىياتىغا باي، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا ھېسداشلىق ياشلىرىنى تۆكەلەيدۇ، قەلبىدە خۇشال ئىشلارنى ئويلىسا دەرھال چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يامراپ، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ. بىزنىڭ كۆپلىگەن ئەقىللىق قىزلىرىمىز، ئىستىبداتقا ئۇرغۇپ تۇرغان قىزلىرىمىز، پەم - پاراسەتلىك ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە باي قىزلىرىمىز بار. ھازىر بىز خۇشخۇي قىزلارغا، ئاق كۆڭۈل قىزلارغا، قىزغىن ۋە پاك قىزلارغا تېخىمۇ موھتاج. بۇ دۇنيادا يەنە مۇشۇنداق قىزلار يەنە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، قانچە ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھايات بىزگە يامان مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۈزۈك، ياڭراق ئاۋازى خۇددى تومۇز ئىسسىق يازدىكى چۈشتىن كېيىن ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش، بىزنىڭ روھىمىزنى سەگىتىپ، تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىمىز ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ.»

ئاياللار ھەققىدە بولار پاراڭلار،
بۇنىڭدىن نېرىغا كەتمەيدۇ تېما.
مەيلى كۆك، مەيلى يەر — ھەممىلا يەردە،
ئايالدىن خالىي جاي يوقتۇر ھېچ چاغدا.
مۇبادا بولمىسا ئايالالار زاتى،
ھېچ بۇرچنى ئىنسانلار قىلالماس ئادا.
ھېچقانداق بەخت يا قايغۇمۇ بولماس،



يا بولماس يوشۇرۇن پىچىر - پىچىرلار،
ھايات - مامات، كۆپىيىش بولماس زادىلا.

* * *

ئېمىرسون: «سىزگە كۆرسىتىپ بېرىلىدىغان خىزمەتلەردىن بەك كۆپ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەڭ ياكى ئۇلارنى بەك قالتىس بىلىپ كەتمەڭ» دېگەنىدى. پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئەرباب روسسېل سېئارچ مۇنداق دېگەنىدى: «يەككە - يېگانە، تەجرىبىسىز، شۇنىڭدەك ئارقا كۆرۈنۈشى يوق ياشلارنىڭ ئىش باشلىشىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل: ئالدى بىلەن مەلۇم خىزمەتكە ئېرىشىۋېلىش؛ ئىككىنچىدىن سۈكۈت قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن ئىنچىكە كۆزىتىش؛ تۆتىنچىدىن، سادىق بولۇش؛ بەشىنچىدىن، خوجايىنغا ئۆزىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش؛ ئالتىنچىدىن ئەدەپلىك، مەدەنىي بولۇش.» جون ۋوناماكېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەھەتتە ياشلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى: «ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇش، ئەخلاق - پەزىلىتى دۇرۇس بولۇش، ھەربىر تەپسىلاتقا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولۇش، كىشىلەر ئالدىدا كەمتەر بولۇش» تىن، ئەقىدە سۆزى: «بىر ئىشنى قىلىش» تىن ئىبارەت.

سىز تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ تۇغما قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز لازىم. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولسا، پەقەت ئۆزىگە بۇيرۇلغان كەسىپ ياكى تەڭرى بەرگەن مەسئۇلىيەتنى تىرىكچىلىك ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ. ھايات ئەسلىدە تېخىمۇ سەلتەنەتلىك ۋە يارقىن بولۇشى، ئىنسانلارمۇ ئەسلىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەزىمەت بولۇشى كېرەك. تەڭرى بىزگە بەرگەن تۈرلۈك قابىلىيەتلەر بىلەن ئەسلىدە تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ ياخشى، ھاياتىمىز تېخىمۇ مۇكەممەل، نەتىجىلىك بولۇشى كېرەك. لېكىن، سېلىشتۇرۇپ كۆ-

رىدىغان بولساق، پەقەت تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا ياشاش ۋە خىزمەت قىلىش قارىشى نەقەدەر چاكىنا ۋە ھاماقەتلىك ـ ھە! يەنە قانچىلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئۇلۇغ بۇرچ ئالدىدا تۇگۇلۇۋېلىپ، تۇرمۇشنىڭ كەڭرى مەنزىرىسىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۆزىنى جەمئىيەتكە ھەقىقىي پايدىلىق ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي، مۇكەممەل بىر ئادەم خۇددى قۇياش كۆك قەھرىدە زېمىنغا پارلاق نۇر چاچقاندەك، رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشى، پۈتۈن ئەتراپىنى خۇش پۇراققا تولدۇرۇشى لازىم!

ژان ئانگېلو ناھايىتى ياخشى يازغان:

بىلىمەن،
بولالمايمەن ھۆكۈمرانى پانى دۇنيانىڭ؛
مەن پەقەت ھەر ۋاقىت كۆرەلەيمەن،
ھەمدە بىر شادىمان قەلب بىلەن
تەڭرى بەرگەن بۇرچۇمنى تاماملايمەن.

— نە قىلسام خۇش پۇراق چاچارمەن دۇنياغا؟
جاۋاب شۇكى، خىزمىتىڭنى قىلساملا.
— ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىغان نۇرغۇنلار.
كەتتى بىراق نام - نىشانسىز ئۇيقۇغا.
— ھەي - ھەي، ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن،
قانداقلارچە سەن بۇلارنى بىلىسەن؟
— پەرىشتىلەر جەننەتتە يۈرىدۇ مەدھىيىلەپ،
مەدھىيىلەر گۈللەر كەبى ئېچىلدى،
ئىگە قىلىپ ئۇلارنى لايىق ياخشى جاۋابقا.



# ئالتىنچى باب

# زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش

ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر دەل نىشانى ئېنىق، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىدىغان كىشىلەر، ئۇلار تاكى ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغۇچە، بىرلا يەرگە «بىر بولقىدىن ـ بىر بولقىدىن» ئۇرۇۋېرىدۇ. بىلىم ۋە قابىلىيەت جەھەتتە «ئاجىز ھەم يېتەرسىز» بولغان، كەسپتە شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان كىشىلەر مەغلۇبىيەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كارلىل شۇنداق دېگەنىدى: «ئەڭ ئاجىز ۋە كىچىك ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، پۈتۈن زېھنىنى بىر نىشانغا مەركەزلەشتۈرسە، نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئەڭ كۈچلۈك ئادەم زېھنىنى چېچىۋېتىدىغان بولسا، ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.»

*تۇرمۇشىمىزدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىش، ئىرادىسىنى مەركەزلەشتۈرۈش — مۇپەسسەللىككە ئىگە بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، بوشاڭلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق بولسا، بىر خىل ناچار قىلمىش... ھەرقانداق ئىش بىزنى بىمەنىلىك ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالىسىلا، ياخشى ئىش بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ خىزمەتتە ئىشچان بولۇش، جاپاغا چىداپ تىرىشىش پەزىلىتىمىزنى كۈچەيتىدۇ.*

*— ئېمېرسون*

*ئەگەر بىر كىشى ھاياتىدا مەلۇم بىر نىشانغا — بىرلا نىشانغا ئىنتىلسە، ئۇنداقتا ھايات ۋاقتىدا ئۇ ئۆز مۇرادىغا يېتىشى مۇمكىن؛ لېكىن، ئۇ ھەممىلا ئىشنى ياخشى كۆرسە، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرسە، ئۇنداقتا ھەممىلا يەرگە ئۇرۇق چاچقاندەك، ئاخىرىغا كەلگەندە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ.*

*— ئوۋېن بېركستون*

*يېشىم چوڭايغانسېرى شۇنىڭدىن گۇمانلانمايدىغان بولدۇمكى: ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى، ئۇلۇغ ياكى ئادەتتىكى ئادەم بولۇشى شۇ كىشىلەرنىڭ ئىچكى كۈچىگە، يەنى ئېگىلمەس- سۇنماس ئىرادىسى ۋە جاسارىتىگە باغلىق بولىدىكەن. ھەقىقىي كۈچلۈكلەر، نىشان بەلگىلىگەندىن كېيىن، خۇددى بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە قاتناشقاندەك پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش لازىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.*

*— فوۋېل بېركستون*

«ئەيني چاغدا، فرانكفوردتا بىزنىڭ تەسىرىمىز تولىمۇ كىچىك ئىدى، — ياۋروپانىڭ 19 ـ ئەسىردىكى داڭلىق پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسى نانسېن روتخېئارت ئۆزى ۋە تۆت ئۆكىسى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق دېگەنىدى، — مەن ئەنگلىيە ماللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتىم. لېكىن، كېيىن چوڭ تىجارەت قىلىدىغان بىر سودىگەر ئۇ يەرگە كېلىپ، بازارنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى. ئۇ ھەقىقەتەن بەك قالتىس ئادەم ئىدى. ئەگەر ئۇ بىزنى مال بىلەن تەمىنلىسە، بىزگە بەك پايدىلىق بولاتتى. لېكىن، بىر قېتىم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇۋېدىم، ئۇ ماڭا مال ئەۋرىشكىسىنى كۆرسىتىشنى رەت قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ كۈنى سەيشەنبە ئىدى. مەن دادامغا: ‹مەن ئەنگلىيىگە بېرىپ مال ئەكەلمەكچىمەن›، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيشەنبە كۈنى يولغا چىقتىم. سەپەر داۋامىدا شۇنى بايقىدىمكى، ئەنگلىيىگە يېقىنلاشقانسېرى ماللارنىڭ باھاسى شۇنچە ئەرزانلىشىپ بارىدىكەن. مەن مانچېستىرغا بېرىپلا ھەممە پۇلۇمغا مال زاكاز قىلدىم، باھاسى ئىنتايىن ئەرزان بولدى، نەتىجىدە مەن بۇنىڭدىن جىق پۇل تاپتىم.»

ئۇ سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئىشنى ئاڭلىغان كىشى: «مېنىڭچە، سىزنىڭ بالىلىرىڭىز سودا ۋە پۇل تېپىشقىلا قىزىقىپ، تۇرمۇشتىكى باشقا مۇھىم نەرسىلەرگە پۈتۈنلەي سەل قارايدىغان بولۇپ قالسا بولمايدۇ، سىزمۇ جەزمەن بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايسىز» دېگەن.

«ئەكسىچە، مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېگەن روتخېئارت، — مەن ئۇلارنىڭ پەقەت جاپاغا چىدايدىغانلا

ئەمەس، يەنە يېتەرلىك ئەقلى بولۇشىنى، پۈتۈن جان ـ دىلى
بىلەن سودىغا بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ بەختكە ئېرىشىش-
نىڭ بىردىنبىر مۇساپىسى.»

«يىگىت، بىر ئىشنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، —
دېگەنىدى ئۇ بىر ياش هاراق ئېچىشنى ئۆستىمىسىغا، — سىز
هاراق ئېچىشتا چىڭ تۇرسىڭىز، چوقۇم لوندون بويىچە ئەڭ
ئۇلۇغ هاراق ئېچىتقۇچى بولۇپ چىقالايسىز. لېكىن، ئەگەر
سىز هەم هاراق ئېچىتماقچى، هەم بانكىر بولماقچى، هەم سودا
قىلماقچى، يەنە تېخى ياساش سودىگىرى بولماقچى بولسىڭىز،
ئۇنداقتا سىز ئاخىر هېچ ئىشقا مۇۋاپىق كەلمەي، بىر ئىشنىمۇ
باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز.»

ئاجىز ۋە يېتەرسىز بولماسلىق، ئۇستا هەم مەخسۇسلاشقان
بولۇش لازىم، بۇ بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەلىپى. بۇ جەمئىيەتتە ئىش
تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكە بولماقتا، مەخسۇسلاشقان ساهە-
لەر بارغانسېرى سەرخىللىشىۋاتقان دەۋردە، ئەگەر بىر كىشى
ئۆز زېهنىنى چېچىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت
قازىنالمايدۇ.

* * *

«مەن هامالىلىق قىلىپ باققان، ئۈچۈرلارنى خاتىرىلى-
گەن، گىلەم توقۇپ باققان، يەنە تېخى شېئىرمۇ يازغان.» بۇ
ئاشۇ ساهەلەردىكى ئىپادىسى ئادەتتىكىچە بولغان بىر لوندونلۇق-
نىڭ يازغانلىرى. ئۇ پارىژدىكى كونات ئەپەندىنى ئەسكە سالى-
دۇ. ئۇ «ئاز ـ تولا نامى بار يازغۇچى ئىدى، بوغالتىرلىق
كەسپىنى ئازراق بىلەتتى، بوتانىكىدىن سەل ـ پەل خەۋىرى بار
ئىدى، ئۇ يەنە ياخشى قەلەمچىسىنى قورۇشنى بىلەتتى.»

مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئەڭ زور پەرقى بىر
كىشىنىڭ قانچىلىك خىزمەت قىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ
قىلغان ئەهمىيەتلىك خىزمىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە. مەغ-



لۇپ بولغۇچىلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرسەتكەن تى-
رىشچانلىقى بىلەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەيتتى، بىراق
ئۇلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىر ياقتىن قۇرۇپ، بىر ياقتىن
بۇزۇشقا ئوخشاش بولۇپ، ئاخىرقى نەتىجە يەنىلا بىر دۆۋە خارا-
بىلىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ئۇلاردا ئۆز خىزمەت نەتى-
جىسىنى يوشۇرۇن پۇرسەتكە ئايلاندۇرىدىغان مۇۋاپىق مۇهىت
يوق. ئۇلاردا يەنە كىچىك مەغلۇبىيەتنى زور مۇۋەپپەقىيەت پۇر-
سىتىگە ئايلاندۇرۇش پۇرسىتى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى
يېتەرلىك ئەمەس، ۋاقتى كۆپ ئەمەس، بۇلار مۇۋەپپەقىيەتنىڭ
مىردىئان سىزىقلىرىدۇر. بىراق، ئۇلارنىڭ كۈچەپ هەرىكەتلەن-
دۈرۈۋاتقىنى هېچنېمىسى يوق دەستىگاه بولۇپ، ئۇنىڭغا هەقى-
قىي تۇرمۇش توردىكى بىر تال يىپمۇ سېلىنغان ئەمەس.

ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ بىرىدىن تۇرمۇش نىشانى ۋە غايىسى-
نىڭ نېمىلىكىنى سورايدىغان بولسىڭىز، ئۇ: «مەن تېخى ئۆ-
زۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىمنى تازا
بىلمەيمەن، ئەمما تىرىشچانلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ
ئاچقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مەن بىر ئۆمۈر سەممىيلىك
بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيمەن. مەن دائىم نېمىلەرگىدۇر ئېرى-
شىشنى ئويلايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ يەردە مەن شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، ئۇ خاتالاشتى.
ئەجەبا ئەقىللىق ئادەم ئالتۇن كېنى ياكى كۈمۈش كېنىنى تې-
پىش ئۈچۈن پۈتۈن يەر شارىنى ئوڭ ـ تەتۈر قىلىۋېتىشى
كېرەكمۇ؟ بىلىش كېرەككى، نىشانسىز هالدا هەمىشە هەر تە-
رەپكە باقىدىغان كىشىلەر ئاخىرى هېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.
ئەگەر بىزدە ئېنىق هەم كونكرېت كۆرەش نىشانى بولمىسا،
ئۇنداقتا قولىمىزغا كېلىدىغىنىمۇ ئېنىق ۋە كونكرېت نەرسە
بولمايدۇ. نىشان ئېنىق بولغان هالدا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلان-
غاندىلا، ئاندىن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. هەسەل هەرىسى

گۈلگە قونىدىغان بىردىنبىر ھاشارات ئەمەس، ئەمما ئۇ ھەسەل
يىغقۇچى بىردىنبىر ھاشارات. بىزنىڭ ياشلىق دەۋرىمىزدە قانـ
چىلىك بىلىم ئۆگەنگەنلىكىمىز ۋە جۇغلىغانلىقىمىزنىڭ كارايـ
تى چاغلىق، ئەمما بىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىمىزغا قارىتا ئېنىق
نىشانىمىز بولمىسا، ئۇنداقتا بىلىمنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ مۇـ
ھىت بىلەن ياخشى بىرىكەلمەيدۇ، بىلىمنىڭ ئۆزى ئىشلىرىمىزـ
نىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى پايدىلىق كاپىتالغا ۋە ئاساسقا ئايلىـ
نالمايدۇ.

* * *

ئىلزابىت ۋارد مۇنداق دېگەنىدى: «ئېنىق نىشانغا ئىگە بىر
ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچى نەقەدەر زور بولىدۇ ـ ھە!
مۇشۇنداق بولغاندا، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى مەنىگە ئىگە بولىدۇ،
ئۇنىڭ ئاۋازى، كىيىم ـ كېچىكى، چىراي ئىپادىسى ۋە ھەرىكىـ
تى بىراقلا كىشىلەرنى يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان قىلىدۇ.
مەن كوچىدا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يۈرۈۋاتقان، ئۆزىنى ئۆزى
بېقىۋاتقان ئاياللارنى بىر قاراپلا تونۇۋالالايمەن. ئۇلاردا بىر خىل
غۇرۇر ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، بۇنى ئىسكەـ
تىدىن كەتكەن كونا پەلتولار يوشۇرالمايدۇ، شۇنىڭدەك نەپىس
ئايالچە شىلەپىلەرمۇ ئىسپاتلىيالمايدۇ، ھەتتا ئاغرىق بەدەنمۇ
بۇنىڭدىن كەلگەن رەڭدارلىقنى تارتىۋالالمايدۇ.»
ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ماتروسنىڭ
ئىشلىرى زادىلا ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، ئۇ ئۆز نىشانىغا تېخىمۇ
يېتەلمەيدۇ.
«ئەڭ ئاجىز ۋە كىچىك ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، —
دېگەنىدى كارلىل، — پۈتۈن زېھنىنى بىر نىشانغا مەركەزلەشـ
تۈرسە، نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئەڭ كۈچلۈك
ئادەم زېھنىنى چېچىۋېتىدىغان بولسا، ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى باشقا
ئېلىپ چىقالمايدۇ. سۇ تامچىلىرى توختىماي تامچىلاپ ئەڭ



مەزمۇت تاشنىمۇ تېشىۋېتىشى مۇمكىن؛ شىددەتلىك دەريا ئېقىـ
نى يول بويى دولقۇنلاپ ئاقىدۇ، ئەمما ئارقىدا ھېچقانداق ئىز
قالدۇرمايدۇ.»
«كىچىك چېغىمدا مەن ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدىغان نەرسە
گۈلدۈرماما دەپ بىلەتتىم، — دېگەنىدى بىر ئەقىللىق پوپ،
— ئەمما، چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇنداق قىلالايدىغان نەرسە
چاقماق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇڭا، مەن تېرە تاراقشىتىدىغان
گۈلدۈرمامىغا ئەمەس، چاقماققا ئوخشاش بولۇشقا بەل باغلىدىم.
»
بىر ئىشنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم — بۇ ئىش ئاران
سەۋزە تېرىش بولغان تەقدىردىمۇ — بۇ ئىشنى ھەرقانداق كىشىـ
گە قارىغاندا ياخشى قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ بارلىق قان ـ
تەرىنى سەرپ قىلىپ ئەڭ ياخشى سەۋزىنى كۆڭۈل قويۇپ يېـ
تىشتۈرسە، ئۇنداقتا ئۇ «سەۋزە ئىلمى» نىڭ پىرى بولالايدۇ
ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.
كەسلەنچۈك ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەندىمۇ، ئالدى قىسمى
ئالدى تەرەپكە، كەينى قىسمى كەينى تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەيدۇ.
نىشانى تۇراقسىز، يۆتكىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى
كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ئەزەلدىن بۇنداق ئۇچمە
كۆڭۈل، تۇراقسىز كىشىلەرگە مەنسۇپ بولغان ئەمەس.
ئەگەر بىر ئادەم قەتئىي تەۋرەنمەي بارلىق زېھنى ۋە ئىرادىـ
سىنى ئىنتىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر خىل ئىشقا بېغىشلىيالىسا،
ئۇنداقتا ئۇ ھاياتىدا ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدۇ. ئوقنى تاشلىسا،
ئۇ بىر چېدىرنى تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ ئېتىلىدىغان
بولسا، كاۋچۇك تاختىنى تېشىۋېتەلەيدۇ. يېتەرلىك كۈچ قوـ
شۇلسا، ئوق تۆت ئادەمنىڭ تېنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.
قۇياش نۇرىنى بىر نۇقتىغا يىغسا، ئۇ قىش كۈنلىرىدىمۇ ئاسانلا
ئوت تۇتاشتۇرالايدۇ.

ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىدىغان، قەتئىي بوشاشمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار تاكى ئۆز ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقۇچە، بولقىسى بىلەن بىرلا ئورۇننى ئۇرۇۋېرىدۇ. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆز ساھەسىدە بىلمەيدىغىنى يوق، ئۆز نىشانىدىن تەۋرەنمەيدىغان، پۈتۈن جان ـ دىلى بىلەن ئىشلەيدىغان، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىدىغان كىشىلەردۇر. «يېتەرسىز ۋە مۇرەككەپ بولۇش» ئامېرىكىنىڭ كەسىپ ھاياتىدىكى بىر ئەجەللىك ئاجىزلىق. نۇرغۇن كىشىلەر دوگراس گرولدنىڭ بىر دوستىدەك، يىگىرمە تۆت خىل تىل بىلەن ئاددىي ھالدا سۆزلىشەلەيدۇيۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىر تىل بىلەن ئۆز كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

* * *

سىدنېي سمىت مۇنداق دېگەنىدى: «پەقەت بىر خىل كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنىلا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ كىتاب ئوقۇغاندا ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يېتىش، تاماق ۋاقتىنى ئىككى سائەت ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىشتۇر. مەسىلەن، لىۋىرنىڭ تارىخ كىتابىنى ئوقۇۋاتقاندا، غازىنىڭ پايتەختىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاقاقلاۋاتقانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاش، ئارمىيىگە ئەگىشىپ ماڭغان كىچىك تىجارەتچىنىڭ رىم چەۋەندازلىرىنىڭ ئۈزۈكلىرىنى تېرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ تۆمۈر قوتىسىغا سېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولۇش كېرەك. سىز كىتاب ئوقۇغاندا، ئۆزىڭىزنى راستىنلا ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشىڭىز لازىم. بۇ چاغدا بىركىم ئىشىكنى چېكىپ قالغۇدەك بولسا، سىز بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن ئېسىڭىزگە كېلەلىشىڭىز، يەنى لۇنباردى تۇزلەڭلىكىدە ھاياجانغا چۆمۈلگەن ھالدا خانىنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى



بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان چىرايىنى كۆزىتىۋاتقان ياكى ئۇنىڭ بىر كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان چاقناق نۇرنى كۆرۈۋاتقان ئەمەس، بەلكى كىتابخانىڭىزدا ئولتۇرغانلىقىڭىزنى تۇيالىغۇدەك بولۇشىڭىز لازىم.»

«ھەرقانداق ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىرادىگە باغلىق بولىدۇ، بۇ ئۇنۇملۇك ھەم سىناقتىن ئۆتكەن بىردىنبىر ئۇسۇل، — دېگەنىدى چارلىس دىككىنس، — مەن سىزگە ئىككىلەنمەي شۇنى ئېيتىپ بېرەلەيمەنكى، ئۆزۈم ئىجاد قىلىۋاتقان ھېكايە ياكى قىلىۋاتقان تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسى مەن يېتىلدۈرگەن خىزمەت ئادىتىمدىن، يەنى ئىنتايىن ئاددىي، ھەتتا كۆزگە چېلىقمايدىغان ئىشلارغا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئېتىبار بەرگەن ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشۈمدىن، شۇنداقلا بۇنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويماسلىقىم، يېزىپ بولغاندىن كېيىن يەنە زېرىكمەي ئۆزگەرتىشىم، قايتا ـ قايتا پىششىقلىشىمدىن قولغا كەلگەن.» يەنە بىر قېتىم، كىشىلەر دىككىنستىن قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ: «مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا قارىتا زادىلا بىپەرۋالىق قىلىپ باقمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

جوزېف گرونىي ئوغلىغا يازغان خېتىدە: «مەيلى قانداق ئىش قىلغىن، مەيلى ئۆگەن، ئىشلە ياكى ئوينىغىن، ھەربىر ئىشقا پۈتۈن جان ـ دىلىڭ بىلەن بېرىل» دېگەنىدى. ياشلار چوقۇم ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى: ئىش قىلغاندا ئارىسالدى بولۇشقا، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرۈشكە بولمايدۇ.

«مەن ئۆزۈم بەلگىلىگەن نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، گويا دۇنيادا بۇنىڭدىن ياخشى ھېچقانداق نەرسە يوقتەك ھەرگىز بۇ يولدىن قايتمايمەن، — دېگەنىدى ئەنگلىيە يازغۇچىسى چارلىز كىنسلېي، — ئەمەلىيەتتە، بۇ يەنە بارلىق تىرىشىپ ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ

مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇنداق روھنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئېلىپ بارمايدۇ.»

* * *

تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆسمۈرلۈك چېغىدىكى ئارزۇسىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇكى، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا بەك كۆپ ساھەلەرگە قول تىقىۋالغان، شۇ تۈپەيلى زېھنى كۆچى چېچىلىپ كېتىشتىن خالىي بولالمىغان، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسالغۇ بولۇپ، ئۇلارنى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان قىلىپ قويغان. ئۇلار ئىرادىسىنى بىر ساھەگە يىغىپ، بىر تۇتقانچە زادىلا قويۇپ بەرمەي، ئاخىرى مەزكۇر ساھەنىڭ تەڭداشسىز ئەھلىگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ ئاقىلانە ئۇسۇلنى قوللانمىغان. ئەكسىچە، ئۇلار نۇرغۇن ساھەلەردە ئۈچ پۇتلۇق مۈشۈككە ئوخشاش ئەرباب بولۇپ قېلىپ، ھەر تەرەپتە دوقۇرۇپ يۈرگەن، نېمىلا ئۇچرىسا شۇنىڭغا ئېسىلغان، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى غىل-پال قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىلەر بولۇپ قېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار پەقەت ئازغىنا بىرنېمىنى بىلەلىگەن.

ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي پائالىيەتچىسى، رومان يازغۇچىسى ئېدۋارد رىتون مۇنداق دېگەنىدى: «نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ كۈن بويى شۇنداق ئالدىراش يۈرگەنلىكىمنى، ھەممىلا ئىشقا چېپىلىۋاتقانلىقىمنى، يەنە تېخى بەزىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا مېنىڭدىن: ‹بۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا قانداق يېتىشىپ بولىسىز؟ سىز بۇنچە كۆپ ئىشلارنى ئورۇنداپ بولۇشقا ئۆزىڭىزنى زادى قانداق بۆلىسىز؟› دەپ سورىشىدۇ. ئېھتىمال مېنىڭ جاۋابىم ئۇلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: ‹مەن ئەزەلدىن ئوخشاشمىغان ۋاقىتتا بىرقانچە ئىشنى قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالايمەن.› ئىشلىرىنى بىما-



لال ئورۇنلاشتۇرالايدىغان بىر ئادەم چوقۇم ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە ھاردۇرۇۋەتمەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئەگەر ئۇ بۈگۈن قاتتىق ھېرىپ كېتىدىغان بولسا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى چوقۇم ھارغىنلىق ۋە چارچاش بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ئەتىسى خىزمەت رىتىمىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭ ئاقىۋىتى پايدا زىياننى قاپلىيالماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. مەن مېنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشىم ئالىي مەكتەپتىن ئايرىلىپ جەمئىيەتكە قەدەم باسقاندىن كېيىن باشلانغان دەپ قارايمەن. ھازىرغا قەدەر، مەن تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ۋە ھەر خىل بىلىملەرنى يىغىش جەھەتتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دەۋرداشلىرىم بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزۈمنى قىلچە چېنىپ قالمايمەن دەپ ھېس قىلىمەن. مەن نۇرغۇن جايلارنى زىيارەت قىلدىم، نەزەر دائىرەم كەڭ؛ سىياسىي ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا، مېنىڭ ھاسىلاتىم مول؛ بۇلاردىن باشقا، مەن ھەرقايسى جايلاردا تەخمىنەن ئاتمىش توم كىتاب نەشر قىلدۇردۇم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن تېمىلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىزچە، مەن ئادەتتىكى بىر كۈن ئىچىدە قانچىلىك ۋاقىتنى تەتقىقات، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىققا ئىشلىتىدىغاندىمەن؟ مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي، بۇ ۋاقىت ئۈچ سائەتكە يەتمەيدۇ. پارلامېنتتا يىغىن ئېچىلىۋاتقان چاغلاردا ھەتتا ئۈچ سائەتكىمۇ يەتمەيدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ سائەت ئىچىدە، مەن پۈتۈن زېھنىم بىلەن يېنىمدا ھېچكىم يوقتەك جان - دىلىم بىلەن ئۆز خىزمىتىمگە بېرىلىمەن.»

* * *

كالكىنس ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت، ئەمما ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاجىز، تىرىشچانلىقى كەمچىل ئىدى، ئۇزاققىچە ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەشكە ئۆچ ئىدى؛ ئۇ روھىي جەھەتتە خام خى-

يالغا بىرىلىپ كەتكەنىدى، بۇنداق خام خىياللار ئۇنىڭ زىھنىنى
ئۇپرىتىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ھاياتى بالدۇرلا خوراپ كەتكەن
بولۇپ، ئۇ خۇددى بىر پۈتى بىلەن مۇئەللەقتە دەسسىۋالغاندەك،
رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولمىغان بىر خىل ھالەتتە ياشايتتى. ئۇنىڭ
مىسلىسىز ئىقتىدارى ھېچ ئىشقا كارغا كەلمەيتتى، تۇرمۇشتى-
كى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا دۇچ كەلگىنى
ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت بولدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا، بىمەنىلىكتە
تەڭداشسىز بولغان كىشىلىك تۇرمۇش خام خىياللىرىغا بېشىچە
كىرىپ كەتكەنىدى. ئەزرائىلغا روبىرو بولغان چاغدىمۇ، ئۇ
يەنىلا خام خىيال ئىچىدىن ئۆزىنى تارتىۋالالمىدى. ئۇنىڭ ھاياتى
توختىماي بەل باغلاش، پىلان تۈزۈش، ئەمما قول سېلىپ ئىش-
لەيدىغان كۈنى ھەرىكەتكە كېلىش ئىرادىسىگە كېلەلمەسلىك،
بەزىدە قەغەز يۈزىدە پىلان قۇرۇش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇنىڭدا پات - پات يېڭى ئەقىل، يېڭى نىشانلار بولۇپ
تۇرسىمۇ، بىراق ئۇ بىرەر ئىشنى زادىلا تاماملاپ باقمىدى.
خۇددى كۆزدىكى غازاڭ بولغان يوپۇرماق شامال قاياققا ئۇچۇر-
سا، شۇ ياقتا لەيلەپ يۈرگەندەك، ئۇنىڭ ھاياتى تۇراقسىز بول-
دى.

«كالكىنس ئۆلدى، — ئەنگلىيىلىك نەسىرچى چارلىز لامب
بىر دوستىغا يازغان خېتىدە شۇنداق دېگەنىدى، — ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ئۇ مېتافىزىكا ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىق ھەققىدىكى قى-
رىق مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسىنى قالدۇرۇپ كې-
تىپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر پارچىسىمۇ تاماملانمىغانىكەن.»

* * *

مۇبادا بىر كىشى مەلۇم بىر نىشانغا پۈتۈن جان - دىلى
بىلەن ئىنتىلسە، مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ. ئۇلۇغ كى-
شىلەرنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ باش-
قىلارنى بېسىپ چۈشۈشى ئۇلارنىڭ مەلۇم نىشاندىن قەتئىي



تەۋرەنمىگەنلىكى، شۇنىڭدەك پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلگەنلى-
كى، بوشىشىپ قالمىغانلىقىدىندۇر. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى
بىلەن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسى ھەمىشە ئوڭ تانا-
سىپ بولىدۇ.
ئەنگلىيىلىك ماي بوياق رەسسامى خېكاس مەلۇم بىر چىراي
تاكى ئۇنىڭ كاللىسىغا خۇددى سۈرەتتەك ئورناپ، ئۆزى خالى-
غان چاغدا ئۇنى ئۆز ئەينى سىزالىغۇدەك بولغۇچە، ئۆز نەزىرى
ۋە دىققىتىنى شۇ چىرايغا مەركەزلەشتۈرەتتى. ئۇ ھەرقانداق
جىسىمنى تەتقىق قىلغان ۋە كۆزەتكەندە، گويا ئۇنى قايتا كۆرەل-
مەيدىغاندەك ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلمايتتى، تولىمۇ ئەستايى-
دىل بولاتتى. بۇنداق ئىنچىكە كۆزىتىش ئادىتى ئۇنىڭ تەتقىقات
خىزمىتىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىنچىكە تەسۋىرلەر
بىلەن تولدۇردى. ئۇ ياشىغان دەۋردە، بارلىق مۇھىم سەنئەت
ئېقىملىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ يا
ئالىي تەربىيە ئالغان ئەمەس، يا ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەتلىك،
ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتلىق ئەرباب ئەمەس، ئۇنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى،
باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش روھى ۋە ئىنچىكە كۆزىتىش
قابىلىيىتىگە مەنسۇپتۇر.

* * *

ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن برۇدۋېي كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتى-
ۋاتاتتى، كوچا كىشىلەرگە تولغانىدى، ئوركېستىر خۇشال مۇ-
زىكىغا كۈچەپ چالماقتا ئىدى، خوراس گېرىل ئەپەندى بولسا
ئاستېر بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ، شىلەپىسىنى جوزا
قىلىپ، «نيۇ - يورك مۇنبىرى» گېزىتى ئۈچۈن باشماقالە
يېزىۋاتاتتى. كېيىن، بۇ ماقالە قاتتىق تەسىر قوزغىدى ھەم
ھەممە يەردە نەقىل كەلتۈرۈلدى.
بىر قېتىم، بىر ئەپەندى بىر ماقالىدىكى ئۆتكۈر مەسخىرى-

ـنى ئۆزىگە ئېلىپ كېتىپ، دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغاندەك ھېس
قىلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «نيۇ ـ يورك مۇنازىرە مۇنبە-
ـرى» گېزىتىگە كېلىپ ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە مۇھەررىر
بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزۈنلۇقى يەتتە چى،
كەڭلىكى توققۇز چى كېلىدىغان تار بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرى-
ـلىدۇ، گېرىل ئەپەندى ئۇ يەردە قەلىمىنى ئوينىتىپ، كاللىسى-
ـغا كەلگەن نەرسىلەرنى قەغەزگە يېزىۋاتاتتى. غەزەپلەنگەن ھېلى-
ـقى ئەر ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭ گېرىل ئەپەندى ياكى ئەمەسلىكىنى
سورايدۇ. «شۇنداق، ئەپەندى، ئېيتىڭا، نېمە ئىشىڭىز بار؟
» مۇھەررىر دەرھال جاۋاب بېرىدۇ، ئەمما بېشىنى قەغەزدىن
كۆتۈرۈپ مېھمانغا بىر قاراپمۇ قويمايدۇ.
غەزىپى تاشقان مېھمان شۇ زامات ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا
باشلايدۇ، ئەپسانە سۆزلەر دەريا سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئۇ
ئۆز ئوبرازىنىڭ بۇ سەۋەبتىن زىيانغا ئۇچرىشىنى قىلچە خىيالىغا
كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. لېكىن، گېرىل ئەپەندى گويا ھېچقانداق
توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغاندەك مىدىرلاپمۇ قويماي، تەمكىن، بىما-
لال ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى ۋاراق ـ
ۋاراق قەغەزلەر ئۈستىگە شىرىلداپ خەت يېزىۋېرىدۇ. گېرىل
ئەپەندى مېھمانغا باشتىن ـ ئاخىر ئازراقمۇ دىققىتىنى بۆلمەيدۇ،
بارلىق قەبىھ تىللارغا قۇلاق سالماي، خاتىرجەم ھالدا ئولتۇرۇ-
ۋېرىدۇ. ئاخىرى، يىگىرمە مىنۇتلارچە قاتتىق تىللاشتىن كې-
ـيىن، ھېلىقى غەزەپلەنگەن مېھمان زېرىكىپ، تۇيۇقسىز ئارقىغا
بۇرۇلۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ.
دەل مۇشۇ چاغدا، گېرىل ئەپەندى تۇنجى قېتىم بېشىنى
كۆتۈرىدۇ، ئۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، خۇددى كونا تونۇشلاردەك
بۇ مۆتىۋەرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان
بىر خىل ئاھاڭدا: «كەتمەڭ، دوستۇم، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇ-
ـرۇڭ، كەيپىياتىڭىزنى قويۇپ بېرىڭ. بۇنىڭ سىزگە پايدىسى



بار، ئۆزىڭىزنى يەڭگىل ھېس قىلىپ قالىسىز. بۇنىڭدىن باش-
ـقا، بۇنىڭ يەنە مېنىڭ يەنە نېمىلەرنى يېزىشىمغا ياردىمى تېگىپ
قالىدۇ، كەتمەڭ» دەيدۇ.
قەتئىي تەۋرەنمەس بىر نىشاننى ھازىرلاش مۇۋەپپەقىيەت
قازانغۇچى بارلىق ئەربابلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. نىشان
تۇرغۇزۇلغان ھامان ئارقىغا يانماسلىق، كۈرەش جەريانىدا مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنالمىسا، كۈرەش ئىچىدە ئۆلۈش كېرەك. بۇن-
ـداق پەزىلەت ئۇلارنى تەڭداشسىز بولىدىغان، غەلىبە قىلمىغۇچە
توختىمايدىغان قىلىدۇ.

* * *

ئادامسىنىڭ ئېيتىقىنىدەك، سېر برووۋگام بىلەن كاننىنىڭ
ئوخشاشلا ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرغان، تۇغما ئەقىللىق داڭلىق
ئەربابلار ئىدى. لېكىن، ئوخشاشمايدىغان يېرى، سېر برووۋگام
بىر ئادۋوكات بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ساھەدە ئەڭ ئالىي شان
ـ شەرەپكە ئېرىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ كاتتا سودىيىسى بولغان،
شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان بايقاشلىرى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە نام
قازانغان بولسىمۇ، يۈكسەك ئەھمىيەت جەھەتتىن قارىغاندا،
ئۇنىڭ ھاياتىنى ئومۇمەن مەغلۇبىيەتلىك ھايات، دېيىشكە بولى-
ـدۇ. ئۇ «ھەمىشە يېڭى شەيئىلەرگە ئىنتىلگەن، ئەمما ھەر
قېتىملىقى ئۇزاق داۋام قىلمىغان» . ئۇنىڭ ئىستېداتى قالتىس
بولسىمۇ، بىراق ئۇ تارىخ ياكى ئەدەبىيات جەھەتتە ھېچقانداق
ھەقىقىي، ئۆچمەس نەتىجە قالدۇرالمىغان. ئەمەلىيەتتە، ھايات
ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ داڭقى پەسلەپ كەتكەن.
مارتىنو خېنىم ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «كۈمۈش تاخ-
ـتىلىق سۈرەتكە تارتىش ئۇسۇلى ئەمدىلا مودا بولغان چاغدا،
سېر برووۋگام گانانىڭ سەھراسىدىكى داچىسىدا ئىدى. بىر سەن-
ـئەتكار داچا ۋە بالكوندا تۇرغان مېھمانلارنىڭ خاتىرە سۈرىتىنى
تارتىشقا ھازىرلاندى. ئۇ سېر برووۋگامدىن مىدىر ـ سىدىر

قىلماي بەش سېكۇنت تۇرۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سىر
چوقۇم قىمىرلىمايمەن، دەپ ۋەدە بەردى، ئەمما ئۇ يەنىلا قى-
مىرلىۋەتتى. نەتىجىدە، سۈرەتتىكى سىر بىرووۋگام تۇرغان جايدا
پەقەت غۇۋا كۆلەڭگىلا قالدى.»

«بۇنداق بىر كىچىككىنە ئىش، — دېگەنىدى مارتىنو خې-
نىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خاراكتېرى-
نى ئىنتايىن تىپىك هالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ياشاۋات-
قان بۇ دەۋردە، ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە
ئالبومدا، ئىستىبداتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ كىشى ئەسلىدە هەممىگە
مەلۇملۇق مەركىزىي شەخس بولۇشى كېرەك ئىدى. هالبۇكى،
قەتئىي ئىرادىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئۇنى ئەسلىدە بولۇشقا تې-
گىشلىك پارلاق ئىشلاردىن مەھرۇم قىلدى. تارىخ ئالبومىدا
سىر بىروۋگام ئەسلىدە بىر كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلىشى كېرەك
ئىدى، هازىر پەقەت مەڭگۈلۈك غۇۋالىقتا قالدى. ئەمەلىيەتتە،
ئۇنىڭكىگە ئوخشاش تراگېدىيىلەر تولىمۇ كۆپ، پەقەت قەتئىي
ئىرادە كەمچىل بولغانلىقى تۈپەيلى قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ها-
ياتى غۇۋالىق ئىچىدە قالماقتا!»

* * *

فوۋۋېل بىركېستون ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى
تىرىشچانلىق ۋە مەلۇم نىشاندىن هەرگىز تەۋرەنمەسلىكتەك ئى-
رادىسىگە مەنسۇپ قىلغانىدى. مەلۇم نىشانغا ئىنتىلگەن چاغدا،
ئۇ ئەزەلدىن پۈتۈن جان ـ دىلى بىلەن بېرىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆز
كۈرەش نىشانىنى ئېنىق تونۇغانلىقى ۋە بوشاشماي ئىنتىلگەنلى-
كى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنى-
دى. كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان،
قەتئىي بوشاشمىغاندىلا هەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى
بولىدۇ؛ كۆڭۈل قويماي يېنىكلىك قىلغان، يۈزەكىلا تەتقىق
قىلىپ بولدى قىلغاندا بولسا، هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى



بولمايدۇ.

سىز دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، يىڭنىنىڭ ئۇچى كۆرۈنمى-
گۈدەك دەرىجىدە ئىنچىكە، ئۇستىرا ياكى پالتىنىڭ تىغى قەغەز-
دەك نېپىز بولسىمۇ، يول ئېچىشتا هەل قىلغۇچ ئاۋانگارتلىق
رول ئوينايدۇ. ئەگەر يىڭنىنىڭ ئۇچى ياكى پىچاقنىڭ تىغى
بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا يىڭنە ياكى پىچاق ئۆز رولىنى جارى
قىلدۇرالمىغان بولاتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۇرمۇشتا
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئا-
خىرى پەللىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارالايدىغان كىشىلەر مەلۇم
ساهەدىكى بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، پۇختا تەتقىق قى-
لىپ، خۇددى پىچاقنىڭ تىغىدەك ئۆتكۈرلەشكەن كىشىلەردۇر.

بىر جەھەتتىن، بىز ئۆزىمىزنى مەلۇم قاتمال بۇلۇڭدا چەك-
لەپ قويىدىغان تار كۆزقاراشلاردىن خالىي بولۇشىمىز لازىم،
چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي
قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ يىراق يەنە بىر جەھەتتىن، بىز
يەنە پرىئودنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «هېچ ئىشنى قىلالمايدىغان
ئېچىنىشلىق پېرسوناژ» دەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز
لازىم:

ئۇ گەپ قىلسا،
خۇددى دەريا ئېقىنىدەك
ئەگىلەر توختىماي، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلار.
بىردەم سۈرلۈك سىياسىي،
بىردەم مۇلايىم تەلەپپۇز؛
هېلى مۇھەممەدتىن، هېلى مۇسادىن سۆز ئاچار.
گەپىنىڭ بېشى يۇلتۇزلارنىڭ هەرىكىتى،
ئۇلارنىڭ نۇر چېچىشى ئاندىن سۆزلىنەر؛
بىردىنلا گېپى
ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا يۆتكىلەر.،

قىپقالمايدۇ
ئات بەيگىسى، ئات تاقىلاش،
بىلىق تىرىسىنى قانداق شۇلۇش دېگەنلەر.

ئەگەر سىز بالىڭىزنى كىچىكىدىن يول يۈرگەندە كۆڭۈل
قويىدىغان، نەزىرىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىسە-
ڭىز، ئۇنداقتا ئۇ ئادەتتە نىشانغا يىقىلىپ كەتمەي ئوڭۇشلۇق
يېتىپ بارىدىغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر ئۇ زېھنىنى چېچىۋې-
تىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھە دېسىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، باش -
كۆزىنى توپىغا مىلىۋالىدۇ.

* * *

بۇگۈنكى ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىزمەت ئىزدەپ بارغاندا
ئۇلاردىن قايسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكى ياكى ئاتا -
بوۋىسىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، قەيەرلىك ئىكەنلىكى سورالماي-
دۇ، بەلكى دائىم: «سىز نېمە قىلالايسىز؟» دېگەن سوئال
سورىلىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ موھتاج بولىدىغىنى مەخسۇس جە-
ھەتتە مەشىقلىنىشتۇر. مۇتلەق كۆپ ساندىكى داڭلىق شىركەت-
لەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان داھىيانە ئەربابلارنىڭ ھەممىسى
ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىن بوشاشماي ئۆگىنىش ئارقىلىق قەدەممۇقە-
دەم ئۆرلەپ چىققان.

«مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلەي-
دىغان پەۋقۇلئاددە ئەرباب.» ئەنگلىيىلىك بىئوگراپىيە يازغۇ-
چىسى سېيشىل سىياسىي ساھەدىكى كاتتا ئەرباب ۋولتېر روۋ-
لېي ئەپەندىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈر-
گەن چاغدا شۇنداق باھا بەرگەننىدى.

شۇنداق بىر قانۇنىيەت باركى، بىزنىڭ قەلبىمىز ئىنتىل-
گەن نەرسىگە كۆپىنچە ھاللاردا مېڭىمىزنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە
بىر جۈپ قولىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.



ئوخشاشلا، بىلىم، بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيە-
تى بولۇپ، خۇددى دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئۆرلەپ ۋە پەسىيىپ
تۇرۇشىغا ئوخشايدۇ. بىز بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىچىدىن مۇن-
داق بىر ئومۇمىي قانۇنىيەتنى تاپالايمىز: پۈتۈن جان - دىلى
بىلەن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىق قابىلىيىتىنى
مەلۇم بىر تەۋرەنمەس نىشانغا قارىتىپ، تەڭداشسىز كۈچ ۋە
ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىگە تايىنىپ، خىلمۇخىل جاپا -
مۇشەققەتلەرگە باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ھەققانىيەت
يولىدىن قايتماي بەخت ۋە شان - شەرەپ، شۇنداقلا تەڭداشسىز
جاپا - مۇشەققەتلەرگە تولغان يولدا ئالغا ئىلگىرىلەش
كېرەك.

خىمىيە ئالىملىرى بىزگە شۇنى ئېيتىدۇكى، ئەگەر بىر
ئىنگلىز موسى كېلىدىغان ئوتلاقتىكى پۈتكۈل ئېنېرگىيىنى پار
ماشىنىسىنىڭ پورشىنىغا يىغىدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئۇ ھا-
سىل قىلغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دۇنيادىكى بارلىق ئۇن
تارتىش ماشىنىلىرى ۋە پار ماشىنىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرە-
لەيدۇ. لېكىن، بۇ ئېنېرگىيە چېچىلاڭغۇ ھالەتتە مەۋجۇت بول-
غانلىقتىن، ئىلمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن
ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ.

* * *

دوكتور ماتتېۋس، بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن نىشانلارنى بېكى-
تىۋالغان، زېھنى چېچىلغان كىشىلەر ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ
زېھنىي كۈچىنى خورىتىۋېتىدۇ، زېھنىي كۈچىنىڭ خورىشىغا
ئەگىشىپ كېلىدىغىنى ئۇلۇغۋار ئىرادىنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبا-
رەت، دېگەننىدى.

«ھەرگىز پۇرسەتپەرەسلىك پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆگەن-
مەسلىك كېرەك، — ۋوتېرس چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ بىزنى
شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى، — بۇنداق ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى

ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەسلىككە سەۋەب بولىدۇ. ئالدى بىلەن بىر
پىلاننى تۈزۈپ كۆرەش نىشانىڭىزنى بەلگىلىۋېلىشىڭىز، ئاندىن
كېيىن شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۇختا قەدەم بىلەن تىرىشىشى-
ڭىز، بارلىق زېھنىي كۈچىڭىز ۋە ئىقتىدارىڭىزنى ئۇنىڭغا ئىش-
لىتىشىڭىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، سىز مۇۋەپپەقىيەتكە يې-
قىنلىشالايسىز. مەن دەۋاتقان پۇرسەتپەرەس ئۆگىنىش پوزىتسى-
يىسى ئۆگەنگىنىم كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقىتتا نەپ بېرىشى
مۇمكىن دەپ قاراپ، قىلچە نىشان بولمىغان ھالدا ئۆگىنىش
قىلىش پوزىتسىيىسىدۇر.»

ئېنىق نىشانى بولۇشمۇ بارلىق ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ ئور-
تاق ئالاھىدىلىكى. ئەگەر بىر رەسسام بىر پارچە رەسىم رەختىگە
بىرلا ۋاقىتتا خىلمۇخىل رەسىملەرنى سىزماقچى بولسا، شۇن-
داقلا ھەممە ئوبيېكتلارنى ئوخشاش مۇھىم دەپ بىلسە، ئۇ
جەزمەن سەنئەت ساھەسىدىكى ئۇلۇغ ئۇستاز بولالمايدۇ. ھەقى-
قىي سەنئەتكارلار ئوخشاشمايدىغان ئوبيېكت، ئوخشاشمايدىغان
ئىپادىدىكى كىشىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن زەن سالىدۇ ھەمدە
پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا، ئۇلارنىڭ باشتىن – ئاخىر مەركى-
زىي ئىدىيىسى ۋە مەركىزىي ئوبرازى بولىدۇ، شۇنداقلا ئىككىن-
چى ئورۇندا تۇرىدىغان پېرسوناژ، نۇر ۋە كۆلەڭگىلەرنى ئۆزىگە
خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.
بىر خىل ئېناق تۇرمۇشتا تەڭرى سىزگە ھەرقانچە ھەممىگە
قادىر تۇغما قابىلىيەتنى بەرگەن بولۇشىدىن، شۇنىڭدەك سىز-
نىڭ بىلىمىڭىز نەقەدەر كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، سىزدە بىر خىل يادرولۇق روھ، يادرولۇق ئىقتىدار مەۋ-
جۇت بولىدۇ، سىزنىڭ باشقا قابىلىيەتلىرىڭىز نىسپىي ھالدا
ئۇنىڭ قوشۇمچىسىلا بولالايدۇ ھەمدە ھەرقايسىسىنى ئۆز ئورنى-
دا، ئۆز لايىقىدا ئىپادىلەيدۇ.



* * *

دائىم ياشلار ئىرادىلىك ۋە غايىلىك تەربىيىلىنىشى كې-
رەك، دېيىلىدۇ، بىراق بىزنىڭ نىشانىمىزمۇ كۆڭلىمىزدىكى
ئارزۇلىرىمىزغا مۇۋاپىق كېلىشى ھەمدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
بولۇشى لازىم. ئەگەر سىز پەقەت مۇجمەل ھالدا بىر تەخمىنىي
نىشاننى بەلگىلەپ، ھەرىكەت جەريانىدا ئۇنى يەنە تەڭشىمەكچى
ياكى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، سىزنىڭ نىشانىڭىز ھەرقانچە
ئۇلۇغۋار بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت ئالۋۇندەك خىيالىي نەرسە
بولۇپ قالىدۇ.

بىلىشىڭىز كېرەككى، ساداقىتى ئايرىلغان يا ئوقى يېرىم
يولغا بارغاندا قايسى چەمبەرگە تېگىشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، ئۇ
پەقەت نىشانغا قاراپ ئۇدۇل ئىلگىرىلىشى كېرەك. ماگىنىت
يىڭنىسىمۇ كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان بارلىق ئاسمان جىسىملى-
رىنى كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا قايسى يەرنى كۆرسىتىشنى بەلگى-
لىيەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بارلىق ئاسمان جىسىملىرى ئۇنى
ئۆزىگە تارتىدۇ. قۇياش پارلاق نۇر چاچىدۇ، ئاقار يۇلتۇزلار
ئۇنىڭغا سالام قىلىدۇ، كۆكنى قاپلىغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا كۆز
قىسىپ، ئۆزىگە بېقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھالبۇكى، ماگىنىت
يىڭنىسى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ، زادىلا نىشانىدىن ئادى-
شىپ قالمايدۇ، مەيلى ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا بولسۇن
ياكى بوران – يامغۇرلۇق چاپقۇندا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىستىرېلكى-
سى باشتىن– ئاخىر بىر خىللا تۇرۇپ، قەتئىيلىك بىلەن مەڭگۈ
شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، قەدىمدىن
ھازىرغا قەدەر، ھەتتا يىراق كەلگۈسىدىمۇ باشقا بارلىق يۇلتۇز-
لار ھېرىپ – چارچاشنى بىلمەي، ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى ئەترا-
پىدا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغان چاغدا، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى
ئۆزىنىڭ ئورنىتىسىدا ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلىدۇ، يەر
شارىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئورنى ئۆزگەرمەيدىغاندەكلا بىلىنى-

دۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دېگىز قاتنىشى ۋە ساياھەت قىلغان كىشىلەر
ئۇنىڭغا تايىنىپ نىشاننى پەرق ئېتىدۇ.
بىزنىڭ تۇرمۇش سەپىرىمىز ئوخشاشلا شۇنداق بولىدۇ،
تۇرلۇك - تۇمەن ئېزىقتۇرۇشلار بىزگە قول پۇلاڭلىتىپ، بىز-
نى ئۆزىمىز نىشان قىلغان ئىستەكتىن چەتنىتىشنى قەستلەيدۇ،
يەنى ھەقىقەت ۋە بۇرچىمىزغا بولغان ئىنتىلىشتىن چەتنەتمەكچى
بولىدۇ. لېكىن، ئاي ئۆتنە ئالغان نۇر بىلەن ئەتراپنى يورۇتىد-
مۇ، ئاقار يۇلتۇزلار ئالەم بوشلۇقىدا چاقنىسىمۇ، بىراق ئۇلار
سەپەر قىلغان كىشىلەرگە يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن-
دەك، بىزمۇ رەڭگارەڭ ئېزىقتۇرۇشلارنىڭ ئىككى كۆزىمىزنى
ئېتىۋېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، شۇ تۇپەيلى ئۆزىمىزگە مۇۋا-
پىق كېلىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش ئوربىتىمىزدىن چەتنەپ كەت-
مەسلىكىمىز كېرەك.



# يەتتىنچى باب

## تېزلىك ۋە دەللىك

ناپولېئون، مېنىڭ ئاۋستىرىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلال-
شىم، ئۇلارنىڭ بەش مىنۇتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەنلىكىدىن
بولدى، دېگەنىدى. لېكىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناپولې-
ئوننىڭ ۋاتېرلو ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ۋاقىتنى
ياخشى ئىگىلىيەلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.
بۈگۈنكى سودا جەمئىيىتىدە تېزلىك بىلەن دەللىك ئوخ-
شاشلا مۇھىم. بىر ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشلارنى ئىز-
چىل تۈردە ۋاقتىدا بېجىرىدۇ، زادىلا ئارقىغا سۆرىمەيدۇ،
دېگەن ياخشى نامغا ئېرىشىش كۆپىنچە ھاللاردا مۇۋەپپەق-
قىيەت قازىنىش كاپىتالىنى جۇغلاشنىڭ تۇنجى قەدىمى
بولۇپ قالىدۇ.

يەر شارى ئۆز ئوربىتىسىدا 500 مىليون ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ يەنە ئەسلىدىكى يازلىق ۋە قىشلىق نۇقتىسىغا بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەي قايتىپ كېلىدۇ، بۇ نەقەدەر ئاجايىپ توغرىلىق - هە! ياق، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، يەر شارىنىڭ هەرىكىتىدە هەتتا ئون مىڭدىن بىرچىلىكمۇ پەرق يۈز بەرمەيدۇ، پۈتكۈل مۇساپىسىدە ئۇ بەلگىلەنگەن ئوربىتىسىدە مەڭگۈ مۇشۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

—— ئېدۋارد ئېۋېرېت

«تەقدىر يولىنىڭ ئاجايىپلىقىغا كىممۇ دىققەت قىلمايدۇ؟ تەقدىر هەمىشە بىزنىڭ قىسقىغىنا ۋاقتىمىزدىلا بىردەم تۇرالايدۇ. مۇبادا بىز بۇ قىسقا ۋاقىتنى كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولساق، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئاينى، هەتتا نەچچە يىلنى كەتكۈزۈپ قويىمىز.»

هەر كۈنى كىچىككىنە ۋاقىتقا سەل قاراۋەرسەك، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىق بولۇپ چىقىدۇ.

«بۈگۈننى هېچ ئىش قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتكەندە، ئەتىمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ، ئۆگۈنلۈككە بولسا تېخىمۇ ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.»

—— سېرۋانتېس

«تېز! تېز! تېز! هايات ئۈچۈن قەدەمنى تېزلىتەيلى!» بۇ سۆز خېنرى VIII ئەنگلىيىگە هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردىكى باغاقچىلەرگە يېزىلىپ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىغا خەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگەن چاپارمەننىڭ داردا جان تالىشىۋاتقانلىقى سىزىلغان رەسىم قوشۇمچە قىلىنغانىدى. ئەينى چاغدا تېخى پوچتا ئىشلىرى يوق ئىدى، خەتلەرنى هۆكۈمەت ئاجراتقان چاپارمەنلەر يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئەگەر يولدا هايال بولۇپ قالسا، دارغا ئېسىلاتتى.

تۇرمۇش رىتىمى ئاستا بولغان قەدىمكى پەيتۇن دەۋرىدە، يىراق هەم خەتەرلىك يوللارنى باسقاندا ئاندىن مېڭىپ بولغىلى بولىدىغان مۇساپىنى هازىر نەچچە سائەتتىلا بېسىپ بولالايدىغان بولدۇق. لېكىن، ئاشۇ يىللاردىمۇ بىهۇدە هايال بولۇش يەنىلا جىنايەت هېسابلىناتتى. مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىكى بىر زور ئىلگىرىلەش ۋاقىتنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. بىز هازىر بىر سائەتتە ئورۇنداپ بولىدىغان ۋەزىپە يۈز يىل بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ يىگىرمە تۆت سائەتلىك ئىش مىقدارى ئىدى.

«سۆرەلمىلىك قىلىش جانغا زامىن بولىدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ.» كايسار بىر خەۋەرنى بالدۇرراق كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى ئۈنىڭ پارلامېنتقا بارغاندا هاياتىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. ترۇنتوندا تۇرۇشلۇق ياللانما ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، ۋالىي رال قارتا ئويناۋاتقاندا بىر پارچە ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئاخباراتتا ۋاشىنگتوندىكى قوشۇننىڭ بۇ يەرگە هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن دېلۋانى كېسىپ ئۆتۈۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغانىدى. لېكىن، ئۇ ئاخباراتنى كۆرمەيلا

يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ ۋە قارتا ئويناپ بولۇپ ئاندىن ئۇنى
كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ هاپىلاـ شاپىلا قوشۇننى يىغقان چاغدا
كېچىكىپ قېلىپ، پۈتۈن قوشۇن بەربات بولىدۇ. ئاران بىر-
نەچچە مىنۇت كېچىكىش ئۇنى غۇرۇرىدىن، ئەركىنلىكىدىن ۋە
هاياتىدىن مەهرۇم قىلىدۇ!

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چىراي ـ تۇرقى ئۆزى بىلەن ئوخشاش
بولغان بىر جۈپ قېرىندىشى — ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋە توغرى-
لىق. هەربىر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت هېكايىسى مەلۇم هالقى-
لىق پەيتكە باغلىق بولۇپ، بۇ پەيت كەلگەن هامان ئارسالدى
بولىدىكەنمىز ياكى تۇگۇلۇۋېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىكەنمىز،
قاراپ تۇرۇپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، بۇ پۇرسەت
قايتا پەيدا بولمايدۇ.

* * *

ماساچۇستېس شتاتىنىڭ باشلىقى ئاندرو 1861 ـ يىل 3ـ
ئاينىڭ 3 ـ كۈنى لىنكولنغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى:
«بىز سىلەرنىڭ خىتابنامەڭلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،
دەرهال ئۇرۇشنى باشلاشقا بارلىق ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سې-
لىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كىرىشتۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇن-
داق قىلىش ئامېرىكا ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىرادىسى، بىز
بارلىق ئوشۇقچە قائىدە ـ يوسۇنلارنى تامامەن تاشلىۋەتتۇق.»
1861ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۈشەنبە ئىدى، ئۇ
چۈشتىن بۇرۇن ۋاشىنگتوندىكى قوشۇن تەرەپنىڭ تېلېگراممى-
سىنى تاپشۇرۇۋالدۇ، ئىككىنچى يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇ-
رۇن سائەت توققۇزدا ئۇ مۇنداق خاتىرە قالدۇردۇ: «تەلەپ
بويىچە ماساچۇستېستىن يولغا چىققان قوشۇن ۋاشىنگتون ۋە
مىنرو قورغىنى ئەتراپىغا جايلاشتى ياكى پايتەختنى قوغداش
ئۈچۈن يولدا كېتىۋاتماقتا.»

شتات باشلىقى ئاندرو مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئالدىمدىكى



تۈنجى مەسىلە قانداق هەرىكەت قوللىنىش ئىدى، ئەگەر بۇ
مەسىلىگە جاۋاب تېپىلسا، ئىككىنچى مەسىلە دەل كېيىنكى
قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بولاتتى.»

ئەنگلىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاهاتچىسى گېئورگىي روس-
كىن مۇنداق دېگەنىدى: «تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشىلىك
هاياتنىڭ پۈتكۈل ياشلىق باسقۇچى بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىنىڭ
شەكىللىنىشى، ئوي ـ پىكرى ۋە ئۈمىدى يېتەكلىنىدىغان باس-
قۇچ. ياشلىق باسقۇچى هەر ۋاقىت ـ هەر دەمدە تەقدىرنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ، يەنى مەلۇم پەيت ئۆتۈپ كەت-
كەن هامان بەلگىلەنگەن ئىشنى مەڭگۈ ئورۇندىغىلى بولمايدۇ
ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق-
مايدىغان بولساق، مەلۇم ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا مەڭگۈ ئامالسىز
قالىمىز.»

ناپولېئون «ئالتۇن ۋاقىت» قا ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرەت-
تى. ئۇ هەر قېتىملىق ئۇرۇشتا «هالقىلىق پەيت» نىڭ بولىدى-
غانلىقىغا، بۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇش ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن
دېرەك بېرىدىغانلىقىغا، سەللا ئارسالدى بولۇش بولسا ئاپەت
خاراكتېرلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەت-
تى. ناپولېئون، ئاۋستىرىيىلىكلەر بەش مىنۇتنىڭ قىممىتىنى
بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئاۋستىرىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلالى-
دۇق، دېگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناپولېئوننى مەغلۇپ
قىلىش مەقسەت قىلىنغان ۋاتېرلو ئۇرۇشىدىكى هايات ـ ماماتقا
مۇناسىۋەتلىك بىر چۈش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە گروخت بەش
مىنۇت كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىغان. برىشېل دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن، گروخت بولسا
كىچىككىنە كېچىكىپ قالغانىدى. دەل مۇشۇ كىچىككىنە ۋاقىت
تۈپەيلى، ناپولېئون ساينت خېلىنا ئارىلىغا ئاپىرىۋېتىلگەن،
شۇنىڭ بىلەن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىدە

بىردىنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولغانىدى.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەقلىيە سۆزى بولالايدىغان، ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق مۇنداق بىر ئادەت سۆزى بار: ھەرقانداق چاغدا قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى قىلىشقا كۆپىنچە ھاللاردا زادىلا ۋاقىت چىقمايدۇ.

لوندوندىكى ئافرىقا جەمئىيىتى ساياھەتچى لىياتنى ئافرىقىغا ئەۋەتمەكچى بولغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «قاچان يولغا چىقىدسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئەتە ئەتىگەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزى كىشىلەر جون جېرۋېس (كېيىنكى چاغلاردىكى داڭلىق ۋېنسا كېنەزى) تىن ئۇنىڭ كېمىسىنىڭ قاچان ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ھازىر» دەپ جاۋاب بەرگەن. كوررىن كامپبېل ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەۋەتىدىغان قوشۇننىڭ قاچان يولغا چىقىدىغانلىقى سورالغاندا، ئۇ قىلچە ئويلىنىپ تۇرماي: «ئەتە» دەپ جاۋاب بەرگەن.

* * *

پۇتۇن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ بۈگۈن ئورۇندىغىلى بولىدىغان ۋەزىپىنى تۇرلۇك ئامىللار بىلەن ئەتىگە سۈرىگەندىن كۆرە، بۇ زېھنىدىن پايدىلىنىپ ئىشنى تاماملىغان تۈزۈك. ۋەزىپىنى تاماملاشنى ئارقىغا سۈرىگەنسېرى ئۇنى ئورۇنداش قىيىنلىشىدۇ، ئىشقا بولغان مۇئامىلىمۇ بارغانسېرى قاتاللىشىدۇ. خۇشال - خۇرام ھالدا ياكى كەيپىيات قىزغىن ۋە كۆتۈرەڭگۈ چاغدا ئىشنى پۈتتۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، نەچچە كۈن ياكى نەچچە ھەپتە كېچىكتۈرۈلسە، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز يۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. خەت - چەكلەرنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان جاۋاب قايتۇرۇلمىسا، كېيىن جاۋاب يېزىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. نۇرغۇن شىركەتلەردە مۇنداق تۈزۈم بار: بارلىق خەت - چەكلەرگە شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە جاۋاب يېزىلىشى كېرەك.



كەسكىن بولغاندا، قىلىۋاتقان ئىشنىڭ زېرىكەرلىك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئارقىغا سۈرەش ئادەتتە ئۆزىنى قاچۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە ئىشنى چالا - بۇلا ئىشلەپلا تاشلاپ قويۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىش قىلىش باھاردىكى ئۇرۇق سېلىشقا ئوخشايدۇ، ئەگەر مۇۋاپىق پەسىلدە ھەرىكەت قىلىنمىسا، كېيىن بۇنىڭ مۇۋاپىق پەيتى بولمايدۇ. يازنىڭ قانچە ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باھاردا كېچىككەن ئىشنى يازدا تاماملىغىلى بولمايدۇ. بىر يۇلتۇزنىڭ ئايلىنىشىدا پەقەت بىر سېكۇنتلۇق كېچىكىش بولىدىغان بولسا، ئۇ پۈتكۈل كائىناتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ - دە، ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

* * *

«ھەرقانداق ۋاقىت ھازىرقىدەك مۇھىم بولمايدۇ، — دېگەنىدى ئىرېلاندىيىلىك ئايال يازغۇچى مارى ئېجېۋورت، — شۇنداق بولۇپلا قالماي، ھازىرقى مۇشۇ ۋاقىت بولمايدىغان بولسا، ھەرقانداق ۋاقىتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرمايدىغان ھەرقانداق كۈچ ياكى ئېنېرگىيە بولمايدۇ. مۇبادا بىر كىشى قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋاقىتتا كەسكىن ھەرىكەت قوللانمايدىغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ. بارلىق ئۈمىدلەر ئۇپراپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قالىدۇ ياكى بوشاڭلىق ئىچىدە غايىب بولىدۇ.»

كولبېرت ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ «ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش»تىن ئىبارەت ئاكتىپ ئەمەلىي ئىشلەش پوزىتسىيىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەگەر مۇشۇ نۇقتا بولمايدىغان بولسا، ئۇ بارلىق تالانتىنى ئىشقا سالغان تەقدىردىمۇ بەك چوڭ رول ئويناپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«دەل مۇشۇنداق خاراكتېر بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئارمەيىدە ئۆسەلىدىم، — دەيدۇ كولبېرت، — ئەگەر مەن سائەت ئۇندا پوستتا تۇرماقچى بولسام، سائەت توققۇزدا تەييارلىنىپ بولاتتىم؛ ئەزەلدىن بىر كىشى ياكى بىر ئىش تۈپەيلى بىر مىنۇت كېچىكىپ باققان ئەمەسمەن.»

بەزى كىشىلەر ۋالتېر رايلېيگتىن: «سىز شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قانداق قىلىپ بۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىدىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى: «ئەگەر بىر ئىشنى قىلىشىمغا توغرا كەلسە، مەن دەرھال بېرىپ شۇ ئىشنى قىلىمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولغانىدى.

كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر تاسادىپەن خاتالىق سادىر قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى ئەقىللىق، ئەمما سۆرەلمىلىك قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

كىشىلەر بىر فرانسىيىلىك سىياسىئوندىن ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز كەسپىدە غايەت زور مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كۆپ خىل ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئالالىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «مەن بۈگۈنكى ئىشنى زادىلا ئەتىگە قالدۇرمايمەن، مېنىڭ قىلغىنىم شۇ، خالاس» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىجتىمائىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ جەرياننى مۇنداق تەتۈر يەكۈنلىگەن: «ئەتىگە سۈرگىلى بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز بۈگۈن ئىشلىمەسلىك كېرەك.» نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىدە پايدىلىنىش ئارقىلىق نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ۋاقىتنى ھېچ ئىش قىلماي ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇپ، بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.



* * *

«ئەتە؟ ئەتە، دەۋاتامسىز؟ — دېگەنىدى كوتتون، — ئەتە؟ مېنىڭ ئاڭلىغۇم يوق. ئەتە دېگىنىڭىز ئۆلتۈرسىمۇ قان چىقمايدىغان بىر پىخسىق. ئۇ يالغان ۋەدە، كۆتۈش ۋە ئۈمىدلەر بىلەن سىزنىڭ بايلىقىڭىزنى شىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ سىزگە بەرگىنى مەڭگۈ نەقلەشتۈرگىلى بولمايدىغان مىمۇرال چەكتىن ئىبارەت. ئەتە؟! ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ۋاقىت دەرياسىدا، ئەتە مەڭگۈ تاپقىلى بولمايدىغان ھىيلىگەر ئەبلەخ. پەقەت ئەخمەقلەرلا ئۇنى ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۇنىڭغا مېھىر باغلايدۇ. ئەقىللىقلەر ئاتالمىش ئەتىگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، ئەتىنىڭ لەززىتىنى سۈرمەكچى بولغان كىشىلەر قاتارىغىمۇ قوشۇلمايدۇ. ئەتە بىھۇدە خىياللارغا بېرىلگەن بىر كىچىك بالا، ئۇنىڭ دادىسى بولسا بىر ئەخمەقتۇر؛ ئۇنىڭ نەتىجىسى مەڭگۈ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشتۇر؛ ئەتە خۇددى كېچىدىكى خىيالىي كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ.» ھېچ ئىشنى باشقا ئىلىپ چىقالمىغان قانچىلىگەن كىشىلەر: «مەن ئەتە ماڭا پۇتمەس - تۈگىمەس ياخشىلىق ۋە پايدا ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى قوغلىشىشقا بىر ئۆمۈر ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپتىمەن» دېيىشىدۇ!

ئەنگلىيە يازغۇچىسى چارلىز رىدېر «نوئاخنىڭ خۇرۇم بۇيۇملار ماگىزىنى» ناملىق رومانىدا: «لېكىن، ئۇ يەنىلا ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى» دەپ يازغانىدى. دائىم قەرزلەرنى قايتۇرمايدىغان پىرىكازچىك بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، بىردىنلا ھارغىنلىق يەتكەندەك بولۇپ تاتلىق ئۇخلاپ كېتىدۇ، «خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، ئۇ ئىغىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، تالونلارغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋېتىدۇ - دە، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇرايدۇ، ‹ۋاي، بېشىم نېمانچە ئىغىر!› دەيدۇ. لېكىن، ئۇ دەرھال قوپۇپ ئولتۇرۇپ، سۆزلىرى ئۇلاشمىغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگىلى تۇرىدۇ: ‹مەن… ئەتە… ئۇنى

پىنبرۇكقا ئاپىرىشىم كېرەك. ئەتە...، ئەتە يېتىپ كەلگەندە،
ساقچى ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ.»
«ئەتە» شەيتاننىڭ دەستۇرى. تارىخنىڭ پۇتكۇل دەرياسىدا
بۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس. ئەسلىدە ئەقىل - پاراسەتتە باشقىـ
لاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتـ
كىنى پەقەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان پىلانلار بىلەن يېرىم - يارتا
لايىھىلەردىنلا ئىبارەت. ھۇرۇن، ئىقتىدارسىز كىشىلەر ئۈچۈن
ئېيتقاندا، «ئەتە» ئۇلارنىڭ كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىشتە ئىشلىـ
تىدىغان ئەڭ ياخشى سۆزى.

* * *

مۇنداق ئىككى سۆز ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان: بىرى
«تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق»، يەنە بىرى «قۇياش پارلىغان چاغدا
ئوت - چۆپ قۇرۇت».
ئۆزىنىڭ قانداق چاغلاردا ھۇرۇنلىشىپ قالىدىغانلىقىغا دىقـ
قەت قىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز. بەزى كىشىلەر كەچلىك
تاماقتىن كېيىن، بەزىلەر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، يەنە بەزىـ
لەر كەچ سائەت يەتتىدىن كېيىن ھېچ ئىش قىلغۇسى كەلمەيدىـ
غان بولۇپ قالىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىدا
كۆپ ھاللاردا بىر ھالقىلىق پەيت بولىدۇ، ئەگەر بۇ بىر كۈننى
بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمىسىڭىز، بۇ ۋاقىتنى چوقۇم ئىسـ
راپ قىلماسلىقىڭىز كېرەك. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن
ئېيتقاندا، ئەتىگەنكى بىرنەچچە سائەتلىك ۋاقىت كۆپ ھاللاردا
شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈۋېتىشقا بولمايدىغان ھالقىلىق پەيتتۇر.
بەزى كىشىلەر ھېنرىنىڭ ئالدىدا ماك يارنىڭ يۇقىرى
ماھارىتى ۋە باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان جاسارىتى
بار، دەپ ماختىغان. «ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭلار، — دېگەن
ھېنرى، — ئۇ بىر قالتىس گېنېرال، بىراق مەن ئۇنىڭغا
قارىغاندا بەش سائەت ئالدىدا.» ھېنرى ئەتىگەن سائەت تۆتتە



ئورنىدىن تۇرىدىكەن، ماك يارن بولسا چۈشتىن بۇرۇن سائەت
ئوندىن ئاشقاندا ئورنىدىن تۇرىدىكەن. بۇ نۇقتا ئۇلار ئىككىيلەنـ
نىڭ ئارىسىدىكى ھەممە پەرقنى پەيدا قىلغان.
ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك بىر خىل كېـ
سەل، ئىشنى ئارقىغا سۆرەش بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىـ
دىكى كېسەللىك ئالامىتى. ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلـ
مەسلىكنىڭ دەردىنى قاتتىق تارتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا،
بىردىنبىر تۈزىتىش ئۇسۇلى كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقىرىشـ
تۇر. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ كېسەل غەلىبە ۋە نەتىجىنى نابۇت
قىلىدىغان ئەجەللىك قورال بولۇپ قالىدۇ. ئارىسالدى بولۇپ
بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان كىشى دەل مەغلۇپ بولىدىغان
كىشىدۇر.

* * *

بىر ئاتاقلىق يازغۇچى كارىۋات كىشىنى ھەم سۆيۈندۈرىدىـ
غان، ھەم نەپرەتلەندۈرىدىغان نەرسە، دېگەنىدى. بىز كەچتە
كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن، تاماملاپ بولالمىغان خىزـ
مىتىمىزنى ئويلاپ ئۆزىمىزنى بەك بالدۇر ئۇخلىماقچى بولغاندەك
ھېس قىلىمىز، ئەمما ئەتىگەندە چوقۇم بالدۇر تۇرۇشنى خالىـ
مايمىز. بىز ھەر كەچتە ئەتىسى ئەتىگەندە چوقۇم بالدۇر ئورۇنـ
دىن تۇرۇشنى نىيەت قىلىمىز، بىراق ھەر ئەتىگەندە يەنىلا
ئورنىمىزدىن تۇرغۇمىز كەلمەي، كارىۋات ئۈستىدە سوزۇلۇپ،
ئەسنەپ، ئەزمىلىك قىلىمىز. ھالبۇكى، كۆپ قىسىم مەشھۇر
ئەربابلار ئورنىدىن ناھايىتى بۇرۇن تۇرىدۇ. ئىمپېراتور پېتر
دائىم تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇراتتىكەن. ئۇ: «مەن
ئۆز ھاياتىمنى ئىمكانقەدەر ئۇزارتماقچىمەن، شۇڭا ئۇخلاش ۋاقـ
تىمنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىشىم كېرەك» دېگەنىدى. ئىمپېراـ
تور ئالفرېد تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇراتتى؛ كولۇمبو
ئەتىگەنكى بىرنەچچە سائەتلىك پىلانىدا يېڭى قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىز

لىنىيىسىنى ئىزدەيتتى؛ ناپولېئون ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇ-
ھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈستىدە ئويلىناتتى.
كوپېرنىكمۇ ئەتىگەن تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، قەدىمكى ۋە ھازىرقى
زاماندىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەدىبلەر سەھەر تۇرۇشقا ئادەت-
لەنگەن. شائىر بريانت ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرات-
تى، تارىخشۇناس بانكروفت تاڭ يورۇشىغا ئورنىدىن تۇراتتى.
بىزگە تونۇشلۇق بولغان ناھايىتى نۇرغۇن مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ
ھەممىسى ناھايىتى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا،
ۋاشىنگتون، جېففېرسون، ۋېبستېر، كلاي ۋە كالخوۋن قاتار-
لىق سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئەربابلارمۇ ئەتىگەن تۇرۇشقا
ئادەتلەنگەن. دانيېل ۋېبستېر دائىم ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن
20 ـ 30 پارچە جاۋاب خەت يازاتتى.

ۋالد سكىتمۇ ۋاقىتقا ئىنتايىن رىئايە ئادەم ئىدى، مانا بۇ
ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنىڭ سىرى. ئۇ
ئەتىگەن ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى بولغۇچە
شۇ كۈنكى ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولىدىغانلىقىنى
ئېيتقانىدى. داڭلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان
بىر ياش ئۇنىڭغا خەت يېزىپ يول كۆرسىتىشىنى سورىغاندا،
ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: «سىز ئۆز ۋاقتىدا ئىشنى تاماملى-
يالمايدىغان ئادەتتىن ھەزەر ئەيلەڭ، مېنىڭ دەۋاتقىنىم سۆرەل-
مىلىك قىلىش ئادىتىدۇر. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى دەرھال
قىلىش كېرەك، ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئارام ئالغىد-
لى بارساقمۇ بولىدۇ، ئىشتىن تۈگىتىشتىن بۇرۇن ھەرگىز
ئويۇن ـ تاماشىغا بارماسلىق لازىم.»

ئەتىگەن تۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم، بۇ تۇرمۇش
ئادىتىنىڭ ئەڭ زور قىممىتىنى ھەرقانچە سۆزلەپمۇ سۆزلەپ
بولغىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر
كۈندە سەككىز سائەت ئۇخلاشنىڭ ئۆزى كۇپايە. يەتتە سائەتلىك



ئۇيقۇمۇ ئەمەلىيەتتە ئاز ئەمەس. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ سالامەتلى-
كى ياخشى بولسا، ئۇ كارىۋاتتا سەككىز سائەت ياتقاندىن كېيىن
ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى، تېزلىك بىلەن كىيىنىپ خىزمىتىگە
بېرىشى كېرەك.

* * *

«مېنىڭ بەزى دوستلىرىم بىر خىل پەۋقۇلئاددە بەختسىز-
لىككە ئۇچرىغان، — دېگەنىدى ئامېرىكا فېدېراتسىيىسى مەسلى-
كىنىڭ تەشەببۇسچىسى خامىلتون، — تەڭرى ئادەمنى ياراتقان
چاغدا، ئادەمگە مۇئەييەن خىزمەت مىقدارىنى بەلگىلەپ بەرگەن،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ۋاقىتنى ماسلاشتۇرۇش قابىلىيە-
تىنىمۇ ئاتا قىلغان. بۇنداق بولغاندا، ئەگەر ئۇلار خىزمەتنى
دەل ۋاقتىدا باشلىيالىسا، شۇنىڭدەك بوشىشىپ قالمايدىغان بول-
سا، ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت خىزمەت مىقدارى بىلەن بىردەك
بولالايدۇ. لېكىن، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۇلار بىر قىسىم
ۋاقىتتىن ھېچ سەۋەبسىزلا مەھرۇم بولۇشتەك غەلىتە ئىشقا
يولۇققان. ئۇلار ۋاقىتتىن قانداقلارچە مەھرۇم بولغانلىقىنى
بىلمەيدۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى ناھايىتى
ئېنىق بىلىدۇ. بۇ خۇددى ئەسلىدە بار بولغان ئىككى تال يىپ-
نىڭ بىرى يەنە بىرىدىن بىر سۇڭ قىسقا بولغىنىغا ئوخشايدۇ.
خىزمەت بىلەن ۋاقىت قاتار تۇرىدۇ، ئەمما ۋاقىت ھامان خىز-
مەتتىن ئون مىنۇت ئاز بولىدۇ. ئۇلار خەت سالغىلى بارغاندا
پوچتىخانىنىڭ دەرۋازىسى ئەمدىلا تاقالغان بولىدۇ، ئۇلار پرىس-
تانغا يېتىپ بارغاندا پاراخوتنىڭ ئەمدىلا قوزغالغانلىقىنى كۆرىدۇ،
ئۇلار پويىز ئىستانسىسىغا بارغاندا پويىز ئەمدىلا قوزغالغان بو-
لىدۇ. ئۇلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمىغان ھەم ئىشنى ئۇنتۇپ
قالمىغان، بىراق ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا كېچىككىنە كېچى-
كىپ قالغان، ئىنتايىن قىسقا بولغان ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن-
لىكتىن، ھېچ ئىشنى قىلالمىغان.»

* * *

خۇددى نىكاھقا ئوخشاش مۇقەددەس، دەپسەندە قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇچرىشىشتۇر. ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىنىڭ سەۋەبى يېتەرلىك بولسا بىر نورى، بولمىسا ئۇ تەلتۆكۈس ئالدامچىدۇر، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭغا خۇددى ئالدامچىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

«ئەگەر بىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ۋاقتى بىلەن زادى كارى بولمىسا، — دەيدۇ خوراس گىرىل، — بۇنىڭ باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ باشقىلارنىڭ بىر سائىتىنى ئىسراپ قىلىش بىلەن باشقىلارنىڭ بەش دوللار پۇلىنى ئوغرىلاشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ھالبۇكى، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر سائەتلىك خىزمىتىنىڭ قىممىتى بەش دوللارنىڭ قىممىتىدىن تولىمۇ ئارتۇقتۇر.»

رۇزۋېلت ۋاشىنگتون سائەت تۆتتە غىزالىناتتى، بەزى چاغلاردا ئاقسارايغا تاماققا تەكلىپ قىلىنغان بەزى يېڭى پارلامېنت ئەزالىرى كېچىكىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ۋاشىنگتون غىزالىنىش بىلەنلا بولۇپ، ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايتتى، بۇ ئىش ئۇلارنى ئىنتايىن خىجىل قىلىپ قوياتتى. ۋاشىنگتون دائىم: «مېنىڭ سائىتىم ئەزەلدىن مېھمانلار كەلدىمۇ - يوق، دەپ سورىمايدۇ، ئۇ پەقەت ۋاقىت توشتىمۇ - يوق، دېگەننىلا سورايدۇ» دەيتتى.

ئۇنىڭ كاتىپى كېچىكىپ قالغىنىغا باھانە قىلىپ، سائىتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ۋاشىنگتون: «ئۇنداق بولسا، يا سىز سائىتىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ، يا مەن كاتىپىمنى ئالماشتۇراي» دېگەنىدى.

فرانكلىن ھەمىشە كېچىكىپ قالىدىغان، شۇنىڭدەك دائىم باھانە تېپىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىغان



خىزمەتكارلىرىغا: «مېنىڭ بايقىشىمچە، باھانە تېپىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ شۇنىڭدىن باشقا ئارتۇقچىلىقى بولمايدىكەن» دەيتتى.

بىر قېتىم، ناپولېئون مارشاللارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلار كېلىشكەن ۋاقىتتا يېتىپ كېلەلمەيدۇ، ئۇ يالغۇز غىزالىنىۋېرىدۇ. ئۇ غىزالىنىپ بولۇپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، مارشاللار يېتىپ كېلىدۇ. «ئەپەندىلەر، — دەيدۇ ناپولېئون، — ھازىر تاماق ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى بىز كېيىنكى خىزمىتىمىزنى باشلىۋېتەيلى.»

جون ئادامسمۇ سۆرەلمىلىك قىلمايتتى. پارلامېنتتا يىغىن ئېچىلغاندا، ئادامس ئەپەندى جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇش بىلەن، رىياسەتچى كۆپچىلىكنىڭ تولۇق كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يىغىننى باشلىۋېتەتتى. بىر قېتىم مۇنداق ئىش يۈز بەرگەنىدى: رىياسەتچى ئەمدىلا يىغىننى باشلاشنى ئېلان قىلىشىغا، بىرەيلەن: «ۋاقىت توشمىدى، چۈنكى ئادامس ئەپەندى تېخى يېتىپ كەلمىدى» دەيدۇ. نەتىجىدە، پارلامېنتنىڭ سائىتىنىڭ ئۈچ مىنۇت تېز كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن ئادامس ئەپەندى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىدۇ.

ۋېبستېر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا زادىلا كېچىكىپ باقمىغان، پارلامېنت ۋە جامائەت ئىشلىرىدىمۇ ئۇ ئوخشاشلا ۋاقىتقا رىئايە قىلاتتى. كۆنلىرى شۇنچە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان خوراس گىرىل ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشقا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلەتتى. «نەزەرىيە مۇنبىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن ئۆتكۈر ماقالىلىرىنى ئۇ باشقا مۇھەررىرلەر بەھۇزۇر ھالدا باشقىلار بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولۇپ تۇرغاندا ياكى يىغىن ۋاقتى كېچىككەن چاغلاردا يازغانىدى.

* * *

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش خىزمەتنىڭ جېنى ۋە جەۋھىرىنىڭ

ماكانى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئاقىلانىلىك ۋە ئىناۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

داڭلىق سودىگەر ئارمىنس لاۋرېنس سودا بىلەن شۇغۇللىنىش هاياتىنىڭ دەسلەپكى يەتتە يىلىدا، هەرقانداق تالوننىڭ يەكشەنبە كۈنىگىچە بىر تەرەپ قىلىنماسلىقىغا يول قويمىغانىدى. ۋاقىتقا رىئايە قىلىش يەنە ئەدەپ ـ قائىدىلىك، سىپايە بولغان خان جەمەتى ئۇسلۇبىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزىلەر دائىم ئىشنى هاپىلا ـ شاپىلا تۈگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىراش قىياپىتى سىزگە ئۇلار گويا بىر پويىزنى هەرىكەتلەندۈرۈۋاتقاندەك تەسىرات بېرىدۇ. ئۇلار ئىش قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى ئىگىلىمىگەن، شۇڭا چوڭراق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. سودا ساهەسىدىكى ئەربابلارغا مەلۇمكى، سودا پائالىيىتى جەريانىدىكى مەلۇم مۇهىم پەيت كېيىنكى نەچچە يىلدىكى كەسپىي تەرەققىياتىنىڭ هالىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر سىز بانكىغا بېرىشقا بىرنەچچە سائەت كېچىكىپ قالسىڭىز، تالونلىرىڭىز قوبۇل قىلىنماسلىقى، پۇل قەرز ئېلىش ئىشىڭىز يوققا چىقىشى مۇمكىن.

مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بىرى سىزنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇشقا هەيدەكچىلىك قىلىپ، قايسى چاغدا ئەتىگەنلىك تەكرار قىلىش ياكى دەرسكە بېرىشىڭىزنى ئېيتىپ، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، سۆرەلمىلىك قىلماسلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرىدىغان قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت. هەرقانداق ۋاقىتتا هەربىر ياشتا بىردىن سائەت بولۇشى لازىم؛ هەممە ئىشنى «يامان ئەمەس» قىلىشقا ئادەتلىنىش بىر ناچار ئادەت بولۇپ، يىراقنى ئويلىغاندا پايدا زىياننى قاپلىيالمايدىغان ئەهۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

«مەن هەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىدىغان ئاشۇ يىگىتنى بەك ياخشى كۆرىمەن! — دېگەنىدى برانت ئەپەندى، — ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ناهايىتى تېزلا بايقاپ قالـ



سىز، شۇنىڭدەك ناهايىتى تېزلا بىرى بىرىدىن مۇهىم ئىشلارنى تاپشۇرىدىغان بولىسىز.» ئىزچىل تۈردە ئىشنى دەل ۋاقتىدا بېجىرىدۇ، سۆرەلمىلىك قىلمايدۇ، دېگەن ياخشى ئاتاق هەمىشە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كاپىتالىنى جۇغلاشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ تۇنجى قەدەم بولغاندا، مۇۋەپپەقىيەت ئۆزلۈكىدىن ئالدىڭىزغا كېلىدىغان بولىدۇ.

ئىش قىلغاندا ۋاقىتنى كەينىگە سۈرمەسلىك بىر كىشىگە ئىشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇ كىشىلەرگە ياخشى نام ـ ئاتاق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ نام ـ ئاتاق تۇرمۇشىمىزنىڭ جايىدا، رەتلىك كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ، باشقىلارنى بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئىشلارنى كۆرۈنەرلىك ئورۇندىيالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۈرىدۇ. ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان كىشىلەر ئادەتتە لەۋزىدە تۇرمايدىغان ياكى ئۇچرىشىشقا كەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، هەممىسى ئىشەنچلىك ۋە ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان بولىدۇ.

پويىز شوپۇرىنىڭ سائىتى كىچىككىنە كەينىدە قالسا، ئېغىر قاتناش هادىسىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۆز ساهەسىدە ئالدىدا كېتىۋاتقان، كاپىتالى تولۇق بىر شىركەتنىڭ ۋەيران بولۇشى، ۋاكالەتچى ئاپپاراتلىرىنىڭ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن زۆرۈر بولغان مەبلەغنى ئۆز ۋاقتىدا يۆتكەپ كەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. گۇناهسىز بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنىشى كەچۈرۈم خېتىنى ئېلىپ كېلىدىغان چاپارمەننىڭ بەش مىنۇت كېچىكىپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. بىر كىشى بەش مىنۇت توختاپ تۇرۇپ قىلچە ئەهمىيىتى يوق قۇرۇق گەپنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ ئاپتوبۇسقا ياكى پاراخوتقا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىش پىلانى ئۇنىڭ بىر مىنۇت كېچىكىپ قالغانلىقى تۈپەيلى سۇغا چىلىشىدۇ.

* * *

گېنېرال گرانت سامتېلىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىق خەۋىرـ

نى ئاڭلىغان ھامان، دۈشمەن قوشۇنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلىدۇ. بۇكنېر ئاق بايراقنى دونالسونغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ھەم تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى كېڭىشىش ۋاقتىنى بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، گرانت كەسكىنلىك بىلەن: «بىز دەرھال شەرتسىز تەسلىم بولۇشتىن باشقا، ھېچقانداق شەرتىڭلارنى قوبۇل قىلمايمىز. مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى دەرھال ئۆتكۈزۈۋېلىشنى باشلاش تەكلىپىنى بېرىمەن» دەيدۇ. بۇكنېر بولسا، ئوبيېكتىپ شارائىت ئۆزىنى «گرانت ئوتتۇرىغا قويغان شەپقەتسىز، مۇزاكىرىلىشىشكە ئورۇن قالدۇرۇلمىغان شەرت» نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ناپولېئونمۇ ئوخشاشلا ئۇششاق - چۈششەك ئەندىشىلەرنى تاشلىۋېتىپ، كەسكىنلىك بىلەن ھالقىلىق شەيئىنى چىڭ تۇتقان كىشى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ دەپ قارايتتى.

گاڭگىراپ يۈرۈپ ئاخىرى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان نۇرغۇن كىشىلەر دەسلەپكى ھالقىلىق بەش مىنۇتنى چىڭ تۇتالمىغان. مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ قەبرىسىدىكى قۇرلار «بەك كېچىككەن» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشقا تولۇپ كەتكەن بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بىرنەچچە مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە غەلىبە قىلىش بىلەن ۋەيران بولۇش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن مەغلۇپ بولۇش ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نەتىجىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.



# سەككىزىنچى باب

# شەخسىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى بايلىق

ياخشى تەربىيىلىنىش بايلىقنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ. بارلىق دەرۋازىلار تەربىيە ئالغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېچىق. ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا تىيىننىڭ پۇچۇقى بولمىسىمۇ، ھەر ۋاقىت - ھەر جايدا كىشىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ. گەپ - سۆزى جايىدا، كەمتەر ۋە دوستانە، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، يۈرۈش - تۇرۇشى مۆتىۋەرلەرچە سالاپەتلىك كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى توسالغۇسىز بولىدۇ.

*بالىلىق چاغدىلا مەدەنىي بولغان يۈرۈش-تۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بىزگە بارلىق بايلىقلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن باراۋەردۇر، ئۇ چاغدا ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ھەممە نەرسىگە ئاسانلا ئېرىشەلەيمىز، ھەتتا ئۇلار ئۆزلۈكىدىن بىزنى ئىزدەپ ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىدۇ.*

*—— ئېمېرسون*

*شىلەپىڭنى قولۇڭغا ئالساڭ، دۇنيا سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ماڭىدۇ.*

*—— گېرمانىيە ماقالى*

*ئەڭ ياخشىسى ئارزۇنى كۆلۈمسىرەشتىن پايدىلىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم، كۆلۈمسىرەشنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەتتا قىلىچنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىنمۇ ئارتۇقتۇر.*

*—— شېكسپىر*

*ئەدەپلىك بولۇشنىڭ رولى پاراخوتنىكى ھاۋا خالتىسىغا ئاززاق ئوخشاپ كېتىدۇ، گەرچە ئىچىدە ھېچنېمە بولمىسىمۇ، بىراق بىزنىڭ سىلكىنىشىمىزنى زور دەرىجىدە پەسەيتەلەيدۇ.*

*—— گېئورگې كېللىي*

بۇرۇن ئوفىتسېرلىق قىلىپ باققان بىر ئەسكەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن لاياقەتلىك ئىكەن. ئۇ يۇقىرىغا بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، جۇڭۇيىنىڭ فۇگۇەنى ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ-دە، قويۇق لوندون تەلەپپۇزىدا ئەيىبلەپ كېتىپتۇ: «لەنەت تەگكۈر، ئۇ بېشىنى ئېچىگە تىقىۋېلىپ نېمە قىلماقچى؟ ئۇ بۇرۇن ئوفىتسېر بولغان ئەمەسمىدى؟ يۈرۈش-تۇرۇشى جايىدا بولۇش دېگەننى بىلەمدۇ-يوق؟ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايدىغان ئادەم قانداقمۇ ئوفىتسېر بولالايدۇ؟ كىمدەكىم لاياقەتلىك ئەسكەر بولىمەن دەيدىكەن، ئۇ ئېڭىكىنى يۇقىرى كۆتۈرسۇن، سالاپەتلىكرەك بولسۇن، بىرەر كىشى چاتاق تېرىسا، ئۇنىڭ چوققىسىغا نوقۇپ قويالايدىغان بولسۇن، بولمىسا بېرىپ پوپ بولسۇن.»

بۇ گەپ قوپاللىراق ئېيتىلغان بولسىمۇ، بىراق بىزگە كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىر قائىدىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ: ياخشى تەقى-تۇرق ئەسكەرلەرنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بىزنىڭ قەيەرگە بېرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، سۆز-ھەرىكىتىمىز جايىدا بولسا، كىشىلەرنى ئەيمەندۇرگۈدەك سالاپەتكە ئىگە بولالايمىز.

* * *

بىر قېتىم، شەرق شامىلى غەرب شامىلىغا: «قارا، مەن نېمىدېگەن كۈچلۈك-ھە، ئەجەبا سەن مېنى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ مەن ھەر قېتىم يولغا چىقىدىغان چاغدا، پۈتكۈل دېڭىز بويىدا يامغۇر چېلەكلەپ يېغىپ كېتىدۇ، كىشىلەر بۇنىڭدىن مېنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. كېمىنىڭ موما

ياغىچىنى مۇنداقلا ئىتتىرىپ سۇندۇرۇۋېتەلەيمەن، خۇددى سەن مامكاپقا ئۇچرىغاندىكىدەك ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايمەن. مەن قانىتىمنى يەلپۈيدىغان بولسام، پۈتكۈل دېڭىزدا ئاسمانپەلەك دولقۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ. مەن قولۇمنى شۇنداق شىلتىسام، ئاتلانتىك ئوكيان ئۆرلەپ كېتىدۇ. قېرى - كېسەلمەن، ئاجىز ئورۇقلار مېنى كۆرسە قورقۇپ مۆكۈۋالىدۇ، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكلىرىگە كىرىپ كېتەلەيمەن، شۇڭا كىشىلەر ئامالسىز ئوتتۇن كېسىپ، كۆمۈر قېزىپ، ئوت قالاپ ئىسسىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەن مۇنداقلا پۈۋلەپ قويىدىغان بولسام، دىر - دىر تىترىمەيدىغان ئادەم يوق. قارا، مەن ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك، ئەجەبا سەن بۇنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپ باقمىغانمۇ؟ »

غەرب شامىلى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھېچنېمە دېمەي، بۇلۇتلار ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ھەربىر دەريا، ھەربىر كۆل ۋە ھەربىر دېڭىز، ھەربىر ئورمان ۋە يەر، ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار، ئالدىراشلىق ئىچىدە يۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇشاللىق كۈلكىلىرى ياڭراپتۇ. ئۇ پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ، باغلاردا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپتۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر سانجاق - سانجاق مېۋىلەپتۇ، بۇغدايلار ئالتۇن رەڭگە كىرىپتۇ؛ ئاپئاق بۇلۇتلار ئەركىن - ئازادە لەيلەپ ئويناشقا باشلاپتۇ، قۇشلار قانات يېيىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىپتۇ، دېڭىزمۇ يەلكەنلەرگە تولۇپتۇ. ھەممىلا يەر بەختىيار، خۇشال مەنزىرىگە چۆمۈپتۇ. شەرق شامىلىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە يولسىزلىقى، شەپقەتسىزلىكى ۋە ياۋۇزلۇقى، ئۇنىڭ ھەيۋە بىلەن قىلغان ئىغۋاگەرلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خۇشال ۋە گۈزەل مەنزىرە، ھاياتىي كۈچكە تولغان ھەممە يەر، بەس - بەس بىلەن ئېچىلىپ كەتكەن گۈل - گىياھلارنىڭ ھەممىسى غەرب شامىلىنىڭ شەرق شامىلىغا بەرگەن جاۋابىدۇر.



* * *

يەنە بىر ھېكايە بار، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت ئېرى شاھزادە ئالبېرت بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۆزىنى چوڭ تۇتقان تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ قويۇپ، شاھزادىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىپ قويىدۇ. شاھزادە دەرھال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە ئىشىكنى ئېتىۋالىدۇ. بەش مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىك چېكىلىدۇ.

— كىم؟ — دەپ سورايدۇ شاھزادە.

— مەن، ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھىغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭ، — دەيدۇ ئايال پادىشاھ مەغرۇرلۇق بىلەن.

لېكىن، ھېچقانداق شەپە چىقمايدۇ. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئىشىك يەنە چېكىلىدۇ، ئايال پادىشاھ مۇلايىملىق بىلەن پەس ئاۋازدا:

— بۇ مەن، ۋېكتورىيە، سىزنىڭ ئايالىڭىز.

مېنىڭ يەنە بىرنېمە دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، كۆپچىلىك ئىشىكنىڭ ئېچىلغان - ئېچىلمىغانلىقى، ئىككىيلەننىڭ يەنە ئەپلىشىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى قىياس قىلالايدۇ. خۇددى بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئەر كىشىنىڭ تەربىيىلىنىشى خۇددى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشاش بولۇپ، دەرھال كىشىدە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

* * *

يەنە بىر ئىنتايىن قىزىقارلىق قەدىمىي رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا باشلىق ئىسمىلىك پوپ پاپانىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن دىنىي جەمئىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، بىر پەرىشتە ئۇنى مەخسۇس دوزاختا كۈتۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، چۈنكى ئۇ جازالانغان بولغاچقا، پەقەت شۇ يەردىلا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئورۇن تېپىلىدىكەن. لېكىن، بۇ پوپنىڭ مە-

جەزى مۇلايىم، گەپ - سۆزلىرى تەسىرلىك بولغاچقا، نەگىلا بارسا شۇ يەردە بىر توپ دوستلىرى بار بولاتتى. خاتالىق ئۆتكۈزگەن پەرىشتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالىدىكەن؛ كەمچىلىكسىز، مۇكەممەل پەرىشتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىششقا قىزىقىدىكەن. ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىگە تاشلىۋېتىلىپتۇ، ئەمما ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۇنىڭ تۇغما مەدەنىيلىكى، تۇغما مۇلايىملىقى تۈپەيلى ھەرقانداق كۈچ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز ئىكەن. ئۇ كەلگەنلىكتىن دوزاخمۇ جەننەتكە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان پەرىشتىمۇ پوپىنى ئىزدەپ كېلىپ، ھەقىقەتەن ئۇنى جازالىغۇدەك جاي تاپالىمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېچنېمە ئۇنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ، ئۇ يەنىلا ئەقىللىق، كاللىسى سەگەك باشىل بولۇپ قېلىۋېرىپتۇ. ئاخىرى، پەرىشتە جازانى بىكار قىلىپ، ئۇنى جەننەتكە ئەكىرىپ قويۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا تەقۋادار مۇرىت، دېگەن نامنى بېرىپتۇ.

بۇرۇن ئەنگلىيە - گوللاندىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، فرانسىيە پادىشاھى لۇئىس X Ⅳ نى مەغلۇپ قىلغان گېرتسوگ مارلبورو ئىنگلىزچە خەتنى تولىمۇ سەت يازىدىكەن، سۆز قىلغاندا كېكەچلەيدىكەن، بىراق ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ كېلىشكەن تەقى - تۇرقى ئۇچراشقان ھەربىر كىشىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالىدىغان بولۇپ، ياۋروپا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنىڭغا مايىل ئىكەن. بەزى كىشىلەر كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى زادىلا چىقىشالمايدىغان دۈشمىنى دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تەبەسسۇمىنى كۆرگەن ۋە يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالىدىكەن.



تەربىيىلىنىش توغرۇلۇق يەنە بىر ھېكايە بار. بىر قېتىم، بىر مۆتىۋەر ئون ئالتە ياشلىق قىزىنى باشلاپ بىر قېتىملىق سوتنى كۆرگىلى بارىدۇ. سوت قىلىنىدىغان جىنايەتچىنىڭ ئىسمى ئارون بېرل بولۇپ، مۆتىۋەرنىڭ زادىلا سىغىشالمايدىغان دۈشمىنى ئىكەن. مۆتىۋەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر ۋەتەن ساتقۇچ ئىكەن. لېكىن، سوتتا ئارون بېرلىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سالاپىتى مۆتىۋەرنىڭ قىزىنى پۈتۈنلەي جەلپ قىلىۋاپتۇ. قىز ئىختىيارسىز ھالدا جاۋابكار تەرەپتە تۇرۇۋاپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن مۆتىۋەر قىزىنى سوتتىن سۆرەپ چىقىپ، ئۆيىگە سولاپ قويۇپتۇ. لېكىن، جاۋابكارنىڭ سىپايە قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى ياش قىزنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋاپتۇ. قىز ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنىپتۇ ھەمدە توختىماي دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ ئامان - ئېسەن قويۇپ بېرىلىشىنى تىلەپتۇ. ئەللىك يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قىز ئاللىقاچان مومايغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشنى ئەسلىگەندە: «ھازىرمۇ ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى خىيالىمغا كەلتۈرسەم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىدۇ» دەيدىكەن.

* * *

فرانسىيىلىك رىكامىيېر خانىم تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، ساھىبجامال ئايال ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ پارىژدىكى سان روچېل چېركاۋىدىكى ئىئانە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈشى بىلەن، ساندۇقتىكى پۇللارغا بىردەمدىلا يىگىرمە مىڭ فرانك قوشۇلۇپ قالغانىدى. ناپولېئون زەپەر قۇچۇپ ئىتالىيىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدا، كىشىلەر بۇ خانىمنىڭ جەلپكارلىقىغا دىققەت قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن قەھرىمانغا ئانچە قاراپ كەتمىگەنىدى.

بىر قېتىم، بىر مۇلازىم مېدىلوم خانىمنىڭ يېنىغا كې-

لىپ، قۇلىقىغا: «خانىم، سىز يەنە بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، چۈنكى بۈگۈن كاۋاپ يوق ئىدى» دەپ پىچىرلايدۇ. مېدىلوم خانىم سىپايە، گەپ - سۆزى قىزىق ئايال بولۇپ، ئۇ بارلىكى جايدا مېھمانلار تۇرمۇشتىكى بارلىق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى يىراق - يىراقلارغا تاشلىۋېتەتتى.

ساينت بېۋ مۇنداق ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: بىر قېتىم، فرانسىيىنىڭ كېرباد شەھىرىدىكى بىر توپ ئاقسۆڭەكلەر شابىرىغا قىسقا سەپەر قىلىدۇ، قايتىشىدا ئۇلار ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرىدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، بىرىنچى ماشىنىدىكىلەر قاقشاپ، ھاۋانىڭ ناچارلىقى، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكى، يولنىڭمۇ پاتقاق ۋە ئېگىز - پەس ئىكەنلىكى، يول بويى نەس ئىشلار يولۇقۇپلا تۇرغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. لېكىن، ئىككىنچى ماشىنىدىكىلەر ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپلا قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پاتقاق ۋە ئېگىز-پەس يول، خەتەر دېگەنلەرنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار شۇ چاغدا يەر يۈزىنىڭ قانداقلىقىغا ئازراقمۇ دىققەت قىلمىغان، پەقەت پۈتۈنلەي ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش بىلەن بولۇپ كېتىشكەنىدى. مانا بۇ كۆڭۈللۈك پاراڭنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن تۇيغۇسى ئىدى. ماشىنىدا ستار خانىم، رېكامىيېر خانىم، بېنجامىن كونستان، يەنە شىلگىر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ، قىلىشقان پاراڭلىرى ئۇلارغا ناچار ھاۋا، يولنىڭ ئېگىز - پەسلىكى دېگەنلەرنى زادىلا سەزدۈرمىگەنىدى.

* * *

«ئەگەر مەن ئايال پادىشاھ بولۇپ قالغان بولسام، — دېگەنىدى تېيىس خانىم، — چوقۇم پەرمان چۈشۈرۈپ، ستار خانىمنى ھەر كۈنى ماڭا ھەمراھ بولۇپ پاراڭلىشىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم.»



ستار خانىم تۇغما چىرايلىق ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدا سۈپەتلەش تەسكە چۈشىدىغان بىر خىل سالاپەت بار ئىدى. بىز دائىم دەيدىغان گۈزەللىك بۇنداق سالاپەتنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالاتتى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكىگە يېقىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا تەييار ئىدى؛ قانچىلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز ھاياتىنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلىگەنىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ستار خانىم ھەممىگە قادىر خۇداغا ئوخشايتتى. ئۇلۇغ پادىشاھ ناپولېئون چېغىدا قول ئاستىدىكى كىشىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ ھەم قورقۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە، ئۆزىنى فرانسىيىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

ۋىتتېئېنىڭ سۆزى ستار خانىمغىلا ئەمەس، يەنە باشقا نۇرغۇن ئاياللارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ:

ئۇ چۆمدۈرەر ئۆيىمىزنى خۇشاللىققا،
نۇرلاندۇرار تېخىمۇ ھويلىمىزنى.
قاچانكى ئۇ كۆرسەتسە چىرايىنى،
قاپلاپ كېتەر خۇشاللىق ھەممىمىزنى.

* * *

ئاۋام پالاتا ئەزاسى ئارتۇر كاۋاناف پۇت - قوللىرى كېرەككە كەلمەيدىغان مەجرۇھ. بىر قېتىم، بىر كىشى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى ھەپتە تۇرىدۇ. مېھمان كاۋانافنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىدىغانلىقىنى بەكلا بىلگۈسى كېلىدۇ. لېكىن، ھەر قېتىم پاراڭلاشقان چاغدا، كاۋانافنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىر مەجرۇھ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

دىككىنسنى قاتتىق چۈشىنىدىغان بىر كىشى: «ھەر قېتىم

دىككىنىس كىرگەندە، ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا يورۇپ، ھەممەيلە
قەلبىدە بىر خىل ئىللىقنى ھېس قىلىدۇ» دېگەنىدى.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىم گېيتى بىر كىچىك
رېستورانغا كەلگەندە، غىزالىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
قولىلىرىدىكى ۋىلكا ـ قوشۇقلارنى قويۇپ قويۇپ، بەس ـ بەس
بىلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەن.
ماكىدونىيىلىك فىلىپ گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا،
ئافېنانىڭ مەشھۇر سىياسىئونى دېموستىن ئۆز خەلقىگە بىر
قېتىملىق مەشھۇر نۇتقىنى سۆزلىگەن. فىلىپ قول ئاستىدىكى
ئادەملىرىدىن نۇتۇق سورۇنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن،
ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ: «ئەگەر بەختكە قارشى مەنمۇ ئۇنىڭ
نۇتقىنى ئاڭلاپ قالغان بولسام، قولۇمغا قورال ئېلىپ فىلىپ
بىلەن جەڭ قىلغىلى ئاتلانغان بولاركەنمەن» دەۋەتكەن.
ئامېرىكىلىق سىياسىئون خېنرى كلاي سىپايە، ئەدەپلىك-
لىكى بىلەن كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. بىر قې-
تىم، پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى بىر مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى
تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئۇنى پەيتۇندىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ۋە
ئائىلىسى نۇتۇق سۆزلەتمەكچى بولغانىدى.
چوئات داڭلىق ئاقىلغۇچى ئادۋوكات. سۆزلەپ كەلسەك
تولىمۇ قىزىق، ئۇ ئاقىلغۇچى ئادۋوكاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە
ئالغان دېلولاردا بىر كىشى ئۇدا بەش قېتىم زاسىداتېللار ئۆمە-
كىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. تولىمۇ ساددا بۇ كىشى چوئاتنى:
«ئۇنىڭ ناتىقلىقى ماڭا ھېچقانچە قالتىس بىلىنمىدى، لېكىن
ئۇ ھەقىقەتەن بەك تەلەيلىك ئىكەن. بەش قېتىمنىڭ ھەر قېتى-
مىدا ئۇ دەل توغرا تەرەپنىڭ ئاقىلغۇچىلىقىنى تالىلىۋاپتۇ» دەپ
سۈپەتلىگەنىدى. چوئاتنىڭ ئارتۇقچىلىقى مەنتىقىسىنىڭ كۈچ-
لۈك ۋە تەپەككۇرىنىڭ روشەن بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى يۇ-
رۇش ـ تۇرۇشى ۋە قول ئىشارىلىرىنىڭ كىشىلەرنى ئۆز سۆزىگە


ئىشەنمىسە بولمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىدۇر.
ئامېرىكىلىق داڭلىق پوپ، سىياسىي پائالىيەتچى ئېدۋارد
ئېۋېرېت ياۋروپادا بەش يىل بىلىم تەھسىل قىلىدۇ، ئاندىن
كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ئورنىغا ئېرى-
شىدۇ. خارۋاردتىكى مەزگىلىدە، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا چەكسىز
چوقۇنىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭدا سېھرىي كۈچ بارلىقىنى ھېس
قىلىدۇ، ئەمما بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ
بېرەلمەيدۇ. بۇنداق سېھرىي كۈچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بېقىنىدىغان-
دەك، ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلمايدۇ.

* * *

نيۇ ـ يوركتىن كەلگەن بىر ئايال فىلادېلفىيىگە بارىدىغان
پويىزغا چىقىپ بىر ۋاگونغا كىرىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا،
سېمىزرەك كەلگەن بىر ئەر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى
ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، ئاندىن بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرىدۇ.
ھېلىقى ئايال ئىختىيارسىز يۆتىلىپ كېتىدۇ- دە، ئۇياق ـ
بۇياققا يۆتكىلىدۇ. لېكىن، ئەر كىشى ئۇنىڭ بېشارەتلىرىگە
قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ، ئاخىرى ئايال چىدىيالماي ئېغىز ئاچى-
دۇ: «سىز چەت ئەللىكقۇ دەيمەن؟ بۇ پويىزدا مەخسۇس تاماكا
چېكىشكە بولىدىغان ۋاگوننىڭ بارلىقىنى بىلمەمسىز؟ بۇ يەردە
تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. ھېلىقى ئەر
ئۈندىمەي تاماكىسىنى ئۆچۈرىدۇ ـ دە، دېرىزە سىرتىغا تاشلىۋې-
تىدۇ.
بىردەمدىن كېيىن، پويىز خادىمى ھېلىقى خانىمغا بۇ گې-
نېرال گرانتنىڭ خۇسۇسىي ۋاگونى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چى-
قىپ كېتىشىنى ئېيتىدۇ. خانىم قاتتىق چۆچۈپ ئورنىدىن
تۇرىدۇ ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭىدۇ ۋە گېنېرالنىڭ بايىقى
ئىشىدىن ئەجەبلىنىدۇ. ئۇ قېتىپ ئولتۇرغان گېنېرالغا قارىغى-
نىچە ھودۇققان ھەم قورققان ھالدا ئىشىككىچە شوخشۇپ بارى-

دۇ. بۇ جەرياندا، گېنېرال يەنىلا ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى
ئىپادىلەپ، ئۇنى ھېچقانداق ئوڭايسىزلىققا سالمايدۇ، ھەتتا
مەسخىرە قىلىۋاتقان ئىپادىسىمۇ بولمايدۇ.
بىر قېتىم، جۇلىئان رالف ئامېرىكىنىڭ 21 - قېتىملىق
زۇڭتۇڭى ئاۋرتور بىلەن بىللە فلوريدا تاقىم ئاراللىرىنى زىيا-
رەت قىلىدۇ. بىر كۈنى، ئۇ زۇڭتۇڭنىڭ سەپەر ئەھۋالى توغرى-
سىدا تېلېگرامما يوللاپ گېزىتخانىغا دوكلات قىلىدۇ. قايتىپ
كەلگەندە سەھەر سائەت ئىككى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ مېھمان-
خانا دەرۋازىسىنىڭ چىڭ تاقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ
بىلەن بىللە يەنە ئىككى دوستىمۇ كەلگەنىدى، ئۇچەيلەن بىرلىك-
تە دەرۋازىنى كۈچەپ ئۇرۇپ، كۈتكۈچىنى ئويغاتماقچى بولىدۇ.
لېكىن، دەرۋازا ئېچىلغان چاغدا، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن دەرۋازا
ئېچىپ بەرگۈچى دەل ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى ئىكەنلىكىنى كۆ-
رىدۇ. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئۆكۈنگەنلىكىنى سۆزلىمەيلا قويايلى.
رالف ئەپەندى دەرھال زۇڭتۇڭدىن ئەپۇ سوراپ، ئۇنىڭ كەچۈ-
رۈشىنى تىلەيدۇ. «ھېچقىسى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ
زۇڭتۇڭ، — ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئېھتىمال سىلەر
تاڭ يورۇغاندىلا ياتاققا كىرەلىگەن بولاتتىڭلار. ھېلىمۇ ياخشى،
مەن ئۇخلاپ قالماپتىمەن. ئەپسۇسكى، ئەر خىزمەتكارىم ئۇخلاپ
قاپتۇ، بولمىسا ئۇنى دەرۋازا ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇغان بولات-
تىم. شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتىكەن، ئۇنى ئويغاتقۇم
كەلمىدى. »

* * *

ئالەمدىن ئۆتكەن ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋاردنىڭ تېخى شاھ-
زادە ۋېلىسپي چېغىدىلا «ياۋروپادىكى بىرىنچى مۆتىۋەر» دېگەن
چىرايلىق نامى بار ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ
ھۆرمەتلىك بىر مېھماننى كۈتۈۋالىدۇ. زىياپەتتە، خىزمەتكار
قەھۋە ئېلىپ كەلگەندە، مېھمان ھەممەيلەننى قارىتىپ تۇرۇپ،



چاي تەخسىسىنى ئېلىپ قەھۋە ئىچىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بى-
نورمال ئىشىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. شاھ-
زادە كۆپچىلىكنىڭ چىراي ئىپادىسىگە بىر قاراپلا، سەۋەبىنى
بىلىپ يېتىدۇ. مېھماننى ئوسال قىلىپ قويماسلىق ئۇچۇن،
تەنتەنىلىك ھالدا ئىستاكىنىدىكى قەھۋەنى چاي تەخسىسىگە قۇ-
يۇپ، مېھمان بايا ئىچكەندەك ئىچىدۇ. شاھزادىنىڭ ئۆيىدىكىلەر
بۇنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى
تونۇپ يېتىدۇ - دە، ھۆپپىدە قىزىرىدۇ، ئارقىدىن ئۇلارمۇ
شاھزادىنى دوراپ، چاي تەخسىسىدە قەھۋە ئىچىشكە باشلايدۇ.

* * *

پادىشاھ ۋېكتورىيە ئاتاقلىق يازغۇچى كارلىلغا ئىنتايىن
قول قوياتتى. كارلىل نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولسى-
مۇ، ئايال پادىشاھ يەنىلا ئۇنىڭغا ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى
بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن، كارلىل، مەن ئاللىقاچان ئۆز ئۇ-
سۇلۇم بويىچە ئاقسۆڭەككە ئايلىنىپ بولدۇم، يەنە بۇنداق مەرتە-
ۋىنى ئېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇ پادى-
شاھنىڭ ياخشى نىيىتىنى تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىدۇ. ھالبۇ-
كى، ئۇ ئوردىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى.
بىر قېتىم، ئايال پادىشاھ ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ
ئايال پادىشاھ بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، چارچاپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ - دە، قىلچە ئويلىنىپ تۇرماي:
«خانىم، بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشىمىزغا رۇخسەت قىلغان
بولسىڭىز» دەيدۇ. شۇ سورۇندا بار ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالىدۇ. لېكىن، ئايال
پادىشاھ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە ئىدى، ئۇ قول ئىشارىسى بىلەن
ھەممەيلەننى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.
بىز كارلىلنىڭ بىر دوستىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدىن-
مۇ، ئايال پادىشاھنىڭ بۇنداق يول قويۇپ، ۋاقتىنچە ئوردا

يوسۇننى قايرىپ قويۇشقا ماقۇل بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈ-
شىنىۋالالايمىز. بۇ دوستى كارلىلنى تۈنجى قېتىم كۆرگەن
چاغدا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ باها بەرگەنىدى: «ئۇ ئوتتۇرىغا
چىققاندىلا بىر خىل ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇنى بىللە ئېلىپ
كېلىدۇ، بۇ تۇيغۇ كىشىنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلايدۇ. مەن بىر
تالانتنىڭ سالاپىتىنى كۆرگىلى كېلىپ، ئايرىلىدىغان چاغدا
ھەمىشە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغاندەك ھالغا چۈشۈپ
قالىمەن.»
بەزى كىشىلەر تۇغما ھالدا بىر خىل جاسارەت ۋە سالاپەتكە
ئىگە بولۇپ، باشقىلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىگە بويسۇنى-
دىغان قىلىدۇ. زادى قانداق قىلغاندا بۇنداق سېھرىي كۈچنى
پەيدا قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنداق كىشىلەر پەيدا بولغان ھامان،
ھەممەيلەن گويا ئۇخلىتىپ قويۇلغاندەك بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق
سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشنى كىممۇ خالىمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن
ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، بىز رازى
بولىمىز. ئۇنداقتا، بۇنداق خاراكتېرنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ
سىرى زادى قەيەردە؟

* * *

كىشىلەر دائىم قاتلىمى قانچە يۇقىرىلىغانسېرى، كىشىلەر-
نىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ شۇنچە مەدەنىي بولىدۇ، دېگەن خاتا
ھېسسىياتتا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئور-
دىدىن ئىبارەت بۇنداق جايدىمۇ بىھۆرمەتلىك قىلمىشلار يېگىلىق
ھېسابلانمايدۇ. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، ئەنگلىيە شاھزادىسى
ئېدۋارد بىلەن خانىش ۋىلىسېي كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ، زىيا-
پەتكە كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى قاتلامنىڭ باش ئەرباب-
لىرى ئىدى. ئەينى چاغدا خانىشنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغىنىغا
ئۇزاق بولمىغانىدى، ئۇ زالدا پەيدا بولغان چاغدا، كىشىلەر
بىردەم پاتپاراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ،



تەقى- تۇرقىنى كۆرمەكچى بولۇشىدۇ. قىستا - قىستاڭچىلىق-
تا، ئايال پادىشاھنىڭ يېرىم بەدەنلىك ھەيكىلى ئۆرۈلۈپ چۈ-
شۈپ نەچچە پارچە بولۇپ كېتىدۇ، گەج تەگلىكمۇ قومۇرۇلۇپ
كېتىدۇ. لېكىن، كۆپچىلىك بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ،
ئەكسىچە ئادەتتىكى چاغلاردىكى سىپايە، مۇلايىم خانىم ۋە خان-
قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە يول بەرمەي گەج تەگلىكنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشقىنىچە نېمە بولغانلىقىنى
كۆرمەكچى بولۇشىدۇ.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رۇسىيە پادىشاھى كاتېرىنا ھەر
قېتىم ئاقسۆڭەكلەرنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇلارغا ئۈچ ماددى-
لىق قائىدىنى بېكىتىپ، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە -
يوسۇنلارنى كارتوچكىغا بېسىپ ھەممەيلەنگە تارقىتىپ بېرىدى-
كەن. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق بىر سۆز بار ئىكەن: «زىياپەت
ئاخىرلاشمىغۇچە، ئەپەندىلەر مەست بولسا بولمايدۇ؛ ئەپەندىلەر
بىللە كەلگەن ئاياللىنى ئۇرسا بولمايدۇ؛ ئاياللارنىڭ رومكىنى
ئېغىز چايقاشقا ئىشلىتىشىگە، سالفېتكا بىلەن يۈزىنى ئېرتىشى-
گە، ۋىلكا بىلەن چىشىنى قىرىشىغا بولمايدۇ.» ھەتتا بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگۈچە، رۇسلاردىن يۈرۈش- تۇرۇش ھالىتى جەھەتتە
تەرىپلىگۈدەك بىرەر ئەرباب چىقىپ باققىنى يوق.
«قائىدە - يوسۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مەنىسى
چامادانىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلىدىغان ئېتىكېتكا بولۇپ، ئۇ
كىشىلەرگە چامادانغا نېمە قاچىلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى.
بۇ ئېتىكېتكا بولغانلىقتىن، چامادان ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈلگەندە
ئېچىپ تەكشۈرۈشتىن ئامان قالاتتى. كېيىن، ئىجتىمائىي سو-
رۇنلاردا مېھمانلارنىڭ قايسى ئىشلارغا دىققەت قىلىشنى ئاگاھ-
لاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان باغاقچىلارمۇ مۇشۇ سۆز بى-
لەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، دىققەت قىلىدىغان بۇ ئىشلار «قا-
ئىدە - يوسۇن»، يەنى ئېتىكېتكانىڭ رولىنى ئوينايدىغان بول-

غان. شۇنداق قىلىپ، بۇ «قائىدە - يوسۇن»لارغا رىئايە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى ئاشۇ كارتوچكىدىكى بەلگىلىمىلەرگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش يۇقىرى سىنىپلارنىڭ تەلىپىگە ئايلانغان.

* * *

ناپولېئون ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن، يۇسفېن بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانىدى. يۇسفېن تولىمۇ كېلىشكەن ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەرقانداق ئىشقا كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا خۇشاللىق بىلەن قايىل بولاتتى. ئەينى چاغدا فرانسىيىدە ناپولېئوننىڭ ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشتىن يانمايدىغان نۇرغۇن سادىق مۇرىتلىرى بولسىمۇ، يۇسفېننىڭ ئاشۇ جەلپكارلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ رولىنىڭ ھېچقانچە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مېھمانخانا ئۆيدىكى، سالوندىكى رولىنى ناپولېئوننىڭ جەڭگاھدىكى رولىغا سېلىشتۇرسا، ئازراقمۇ چېنىپ قالمايتتى. بۇ جايلاردا، ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق قوماندان ئىدى. فرانسىيىلىكلەرلا ئۇنى ئايال پادىشاھ دەپ ئاتاپ قالماي، ناپولېئون بويسۇندۇرغان مىللەتلەرمۇ ئۇنى شۇ قەدەر قەدىرلەيتتى. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ خاراكتېرىدا زادى قانداق ئالاھىدە جايلار بار؟

ئۇنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈش بولالايدۇ. بىر قېتىم ئۇ بىر دوستىغا: «ئادەتتە مەن سۆزلىگەن چاغلىرىمدا، بىرلا سورۇندىن باشقىسىدا ‹ماڭا مۇنداق - مۇنداق نەرسىلەر كېرەك›، دېگەن سۆزنى قىلمايمەن. مەن دائىم كىشىلەرگە: ‹مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنى بەختلىك، خۇشال قىلماقچىمەن›، دەيمەن» دېگەنىدى.

## كوچىدا كېتىۋېتىپ كىشىلەرگە



ئېيتار ئۇ «خەيرلىك سەھەر» دېگەن سۆزنى.
لېكىن، ئاشۇ كۈنى پۈتۈن كۈن بويى
سۈرىدۇ كىشىلەر سەھەر پەيزىنى.

* * *

ياخشى يۈرۈش - تۇرۇش بارلىق تەبىئىي كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىيالايدۇ. ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ بىزنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يېرى چىرايىنىڭ گۈزەللىكى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك يۈرۈش - تۇرۇش ھالىتىدۇر. قەدىمكى زاماندا، يۇنانلىقلار گۈزەل چىراي تەڭرىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىنئام، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر چىرايلىق ئادەم مەلۇم ناچار ئىچكى پەزىلەتنى ئىپادىلىسە، بىزنىڭ زوقلىنىشىمىزغا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايتتى. يۇنانلىقلارنىڭ نەزىرىدە، تاشقى گۈزەللىك ئىچكى گۈزەل پەزىلەتنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇلار خۇشاللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، قانائەتچانلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە دوستانىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سىياسىئون بىرابېئاۋ بەتبەشىرىلىكتە نامى چىققان فرانسىيىلىك ئەر بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چوقۇر ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ سالاپىتىگە قايىل بولمىغان ئادەم يوق ئىكەن.

بىر خىل خاراكتېر گۈزەللىكى خۇددى سەنئەتتىكى گۈزەللىككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ سىزىقچىلىرىدا گىرۋەك يوق، سىزىقلىرى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللىقنى ساقلىغان، يېقىملىق ياي شەكلىدە بولىدۇ. خاراكتېرىدا نۇرغۇن قىرلار بولغانلىقتىن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبى يەنىمۇ يۈكسەكلىككە ئۆرلەپ دۇنياغا تېخىمۇ گۈزەل پەزىلەتنى نامايان قىلالمايدۇ. قانداق ئېسىل پەزىلەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قوپال، تېتىقسىز، پەيتكە نامۇۋاپىق ھالدا ئىپادىلەنسە، تەبىئىيكى ئۇنىڭ قىممىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزنى كۆپرەك تۈزۈپ تۇرساق، كۆپىنچە ھاللاردا ئىشىمىزنى ھەسسىلەپ ياخشى قىلالايمىز.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر رەسسامى ئاپېلس يۇناننىڭ گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ رەسىمىنى ياخشى سىزىش ئۈچۈن، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ، نۇرغۇن ساھىبجامال قىزلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزى سىزغان گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملىگەن. بۇنىڭغا نەچچە يىل ۋاقىت كەتكەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، يۇرۇش - تۇرۇشى مەدەنىي بىر كىشى ئۆزى ئۇچراتقان تۇرلۇك مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىدىكى كىشىلەرنى كۆزىتىشكە، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىللىرىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنى ھەقىقىي تەربىيىگە ئىگە قىلالايدۇ.

بىر ئەقىللىق ئادەم سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: بىز بىر تال سۆڭەكنى بىر ئىتقا تاشلاپ بەرسەك، ئىت ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى چىشلەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ قۇيرۇقى شىپاڭشىمايدۇ؛ ئەگەر ئىتنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، سۆڭەكنى ئۆز قولىمىز بىلەن بەرسەك، ئۇ مىننەتدار بولغان قىياپەتتە توختىماي قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىدۇ. ئىت چېغىدا ياخشى مۇئامىلە قىلغاننى، قانداق ئۇسۇل بىلەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈشنى بىلىدۇ، لېكىن رەھىمسىز، ئادالەتسىز، ھەق- ناھەق ۋە ياخشى - ياماننى ئايرىمايدىغان كىشىلەر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى زادىلا بىلمەيدۇ.

* * *

ئەنگلىيىنىڭ ئېدىنبورگ شەھىرىدىكى دوكتور گۇسلى مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر سىز رىمدا كىشىلەردىن يول سورىسىڭىز، ئۇ يەرلىكلەر ئەدەپ بىلەن سىز قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ شوتلاندىيىدە باشقىلاردىن يول سورىسىڭىز، ئېرىشىدىغان جاۋابىڭىز: ‹سىز ئالغا قاراپ مېڭىۋەرسىڭىز بولمامدۇ؟› دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. مۇشۇنداق



پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، رەنجىشكە توغرا كەلگەندە يەنىلا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەردىن رەنجىمەسلىك كېرەك. ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئەدەپ - قائىدىنى بىلمەسلىكىنىڭ يىلتىزى يەنىلا بۇ جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭمۇ تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز بولغانلىقىدىدۇر. تۇنجى قېتىم پارىژغا بارغان چېغىم تېخىچە ئېسىمدە، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. تۇنجى ئاخشىمى مەن بىر بانكىر بىلەن بىللە بولغان، ئۇ مېنى بىر تۇرالغۇغا باشلاپ بارغانىدى. ئۇ يەرگە بارغاندا، بىر ئايال خىزمەتكار بىزگە ئىشىك ئېچىپ بەردى. بانكىر شىلەپىسىنى ئەدەپ بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئايال خىزمەتكارنى ھۆرمەت بىلەن «خېنىم» دەپ ئاتىدى، يەنە بېشىنى ئېگىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. پارىژدا بىز كۆرگەن تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى بىر - بىرىدىن ئەدەپلىك، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ يەردىكى يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدىكىلەر ئاددىي پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلغاندا ئەدەپلىك بولۇشقا ھەقىقەتەن تولىمۇ دىققەت قىلىدۇ.»

* * *

تەربىيىلىنىشنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. مەدەنىي يۇرۇش - تۇرۇش پۇلنىڭ رولىنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەر گويا بىر يولخېتىگە ئېرىشكەندەك، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. بارلىق دەرۋازىلار ئۇلارغا ئېچىقلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا تىيىننىڭ سۇنۇقى بولمىسىمۇ، ھەرقانداق چاغ، ھەرقانداق جايدا كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولالايدۇ. ئۇلار ئانچە كۆپ بەدەل تۆلىمەيلا ھەممىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ئۇلار ئۇ يەردە كىشىلەرگە ئاپتاپتەك ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ، بارغانلا يەردە كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگىنى يورۇقلۇق، قۇياش، خۇشاللىقتىن ئىبارەت. بارلىق ھەسەتخور-

لۇقلار، بارلىق چاكىنا نىيەتلەر ئۇلارغا يولۇققاندا تەبىئىي يوسۇندا قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار جەزمەن ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشىگە ئۇچرايدۇ. ئويلاپ باقايلى، ھەسەل ھەرىسى قانداق قىلىپ پۈتۈن بەدىنى ھەسەل بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنى چاقسۇن؟

بۇ دەل ئەنگلىيە سىياسىئونى سېستفرىدنىڭ دېگىنىگە ئوخشايدۇ: «بىر كىشى تەربىيە ئالغان بولسىلا، باشقىلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى قانچىلىك نامۇۋاپىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىر تال مويىغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ تەبىئىي ھالدا كىشىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگىلى بولمايدىغان غۇرۇرنى بېرىپ، ئۇنى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. تەربىيىسىز كىشىلەر بولسا، ئاسانلا كىشىلەردە پەس كۆرۈش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ دەل نېمە ئۈچۈن گېرتسوگ مارلبورونىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ زادىلا چاكىنا سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى؛ ئوخشاشلا، كېنەز روبېرت ۋالفىنىڭ ئالدىدا ئېگىز - پەس گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ بولۇپ باقمىغىنىغا ئوخشاش.»

ھەقىقىي مۆتىۋەر ئۆز ۋۇجۇدىدا باشقىلاردا يامان ئىنكاس قوزغاپ قويىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ، مەسىلەن، قىساسخورلۇق پسىخىكىسى، ئۆچمەنلىك، نەپرەتلىنىش، ھەسەتخورلۇق قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ. بۇ پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى مەنىۋى تۇرمۇشنى بەربات قىلغۇچى زەھەرلىك دورىلار بولۇپ، روھقا زىيان يەتكۈزگۈچى قاتىللاردۇر. شۇڭا، بىر كىشى ئەگەر ئۆزىنى ھەقىقىي تەربىيىلەنگەن ئادەم قىلىمەن دېسە، ئۇنداقتا ھەربىر كىشىگە ئۆزىنىڭ مەردانىلىكى ۋە شەخسىيەتسىزلىكى، مۇلايىم - ئاق كۆڭۈللۈكىنى بەخش ئېتىشى كېرەك.



* * *

بۇرۇن بىر كىشى بولغانىكەن، ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ۋە خىزمەتكارلىرىغا بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىدىكەن، ھەدېسىلا ئاچچىقلىنىدىكەن، كۈن بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرىدىكەن، يەنە تېخى بەك پىخسىق ئىكەن. ئەگەر ئايالى بىرەر قۇر كىيىم ئالماقچى بولۇپ پۇل سورىسا، ئۇ كېسىپلا رەت قىلىدىكەن، يەنە ئايالىنى بەدخەجلىكتە ئەيىبلەپ: «مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ، ھەرقانچە جىق بايلىقىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، خەجلەپ تۈگىتىۋېتىسەن» دەيدىكەن. دەل مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، بىر قوشنىسى ئۆيگە كىرىپ كېلىدىغان بولسا، بىز بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز: كىمنىڭ ئۇنىڭغا قانداق سېھىر ئىشلەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇكى، بايىلا شىرەدەك ھۆركىرەپ تۇرغان بۇ ئادەم شۇ تاپتا قويدەك مۇلايىم بولۇپ قالغان بولۇپ، بىردىنلا ئەدەپلىك، مەردلىشىپ كېتىدۇ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيدۇ. بىردەمدىن كېيىن، مېھمان كېتىدۇ، قىزى دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، داۋاملىق بايىقىدەك بولۇشنى ئۆتۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ھالەت بىرنەچچە مىنۇت داۋاملىشىدۇ - دە، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئادەتتىكى چاغلاردىكى ھېلىقى سۇرلۇك ھالىتىگە قايتىدۇ، بايىقى كەمتەر، چىقىشقاق قىياپىتى نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. ئۇ يەنە ئىلگىرىكى قوپال، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان شىرغا ئايلىنىدۇ.

ئاتاقلىق دوكتور جونسونمۇ بۇ جەھەتتىكى بىر مىسال. دوستلىرى ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېمەكلىك يېگەن چاغدا ئىسكىموسلارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى بايقايتتى؛ ئەگەر كىمنىڭ پىكرى ئۇنىڭكى بىلەن بىردەك بولمىسا، ئۇ «ئالدامچى» دەپ ۋارقىرايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ دوستلىرى قورققىنىدىن تىترەپ كېتەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار جونسونغا «ئىتئېيىق» دەپ

لەقەم قويۇپ قويۇشتى. ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بېنجامىن رۇسسېينىڭ تەسۋىرلىشىچە، لوندوندىكى بىر قېتىملىق زىياپەتتە، گولدسمىت «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى» توغرىسىدىكى بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دوكتور جونسون يۇقىرى ئاۋازدا: «شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارمۇ بۇنداق ئەخمىقانە مەسىلىنى سوراپ يۈرمەيدۇ» دەيدۇ. «ئەپەندى، — دەيدۇ گولدسمىت رەددىيە بېرىپ، — ئامېرىكىدىكى ياۋايى ئادەملەرمۇ مۆتىۋەرلەر بىلەن بۇنداق قوپال ئاھاڭدا سۆزلەشمەيدۇ.»

بىر قېتىم، ئەنگلىيە سىياسىئونى ستېفېن دوگراس كېڭەش پالاتاسىنىڭ يىغىنىدا، ئەنگلىيە سىياسىئونى ستېفېن دوگلاسنىڭ بىر سىياسىي رەقىبى گەپ - سۆزدە قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي، ئىنتايىن زەھەرخەندە سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەيدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن: «بۇ بىر مۆتىۋەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان سۆزلەر ئەمەس، سىز مۆتىۋەرنىڭ جاۋاب بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ» دەيدۇ.

* * *

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئارىستوتېل ھەقىقىي مۆتىۋەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى سۈرەتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەيلى ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز شارائىتتا تۇرغان بولسۇن، كۆڭلى- كۆكسى كەڭ بىر ئادەم ھامان ئىشلارنى لايىقىدا قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالقىش ياڭرىتىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشى ۋە پەس كۆرۈشىگىمۇ يول قويمايدۇ؛ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدا مەغرۇرلىنىپ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىمۇ سالپىيىپ قالمايدۇ. ئۇ بىھۇدە تەۋەككۇلچىلىك قىلمايدۇ، ئۆزى ياكى باشقىلار ئۈستىدە خالىغانچە گەپ قىلمايدۇ؛ ئۇ باشقىلارنىڭ سۇندۇرۇش ۋە ماختاشلىرىغا پىسەنت قىلمايدۇ، باشقىلارنى ئەيىبلەپمۇ يۈرمەيدۇ.»



ھەقىقىي مۆتىۋەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇشى لازىم. ياقۇتنى پارقىراتقاندىن كېيىن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇ ئالدى بىلەن يەنىلا ياقۇت بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي مۆتىۋەر يۈرۈش - تۇرۇشتا سىپايە، كەمتەر ۋە ئەدەپلىك بولىدۇ، ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدۇ، بىكاردىن - بىكار ئىغۋاگەرلىك قىلمايدۇ. ئۇ باشقىلارنى يامان غەرەز بىلەن پەرەز قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇلارغا يامانلىق قىلمايدۇ، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى ئويلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى تىرىشىپ چەكلەيدۇ، ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، گەپ - سۆزدە تەمكىن بولىدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەقىقىي مۆتىۋەر فارفۇر قاچىغا ئوخشاش، ھەل بېرىلىشتىن بۇرۇن رەسىمنى ياخشى سىزىۋالىدۇ. خۇمداندا پىشۇرۇلغاندىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، كېيىن بىرەر نەرسە يۇقۇپ قالسا، بىرلا سۈرتسە چىقىپ كېتىدۇ. ھەقىقىي مۆتىۋەر ھەممىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى، ئۈمىدۋارلىقىنى، ئۈمىدىنى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ھەممىدىن مەھرۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئىنتايىن باي ھېسابلىنىدۇ.

* * *

ئامېرىكىنىڭ فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فرانكلىن ئەينى چاغدا پارىژدا ئەڭ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن ئەرباب ئىدى. كېيىن ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى جېففېرسون ئۆتكۈزۈۋالدى. فرانسىيىلىك گراف ۋوگنىس جېففېرسونى تەبرىكلەيدۇ ۋە: «ئاڭلىسام، سىزنى فرانكلىننىڭ ئورنىغا قويۇپتۇ، شۇنداقمۇ؟» دەيدۇ. ياۋروپادىكى بارلىق پادىشاھ ئوردىلىرىدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ ئامېرىكىلىق سۆزلەرنى ئىنتايىن ئاۋايلاپ تاللاپ: «مەن پەقەت ئۇنىڭ

ەزىپىسىنىلا ئۆتكۈزۈۋالدىم، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش ھېچكىمـ
ـنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پاپا رېۋان X IV سايلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى دۆلەت
ەلچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تەزىم قىلىپ ئۇنى تەبرىكلىشىدۇ،
اپىمۇ تەزىم بىلەن ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا،
ۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئېـ
ـپىسكوپ: «سىزنىڭ تەزىم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ
اگاھلاندۇرىدۇ. «ۋاي، كەچۈرۈڭ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ
ېۋان، — مېنىڭ پاپا بولغىنىمغا تېخى ئۇزاق بولمىدى، شۇڭا
ىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ - قائىدىلەرنى تېخى پۈتۈنلەي
ۇنتۇپ كەتكىنىم يوق.»

ئەنگلىيە شائىرى كاۋب بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

كەمتەر ۋە تەربىيە كۆرگەن كىشى ھاقارەتلىمەيدۇ مېنى،
باشقىلارچۇ، ئۇلارمۇ ھاقارەتلىيەلمەيدۇ مېنى.

فرانسىيىلىك مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر مونتېسكيۇ مۇنداق
ېگەنىدى: «مەن ئەزەلدىن كوچا خەۋەرلىرىگە قۇلاق سالمايـ
ـەن. چۈنكى، ئەگەر بۇ خەۋەرلەر يالغان بولۇپ قالسا، مەن
الدىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىمەن؛ ئەگەر راست بولسا،
ۇ مېنى دىققەت قىلىشىمغا ئەرزىمەيدىغان بەزى چاكىنا كىشىـ
ـەردىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.»

ئېمىرسوننىڭ مۇنداق بىر ئېسىل سۆزى بار: «مەن ئانـ
ـېرسېننىڭ ‹پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى› ناملىق چۆچىكىدىكى
ۋقۇمچىلار توقۇغان كۆزگە كۆرۈنمەس ھېلىقى ئېسىل رەختنى
ەدەنىي تەربىيە كۆرگەنلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايـ
ـەن. بىر پادىشاھ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق كىيىم بىلەن ياسىنىشى
ېرەك.»



* * *

مەدەنىي يورۇش - تۇرۇش، يەنە ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنـ
غان ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىقلار ھاياتىمىزنىڭ
غايەت زور بايلىقىدۇر. ئۇ تۇغما ئېسىللىكنىڭ مەھسۇلاتى،
يۇقىرى تەبىقە جەمئىيەتكە كىرىشتىكى دەرۋازا ھالقىسى. ئوخـ
شاشمىغان يورۇش - تۇرۇشلار يا بىزنى غەزەپلەندۈرۈشى، يا
تىنچلاندۇرۇشى؛ يا خۇشال قىلىشى، يا ئۇيالدۇرۇشى؛ يا يىرتـ
قۇچ ھايۋانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىشى، يا پاك كىشىلەر قاتارىـ
غا قوشۇشى مۇمكىن. بۇنداق نەرسە گويا بىز كۈندىلىك تۇرمۇـ
شىمىزدا نەپەسلىنىدىغان ھاۋاغا ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتىكى
چاغلاردا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلمايمىز، بىراق ۋاقىت
ئۇزارغانسېرى ئۇ بىزگە قارىتا ئۈن - تىنسىز، ئاز - ئازدىن
رول ئوينايدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن كۈچنى قارامىلارنىڭ جاسارىتى
بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ بىزنىڭ كۈندىلىك ئىجتىماـ
ئىي ئالاقە تۇرمۇشىمىزنىڭ سىلىقلاتقۇچى مېيى، پۈتكۈل جەمـ
ئىيەتنىڭ خوراشنى ئازايتىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك مېيى.

ئېمىرسوننىڭ بىر ئوبرازلىق ئوخشىتىشى بار، ئۇ مۇنداق
دېگەنىدى: «سىلەر كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى، ئورمانلىقتا
يېرىپ موگۇنىڭ ئۆسۈشىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئۇ قارىماققا ئاـ
جىز، يۆلەكسىز، مەزمۇت يىلتىزى يوقتەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ
ئاجىز كۈچىگە تايىنىپ قەتئىي بوشاشماي يۇقىرىغا قاراپ ئۆـ
سۈپ، ئاخىرى تۇپراقنى يېرىپ چىقىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۈچىـ
نى يېپىپ تۇرغان قاتتىق تۇپراق بىر چەتكە قايرىۋېتىلىدۇ.
ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇلايىم ۋە كەمتەرلىكنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە
سىمۋول بولالايدۇ.»

مارگو مۇنداق دېگەنىدى: «ئەدەپلىك بولۇشنىڭ كۈچ -
قۇدرىتى ھەقىقەتەن قالتىس. بىر كىشى قانچە گەپدان بولسۇن،
بەزى ئىشلارغا كەلگەندە ئامالسىز بولىدۇ؛ ھالبۇكى ئەدەپلىك

لسا، هەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلماي قالمايدۇ.» باشقىلارنى
نداق خۇشال قىلىشنى بىلگەنلىكمۇ، مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىـ
ـلىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغانلىقتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەدەپلىك مىللەت
،ھۇدىيلاردۇر. قەدىمدىن تا ھازىرغىچە، ئۇلار تۇرلۇك كەمسىـ
ـىش ۋە ھاقارەتلەرگە ئۇچرىغان، بارلىق پۇقرالىق ھوقۇقى
ارتىۋېلىنغان، ھالبۇكى بۇلار ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت سىپايىلىقىـ
نى، ئاق كۆڭۈللۇكىنى ئىپادىلىشىگە توسالغۇ بولالمىغان. ئۇـ
لار كىشىلەرگە قارىتا قەبىھ سۆزلەرنى ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىدۇ،
دوستلىرىغا ھەرقاچان سادىق بولىدۇ؛ باشقىلار ئۇلارنىڭ ھالىغا
يېتىش- يەتمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار باشقىلارنىڭ ھالىغا
يېتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭـ
ـكىدەك كۈچلۈك ئەمەس. قىسقىسى، ئەدەپ - قائىدىلىك،
دوستانە، ئىقتىسادچىللىقتا دۇنيادىكى ھېچقانداق مىللەت يەھۇـ
دىيلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

بۇ خۇددى گېرمانىيىنىڭ رومانتىك يازغۇچىسى رىچتېرنىڭ
ئېيتقىنىغا ئوخشايدۇ: «ئوق قانچە سىلىق بولسا، شۇنچە يىراققا
بارىدۇ. كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.» بىر قېتىم، ناپولېـ
ـئون باشقىلاردىن يۇسفېننىڭ گېنېرال روگىس — ياش ھەم
كېلىشكەن ئەر — بىلەن بىر سافادا ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلايدۇ.
ناپولېئون كۆڭلىدە ناھايىتى خاپا بولىدۇ، ئەمما ئۇ يۇسفېننىڭ
چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا چىرايى ئېچىـ
ـلىپ كېتىدۇ - دە، ئۇنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىـ
ـدۇ. ئەسلىدە، يۇسفېن گېنېرال روگىسنىڭ شۇ چاغقىچە
ناپولېئونغا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى،
ئوردىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن ناتونۇش ئىكەنلىكىنى،
ئەگەر گېنېرالنىڭ بىئەدەپلىك قىلغانلىقىنى يۈزتۇرانە كۆرسىـ
ـتىپ بەرسە، چوقۇم ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ كېتىدىغانلىقىنى



كۆزدە تۇتقانىكەن. ئۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمىغاچقا، گېنېرالنى
ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتمىگەنىكەن.

* * *

بىر كۈنى، جېففېرسون زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئاتلىق
سىرتقا چىققاندا، بىر قۇلنى ئۇچرىتىدۇ. قۇل شىلەپىسىنى
قولىغا ئېلىپ ئۇلارغا تەزىم قىلىدۇ. جېففېرسون زۇڭتۇڭمۇ
شىلەپىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالىدۇ، ئەمما
نەۋرىسى بۇ نېگىر قۇلغا قاراپمۇ قويمايدۇ. «توماس، — دەيدۇ
جېففېرسون ئىنتايىن جىددىي قىياپەتتە نەۋرىسىگە قاراپ، —
ئەجەبا سەن بىر قۇلنىڭ ساڭا قارىغاندا تېخىمۇ مۆتىۋەر قىياپەتتە
بولۇشىنى ئۈمىد قىلامسەن؟»

نېگىرلار داھىيسى فرىد دوگلاس لىنكولن زۇڭتۇڭغا مۇنـ
ـداق باھا بەرگەنىدى: «ئامېرىكىدىكى شۇنچە كۆپ كاتتا ئەربابلار
ئىچىدە، لىنكولن مېنىڭ بىلەن سەمىمىي ھالدا ئەركىن -
بەتلەشكىنىمدە، ئۇ ماڭا ئارىمىزدا يەنە تېرە رەڭگى جەھەتتە
پەرق بارلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەتتى.»

جۇڭگولۇق كۆڭزىمۇ بىزنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى:
«ئۆز ئۆيىدە غىزالانغاندا خۇددى پادىشاھنىڭكىدە غىزالىنىۋاتقانـ
ـدەك ئەدەپلىك بولۇش لازىم.» ئائىلىدە، ئەگەر ئاتا - ئانا
كىچىك بالىلىرىنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن كارى بولمىسا، سىرتقا
چىققان چاغدا، ئۇلارمۇ نېمىنىڭ ئۇياتلىق قىلمىش ئىكەنلىكىنى
بىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئامېرىكا شائىرى جېمس لوۋېل ئەزەلدىن كىشىلەرنى —
قارشى تەرەپ دىۋانە ياكى پادىشاھ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر —
ئالىيجاناب ياكى پەس دەپ ئايرىپ يۈرمەي، ھەممىسىنى تەڭ
كۆرەتتى. بىر قېتىم، بىر كىشى ئۇنىڭ كوچىدا ئويۇن كۆرسىـ
ـتىپ پۇل تېپىۋاتقان بىر ئاككاردىئونچى بىلەن ئىتاليان تىلىدا

كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئەسلىدە، ئۇلار ئىتالىيىنىڭ مەنزىرىسى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان بولۇپ، ئىككىيلەنلا ئۇ يەرنى پىششىق بىلىدىكەن.

بىر قېتىم لوندوندا، بىر ياش ئايال كوچا دوقمۇشىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىركىمگە سوقۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇستۇۋېشى جۇل - جۇل دىۋانە بالا بولۇپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالىدۇ. ھېلىقى ئايال دەرھال مېڭىشتىن توختاپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىنتايىن مۇلايىم ئاھاڭدا: «كەچۈرگىن، بالام، سېنى سوقۇۋەتتىم، ھەقىقەتەن خىجىلمەن» دەيدۇ. بالا كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئاندىن كېيىن شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، تازا ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ ۋە چىرايىدىن خۇشاللىق كۈلكىسىنى ياغدۇرغان ھالدا: «مەن سىزنى كەچۈردۈم، خانىم، ئىنتايىن خۇشالمەن... ئىنتايىن خۇشالمەن. كېلەر قېتىم مېنى سوقۇپ يىقىتىۋەتسىڭىزمۇ ھېچقىسى يوق، مەن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن» دەيدۇ. بۇ ئايال كەتكەندىن كېيىن، دىۋانە بالا ئىختىيارسىز ھالدا ھەمراھلىرىغا: «ھەي، جېم، باشقىلار مېنىڭدىن تۇنجى قېتىم ئەپۇ سورىدى، مەن راستىنلا بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم» دەيدۇ.

بىر قېتىم، ناپولېئون سانت خېلېنا ئارىلىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىن ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن بىر ھاممال كېلىپ قالىدۇ. ناپولېئوننىڭ مۇلازىملىرى كۆۋرۈكتىن ئاۋۋال ئۆتۈشنى ئويلاپ، يولنى ئىگىلىۋالماقچى بولىدۇ. ناپولېئون دەرھال ئۇلارنى توختىتىپ: «يول تالاشماڭلار، جەڭچىلەر، ئاۋۇ كىشى يۈك كۆتۈرۈۋالغانىكەن» دەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا بىر سىياسىئون بار ئىدى، بىر قېتىم ماسساچۇستېس شتاتىنىڭ ماچفېيلد شەھىرىگە ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان داڭلىق ئەرباب دانيېل ۋېبستېرنى زىيارەت



قىلغىلى بارىدۇ. ۋېبستېرنىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن قالغاندا، يېقىن يول بىلەن مېڭىشنى ئويلاپ، چوڭ يولدا ماڭمايدۇ، بىراق يېتىپ باراي دەپ قالغاندا، ئالدىدىكى بىر ئۆستەڭ ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالىدۇ. بۇ سىياسىئون ئۆتۈش - ئۆتەلمەسلىكىنى ئويلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، تەقى - تۇرقى ئادەتتىكىچە بىر دېھقان كېلىپ قالىدۇ. ئۇ دەرھال بۇ دېھقاننى چاقىرىپ، ئۆزىنى ئۆستەڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويسا پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دېھقان ئۇنى ئۆزىنىڭ كەڭ يەلكىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، ئەمما ھەق ئېلىشنى رەت قىلىدۇ. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، سىياسىئون ۋېبستېرنىڭ ئۆيىدە ھېلىقى دېھقاننى ئۇچرىتىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ، ئەسلىدە بۇ كىشى دەل ۋېبستېر ئىدى.

گاررىسون ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلغۇچىسى. بىر قېتىم، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر توپ لۈكچەكلەرگە يولۇقۇپ قالىدۇ. ئۇلار گاررىسوننىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ، يول بويى دۆشكەلەيدۇ. لېكىن، ئۇ ھەرگىز ئاچچىقلانماي، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئۇلار بىلەن سۆزلىشىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشكە قارىسا، ھېچكىم ئۇنىڭ قارشىسىدا تۇرغانلار لۈكچەكلەر ئەمەس، پادىشاھلاردەكلا قىلاتتى. ئۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇلۇغ ئەربابلاردىلا بولىدىغان خاتىرجەم ۋە مۇلايىم قەلبكە ئىگە ئىدى.

ئىيسا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان قاتىلىغا روبىرو تۇرغاندا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىك سالاپىتىنى ئىپادىلىگەنىدى؛ ئاخىرىدا كرېستقا مىخلىنىپ، ئىنتايىن قاتتىق جىسمانىي ئازابتا قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇ يەنىلا: «تەڭرىم، ئۇلارغا مەغپىرەت قىلغايسەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەنىدى. سان پاۋلو ئاگرىپپانىڭ سۆزلىگەن نۇتقى ناتىقلىقنىڭ ئۆرنىكى، ئۇ قايىل كۈچى بىلەن ئۆزىنى چوڭمۇ تۇتماسلىق،

سىمۇ كۆرمەسلىكتەك پوزىتسىيىسىنى يۇغۇرۇۋەتكەن، دەپ تە-
بپلىگەندى.

*　*　*

ياخشى قىلىق ۋە يۇرۇش - تۇرۇش ياشلارنىڭ بايلىقىغا
ايلىنالايدۇ. باتلىي ئەپەندى رود ئارىلىدىكى بىر مىلىچمال
سودىگىرى ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ دۇكىنىنى تاقىۋېتىپ ئۆيىگە
قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بىر كىچىك قىزچاققا ئۇچراپ قالىدۇ،
ئەسلىدە بۇ قىزچاق بىر ئورام يىپ - يىڭنە سېتىۋالماقچى
ئىكەن. باتلىي غىڭ - پىڭ قىلماي قىزچاقنى باشلاپ دۇكىنىغا
كېلىپ، ئۇنىڭغا يىپ - يىڭنە ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى
كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ، بىراق شەھەر ئىچىگە تارقالغاندىن
كېيىن، كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ
نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغان بولىدۇ. ناھايىتى تېزلا ئۇ بىر
بايغا ئايلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ
قىزغىن مۇئامىلىسىگە مەنسۇپتۇر.
بالتىموردىكى روۋس ۋېناس ئەپەندىنىڭمۇ مۇشۇ خىلدىكى
كەچۈرمىشى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەپلىكلىكى بىلەن سودا
ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئىش مۇنداق: ۋېناس ئەپەن-
دى ئەسلىدە كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر زاۋۇت ئاچقان
بولۇپ، شەھەر بويىچە كېيىنكى قاتاردا ھېسابلىناتتى. بىر
كۈنى، بىرنەچچە مېھمان كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىش
ئەھۋالىنى ئۇقۇشىدۇ، ئۇ ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ،
سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىپ، مېھمانلاردا
ياخشى تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئەسلىدە، بۇ مېھمانلار رۇس بو-
لۇپ، چار پادىشاھنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تىجارەت توغرىسىدا
سۆزلەشكىلى بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ئۇلار بىرنەچچە چوڭ زا-
ۋۇتقا بېرىپتۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچ-
راپتۇ، پەقەت ۋېناسنىڭ زاۋۇتىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىكەن. كې-



يىن، ئۇلار ۋېناس ئەپەندىنى رۇسىيىگە بېرىپ زاۋۇت ئېچىشقا
تەكلىپ قىلىدۇ. ۋېناس ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ،
رۇسىيىگە بارغاندىن كېيىن، بىر يىل ئىچىدىلا يۈز مىڭ دوللار
تاپىدۇ.

*　*　*

بىر نامرات پوپ بار، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ ئىنتايىن
ئاجايىپ. بىر قېتىم، ئۇ چېركاۋ دەرۋازىسى ئالدىدا بىرنەچچە
لۈكچەكنىڭ ئىككى موماينى زاڭلىق قىلىپ، كولدۇرلىتىپ
تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئىككى موماي پاسونى ئىنتايىن قەدىم-
چە كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە
قېلىپ، بەك ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقتىن، چېركاۋغا كى-
رەلمەي قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پوپ كىشىلەر توپىنى
يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى مەركىزىي كارىدور بىلەن چېركاۋغا
باشلاپ كىرىدۇ، يەنە ئۇلارغا ئورۇن تېپىپ بېرىدۇ. ئىككى
موماي بۇ پوپ بىلەن قىلچە تونۇشمىسىمۇ، بىراق بۇ دۇنيادىن
ئايرىلىدىغان چاغدا، نۇرغۇن بايلىقىنى ئۇنىڭغا قالدۇرىدۇ. ياخ-
شىلىق قىلغانلار ھامان ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، دېگەن مانا شۇ.
ئارمخېست ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن مۇدىرى خۇمف-
رېي ئىنتايىن ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. ھايات ۋاقتىدا، بىر
موماي ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سالاپىتىگە قاتتىق قايىل بولۇپ
كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەردلىك قىلىپ ئىنستىتۇتقا نۇرغۇن
پۇل ئىئانە قىلىدۇ.

*　*　*

نيۇ - يوركتىن ئايرىلغىنىغا نۇرغۇن يىللار بولغان بىر
كىشى يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ بىر ئىشتىن تولىمۇ
غەلىتىلىك ھېس قىلىپتۇ: «دوستۇمنىڭ تىجارىتى قانداقلارچە
ئازراقمۇ ئىلگىرى باسمىغاندۇ؟ مالىيە كۆچىدىن ئېيتساق، ئۇ

بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك، يەنە كېلىپ كەسپكىمۇ ئىنتايىن پىششىق، چىچەن - زېرەكلىكتىن ئېيتساق، ئۇنىڭغا كەلگۈدەك ئادەممۇ يوق.» كېيىن باشقىلار بۇنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ: «ئۇنىڭ مىجەزى بەك ئىتتىك، ھەممىشە خادىملىرىمنى ئالداۋاتامدىكىن دەپ گۇمانلىنىپ يۇرىدۇ، خېرىدارلارغىمۇ مەدەنىي مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈچەپ ئىشلەشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا پۇل خەجلەشكە ئۇنىمايدۇ، بەلكى مەدەنىي سودىگەرلەرگە مەبلەغ سېلىشنى خالايدۇ.»

بەزى كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن، ئۆز ئىشلىرىغا پۈتۈن جان - دىلى بىلەن بېرىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى نورغۇنلىغان ئاددىي ئىللىقلىق ۋە بەھرىلىنىشلەرنى قۇربان قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق بىر تەرەپلىمە ئۇسۇل مۆتىۋەرلىك قائىدىسىگە زادىلا توغرا كەلمەيدۇ، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، «يول باشقا، مەنزىل باشقا» دېگەندەك بولۇپ قالىدۇ. ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ: بەزى تىجارەتلەردە ئەسلىدە ئۇلار ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدىغان بولسىمۇ، بىراق ئاقىۋەتتە خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى داۋلى ئىنتايىن ئاددىي: باشقىلار ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئېھتىمال ئۇنىڭغا يەتمەسلىكى، بىراق تىجارەتتە بولسا، ئەڭ ياخشى ھەمراھ بولۇپ كېلىشى مۇمكىن.

بىر كىشى سەممىيلىك، تىرىشچانلىقتەك خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان، ئۆز ئىشلىرىدا غايىلىك، خىزمەتتە تولۇق غەيرەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى ئەدەپ - قائىدە بىلەن ماسلاشمىسا، بۇ ئۇنىڭ بارلىق



تىرىشچانلىقىنى يوققا چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، يۈرۈش - تۇرۇشى جايىدا بولغان بىر كىشىدە بۇنداق ياكى ئۇنداق يېتەرسىزلىكلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن. مۇنداق ئىككى ئادەم بار دەيلى، ئۇلار باشقا جەھەتلەردە ئوپئوخشاش، پەقەت كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئوخشاشمايدۇ: بىرى كەمتەر ۋە دوستانە، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىدۇ، يۈرۈش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكەتتە مۆتىۋەرلەرگە خاس سالاپەتكە ئىگە؛ يەنە بىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى قوپال، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدۇ، ئازراقمۇ ھەمكارلىق روھى يوق. ناھايىتى ئېنىقكى، ئالدىنقىسىنىڭ ئىشلىرى كۈنسېرى روناق تاپىدۇ، كېيىنكىسىنىڭ بولسا، كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىدۇ.

* * *

يۈرۈش - تۇرۇشتىكى مەدەنىيلىكنىڭ تىجارەتنى راۋاج تاپقۇزۇشتىكى مۇھىملىقىنى ئىسپاتلايدىغان ناھايىتى ياخشى بىر مىسال بار. پارىژدا «ئەرزان ماللار ماگىزىنى» دېگەن بىر ماگىزىن بار. ماگىزىننىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، خادىملىرىنىڭ سانى مىڭغا يېتىدۇ، نېمە مال دېسىڭىز، شۇ مال تېپىلىدۇ. بۇ ماگىزىننىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: بىرى، ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىدىن خالىي بولۇپ، مەيلى كىم كەلسۇن، تاۋارلار بىرلا باھادا، شۇنداقلا تاۋارلارنىڭ باھاسىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن؛ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ، ئەدەپلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ماگىزىن خادىملىرى بار ئامالىلارنى قىلىپ خېرىدارلارنى رازى قىلىشى كېرەك. ئىشقىلىپ، باشقا ماگىزىنلار قىلالىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارمۇ قىلىدۇ، بەلكى تېخىمۇ ياخشى قىلالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «ئەرزان ماللار ماگىزىنى»غا كەلگەن ھەربىر خېرىداردا ياخشى

تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تىجارىتى كۆنسېرى روناق تېپىپ، ئاخىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پارچە سېتىش ماگىزىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دېۋانىچىلىك قىلىدىغان بىر كىچىك قىزچاق لۇند فورتنىڭ ماگىزىنىغا كېلىپ، بىرنەچچە سېنتقا ئەرزىمەيدىغان بىر ئويۇنچۇقنى سېتىۋالىدۇ. ماگىزىندىن چىقىدىغان چاغدا، لۇند فورت ئۇنىڭغا: «رەھمەت، قەدىرلىكىم، يەنە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن» دېگەن سۆزنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل جانلىق ئېلان بولۇپ، تېخىمۇ جىق خېرىدارلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى مىليونېرغا ئايلاندۇرىدۇ.

* * *

بەزى كىشىلەرمۇ ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن، بىراق ئىپادىلىگەنلىرى كىشىلەرگە ئىنتايىن ھاكاۋۇر، ئېھتىياتچان، قاتمال، ھەتتا ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق بولمىسىمۇ) تۇيغۇنى بېرىدۇ. بۇنداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار سەل تارتىنچاق، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېتەرسىز.

غەلىتە يېرى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېتەرسىز بولۇش ھەمىشە بىزنى ئۆزىمىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئەدەپسىز قىلمىشلارنى قىلدۇرۇپ، تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ھەددىدىن زىيادە تارتىنچاقلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە يارىشا ھەرىكەت قىلىشنىڭ بىر توسالغۇسى، شۇڭا تىرىشىپ ئۇنى يېڭىش كېرەك. ئۇ ئانگلوساكسون ۋە تېۋتون مىللەتلىرىگە خاس بىر خىل ئىللەت، ئۇ بۇ خىل مەدەنىيلىكنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك ھالەتكە تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئەڭ مېھرىبان قەلب، ئەڭ ئالىي كىشىلەر توپىغىلا يۇقىدىغان كېسەل بولۇپ، قوپال، نادان ئاۋام ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدۇ.



ئەڭ مەشھۇر فىزىكا ئالىمى سېر ئىساك نيۇتون ھايات ۋاقتىدا تولىمۇ تارتىنچاق بولۇپ، ئۇ ياشىغان دەۋردە ئۇنىڭدەك ئادەمدىن يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي بايقاشلىرى كۆپ يىللاردىن كېيىن جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنغان، بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بەكرەك قوزغاپ قويۇشتىن قورققانلىقىدىن ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئاي شارىنىڭ ئايلىنىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما كىشىلەرنى ئۆزىگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنى تېخىمۇ قوزغاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ نەزەرىيىنىڭ نامىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىماقچى بولغانلىقىغا قارشى تۇرغان. گېئورگې ۋاشىنگتونمۇ بەك تارتىنچاق ئىدى، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى قارىماققا دېھقانلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. ئېپىسكوپ ۋېتتېر تارتىنچاقلىقىدىن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمايتتى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ بارلىق دىققەت نەزىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى. كېيىن، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئىللەتنى يېڭىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ ئۆزىگە: «نېمە ئۈچۈن مەن بۇنداق ئازابقا بىر ئۆمۈر چىداپ ئۆتكۈدەكمەن؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ. دېمىسىمۇ غەلىتە ئىش، ئۇ شۇنداق ئويلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىللەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىلىدۇ. ئېلىلىخ بىرېتنىڭ تارتىنچاقلىقىمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ھەر قېتىم ئۆيىگە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە، ئۇ گەمىگە كىرىۋالاتتى.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇنبەرگە ياكى سەھنىگە كۆپ چىققاندا تارتىنچاقلىقنى يەڭگىلى بولغۇدەك. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەنگلىيىنىڭ داڭلىق ئارتىسى داۋېي گاررىك بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن سوتقا چاقىرتىلىدۇ، گەرچە ئۇ سەنئەت بىلەن ئوتتۇز يىل شۇغۇللانغان، مول سەھنە تەجرىبىسىگە ئىگە، سەھنىدە ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى قانداق باشقۇرۇش-

نى بىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق سوتتا ئۇ بىھوش دورىسى ئىچە-
ۋالغاندەك، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالىدۇ. ئاخى-
رى، سودىيە ئامال قىلالماي، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. جون گاۋفمۇ كىچىك چېغىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى-
نىڭ تولىمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئىشتا باشقىلار-
نىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، چوڭ
بولغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا بۇ نۇقسانىنى تۈگىتەلمەي، ھەر قېتىم
مۇنبەرگە چىققاندا يۈرىكىنى بىر خىل قورقۇنچ تۇيغۇسى قاپلىۋې-
لىپ، ئىختىيارسىز تىترەك بېسىپ، بىردەمدىلا چىپ - چىپ
تەرلەپ كېتىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلغانىدى.

سۆزلەپ كەلسە قىزىق، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ناھا-
يىتى نۇرغۇن مەشھۇر ئەرباblar مەيلى كوچىدا، مەيلى دۈشمەن-
نىڭ توپ ئوقلىرى ئالدىدا بولسۇن، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلە-
گەن، بىراق مېھمانخانا ئۆيگە يېتىپ كېلىش ھامان تارتىنچاق
كىشىگە ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنىدا ئۆزىنىڭ كۆز-
قارىشىنى بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان. كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتتىكى خىلمۇخىل قائىدە - يوسۇنلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە،
خۇددى ئۇلارنىڭ تىلىغا، كالپۇكلىرىغا قۇلۇپ سېلىپ قويىدى-
غان بىر خىل زوراۋاندەك بىلىنىدۇ. ئاددىسون بىر داڭلىق
شائىر، ئۇ تىلنى ئىگىلەشتە كامالەتكە يەتكەن، ئەمما ھەر قېتىم
باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇ قورۇنۇپ قالاتتى. شېكىسپىر-
مۇ تارتىنچاقلارنىڭ بىر تىپى، ئۇ قىرىق يېشىدا لوندوندا پېنسى-
يىگە چىقىپ، ئۆزى يازغان دراممىلارنى ئېلان قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمىغان. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە ئانچە ئىشەنمىگەچكە، ئەينى
چاغدا كىشىلەرگە ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتاردىكى يازغۇچى تە-
سىرىنى بەرگەن.

* * *

بىر كىشىنىڭ تارتىنچاقلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزى ئۆس-



تىدە ئويلىنىشنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ.
ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئۆزى
بىر نۇقسان، يەنە كېلىپ ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشى-
نىمۇ ئويلىشى كېرەك بولىدۇ.

ئەنگلىيىلىك ئوچېرك يازغۇچىسى سىدنېي سمىت ئۆز كە-
چۈرمىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلغانىدى: «بۇرۇن مەنمۇ بەك
تارتىنچاق ئىدىم. لېكىن، يېقىندا مەن تۇيۇقسىز ئىنتايىن
مۇھىم ئىككى ئىشنى بايقاپ قالدىم. بۇنىڭ بىرى، ھەممىلا
كىشى پۈتۈن زېھنى بىلەن سىزنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى-
ڭىزگە دىققەت قىلىپ يۈرمەيدىكەن؛ يەنە بىرى، باش قاتۇرۇپ
ئۆزىمىزنى نىقابلىشىمىزنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلچە رولى يوق ئى-
كەن، ئاممىنىڭ كۆزى روشەن، بىر كىشىنىڭ قانداق باھاغا
ئېرىشىشى ئەڭ ئاخىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە
باغلىق بولىدىكەن. بۇ ئىككى چوڭ بايقاش مېنى بىردىنلا ئو-
چۇق- يورۇق قىلىۋەتتى.»

ئەگەر بىر كىشىنىڭ قەلبى يالقۇنجاپ تۇرغان، ھەمراھلى-
رىغا قارىتا سەمىمىي - سادىقلىقتا تولغان قىزغىن ھېسسىياتقا
ئىگە بولۇپ، بىراق ئۆزىنى بىر ئۆمۈر مۇزدەك بىر قاپنىڭ
ئىچىگە كىرگۈزۈۋالىدىغان بولسا، بۇ نەقەدەر ئازابلىق ئىش -
ھە! تارتىنچاق كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ كۈچ -
قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ يىلتىزى ئۆزىگە بول-
غان ئىشەنچىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى، ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ
قابىلىيىتىنى يېتەرسىز دەپ قارىغانلىقىدىدۇر. بىراق، ئەمەلىي
ئەھۋال تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى، ئۇ بەلكىم ئىنتايىن
قابىل كىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق تارتىنچانلىق خاھىشىنى
يېڭىش ئۈچۈن، بىز بىر كىشىنى ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن
باشلاپ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى پائالىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈ-
رۈپ، ئۇنى بوكسيورلۇق، سىرك، ئۇسسۇل، نۇتۇق سۆزلەش

قاتارلىق جەھەتلەردە ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىشىمىز لازىم.

تارتىنچاق كىشى ئۆزىنىڭ كىيىنىشىگە دىققەت قىلىشى
لازىم. كىيىمى يارىشىملىق بولۇش بىزنى يۈرۈش - تۇرۇشىـ
مىزدە بىمالال، گەپ - سۆزدە ئانچە قورۇنمايدىغان قىلىدۇ.
بىر كىشى كىيىمىنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ياراشقانلىقىنى ھېس
قىلغاندا، يۈرۈش - تۇرۇشى تەبىئىي ھالدا بىمالاللىق ۋە سىپاـ
يىلىقنى ئىپادىلىيەلەيدۇ، كىيىنىشنىڭ بۇنداق رولىنى ھەتتا
دىنىمۇ ئوينىيالمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ كىيىنىشىنى
تولىمۇ ۋەيرانە ھېس قىلىپ قالغۇدەك بولسا، سۆز - ھەركەتتىـ
مۇ چۈشلىپ قالىدۇ. لېكىن، دىققەتنى بەك تارتىدىغان كىيىمـ
لەرنى كىيىشمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تازا سىغىپ كەتمەيدۇ،
شۇڭا رەڭگى بەكلا رەڭدار، پاسونى بەكلا مودا كىيىملەرنى
كىيىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىگە لايىق، يارىشىملىق كىيىنىش
لازىم. لېكىن، يانچۇق توم بولسا، رەختىنىڭ ياخشىراقىنى
تاللاش كېرەك.

* * *

چىرايلىق ياسىنىش ھەقىقەتەن بىر ياخشى ئىش، ئۇ كىشىـ
نى كۆپچىلىكنىڭ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىغا ئېرىشتۈرىـ
دۇ. لېكىن، بۇ خىل گۈزەللىك نىسبەتەن تۆۋەن قاتلامدىكى
گۈزەللىك، ئۇ بىزنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى گۈزەللىككە
ئىنتىلىشىمىزگە توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. كۆپىنچە
ھاللاردا بەزى كىشىلەر پۈتۈن دىققىتىنى، پۈتۈن ۋاقتى ۋە
كىرىمىنى كىيىم - كېچەككە قارىتىدۇ، ئەمما روھىي دۇنياسىـ
نى ئۆستۈرۈشكە، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان تەلىپى ۋە ئۈمىـ
دىگە سەل قارايدۇ؛ بۇنداق كىشىلەر كىيىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈشـ
نى ئۆزىنىڭ پەزىلىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئۈستۈن بىلىدۇ.
بۇنداق كىشىلەر ھەمىشە ئەدەپ - قائىدە جەھەتتىكى مەسىلىلەرـ



گە پىسەنت قىلمايدۇ، لېكىن ياسىنىشى مودا ئېقىمىغا يېتىشەلـ
مەي قالغۇدەك بولسا، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولىدۇ، بۇ كىشىـ
لەر ئەمەلىيەتتە پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ،
ئىچكى جەھەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، سىرتقى قىياپىتىگىلا ئەھـ
مىيەت بېرىپ، قەلبىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، بۇ تولىمۇ قاملاشـ
مىغانلىق.

* * *

ئىزاكىل ۋېتمان داڭلىق ئادۋوكات، شۇنداقلا خارۋاد ئۇنىـ
ۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىستېداتلىق ئوقۇغۇچى ئىدى. بىر
يىلى ئۇ ماسساچوستېس شتاتلىق پارلامېنتنىڭ ئەزالىقىغا سايلىـ
نىدۇ. ئۇ دېھقانچە ياسىنىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىـ
لىپ، پارلامېنت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بوستونغا بارىدۇ.
بوستونغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ بىر مېھمانخانىنىڭ زالىدا ئارام
ئالىدۇ. زالدا يەنە قارىماققا يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىگە مەنسۇپـ
تەك كۆرۈنىدىغان مۆتىۋەر ۋە خانىملاردىن بىرنەچچىسى ئولتۇـ
راتتى. بۇ چاغدا، ۋېتمان ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق
سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدۇ: «قاراڭلار، تازا تومپاي
سەھرالىقتىن بىرى كەپتۇ، ھەقىقەتەن قىزىق ئىش بولدى.»
كېيىن، ئۇلار ۋېتماندىن ھەر خىل غەلىتە سوئاللارنى سوراپ،
ئۇنى قەستەن كولدۇرلاتماقچى بولۇشىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ ئورنىـ
دىن تۇرۇپ، ئۇلارغا: «خانىملار، ئەپەندىلەر، مەن سىلەرنىڭ
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلارنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشىڭلارنىڭ
تېخىمۇ روناق تېپىشىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇـ
شۇڭلارنى تىلەيمەن. بىز شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەكـ
كى، تاشقى قىياپەت ھەمىشە بىزنى ئالداپ قويىدۇ. سىلەر
كىيىم - كېچەكىمگە بىر قاراپلا، مېنىڭ بىر سەھرالىق ئىكەنـ
لىكىمنى جەزىملەشتۈردۈڭلار، شۇنىڭدەك مەنمۇ مۇشۇنداق يۇـ
زەكى سەۋەب تۈپەيلى سىلەرنى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئەـ

كەن، دەپ قاپتمەن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىز ئىككىلا
تەرەپ خاتالىشىپتۇق.» دەل مۇشۇ ۋاقىتتا شتات باشلىقى كارل-
بى سترونگمۇ بۇ مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ۋېتمان
ئەپەندىنى كۆرۈپ، خۇشال قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشى-
دۇ. ھېلىقى مۇتىۋەر ۋە خانىملار كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە
قاراپ قېلىشىدۇ، ۋېتمان ئەپەندى ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۇلارغا
قاراپ، ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتىدۇ: «سىلەرنىڭ كەچتە كۆڭۈل-
لۈك ئويۇنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.»

دوكتور جونسون مەسخىرە قىلغان ھالدا: «مەدەنىي، يۈك-
سەك تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە، بىر كىشىنىڭ تاشقى قىيا-
پەت جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولسا، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمى-
تىگە ئېرىشىپ قالىدۇ. ئۇ ئۇستىدىكى ئېسىل كىيىمنى يۆت-
كىۋېتىدىغانلا بولسا، باشقىلار شۇ ھامان ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك
قارىشىدۇ» دېگەنىدى.

بىزنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىمىزگە ئاساسلانغاندا، تەڭرىمۇ
گۈزەللىكنى ئاسرىغۇچى بولۇشى كېرەك، ئۇ ئۆزى ياراتقان
جىمى مەۋجۇداتقا گۈزەل لىباسلارنى يېپىپ قويغان. ھەربىر
گۈل، ھەربىر پارچە يەر، ھەربىر يۇلتۇز، ھەتتا ھەربىر قۇش
رەڭگارەڭ بولۇپ، زوقنى قوزغايدۇ.

بەزى كىشىلەر مەدەنىي، تەربىيە كۆرگەن ھالەتتىكى مۇئا-
مىلىگە سەل قاراپ، ئۇنى سۇنئىيلىك دەپ بىلىدۇ. ئۇلار تۇز،
ئاددىي، ياسىداقسىز گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، تۇزلۇك،
قوپاللىققا ئىنتىلىدۇ. شۇڭا، تۆت بۇرجەك چىقىرىلغان، ئۇس-
لۇبى ساددا، ھېچقانداق زىننەتلەنمىگەن ئىمارەتلەر ئۇلارنى ھەم-
مىدىن بەك زوقلاندۇرىدۇ. ھالبۇكى، سان پېتىر چىركاۋىنىڭ
نەقىشلەنگەن لىملىرى، رەسىم سىزىلغان تۈۋرۈكلىرى، ھەر
خىل گۈللەر ئويۇلغان رەڭگارەڭ مەرمەر تاشلىرى ئۇنىڭ پۇختى-
لىقى ۋە مۇستەھكەملىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ.



* * *

مەيلى بىزنىڭ پەزىلىتىمىز ياكى يۈرۈش - تۇرۇشىمىز
بولسۇن، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئاستىدا بولىدۇ. ھەر
قېتىم بىز باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ ھەر
خىل پىكىرلىرىگە دۇچ كېلىمىز. بەزى چاغلاردا، بىز ئۆزىمىز-
مۇ ئۆز ۋەزنىمىز تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ كەتتىمۇ ياكى يېنىك
بولۇپ قالدىمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق
بىلەن ئويلىنىمىز. ھەربىر كىشى ئەمەلىيەتتە ئىچىدە: «بۇ
كىشى يارامىلىق بولالارمۇ؟ ياكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېت-
تەرمۇ؟ ئۇنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولۇشى مۇمكىن؟» دېگەنلەر-
نى ئويلاپ تۇرىدۇ.

مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلىسەك، ئەگەر بىر يىگىت بىزنىڭ
مېھمانخانا ئۆيىمىزگە كەلسە، كۆپچىلىك ئىختىيارسىز ھالدا
ئۆز نەزىرى بىلەن ئۇنى باھالاشقا باشلاپ، كۆڭلىدە: «ئوھۇ،
ئۇ بارغانسېرى يارامىلىق بولۇپ كېتىۋېتىپتۇ. قارىڭ، بۇرۇنقىغا
سېلىشتۇرغاندا ئۇ تېخىمۇ ئېھتىياتچان، تەمكىن، تېخىمۇ يې-
قىملىق ۋە ئەتراپلىق، تېخىمۇ مەدەنىي، پاك ۋە ئوچۇق كۆ-
ڭۈل، تېخىمۇ تىرىشچان بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ
قېشىدا ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان بىر يىگىت بار دەپ تەسەۋ-
ۋۇر قىلايلى: ئۇ ئىشنى بىپەرۋا قىياپەتتە قىلىدۇ، ھەرقانداق
نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، باشقىلارغا توغرا كۆز بىلەن قارىماي-
دۇ، تولىمۇ پىخسىق، كىشىلەرگە ئىنتايىن قوپال مۇئامىلە
قىلىدۇ، خىزمەتكارلارغا قول شىلتىيدۇ، ۋارقىراپ - جارقى-
رايدۇ، كاتتا ئەربابلارنى ئۇچراتسا خۇشامەت قىلىپ قىلمىغىنى
قالمايدۇ. سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۇنداق ئادەم ناھايىتى
تېزلا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا دائىم بەزى كىشىلەر بىزگە
مۇنداق ياكى ئۇنداق بەلگىنى چاپلاپ قويىدۇ. بەزىدە كاللىمىزغا

تۇيۇقسىز بەزى غەلىتە خىياللار كېلىپ قالىدۇ، ئەگەر ھەربىر
كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنى بىلەلەيدىغان بول-
سا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، قەلبىمىزدىكى ھەق-
قىي تۇردىكى «مەن»نى باشقىلاردىن يوشۇرۇشقا مەڭگۇ ئامال-
سىزمىز. گەرچە ئادەتتىكى چاغلاردا يەنە بىر «مەن» كۆپچىلىك-
نىڭ باھاسىنى قوبۇل قىلسىمۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي «مەن»
ئۇنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھامان بىزنىڭ
قەلبىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قايسى بىر چاغدا
كۆزىمىز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىمىز ئارقىلىق بىزنىڭ ئەسلىي
قىياپىتىمىزنى ئاشكارىلاپ قويىدىغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ.

*　　*　　*

يىغىپ ئېيتقاندا، يۈرۈش - تۇرۇش پەقەت بىرمۆتىۋەرنىڭ
تاشقى قىياپىتىدىنلا ئىبارەت. ئەدەپلىك بولۇشمۇ پەقەت سىرتقى
نەرسە بولۇپ، خۇددى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ پوستى ئۇنىڭ ئىچكى
ماھىيىتىنىڭ ئورنىنى باسالمىغاندەك، ئۇمۇ بىر كىشىنىڭ ئىچ-
كى ئەخلاقىنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ ئورنىنى مەڭگۇ ئالالمايدۇ.
ئېھتىمال بەزىدە بىز تاشقى قىياپەتتىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيى-
تىنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىن، بىراق بۇنداق ھۆكۈم ھەرقانداق
چاغدا ئۇنۇملۇك بولۇۋەرمەيدۇ. قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇش
گەرچە تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، بىراق ناھا-
يىتى كۆپ چاغلاردا بىز «تېشى ساز، ئىچى ماز» ئىكەنلىكىنى
بايقاپ قالىمىز.

ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى دۇرۇس
ۋە ساداقەتمەنلىك پەزىلىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەگەر قايسىبىر ئوقۇرمەن ئۆزىنى ھەقىقىي تەربىيە كۆر-
گەن ھالەتنى يېتىلدۈرۈشكە قىزىقسا، تۆۋەندىكى رېتسېپنى
ئىشلىتىپ سىناپ كۆرسە بولىدۇ:



شەخسىيەتسىزلىك: ئۈچ مىسقال؛
خۇشال - خۇراملىق: بىر سەر؛
روھىي جەھەتتىكى بىمالاللىق: ئۈچ سەر؛
قىزىل گۈلدەك رومانتىك كەيپىيات: تۆت سەر؛
رەھىمدىللىق: ئۈچ مىسقال؛
ئادىمىيلىك ۋە پەم - پاراسەت: بىر سەر؛
مېھرىبانلىق: ئىككى سەر.

ئەگەر ئۆزىدە بىرەر ناچار ھالەتنىڭ، مەسىلەن، شەخسى-
يەتچىلىك، مەنمەنلىك، ئاچ كۆزلۈك ۋە پىخسىقلىق، بىر تە-
رەپلىمىلىك ۋە كاجلىق دېگەندەكلەر مەۋجۇت بولسا، يۇقىرىقى
دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچمۇەتسە چوقۇم ئۈنۈم بېرىدۇ.

بىز ھەممىگە قادىر تەڭرىنى دورايلى! ئۇ ھەممە ئۈچۈن
قائىدە - پرىنسىپنى بەلگىلەپ بەرگەن، ئۇ بارلىق مەۋجۇدات
ئارىسىدىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەقىقىي مۆتىۋەر.

# توقققۇزىنچى باب

# قىزغىنلىق ياراتقان مۆجىزە

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مۇنداق بىر ئومۇمىيۈزلۈك شەخسىي ئېتىقادنى ئۇل قىلىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ: بىر كىشى ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسا، ئۇ ئۆز ئۆمرىدىكى بارلىق قىزغىنلىقنى ئۇنىڭغا سەرپ قىلىشى كېرەك. دەل ئاشۇ قىزغىنلىق ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە سودا ساھەلىرىدە سان - ساناقسىز مۆجىزىلەرنى ياراتقان. شەخس ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ مۇھىم پەرقى كۆپ ھاللاردا: بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆز قىزغىنلىقىغا تايىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بولسا، بىرەر ئىشقا تولۇق بېرىلمەلىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

*بەدەننى چارچىتىدىغان ۋە ئازابلايدىغان خىزمەت روھىي جە-*
*ھەتتىكى خۇشاللىق ۋە ئازادىلىكنى ئېلىپ كېلىدۇ.*

*—— شېكسپېر*

*بىر كىشىنىڭ دۇرۇس پەزىلىتىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىن-*
*بىر نەرسە ئۇزىنى مەلۇم پرىنسىپقا بېغىشلىغان ـ بېغىشلىمى-*
*غانلىقىدۇر. نىسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، گەپ ـ سۆز، پۇل-*
*مال جەھەتلەردىكى قۇربان بېرىش ئاسانغا چۈشىدۇ، بىراق بىر*
*كىشى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قۇربان قىلىشنى*
*خالىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئامامەن مەلۇم ھەقىقەتنىڭ —— بۇ ھەقى-*
*قەت نېمىگە ۋەكىللىك قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ——*
*ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغانلىقى ئېنىق، دېيىشكە بولىدۇ.*

*—— لوۋېل*

*قىزغىنلىقنى يوقىتىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ھەربى-*
*رىمىزدە شەرەپ بىلىدىغان مەلۇم نەرسە بولۇشى لازىم، ھەقىقىي*
*ئالىيجاناب شەيئىلەرگە قارىتا بىر خىل ھۆرمەت ھېسسىياتىدا*
*بولۇشىمىز، تۇرمۇشىمىزنى تولۇقلاپ گۈزەللەشتۈرىدىغان نەر-*
*سىلەرگە قارىتا ھەرگىز قىزىقىشىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقى-*
*مىز لازىم.*

*—— فىلىپس بروكس*

پارىژدىكى بىر گۈزەل سەنئەت سارىيىدا چىرايلىق بىر
ھەيكەل قويۇپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئاپتورى يانچۇقىدا تىيىنىنىڭ
سۇنۇقى يوق بىر سەنئەتكار ئىدى. ھەر كۈنى ئۇ كىچىككىنە
بىر بالىخانىغا بېرىپ ئىشلەيتتى. ئەسىرىنىڭ مودېلى پۈتەي دەپ
قالغاندا، شەھەرنىڭ ھاۋاسى بىردىنلا تۆۋەنلەپ سېلىسىيە نۆل
گرادۇسقا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر مودېلنىڭ يېرىقلىرىدىكى سۇ
مۇز تۇتۇپ كېتىدىغان بولسا، پۈتۈن ھەيكەلنىڭ سىزىقلىرىنىڭ
شەكلى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، سەنئەتكار ئۇچىسى-
دىكى كېچىلىك كىيىمىنى سېلىپ، ھەيكەلنىڭ ئۈستىگە يېپىپ
قويىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، كىشىلەر سەنئەتكارنىڭ ئاللىقاچان
ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىراق ئۇنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ساق-
لىنىپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. باشقىلارنىڭ ياردىمىدە، ئاخىرى
بۇ كاتتا مەرمەر ھەيكەل بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ.

ئامېرىكىلىق سىياسىئون خېنرى كراي مۇنداق دېگەنىدى:
«مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلگەندە، مەن باشقىلارنىڭ قانداق ئىنكاس-
تا بولۇشىنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن ھەر قېتىمدا پۈتۈن ۋۇجۇ-
دۇم بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىپ، تاشقى دۇنياغا ھەرگىز
دىققەت قىلمايمەن. ئاشۇ پەيت، ۋاقىت، مۇھىت، ئەتراپتىكى
كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالمايمەن.»

ئاتاقلىق بىر بانكىرنىڭمۇ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار:
«بىر بانكا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسا، بۇنىڭدى-
كى بىردىنبىر مۇمكىنچىلىك شۇكى، ئۇ چۈشىدىمۇ بانكا تىجا-
رىتىنى ياخشى قىلىشنى ئويلايدىغان بىر كىشىنى لىدىر قىلىشى
لازىم.» ئەسلىدە قورقۇق، زېرىكەرلىك بولغان كەسپكە قىز-
غىنلىق قوشۇلغان ھامان، دەرھال يېڭى مەنە پەيدا بولىدۇ.

مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولغان بىر ياش كۆپىنچە ھاللاردا تېخىمۇ ئۆتكۈر سەزگۈگە ئىگە بولۇپ، سۆيگەن ئادىمىنىڭ ۋۇجۇدىدىن باشقا كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان خىلمۇخىل ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرۈۋالالايدۇ؛ ئوخشاشلا، قىزغىنلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ياشنىڭمۇ سەزگۈسى ئۆتكۈرلىشىپ، باشقىلار كۆرەلمەيدىغان جايلاردا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەللىكلەرنى كۆرۈۋالالايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ھەرقانچە زېرىكەرلىك خىزمەت، ھەرقانچە جاپالىق ئېلىشىش، مەيلى نامراتلىق ياكى زىيانكەشلىك بولسۇن، ھەممىسىگە قەتئىي ھالدا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

دىككىنس ھەر قېتىم ھېكايىسىنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئۇيقۇ ۋە تاماق ۋاقتىدىمۇ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى، پۈتۈن ئەس - يادى ئۆز ھېكايىسى تەرىپىدىن چىرمىلىۋېلىنىدىغانلىقى ۋە ئىگىلىنىۋېلىنىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ھالەت تاكى ھېكايە قەغەزگە يېزىپ بولۇنغۇچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. بىر كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن، ئۇ بىر ئايغىچە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ سىرتقا چىقمىغان؛ كېيىن سىرتقا چىققاندا، ئورۇقلاپ، خۇددى بىر ئېغىر ئاغرىقتەكلا بولۇپ قالغاندى. قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلار دىككىنسنى ئۇخلىيالمايدىغان، ئاش - تاماق گېلىدىن ئۆتمەيدىغان قىلىپ قويغاندى.

* * *

ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا رويالنى ئىنتايىن ياخشى چالاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۇلۇغ كومپوزىتور مۇزارتتىن: «ئەپەندى، مەن ئۆزۈم مۇزىكا ئىجاد قىلسام دەيمەن، بۇنى قاچان باشلىسام بولار؟» دەپ سورايدۇ. «شۇنداقمۇ، — دەيدۇ مۇزارت، — سەن يەنە بىر مەزگىل تاقەت قىلىپ تۇر.» «لېكىن، سىز مۇزىكا ئىجاد قىلغان چاغدا مېنىڭ ھازىرقى يېشىمدىنمۇ كىچىك



ئىكەنسىزغۇ؟» دەپ سورايدۇ بالا تەن بەرمەي. «شۇنداق، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ مۇزارت، — ئەمما مەن ئەزەلدىن بۇنداق سوئالنى سوراپ باقمىغان. سەن شۇ شارائىتقا يېتىپ بارغان ھامان، تەبىئىي ھالدا مۇزىكا ئىجاد قىلىشقا باشلايسەن.»

ئەنگلىيىلىك سىياسىئون گلادستون، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشمۇ بىر بالىنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان قىزغىنلىقنىڭ ئۇرغۇپ چىققانلىقىغا يەتمەيدۇ، دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا مۇناسىپ بولغان ئاز - تولا يوشۇرۇن كۈچ مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنكاسى تېز، ئەقىللىق ۋە زېرەك بالىلاردىلا شۇنداق بولۇپ قالماي، نىسبەتەن قاتمال، ھەتتا قارىماققا بىر ئاز دۆت كۆرۈنىدىغان بالىلاردىمۇ مۇشۇنداق يوشۇرۇن كۈچ بولىدۇ. قىزغىنلىق پەيدا بولغان ھامان، ئۇلار بۇ خىل قىزغىنلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تايىنىپ، بۇرۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرگەن «دۆتلۈك»نىمۇ ئاستا - ئاستا يوقىتىدۇ.

گېيىست ئەسلىدە نامسىز بىر قىز ئىدى، ئەمما ئۇ تۇنجى قېتىم سەھنىدە پەيدا بولغاندا، كىشىلەر دەرھال ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى قىزغىنلىقى ئاڭلىغۇچىلارنى مەستخۇش قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇ سەھنىگە چىققىنىغا بىر ھەپتە بولمايلا، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان چولپانغا ئايلىنىپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا ناخشا ئېيتىش سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈچلۈك ئارزۇسى بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ئاشۇ تەرەپكە سەرپ قىلدى.

بارلىق ئۇلۇغ بەدىئىي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىدا سەنئەتكارلارنى بىر خىل پەۋقۇلئاددە گۈزەللىك تۇيغۇ-

سى ئىچىگە غەرق قىلىدۇ. شۇڭا، سەنئەتكارلار ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ، جايىدا تىنچ ئولتۇرالمايدۇ، تاكى ئىلھامى رەسىم رەختى ياكى مەرمەر تاشتا تولۇق ئىپادىلىنىپ بولغۇچە شۇنداق بولىدۇ.

بىر قېتىم، بىر ئوبزورچى ئاتاقلىق ناخشىچى مارى بۇلاندقا ئۇنىڭ تۆۋەن ئاۋاز Dنى ئۇدا ئۈچ سەككىز گرادۇس كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋاز Dغا يەتكۈزگەنلىكىدىن قاتتىق قايىل بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ناخشىچى بولسا: «ھە، بۇنى قېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن زور كۈچ سەرپ قىلىمەن. دەسلەپتە مەن بۇنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلدىم، ئۇ چاغدا مەيلى مەن نېمە قىلاي، كىيىم كىيسەممۇ، چاچ تارىساممۇ، ھەممىسىدە مۇشۇ ئاۋازنى چىقىرىشقا ئۇرۇندۇم. ئاخىرى مەن ئاياغ كىيىۋاتقان چېغىمدا، بۇ ھېسسىياتنى تېپىۋالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئېمىرسوننىڭ بىر سۆزى دەل مۇنداق بىر كىچىك ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەربىر ئۇلۇغ ۋە پەۋقۇلئاددە پەيتتە، قىزغىنلىق مۆجىزە ياراتقان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مۇھەممەد بۇنىڭ بىر مىسالى، ئۇ ئەرەبلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە يوقنى بار قىلىپ، رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىنمۇ كەڭ بولغان ئىمپېرىيىنى بەرپا قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ جەڭچىلىرىدە دوبۇلغا ـ ساۋۇتلار بولمىسىمۇ، بىراق بىر خىل يۈكسەك ئېتىقاد ئۇلارغا تىرەك بولدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى مۇنتىزىم ئاتلىق ئەسكەرلەردىن قىلچە ئاجىز بولمىدى؛ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا جەڭ مەيدانىدا سەپ تارتىپ، رىملىقلارنى قىرىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قوراللىرى قالاق، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم- بوغۇزى يېتەرسىز بولسىمۇ، بىراق ھەربىي ئىنتىزامى قاتتىق بولدى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ باقمىدى، بەلكى



بۇغدايغا تايىنىپ ئاخىرى ئاسىيا، ئافرىقىنى ۋە ياۋروپادىكى ئىسپانىيىنى بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە شۇنداق توكۇلدىتىدىغان بولسا، كىشىلەر بىرىكىمنىڭ قولىغا قىلىچ ئالغانلىقىدىنمۇ بەتەررەك قورقۇپ كېتەتتى.»

* * *

ناپولېئون بىر مەيدان ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاران ئىككى ھەپتە تەييارلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا كىشى بولسا، بىر يىل ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق بولاتتى. بۇ يەردە بۇنداق پەرقنىڭ بولۇشى دەل ئۇنىڭدا چەكسىز قىزغىنلىقنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئاۋستىرىيىلىكلەر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قېلىشقاندىن باشقا، ئالپىس تېغىدىن ھالقىپ ئۆتكەن بۇ رەقىبىگە: «ئۇلار ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇچۇشنى بىلىدىغان مەخلۇقلار ئىكەن» دەپ قايىل بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ناپولېئون تۇنجى قېتىم ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئون بەش كۈن ئىچىدىلا ئالتە مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، يىگىرمە بىر ئارمىيە بايرىقىنى، ئەللىك بەش زەمبىرەكنى غەنىيمەت ئالغان، ئون بەش مىڭ دۈشمەن ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالغان ھەمدە پېتمېتنى ئىشغال قىلغان.

ناپولېئوننىڭ بۇ شانلىق غەلىبىسىدىن كېيىن، دۈشمەن ئارمىيىسىدىكى بىر ئاۋستىرىيىلىك قوماندان غەزەپلەنگەن ھالدا: «بۇ ياش قوماندان ئۇرۇش سەنئىتىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىشى ئەسكىري قائىدىگە زادىلا ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەن، ئەمما ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىكەن» دېگەن. لېكىن، ناپولېئوننىڭ ئەسكەرلىرى دەل مەغلۇبىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ئەسلا بىلمەسلىكتەك قىزغىنلىق بىلەن ئۆز قوماندانىغا ئەگىشىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭغان.

ئاتاقلىق گېنېرال بويدىنىڭ مۇنداق بىر جۈملە مەشھۇر

سۆزى بار: «بىزنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىش
ياكى مەغلۇپ بولۇشىمىزدىكى ئاچقۇچ — بىر تەرەپنىڭ پۈتۈن
جان ـ دىلى بىلەن ئاتلانغانلىقى، يەنە بىر تەرەپنىڭ بولسا،
يېتەرلىك كۆڭۈل قويمىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.»
ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى نىلسون بىر
قېتىم خەتەرگە يولۇققاندىن كېيىن، ئۇھسىنغان ھالدا: «ئەگەر
مەن شۇ تاپتا بۇ دۇنيادىن كەتسەم، سىلەر چوقۇم يۈرىكىمگە
ئويۇلغان ‹ماڭا ھەربىي پاراخوت بېرىڭلار› دېگەن سۆزنى كۆر-
گەن بولاتتىڭلار» دېگەنىدى.
فرانسىيىنىڭ ئايال قەھرىمانى جېننېت بىر قىلىچ بىلەن
بىر بايراققا ۋە ئۆز بۇرچىغا بولغان تەۋرەنمەس ئەقىدىسىگە
تايىنىپ، فرانسىيە ئارمىيىسىگە ھەتتا پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرمۇ
بېرەلمەيدىغان قىزغىنلىقنى سىڭدۈرگەنىدى. دەل ئۇنىڭ قىز-
غىنلىقى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈ-
رۈپ تاشلىغانىدى.
ئەگەر بىر كىشى ئۆز ۋۇجۇدىغا قانداق كۈچنىڭ يوشۇرۇن-
غانلىقىنى بىلسە، ئۇ چاغدا نەقەدەر مۆجىزىلەرنى يارىتالىغان
بولاتتى ـ ھە! ھالبۇكى، شاش ئات چۆلۈۋۈرىنى ئۈزۈپ شىددەت
بىلەن چاپىدىغان چاغدا، ئاندىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن يوشۇرۇن كۈ-
چىنى جارى قىلدۇرغىنىدەك، ئادەممۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا يو-
لۇققاندىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ زور ئېنېرگىيىسىنى چىقىرالايدۇ.

* * *

لوندوندا بىر داڭلىق ئارخىتېكتور بار، بىز لوندوننىڭ
نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان خاتىرە مۇنارلارنى
كۆرەلەيمىز، ئۇلارغا: «بۇ چېركاۋ ۋە بۇ شەھەرنى قۇرغۇچى
كرىستوف راين مۇشۇ يەردە كۆز يۇمغان. بۇ دۇنيادىن كەتكەندە
ئۇ توقسان ياشتىن ھالقىغانىدى، شۇنچە ئۇزۇن ھاياتىدا ئۇ ئۆزى
ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياشىغان»



دېگەن سۆزلەر يېزىقلىق.
بۇ خاتىرە مۇنارلاردا خاتىرىلەنگەن قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى
بۇ تالانت ئىگىسى ئۆز ئۆمرىدە ھېچقانداق مۇنتىزىم تەربىيە
كۆرمىگەن، ئەمما بۇ شەھەر ئۈچۈن ئەللىك بەش چېركاۋ،
ئوتتۇز بەش زالنى بەربا قىلغان. بىر قېتىم، ئۇ لوندوندىكى
سانت پېتىر چېركاۋىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە فراڭ-
سىيىگە بېرىپ پارىژنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرگەن. ئۇ لۇفۇر
سارىيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا: «ئەگەر مۇشۇن-
داق ھەيۋەتلىك بىنانى لايىھىلىيەلىگەن بولسام، كۆكۈم ـ تالقان
بولۇپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم» دەۋەتكەن. ئۇ لايىھىلىگەن خامپ-
تون قەسرى، كېنسىنگتون قەسرى، دېرولان تىياتىرخانىسى،
خان جەمەتى ئاكسىيە*بازىرى ۋە ئۇلۇغ خاتىرە مۇنار قاتارلىق
قۇرۇلۇشلار ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ تۇ-
رىدۇ. ئۇ گرىنىۋىچ سارىيىنى دېڭىزچىلارنىڭ ئارامگاھىغا ئۆز-
گەرتكەن، شۇنداقلا كىمبرجتە كۆپلىگەن چېركاۋ ۋە ئىنستىتۇت-
لارنى لايىھىلەپ بەرپا قىلغان. لوندوندا يۈز بەرگەن زور ئوت
ئاپىتىدىن كېيىن، ئۇ شەھەرنىڭ يېڭى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا
قويغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى سان پاۋلو
چېركاۋى بولۇپ، ئۇ بۇ خىزمەت ئۈچۈن ئوتتۇز بەش يىللىق
قان ـ تەرىنى سەرپ قىلغان.
كرىستوف راين توقسان نەچچە يىل ياشىغان، ئاخىرقى
يىللىرىدا ئۇنىڭ تېنى يەنىلا ساغلام ئىدى، بىراق باللىق چاغ-
لىرىدا تېنى ئاجىز، كېسەلمەن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن
زادىلا خاتىرجەم بولالمايتتى. بۇنداق جىسمانىي شارائىتتا شۇ
قەدەر ئەقىلگە سىغمايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشنىڭ
ئۆزى ئۇنىڭدىكى تەڭداشسىز قىزغىنلىقتىن كەلگەنىدى.

* * *

قىزغىنلىق يېتەرسىز بولىدىكەن، ئارمىيە دۈشمەننى يې-

ىكەن غەلىبە قىلالمايدۇ، سەنئەت بۇيۇمى كېيىنكى ئەۋلادلارغا
تارقىلالمايدۇ؛ قىزغىنلىق يېتەرسىز بولىدىكەن، ئىنسانلار يۇ-
رەكنى لەرزىگە سالىدىغان مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلالمايدۇ، ئۇن-
تۇلغۇسىز قەسىرلەرنى بەرپا قىلالمايدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى
تۈرلۈك زورلۇق كۈچلىرىنى بويسۇندۇرالمايدۇ، ناخشا بىلەن
كىشىلەر قەلبىنى هاياجانغا سالالمايدۇ، شەخسىيەتسىز بولغان
ئالىيجانابلارچە بېغىشلاش بىلەن بۇ دۇنيانى تەسىرلەندۈرەل-
مەيدۇ. دەل ئاشۇ قىزغىنلىق تۈپەيلى، گالىلېي دۇربۇننى
كۆتۈرۈپ، ئاخىرى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئاياغ ئاستىدا چوقۇ-
نۇشقا مەجبۇر قىلغان؛ كولومبو جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خېيىمخە-
تەرلەرنى يېڭىپ، باخاما تاقىم ئاراللىرىنىڭ ساپ تاڭ ساباسىدىن
هۇزۇر ئالغان. قىزغىنلىققا تايانغاندا، ئاندىن ئەركىنلىك غەلى-
بە قازىنالايدۇ؛ قىزغىنلىققا تايانغاندا، ئورمانلىقتىكى ئىپتىدا-
ئىي مىللەت قولىدىكى ئۆتكۈر پالتىلىرى بىلەن مەدەنىيلىككە
تۇتىشىدىغان يولنى ئاچالايدۇ؛ يەنە شۇ قىزغىنلىققا تايىنىپ،
مىلتون، شېكىسپېرلار قەغەز يۈزىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس داس-
تانلىرىنى يازغان.

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى خوراس
گېرل، ئىنتايىن يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئۆزىنىڭ خىز-
مىتىگە قارىتا ھەقىقىي قىزغىنلىققا ئىگە بولغان خىزمەتچىلەر
بار بولغاندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرى-
نى يارانقىلى بولىدۇ، دېگەنىدى.

سالۋېيىنمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «قىزغىنلىق ئەڭ ئۈنۈملۈك
بولغان خىزمەت ئۇسۇلى. ئەگەر سىز باشقىلارنى ئۆزىڭىزنىڭ
دېگەنلىرىنىڭ راستتىنلا ھەقىقىي سېزىمىڭىزدىن كەلگەنلىكىگە
ئىشەندۈرەلىسىڭىز، ئۇنداقتا ئىنتايىن نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى-
ڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، باشقىلار كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئەڭ مۇ-
ھىمى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش. ئەكسىچە بولغان-



دا، ھەرقانچە ئىستېبداتلىق بولغان تەقدىردىمۇ ھېچ ئىشنى ۋۇ-
جۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. مەن دەل شۇنداق، بەزى چاغلاردا
ئىنچىكە ھالقىنى تولۇق ئىگىلەش ئۈچۈن نەچچە يىل ۋاقىتنى
سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن.»

* * *

ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇغما خاراكتېرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇ-
شىدا بىر خىل ئالاھىدىلىك ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، ئۇ بولسى-
مۇ ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە بۇرچىغا بولغان بوشاشماس ئېتىقاد، بىر
خىل ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىقتىن ئىبارەت. بۇنداق پەزىلەتنى
ئادەتتە ئېكۋاتور دۆلەتلىرىدە كۆرگىلى بولمايدۇ، لوندوننىڭ
ئاكسىيە زالىدىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئەللىك يىل بۇ-
رۇن، بۇ پەزىلەت تېخى پەيدا بولمىغانىدى. لېكىن، ئامېرىكا
قوشما شتاتلىرى بىلەن ئاۋستىرالىيىدىكى ئىككى مىللەتنىڭ تە-
سىرىدە، بۇ ئىككى دۆلەتتە ئىنتايىن ئومۇملاشقان: بىر كىشى
مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسا، چوقۇم ئۆزىنىڭ بارلىق ھايات
قىزغىنلىقى بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بىر
خىل پىسخىكا، يەنى بىر خىل ئېتىقاد ھازىر تېخىمۇ كۆپ
مىللەتلەر ئارىسىغا تارالماقتا. ئىلگىرى، بۇنداق پەزىلەت پەقەت
ئاز ساندىكى ئۇلۇغ ئەربابلار ئىگە بولغان ئۆزگىچىلىك ئىدى،
ھازىر بولسا ئۇ مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى
بولۇپ قالدى.

* * *

قىزغىنلىق دەل بىر كىشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاڭ-
لىقلىقنى ساقلىشى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر ھۈجەيرىنى
ئىشقا سېلىپ، ئىچكى ئىنتىلىشى بىلەن ئۆز ئىشىنى تاماملىشى-
دۇر. دەل مۇشۇنداق قىزغىنلىق تۈپەيلى، ۋېكتور ھيۇگو «پا-
رىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» نى يازغان چاغدا، پەلتوسىنى ئىش-

كاپقا سولاپ قويۇپ، ئەسەرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنى ئىشكاپتىن ئالغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلىش ئىدى.

ئاتاقلىق ئارتىس گارىرىكنىڭ سۆزى دەل بۇ خىل قىزغىنلىقنىڭ ئەپچىل شەرھىسى. بىر قېتىم، ئىشلىرى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقان بىر پوپ ئۇنىڭدىن قانداق كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى چەك تۇتۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «سىز ماڭا ئوخشىمايسىز. سىزنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقىنىڭىز مەڭگۈلۈك ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۆزىڭىز ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنسىڭىزمۇ، بىراق كىشىلەرگە سۆزلىگەنلىرىڭىزگە گويا ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمەيدىغاندەك تۇيغۇ بەرگەندەك قىلىسىز. مەنچۇ، گەرچە مەن سۆزلىگەنلىرىمنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىنى، راست نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى بىلسەممۇ، بىراق سۆزلىگەن چېغىمدا قەلبىمنىڭ چوڭقۇرىسىدىن ئۇلارغا ئىشىنىدىغاندەك بولىمەن. مانا بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

* * *

بىر قېتىم، ئۈچ كىشى بىر ئويۇن ئويناپ، ئەڭ ياخشى مىجەزلىك دوستىنىڭ ئىسمىنى، يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىنى تاللىغانلىقىنى قەغەزگە يازماقچى بوپتۇ. بىرىنچى كىشى ئۆزى يازغان كىشىنى نېمە ئۈچۈن تاللىغانلىقى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يېزىپتۇ: «ھەر قېتىم ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، كىشىگە نۇر چېچىپ تۇرغاندەك، ھايات يەنە بىر قېتىم يېڭىلانغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ قىزغىن، تېتىك، ئۈمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق، قىسقىسى كىشى قەلبىنى ئىنتايىن روھلاندۇرىدۇ.»

ئىككىنچىسىمۇ ئۆز سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ: «ئۇ قايسى سورۇندا بولسۇن، قايسى ئىشنى قىلسۇن، ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكىنىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن



بېرىلىدۇ.»

ئۈچىنچىسى: «ئۇ بارلىق ئىشلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ» دەپتۇ.

بۇ ئۈچ كىشى ئەنگلىيەدىكى بىرقانچە كاتتا ژۇرنالنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپ، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان، ھەر خىل كىشىلەر بىلەن دوست بولغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قەغىزىدىكى ئىسمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەننىڭ ئوخشاشلا ئاۋسترالىيەنىڭ مېلبۇرن شەھىرىدىكى بىر داڭلىق ئادۋوكاتنىڭ ئىسمىنى يازغانلىقىنى بايقاپتۇ.

* * *

بارلىق ئېسىل ئەسەرلەرگە بىر خىل مۇلايىملىق، سىرلىق كەيپىيات يوشۇرۇنغان بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلاد ئوقۇرمەنلەر بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چاغدا، بۇ كەيپىيات ئۇلارنى ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەر ئىجاد قىلىنىۋاتقان چاغدىكى شارائىتىغا باشلاپ كىرەلەيدۇ. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى دەل ئاپتورنىڭ قىزغىنلىقىغا تايانغان.

بېتخوۋېننىڭ بىئوگرافىيىسىنىڭ ئاپتورى مۇنداق بىر ئىشنى خاتىرىلىگەن:

قىشنىڭ غۇبارسىز بىر ئايدىڭ كېچىسىدە، بىز بوننىڭ بىر تار كوچىسىدا كېتىۋاتاتتۇق. بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كومپوزىتور ئۇشتۇمتۇت: ‹خەپشۇك› دەپ تۇۋلاپ بىزنى توختاتتى، ئۆزىمۇ توختاپ:

— بۇ نېمە ئاۋاز؟ بۇ مېنىڭ مۇزىكامغۇ. ئاھ، نېمىدېگەن ياخشى چېلىۋاتىدۇ - ھە!، — دېدى.

مۇزىكا ئاخىرلىشاي دېگەندە، تۇيۇقسىز رويال ئاۋازى بىردىنلا توختاپ قالدى - دە، بىركىمنىڭ ئۇھ تارتقان، يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— چالالمىدىم. نەقەدەر ئېسىل مۇزىكا ـ ھە، بىراق مەن ئۇنى ياخشى چالالمايدىغاندەك قىلىمەن. ئىسىت، ئەگەر بىز كوررېن مۇزىكا كېچىلىكىگە بارالىغان بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە.

بۇ چاغدا، يەنە بىرەيلەن سۆزلىدى:

— سىڭلىم، ئاھ ئۇرۇۋەرمە، قانچە ھەسرەت چەككىنىڭ بىلەن بىكار. ھازىر بىز بۇ ئۆينىڭ ئىجارىسىنىمۇ تۆلىيەلمەيۋاتساق.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى دەسلەپكى ئاۋاز، — بىراق مەن كۆڭلۈمدە يەنىلا ئويلايمەن، مۇبادا ھاياتىمدا ئاشۇ ھەقىقىي مۇزىكىلارنى بىر ئاڭلىغۇدەك پۇرسەت بولغان بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى. لېكىن، خىيال دېگەن خىيال ـ دە.

— يۈرۈڭلار، بىز كىرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى بېتخوۋېن كۆپچىلىككە.

— كىرىپ باقايلى؟ — دېدىم مەن، — كىرىپ نېمە قىلىمىز؟

— مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە مۇزىكا چېلىپ بېرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى بېتخوۋېن ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا، — بۇ دېگەن ھەقىقىي چۈشىنىش، ھەقىقىي مۇھەببەت. مەن ئۇنىڭغا مۇزىكا چېلىپ بېرەي، ئۇ چوقۇم چۈشىنىدۇ.

ئۇ سۆزلىگەچ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچىپ كىرىپ كەتتى. ئۆيدە بىر يىگىت جوزا يېنىدا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى ياماۋاتاتتى، يەنە بىرى ياش قىز بولۇپ، ئىنتايىن كونا بىر روياليغا يۆلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن قايغۇ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بېتخوۋېن دۇدۇقلىغان ھالدا سۆزلىدى:

— كەچۈرۈڭلار، مەن روياللىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ئۆيۈڭلارغا كىرىپ قالدىم. مەن بىر مۇزىكانت. ھىم، يەنە... مەن... مەن مۇنداقلا ئاڭلاپ قالدىم... سىلەرنىڭ پارىڭىڭ-



لارنى، سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى... سىز... ھىم، مەن دېمەكچى، مەن سىزگە بىرنەچچە ئاھاڭنى چېلىپ بېرەي دېگەنىدىم.

— رەھمەت، — دېدى ئاياغ ياماۋاتقان يىگىت، — بىزنىڭ روياليمىز بەكلا ئوسال، يەنە كېلىپ بىزمۇ مۇزىكىنى بىلمەيمىز.

— مۇزىكىنى بىلمەيمىز؟ — كومپوزىتور چۆچۈگەن ھالدا توۋلىۋەتتى، — ئەمىسە، ئەمىسە، بۇ خانىقىز... كەچۈرۈڭ، — ئۇ تۇيۇقسىز بۇ قىزنىڭ بىر ئەما ئىكەنلىكىنى سېزىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— كەچۈرۈڭ، بايا دىققەت قىلماپتىمەن، سىز ئاڭلاش سېزىمىڭىزگە تايىنىپ چالدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز بۇ مۇزىكىلارنى قەيەردە ئاڭلىغان؟ بايا سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇزىكا كېچىلىكىگە بارمىغانلىقىڭىزنى ئېيتقاندەك قىلىۋىدىڭىز.

— بىز بۇ يەردە ئىككى يىل تۇرغان. شۇ چاغدا، بىز تۇرغان ئۆينىڭ نېرىسىدا بىر خانىم دائىم رويال چېلىشنى مەشىق قىلاتتى. ياز كۈنلىرى كەلگەندە، ئۇنىڭ دېرىزىسى ھەر ئاخشىمى ئوچۇق تۇراتتى، مەن دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ ئۇنىڭ روياللىنى ئاڭلايتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

بېتخوۋېن روياللىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن بېتخوۋېننىڭ روياللنى بۇنچە بېرىلىپ، بۇنچە ياخشى چالغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ رويال شۇنچە كونا بولسىمۇ، بىراق تۇيۇقسىز جان كىرگەندەك، مۇلايىم ۋە سىرلىق رويال ساداسى ياش ئاكا ـ سىڭىللارنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. مۇزىكا ساداسى ئۇزاقىچە ياڭرىدى. تۇيۇقسىز جوزا ئۈستىدىكى بىردىنبىر شام ئۆچۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دېرىزە ئېچىۋېتىلدى، ئاي نۇرى ئۆي ئىچىگە خۇددى سىمابتەك تارالدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا بېتخوۋېن چېلىشتىن توختاپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

— ئاجايىپ قالتىس، — دېدى يىگىت پەس ئاۋازدا، — ئۇ كىم؟

— يەنە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى كومپوزىتور، ئاندىن بىرنەچچە كىچىك ئاھاڭلارغا چالدى.

— ھە، سىز چوقۇم بېتخوۋېن ئىكەنسىز، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى يىگىت چۆچۈگەن ھەم خۇشال بولغان ھالدا. ئۇ بېتخوۋېننىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى باسالماي:

— بىزگە يەنە بىر مۇزىكا چېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى.

— ھازىر مەن ئاي نۇرى توغرىسىدا بىر ئاھاڭ ئىجاد قىلدىم، — دېدى كومپوزىتور. ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك كۆزلىرى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلدى. قىش ئاسمىنىدا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق ئىدى، يىراق - يىراقلاردا يۇلتۇزلار مۇلايىم نۇر چاچماقتا ئىدى. ئارقىدىن، كومپوزىتور يەنە روياللىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، ھەسرەت ئارىلاشقان، چەكسىز مۇھەببەتكە تولغان مۇزىكا روياللدىن ئاستا - ئاستا ئېقىپ چىقىشقا باشلاپ گويا يەر يۈزىدىكى تىپتىنچ ئاي نۇرىغا چېچىلىشقا باشلىدى. ئارقىدىن ياۋايىلارچە، جىن - شاياتۇنلارغا خاس ئاھاڭدىكى ئۆتكۈنچى ئاھاڭدىن كېيىن، پەرىزاتنىڭ ئوتلاقتا ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىدىكىدەك ئۆزگىچە ئاھاڭ چېلىندى. ئارقىدىن تېز، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىگە تىترەك ئولاشتۇرىدىغان ئاھاڭ چېلىنىپ، ھەممە نەرسە ئۇچۇۋاتقاندەك، بىر خىل غۇۋالىقتىكى ۋەھىمە قانىتىنى يېيىپ بىزنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىپ، بىزنى پۈتۈنلەي ھاياجانلىق ھېسسىيات ۋە ئاجايىپ - غارايىپ خىياللار ئىلكىگە تاشلىدى.

— خەير - خوش، — كومپوزىتور ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.



— سىز يەنە كېلەمسىز؟ — ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەن تەڭلا سورىدى.

— كېلىمەن، يەنە كېلىمەن، — دېدى بېتخوۋېن ئالدىراپ، — مەن چوقۇم كېلىمەن، كېلىپ بۇ خانقىزغا ئازراق يېتەكچىلىك قىلىمەن. لېكىن، ھازىر مېڭىشىم كېرەك، — ئۇ ماڭغا قاراپ سۆزلىدى، — تېز قايتايلى، ئاھاڭ تېخى مېنىڭ يادىمدا، دەرھال يېزىۋېلىشىم كېرەك.

بىز ئالدىراپ قايتتۇق. تاڭ يورۇغان چاغدا، بېتخوۋېن جوزىنىڭ يېنىدىن تۇردى، قولىدا «ئاي نۇرى» مۇزىكىسىنىڭ نوتىسى تۇراتتى.

* * *

داڭلىق ھەيكەلتاراش مىخالونگىلو ئون ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاناتومىيىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى كاردىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قالغان، ئەمما بۇ مەزگىللىك مەشىق ئۇنىڭ ئۇسلۇبى، ھەيكەلتاراشلىق ماھارىتىنى يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈشتە ھالقىلىق مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن ئادەم بەدىنىنى يارىتىشتا ئۇ ئالدى بىلەن ئىسكىلىتىنى، ئىككىنچى قەدەمدە مۇسكۇل، ماي ۋە تېرىسىنى، ئەڭ ئاخىرىدا كىيىنىشىنى ئويلايدىغان بولغان. ھەيكەلتاراشلىق قىلغاندا، ئۇ پۈتۈن ھەيكەلتاراشلىق ئەسۋابلىرىنى — ئىكەك، ئىسكىنا، ئامبۇر قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى بىلەتتى. شۇنداقلا، ئۇ بوياق ماتېرىياللىرىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن تەييارلايتتى، ھەتتا رەڭ تەڭشەش ئىشىغىمۇ مالىيى ياكى شاگىرتلىرىنىڭ قول تىقىشىغا يول قويمايتتى.

ئىتالىيىدە رافائېلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ سەنئەتكار يوق. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يۈرۈش - تۇرۇشى باشقىلارنىڭ بارلىق ھەسەتخورلۇقىنى يوق قىلىۋېتەتتى. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بارلىق

ئۇلۇغ كىشىلەر ئارىسىدا ھايات چېغىدا دۈشمىنى يوق بىردىنبىر كىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئەنگلىيە يازغۇچىسى بۇنياننىڭ پۈتۈن ئۆمرى نامراتلىقتا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن بولغان نۇرغۇن پۇرسەتلىرى بولغان: ئۇ ئەما قىزى مارى بىلەن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خۇددى ئۆز بەدىنىدىن بىر پارچە گۆشنى يۇلۇۋالغانلىقتەك بىر ئىش ئىدى؛ ئۇ بىر نامرات ئائىلىگە ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئۇنىڭغا تايانغاندىلا ئاندىن ياشىيالايتتى؛ ئۇ ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇنداقلا ئىنتايىن جىق يۈكى بار ئىدى، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ۋەز ئېيتىش خىزمىتىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىدى. ئۇ بالىلىق ۋاقتىدا ئازراق تەربىيىگە ئېرىشكەن، بىراق چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەممىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئوقۇش، يېزىشنى باشلىغانىدى. ئاخىرى، بېتفوردتىن كەلگەن بۇ قازان يامىغۇچى گەرچە بىلىمسىز، نام - نىشانسىز بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئېتىقادقا بولغان قىزغىنلىقىغا تايىنىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغان ئۆلمەس مەسەل «جەننەتكە بېرىش مۇساپىسى» نى يېزىپ چىققان.

ھەقىقىي قىزغىنلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ئىدىيىنى ئىپادىلىگەندىلا، ئاندىن يەنە بىر كىشىنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان شامنى ياندۇرغىلى بولىدۇ.

ئالەمدىن ئۆتكەن تارىخشۇناس فرانسىس پاركمان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئەنگلىيىلىك ۋە فرانسىيىلىك كىشىلەرنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىشقا بەل باغلىغانىدى. كېيىن، ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان بىر



خىل قۇربان بېرىش روھى ۋە قەتئىي ئېتىقاد بىلەن ئۆز ھاياتىنى، بايلىقىنى ۋە ئىلكىدە بار بولغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلىدى. ئۇ داركىتادىكى ئىندىئانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ھەر خىل ماتېرىياللارنى يىغدى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ھەتتا كېيىنكى ئەللىك يىل ئىچىدە ئۇ خەتنى ھەر قېتىمدا بەش مىنۇتتىن ئارتۇق ئوقۇسا بولمايدىغان، ۋاقىت ئۇزارسىلا كۆزى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىلچە بوشاشماستىن ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا بېكىتكەن نىشانىنى تاماملاپ، ئاخىرى ئىنسانىيەتكە بۇ ساھەدە تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى تارىخىي ئەسەرنى تەقدىم قىلدى.

* * *

گىلبېرت بېككېرت ئەنگلىيە كرېست ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، سەپەر ئۈستىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇل قىلىنىدۇ. لېكىن، دەل مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇ خوجايىنىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە خوجايىنىنىڭ گۈزەل قىزىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگىمۇ ئېرىشىدۇ. ئۇ بىر قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، ئاخىرى ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ھېلىقى قىز ئۇنىڭغا قاتتىق كۆيگەچكە، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنى قوغلىشىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ ئىنگلىزچىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ئاران ئىككى سۆز بولۇپ، بىرى «لوندون» ، يەنە بىرى «گىلبېرت» ئىدى. ئۇ بىرىنچى سۆزگە تايىنىپ، ئۇچرىغان كىشىگە «لوندون» دەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بۇ چوڭ شەھەرگە بارىدىغان بىر كېمىگە چىقىپ، كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتىپ بارىدۇ. ئارقىدىن، ئۇ كوچىلاردا ئۆزى بىلىدىغان ئىككىنچى سۆز «گىلبېرت» نى قايتا - قايتا دەپ يۈرۈپ، ئاخىرى گىلبېرت تۇرىدىغان كوچىغا كېلىپ قالىدۇ. ئۆيدىكى

كىشىلەر سىرتتىكى توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، دېرىزىدىن قارى-
شىدۇ. گىلبېرت ئۇ قىزنى تونۇپ، ئېتىلىپ چىقىدۇ – دە،
قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، يىراقتىن كەلگەن بۇ مەلىكىنى
ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ.

* * *

بىر ياشنىڭ كىشىلەر قارشىلىق كۆرسەتەلمەيدىغان جەلپ-
كارلىقى دەل ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىدا بولىدۇ. ياشلا-
رنىڭ نەزىرىدە، كەلگۈسى پەقەت پارلاقلا بولىدۇكى، قاراڭغۇ-
لۇق بولمايدۇ، خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ،
خەتەرلىك ئەھۋال هامان خاتىرجەملىككە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئىن-
سانىيەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدىكى بارلىق ئىشلار ئۆزلىرىنىڭ
مەيدانغا چىقىشىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈ-
زەللىك ئەلچىسىگە ئايلىنىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
ئائىلىسىدىكىلەر خاندېلنى بىلىم ۋە مۇزىكا بىلەن تەربىيە-
لىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭ چالغۇ
ئەسۋابلارنى تۇتۇشىنى مەنئى قىلغان، مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسى-
تىمۇ بەرمىگەن. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر ئارتۇقچە
ئىشلار ئىدى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئوغرىلىقچە بىر مەخپىي بالىخا-
نىغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى تاشلاندۇق روياللىنى چېلىپ مەشىق
قىلغان. ئۆسمۈر باخ ئۆزى ئوقۇغان ھەممە كىتابلارنىڭ مەزمۇ-
نىنى خاتىرىۋېلىش ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن شام سو-
راپ ئۇلارنىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسى-
مۇ، بوشاڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمىگەن. ئۇ ئاي يورۇقىدا
خاتىرە يازغان؛ كېيىنچە ئۆز قولى بىلەن يازغان خاتىرىنى
باشقىلار تېپىۋالغاندىمۇ، يەنىلا بوشىشىپ قالمىغان. كاتتا رەس-
سام ۋېيستمۇ ئەڭ دەسلەپتە بىر بالىخانىدا رەسىم سىزىشنى
مەشىق قىلغان. ئۇ بىر تال رەسىم قەلىمى ياساش ئۈچۈن،
ئۆيىدىكى ئاسلاننى ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ مويىدا قەلەم



ياسىغان.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، فىلكىيەنىڭ پادىشاھى گولدىي كەل-
گۈسىدە ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش ئۈچۈن تۈگكەن قىيىن
تۈگۈچنى كۆپ يىللارغىچە ھېچكىم يېشەلمىگەن، ماكېدونىيە
پادىشاھى ئالېكساندر ئۆزىنىڭ ياشلىق قىزغىنلىقىغا تايىنىپ،
ئۇنى بىر قىلىچتىلا ئۈزۈۋەتكەن.
ئەنگلىيىلىك مىسسىئونېر، يازغۇچى چارلىس كىنسلېي
مۇنداق دەپ يازغانىدى: «كىشىلەر دائىم ياشلار ئىپادىلىگەن
قىزغىنلىقنى كۆرگەندە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. ھەر قېتىم
ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى بۇ خىل قىزغىنلىقىنى ئەسلە-
گىنىدە قىلچە ئەپسۇسلانمايدۇ ۋە پۇشايمان قىلمايدۇ، بىراق
ئۇلار بۇ قىزغىنلىقنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىدىكى سە-
ۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىمايدۇ.»
بىلىش كېرەككى، دانتوننىڭ قىزغىنلىقى دۇنياغا نەقەدەر
زور بايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى – ھە!
دېننىسون ئون سەككىز يېشىدا ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرىنى
يازغان، ئون توققۇز يېشىدا كىمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالتۇن
مېدالىغا ئېرىشكەنىدى. ئەنگلىيە يازغۇچىسى روسكېن: «قايسى
خىل سەنئەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ نە-
پىس ئەسەر ياشلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ» دېگەنىدى. «قەھرىما-
نانە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياشلاردىن چىقىدۇ.» مانا
بۇ ئەنگلىيىلىك سىياسىئون دىسرېلىنىڭ سۆزى. ئامېرىكىلىق
سىياسىئون، دوكتور ترۇمبول: «دۇنيادىكى ھەممە نەرسە تەڭ-
رىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، ياشلارنىڭ قولىدا بولىدۇ» دېگەنىدى.
ياش خېللاكرىس ئون ئىككى خىل جاپا – مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى
ئادا قىلغان. ياشلارنىڭ قىزغىنلىقى دائىم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ،
ئۇلار قۇياشقا باقىدۇ، كۆلەڭگىسىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. ياش-
لارنىڭ قەلبىنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىدۇ، چوڭلار بولسا چوڭ

مېڭىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ياۋروپا مەدەنىيىتى بىخلىنىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاسىيالىقلار زور قوشۇن بىلەن چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرگەن، ياش ئالېكساندىر ئۇلارنى قوغلىۋەتكەنىدى. ناپولېئون ئىتالىيىنى بويسۇندۇرغان چاغدا، ئاران يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. بايرون بىلەن* رافائېل ئوتتۇز يەتتە يېشىدا، كېئاتس يىگىرمە بەش يېشىدا، شېللېي ئوتتۇز توققۇز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار هايات چېغىدىلا داڭق قازانغانىدى. رومولېس يىگىرمە يېشىدا رىم ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان؛ پېئات ۋە بولىنگېروكلار ياش چېغىدىلا هۆكۈمەت ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن؛ نيۇتون يىگىرمە بەش يېشىدىن بۇرۇن ئىنسانىيەتكە نۇرغۇن ئۇلۇغ بايقاشلارنى تەقدىم قىلغان؛ مارتىن لۇتېر يىگىرمە بەش يېشىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىسلاهاتچى بولغان. بەزى كىشىلەر، بىرمۇ ئەنگلىيىلىك شائىرنىڭ شېئىرى يىگىرمە بىر ياشلىق چاتتېرتوننىڭ شېئىرىغا يەتمەيدۇ، دېيىشىدۇ. ۋايتفىرد ۋە ۋىسلېي تېخى كىمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۇلۇغ دىنىي قايتا گۈللىنىش هەرىكىتىنى قوزغىغان، ئالدىنقىسى يىگىرمە تۆت ياشقا كىرمەيلا مەملىكەت ئىچىدە داڭق قازىنىپ، پۈتۈن ئەنگلىيىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ۋىكتور هيۇگو ئون بەش يېشىدىن تارتىپ تراگېدىيە يېزىشقا كىرىشكەن، يىگىرمە ياشقا تولماي تۆرۈپلا فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچ تۇرلۇك مۇكاپاتىغا ۋە «ئۇستاز» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

تارىختا داڭق قازانغان نۇرغۇن تالانتلىق ئەربابلار قىرىق ياشتىن ئارتۇق ياشىمىغان. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە، قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان بىر ياشنىڭ پۇرسىتى ئىلگىرىكى ياشلارنىڭكىدىن تېخىمۇ كۆپ، بۇ دەۋر ياشلارغا تەئەللۇق. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى دەل ئۇلارنىڭ شاھ تاجىسىدۇر. ئۆمرىنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بارلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈشى



كېرەك.

* * *

ياشلار ئۆزىنى پۈتۈنلەي بېغىشلاش قىزغىنلىقىنى ئۆزىگە يار قىلغان يەردە، ياشانغانلار تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەكسەن ياشلىق گلادستون ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچى، ئىگىلەپ تۇرغان هوقۇقى بىلەن يىگىرمە بەش ياشلىق، ئوخشاش غايىگە ئىگە بىر ياشتىن ئون هەسسىلەپ، يۈز هەسسىلەپ كۈچلۈك ئىدى. ياشانغان كىشىنىڭ شان ـ شەرىپى پەقەت ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىنلا كېلىدۇ؛ كىشىلەر ياشانغان كىشىنى ئۇنىڭ ئاقارغان چاچلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاجىزلاشقان بەدىنىدە يەنىلا قىزغىنلىقىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن هۆرمەتلەيدۇ. «ئودېسا» ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بىر مويسىپىت تەقدىم قىلغان ئۆلمەس ئەسەر. بۇ مويسىپىت دەل هومېردۇر.

مويسىپىت زاھىد پېئاتنىڭ قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن ئەنگلىيە چەۋەندازلىرى ئىسلام قوشۇنى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن.

ۋېنتسىيە ۋالىيسى داندىرو توقسان بەش يېشىدا ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان ھەم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، توقسان ئالتە يېشىدا پادىشاھلىققا كۆرسىتىلگەن، ئەمما ئۇ رەت قىلغان. ۋېللىنگتون سەكسەن يېشىدا ھەربىي قورغانلارنى ئۆزى لايىھىلىگەن ھەم كۆزدىن كۆچۈرگەن. ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ باكون بىلەن گېرمانىيە ئالىمى هونبورگ هاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىگىچە ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىنى يوقاتمىغان. دانىشمەن موۋنت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاغرىقچان بولۇپ قالغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا پىكرى ئۆتكۈر بولۇپ، تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان.

دوكتور جونسون ئەڭ داڭلىق ئەسىرى «شائىرلار تەرجىمىھالى» نى يەتمىش بەش يېشىدا يازغان؛ دىفو «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو» نى يېزىپ پۈتتۈرگەندە ئەللىك سەككىز ياشتا ئىدى؛ نيۇتون سەكسەن ئۈچ يېشىدا ئۆزىنىڭ «پرىنسىپ» ناملىق كىتابى ئۈچۈن يېڭى مەزمۇنلارنى يازغانىدى؛ پلاتون تاكى سەكسەن بىر يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكۈچە بىر ئۆمۈر قەلىمىنى توختاتمىغان؛ تام سىكېت سەكسەن ئالتە يېشىدا ئىبراي تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان؛ گالىلېي ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ئەسىرىنى يېزىپ بولغاندا، يەتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى؛ جېمىس ۋارد سەكسەن بەش يېشىدا يەنە نېمىس تىلىنى ئۆگەنگەن؛ سامۇېل خانىم سەكسەن توققۇز يېشىدا «مولېكۇلا ۋە مىكرو پەن» ناملىق ئەسىرىنى يازغان؛ ھونبورگ توقسان يېشىدا — ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاي بۇرۇن داڭلىق ئەسىرى «ئالەم توغرىسىدا» نى تاماملىغان؛ بۇرك ئۇزاقتا يېتىلىپ، ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە پارلامېنت ئەزاسى بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ كېيىنچە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىغا ھەرگىز تەسىر يەتكۈزمىگەن؛ گرانت قىرىق ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن نامى چىقمىغان بىر ئادەم ئىدى، بىراق قىرىق ئىككى يېشىدا داڭلىق بىر گېنېرال بولۇپ قالغان؛ ئېلىلېر ۋىتنېي يىگىرمە ئۈچ يېشىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى قارار قىلغان، ئوتتۇز يېشىدا ئېرو ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئەمما ئۇ كەشىپ قىلغان پاختا ئايرىش ماشىنىسى پۈتكۈل جەنۇبنى سانائەت ئىستىقبالىغا ئىگە قىلغان. يەنە مىسالغا ئالساق، بىسمارك سەكسەن يېشىدىمۇ كاتتا ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان؛ لورد پالمېرستون ئەنگلىيە سەھنىسىدىكى دائىم ياشناپ تۇرىدىغان «دەرەخ» بولۇپ، يەتمىش بەش يېشىدا ئىككىنچى قېتىم باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە چىقىپ، سەكسەن بىر يېشىدا ئۆلگەنگە قەدەر بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن. گالىلېي يەتمىش



يەتتە يېشىدا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ماياتنىك قانۇنىنى سائەتكە تەدبىقلىغان. گېئورگې ستېفېنسن ياشانغاندا خەتتاتلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان؛ لونگفېللوۋ ۋېتتېنبېي، دېنىسونلارنىڭ بەزى كاتتا ئەسەرلىرى ئۇلار يەتمىش ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن يېزىلغان.

ئەنگلىيە شائىرى درىدېن ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋىگىلنىڭ «ئېينىئېت» ىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى باشلىغان؛ روبېرت خوۋل دانتوننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن، ئاتمىش ياشتىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىتاليان تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان؛ لۇغەت تۈزۈش ئۇستىسى نويا ۋېبستېر ئەللىك ياشقا كىرگەندىن كېيىن، يەنە ئون يەتتە خىل تىلنى ئۆگەنگەن.

سىتسېرو ناھايىتى ياخشى ئېيتقان: ئادەم بولۇش ھاراق ياساشقا ئوخشايدۇ، ناچار ھاراق ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ، ئاسانلا بىخسىپ سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ، ياخشى ھاراق بولسا بارغانچە مەززىلىك پۇرايدىغان بولىدۇ. خۇددى مېكسىكا قولتۇقىدىن كەلگەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى شىمالىي ياۋروپا تۇپرىقىنى نەمدىگەندەك، قىزغىنلىقلا بولىدىكەن، بىز چاچلىرىمىز كۇمۇشتەك ئاقىرىپ كەتكەندىمۇ يەنىلا قەلبىمىزدىكى ياشلىقنى ساقلاپ قالالايمىز.

«سىزنىڭ يۈرىكىڭىز قانچىلىك قېرىدى؟ ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياشمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سىز ئۆز خىزمىتىڭىزنى قانداقمۇ ياخشى قىلالايسىز؟»

# ئونىنچى باب

## پەم ـ پاراسەت ۋە ئومۇمىي ساۋات

بۈگۈنكى كۈندە، ئىستىبداتنىڭ رولى پەم ـ پاراسەت بىلەن ھۆسن تاللىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىستىبدات ھەممىلا يەردە تامغا ئۇسۇپ يۈرمەكتە، پەم ـ پاراسەت بولسا توسالغۇسىز يايرىماقتا. مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش رىقابىتىدە، پەم ـ پاراسەت ۋە ئومۇمىي ساۋاتتا ئىگە كىشىلەرلا شارائىتتا قاراپ يول تۇتۇشنى، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشنى بىلىدۇ. دەۋرنىڭ ئېقىمى ھەرگىز قورسىقى نەزمرىيىلەرگە توشۇپ كەتكەن، ئەمما جاھاندارچىلىقنىڭ ئېپى ـ جىپىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتا ماسلىشالايدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرىدۇ.

*ئۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى، مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ئىش
قىلىشنى، مەسىلەن، ياكى كۈلۈشنى، ياكى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشنى،
ياكى تەلىم بېرىشنى ۋە ياكى يېتەكچىلىك قىلىش دېگەندەكلەرنى بىلىدۇ.*

—— *ئېرىسا كوئوك*

*بۇ دۇنيانى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان كىشى يالغۇز ئۆزىنىڭ بىلىدىغان-
لىرىدىن پايدىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزى بىلمەيدىغان نۇرغۇن
نەرسىلەردىن پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ئۇ ئۆزى-
نىڭ مەلۇم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرالى-
سا، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمىنى نامايان قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىتاب-
بازلارغا سېلىشتۇرغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىگە تېخىمۇ ئاسان
ئېرىشەلەيدۇ.*

—— *كولتون*

*ئوتتۇرا يول تۇتقاندا ئاسانلا باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكىلى
بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش ئىستىلى بىلەن سې-
لىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ ياخشى تەرىپكە سازاۋەر بولالايدۇ.*

—— *روچېفىكلد*

جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جەنۇب فېدىراتسى-
يىسىنىڭ بىر ئوفىتسېرى شىماللىق بىر نېگىر ئەسكەر تەرىپىدىن
ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. ئۇ ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇپ:
«مەن نېگىرلارغا تەسلىم بولمايمەن» دەيدۇ. نېگىر ئەسكەر
مىلتىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ: «ئەمىسە، مەن سېنىڭدىن
ئەپۇ سوراشقا مەجبۇرمەن. ھازىر مېنىڭ بىر ئاق تەنلىكنى
تېپىپ سېنىڭ تەسلىمىڭنى قوبۇل قىلىشقا ۋاقتىم يوق» دەيدۇ.
ئاق تەنلىك ئوفىتسېر ئاخىر باش ئېگىدۇ.

فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر مونتەينى مۇنداق دېگەنىدى:
«خۇدا ئىنسانلارغا چوڭ مېڭىنى ئاتا قىلدى، بىراق خۇدا ھەربىر
كىشىنىڭ ئۇنى ياخشى ئىشلىتەلەيدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن
ئەمەس.» لىنكولن تۇنجى قېتىم پارلامېنت ئەزالىق سايلىمىغا
قاتناشقاندا، ئاساسىي سايلام رىقابىتى پروگراممىسىنى سانگې-
مون دەرياسىنى ئېچىش مەسىلىسىگە باغلايدۇ. سايلام بېلىتىگە
ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇ بىر يېزىغا بارىدۇ، ئۇ يەردە ئوتتۇز نەپەر
سايلىغۇچى ئېتىز لىقتا باشاق تېرىۋاتقانىكەن. لېكىن، بۇ سايلى-
غۇچىلار ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىش پىلانىغا قىلچە قى-
زىقمايدۇ، بىرەر مەسىلىنىمۇ سوراپ قويمايدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ
مۇسكۇللىرىنىڭ ماغدۇرى بار - يوقلۇقىغا تېخىمۇ قىزىقىدىغان-
دەك، بۇنى بىلىشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.
ئۇلارچە بولغاندا، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ پارلامېنتتىكى
ھەقىقىي ۋەكىلى بولالايتتى. شۇنىڭ بىلەن، لىنكولن سېۋەتنى
ئېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە باشلايدۇ. كېيىن بۇ ئوت-
تۇز نەپەر سايلىغۇچىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېلەت تاشلايدۇ.

ناپولېئوننىڭ ناشتا قىلىدىغان ۋاقتى تەرتىپلىك ئەمەس

ئىدى، بەزىدە سائەت سەككىزدە، بەزىدە سائەت ئون بىرلەردە
ناشتا قىلاتتى. لېكىن، بىر ئىش ئۇنى ئىنتايىن ئەجەبلەندۈرەتـ
تى، مەيلى قايسى ۋاقىتتا ناشتا قىلماقچى بولسۇن، ئۇ ئامراق
توخۇ كاۋىپى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلاتتى. بىر كۈنى،
ئۇ تاقەت قىلالماي ئاشپەزنى تۇۋلاپ توختىتىدۇـ دە، ئـۇنىڭدىن
بـۇ ئـىشنى قـانداق بېجىرىدىغانلىقىنى سورايدۇ. «ئالىيلىـ
رى، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئاشپەز، — چۈنكى مەن ھەر ئون
بەش مىنۇتتا بىر چۈجىنى تۇتۇپ كاۋاب قىلىمەن. بۇنداق بولـ
غاندا، سىلىگە قايسى چاغدا كېرەك بولسا، مەن شۇ چاغنىڭ
ئۆزىدىلا تەييار قىلىپ بولىمەن.»

* * *

ھازىر، ئىستىبداتنىڭ رولى پەم ـ پاراسەت بىلەن ھۆسن
تالىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىستىبدات ھەممىلا يەردە تامغا
ئۇسۇپ يۈرمەكتە، پەمـ پاراسەت بولسا توسقۇنسىز يايراۋاتىدۇ.
ئەمەلىيەتتە، بىر كىشى پەم ـ پاراسەتلىك بولسا، ئىستىبداتى
چەكلىك بولغان تەقدىردىمۇ، بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ
ئۆزىنىڭ مەلۇم جەھەتلەردە يېتەرسىز بولغان ئىستىبداتىنى ئاسـ
تاـ ئاستا يېتىلدۈرەلەيدۇ؛ ئەكسىچە، ئەگەر ئۇنىڭ پەمى بولـ
مىسا، ئون ھەسسە ئىستىبداتلىق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ نۇقتىـ
نى ئورۇندىيالمايدۇ. كونىلار: «ئىستىبداتلىقلار باشنى چۆمكەپ
ئۇخلاپ ياتار، پەمى بارلار ئورنىدىن سەھەر تۇرار» دەپ ياخشى
ئېيتقان. ئىستىبدات بىر خىل قابىلىيەت، پەم ـ پاراسەت بىر
خىل ماھارەتتۇر؛ ئىستىبدات نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىـ
دۇ؛ پەم ـ پاراسەت بولسا قانداق قىلىشنى بىلىدۇ.

«ئىستىبدات خەتەرلىك ئۇرۇش پوزىتسىيىسىگە ھۇجۇم قىـ
لالىشى مۇمكىن، ئەمما پەم ـ پاراسەت ئۇچ ئارمىيىگە قوماندانـ
لىق قىلالايدۇ.» پەم ـ پاراسەت ئالتىنچى سەزگۇ ئەمەس،
بىراق ئۇ باشقا بەش خىل سەزگۇ ئەزانىڭ جېنى بولۇپ، بىزنىڭ



كۆرۈش، ئاڭلاش، تېتىش، پۇراش ۋە سېزىش ئەزالىرىمىزنى
تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلالايدۇ. پەم ـ پاراسەت ئالدىدا بارلىق گۇمانـ
لىق تۈگۈنلەر، بارلىق قىيىنچىلىقلار، بارلىق توسالغۇلار ئوـ
ڭايلا ھەل بولىدۇ.

* * *

بۇ جەمئىيەتتە بىر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن
كىشىلەر بار، ئۇلار پەقەت نەزەرىيىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما
ئەمەلىيەتكە سەل قارايدۇ؛ ئۇلار ئۆمۈرلۈك زېھنىنى مەركەزـ
لەشتۈرۈپ بىر خىل ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ
قىلغان، ئاخىرىدا بولسا باشقا ئىقتىدارلىرىنى بۇنىڭغا بەدەل
قىلىۋېتىپ، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلالماي غەيرىي ئادەمگە ئايلىـ
نىپ قالغان. بىز ئۇلارنى «توكۇر تالانت» دەپ ئاتايمىز،
چۈنكى ئۇلار مەلۇم جەھەتتىكى تالانتى بىلەن باشقىلار قىلالمايـ
دىغان ئىشلارنى ئورۇندىيالايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تۇرـ
مۇشتىن ھېچقانداق بىلىمى يوق، نۇرغۇن جەھەتلەردىكى قىلىـ
مىشلىرى ئېتىقسىز، كۈلكىلىك بولسىمۇ، بىز دائىم ئۇلارنى
ئەپۇ قىلىمىز. بىر سودىگەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تىجارەت
قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تالانتى بولسىلا، مېھمانخانىدا ئۆزىنىڭ
ھاڭۋاقتىلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ، بىز ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيـ
مىز. ئادام سمىي ئۆزىنىڭ «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى»
ناملىق كىتابىدا دۇنيا ئەھلىگە ئىقتىساد ئىلمىنىڭ سىرىنى
ئېيتىپ بەردى، ئەمما ئۇ قانداق قىلغاندا ئۆز ئائىلىسىنىڭ
ئىقتىسادىنى ئوبدان باشقۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

نۇرغۇن ئۇلۇغ ئەربابلار ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ نۇرـ
غۇن تەپسىلاتلىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيدۇ. ئىساك نيۇتون تەبىئەتـ
نىڭ سىرىنى يېشەلىگىنى بىلەن، تۇرمۇش جەھەتتە تولىمۇ
بولۇمسىز ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ چارچاپ كەتكەندە بىر مۈشۈك
بىلەن ئاسلانغا ئىشىك ئېچىپ بېرىشكە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرـ

مەسلىك ئۈچۈن، ئىشكتىن بىر تۆشۈك ئاچماقچى بولغان. ئۇ ئىككى مۈشۈكنىڭ بىرىنىڭ چوڭ، بىرىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشكتىن بىرى چوڭ، بىرى كىچىك تۆشۈك ئاچقان. بۇ ئىش بىردەمدىلا كىشىلەرنىڭ كۈلكە پارىڭىغا ئايلانغان.

بېتخوۋېن ئۇلۇغ كومپوزىتور، ئەمما ئۇ بىر قېتىم ئالتە كۆڭلەك ۋە بىر دوزنا قول ياغلىق سېتىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ يۈز فرولىن تۆلەيدۇ. ھەر قېتىم ئۇ تىككۈچىگە كىيىم تىكتۈرگەندە، پۈتۈن ھەققىنى ئالدىن بېرىۋېتىدۇ، ئۆزى بولسا دائىم غۇربەتچىلىكتە قېلىپ، بىر پارچە بولكا، بىر ئىستاكان سۇ بىلەن جان باقىدۇ.

ئاتاقلىق پوپ سۋىفت يېزىدا تۇرغان چاغلىرىدا نامراتلىقتا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە تاس قالغانىدى، ئۇنىڭ سىنىپدىشى ستافورد بولسا، ئەمەلىيەتچىل كىشى بولغانلىقتىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر بايغا ئايلانغانىدى.

ناپولېئوننىڭ قول ئاستىدا بىر مارشال بار بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردا ناپولېئوندىن قېلىشمايتتى. لېكىن، ئۇ ئىنساننىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ناپولېئون بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئادەم بولۇش ماھارىتى ۋە ياشاش تەجرىبىسى كەمچىل ئىدى؛ ناپولېئون تىك موللاق چۈشۈشنىمۇ بىلەتتى، بىراق موللاق ئېتىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ چاققانلىقتا مۈشۈككە ئوخشاش بولۇپ، ھامان يامانلىقنى ئامانلىققا ئايلاندۇرالايتتى.

ئامېرىكىلىق سىياسىئون دانىيېل ۋېبستېر فلورىدا شتاتىدىكى بىر دېلونى ئاقلىغانلىقى ئۈچۈن مىڭ دوللار ھەققە ئېرىشىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى كىتابخانىسىدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى، بىر كىشى بىرنەچچە پارچە يېپىيېڭى پۇل چېكىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ، ئۇ مۇنداقلا قول ئۇزىتىپ تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئەتىسى،



ئۇ بۇ پۇلنى ئىشلەتمەكچى بولىدۇ، بىراق ئۇيان ئىزدەپ - بۇيان ئىزدەپ، بىر پارچە چەكنىمۇ تاپالمايدۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئۇ تاسادىپەن بىر كىتابنى ۋاراقلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بانكىنىڭ يېپىيېڭى، ئازراقمۇ پۇرلاشمىغان بىر پارچە پۇل چېكىنى كۆرۈپ قالىدۇ. يەنە بىر ۋاراقلىغاندا، يەنە بىر پارچە چەك چىقىدۇ، ئەڭ ئاخىرى ئۇ ئۇنتۇپ قالغىلى ئۇزاق بولغان پۇلنى يەنە تېپىۋالىدۇ، ئەسلىدە ئۇ كىتاب كۆرۈۋاتقاندا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلارنى كىتابنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ قويغانىكەن.

يەنە بىر قېتىم، مالىيە مىنىستىرلىكى يېڭى پۇل تارقاتماقچى بولىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋېبستېر كاتىپى چارلىز لونگماننى بانكىغا ئەۋەتىپ بىرنەچچە يۈز ئامېرىكا دوللىرىنى ئەكەلدۈرىدۇ. بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بىرنېمىنى ئىزدىمەكچى بولۇپ يانچۇقىنى ئاختۇرغاندا، يانچۇقىنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ۋېبستېر ھەيران بولغان ھالدا خېلى ئۇزاققىچە ئويلىنىپ، ئاندىن تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالىدۇ. ئەسلىدە، ئۇ بۇ پۇللارنى «يېڭى تارقىتىلغان پۇل چىرايلىق ئىكەن» دەپ ماختاشقان دوستلىرىغا بېرىۋەتكەنىكەن.

ئىنگلاندىيىكى بىر ئالىي مەكتەپتە داڭلىق بىر ماتېماتىكا پروفېسسورى بار بولۇپ، ئۇ تازا كىتاب خۇمار كىشى ئىدى. بىر قېتىم، خانىمى ئۇنى قەھۋە سېتىۋېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ دۇكانغا كەلگەندە، دۇكان خوجايىنى: «قانچىلىك سېتىۋالىسىز؟» دەپ سورايدۇ. «ئاپلا، — دەيدۇ پروفېسسور، — ئايالىم ماڭا بۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، بولدىلا، مېنىڭچە بىر تۇڭ ئالسام بولار.»•

نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ئەربابلار تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارنى قىلغان چاغلىرىدا كۆڭلى شۇ ئىشتا بولمايدۇ، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئاساسىي ساۋاتىمۇ بەك يېتەرسىز بولىدۇ.

بىر قېتىم، گېرمانىيىلىك دراماتورگ لېسسىنگنىڭ خىز-
مەتكارى بىر كىمنىڭ ئىشىك قاققانلىقىنى ئاڭلاپ، دېرىزىدىن
سىرتقا قاراپ باقىدۇ. تالا بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇ ئىشىك
قاققان كىشىنىڭ لېسسىنگ ئىكەنلىكىنى تونۇيالمايدۇ - دە:
«پروفېسسور ئۆيدە يوق» دەيدۇ. شۇ چاغدا لېسسىنگنىڭ كۆڭ-
لىمۇ جايىدا بولمىغاچقا، شۇ هامان: «هە، بوپتۇ ئەمىسە، مەن
كېيىن كېلەي» دەيدۇ.

* * *

دۇنيادا ئالىي تەربىيە ئالغان، شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسى-
گە ئالغان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ، بىراق بۇنداق كىشىلەرنىڭ
نۇرغۇنلىرى پەم - پاراسەت ۋە ئومۇمىي ساۋاتىنىڭ يېتەرسىز
بولغانلىقى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە جان بېقىشى ناهايىتى
قىيىنغا چۈشىدۇ.
يېقىندا، كىشىلەر ئۈچ نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى-
نىڭ ئاۋستىرالىيىدىكى بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئىشلەمچى-
لىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرى كىمبرىج
ئۇنىۋېرسىتېتىنى، بىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى، يەنە بىرى
گېرمانىيىنىڭ بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنىدى.
كىشىلەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چارۋىلارغا قاراپتۇ،
ئۇلارنىڭ مەكتەپتە تەربىيە ئېلىشى كىشىلەرگە رەهبەرلىك قىل-
غۇچى داهىيلاردىن بولۇش ئۈچۈن تۇرسا، شۇ تاپتا بۇ يەردە
قوي پادىلىرىگە «رەهبەرلىك» قىلىۋېتىپتۇ، دەپ قاتتىق هەي-
ران بولۇشۇپتۇ. فېرما خوجايىنى بىلىمى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيە-
سى يوق بىر تومپاي ئىكەن، ئۇ كىتاب، نەزەرىيە دېگەنلەرنى
ئازراقمۇ بىلمەيدىكەن، بىراق قوي - كالىلارنى قانداق بېقىشنى
بىلىدىكەن. ئۇ ياللىۋالغان بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
قورسىقى نەزەرىيىگە توشۇپ كەتكەن، بىرنەچچە خىل چەت ئەل
تىلىنى سۆزلىيەلەيدىغان، تولىمۇ چوڭقۇر بولغان سىياسىي -



ئىقتىساد ئىلمى ۋە پەلسەپۋى نەزەرىيىلەرنى مۇهاكىمە قىلالاي-
دىغان بولسىمۇ، ئەمما پۇل تېپىش ئۈستىدە سۆز بولغاندا بۇ
سەهرالىق خوجايىن بىلەن هەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدى-
كەن. ئۇ كۈن بويى ئۆزىنىڭ قوي - كالىلىرىنىڭلا گېپىنى
قىلىدىكەن، نەزەر دائىرىسى تولىمۇ تار ئىكەن، لېكىن ئۇ جىق
پۇل تاپالايدىكەن، هېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
هەتتا جان بېقىشىمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. ئالىي مەكتەپ
دېگەن نام ناهايىتى چىرايلىق ئاڭلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە
ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان هېچنېمىنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بۇ بىر
مەيدان «مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ، ئالىي مەكتەپ
بىلەن چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ كۈچ سىنىششى بولۇپ، كې-
يىنكىسى هامان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلەيدۇ.»
بىز كىتابقا تولىمۇ يۇقىرى ئۈمىد باغلاپ كەتسەك بولماي-
دۇ. باكون مۇنداق دېگەنىدى: «كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەت
ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى كىتابتىن هالقىپ كەتكەن، ئىند-
چىكە كۆزەتكەندىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەقىل - پاراسەتتى-
دۇر.» مانا بۇ «قەغەز يۈزىدىن ئېرىشكەنلەر هامان يۈزە بولى-
دۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇرۇن
فرانسىيىلىك بىر كاتتا ئالىم ئۆتكەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئۆز
ئىستېداتىنى ئۆزى تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن» دەپ باها بەرگەن. قو-
بۇل قىلغان مائارىپ تەربىيىسى بەك كۆپ بولۇپ، ئەمەلىي
تەجرىبىدىن قىلچە خەۋىرى بولماسلىق، ئەمەلىيەتتە بىر كىشى-
نىڭ رېئال تۇرمۇشقا ماسلىشىش قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىپ،
ئۇنى زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. كىتاب تەربىيىسى كۆپىنچە هاللاردا
بىر كىشىنىڭ هەددىدىن زىيادە تەنقىد قىلىش قابىلىيىتى ۋە
ئۆزۈمچىلىك ئېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، هەتتا ئۇنى هەددى-
دىن زىيادە سالماق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېتەرسىز قىلىپ
قويىدۇ، بۇ هال ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل جاپالىق ئەم-

گەكلەرگە قارىتا ئېيتقاندا، پوزىتسىيىسى تولىمۇ سىپايە، تاشقى
قىياپىتى تولىمۇ ھەشەمەتخور، تەربىيىدە تولىمۇ زىل ھالەتتە
ئىپادىلىنىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

كىتاب ۋە ئالىي مەكتەپتىكى مەدەنىيەت تەربىيىسى ھەقىقە-
تەن كىشىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ، بىراق بۇ خىل مەدەنى-
يەت ھەممىشە نەزەرىيىۋى مەنە جەھەتتىكى مەدەنىيەت بولۇپ
قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش دائىم كىشىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى
ۋە ئىرادىسىنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىدۇ. پەقەت كىتابىي
تەربىيىلا ئېلىش كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ماھارىتىنى تەرەققىي
قىلدۇرالمايدۇ، ئاخىرىدا بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار تۇن-
جۇقتۇرۇۋېتىلىدۇ. كىتابباز دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىندى-
ۋىدۇئاللىقى يوق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسى خىلمۇ-
خىل نەزەرىيە ۋە باشقىلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە توشۇپ كەتكەن. بىر
كىشى ئەمدىلا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلغان چاغدا، ئۇنىڭ
قەلبى تېخى ھاياتىي كۈچكە تولغان ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن؛
ھالبۇكى، ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ھامان، بۇ ھاياتىي كۈچ
ئىز- دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپتىن
ئايرىلىپ، جەمئىيەتكە قەدەم قويغان چاغدا، گويا چۈشىنىش
ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغاندەك، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ۋە ئىش-
لارنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى تۇساتتىن
بايقاپ قالىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتى بولمىسىمۇ، ياشاش رىقا-
بىتى جەريانىدا تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئوبدان بىلىۋالغان بىر
ساۋاتسىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يۇقىرىقىدەك ئوقۇغۇچى چو-
قۇم ئۆز ئىشلىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن
بىر ئوقۇغۇچى ھەممىشە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلمەي،
كۆپىنچە ھاللاردا بىر غايە پادىشاھلىقىدا ياشايدۇ، ئەمما بۇ
پادىشاھلىقتا تىرىكچىلىك يولىنى بىلمەيدىغانلارغا ئورۇن بېرىل-



مەيدۇ. ھالبۇكى، بىز ياشاۋاتقان رېئال دۇنيا كۆپ ھاللاردا
ئۇنىڭ قانچىلىك يۇقىرى نەزەرىيىۋى ۋە چوڭقۇر بىلىمى بولغان-
لىقىغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. دەۋرنىڭ نوچىلىرى ھەرگىز
قورسىقى نەزەرىيىگە توشۇپ كەتكەن، ئەمما جاھانسازلىقنى
بىلمەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى رېئاللىققا ماسلىشالايدىغان
كىشىلەردۇر.

* * *

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كولومبو ئامېرىكا يېڭى قۇرۇقلۇ-
قىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ئىندىئانلار
كولومبو ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى بارغانسېرى پەرۋايىغا
ئالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كولومبو ئىندىئانلا-
رنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىغا: «بىز بىللە تۇرۇۋاتقىلى نەچچە ھەپتە
بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، سىلەر دەسلەپتە بىزنى دوست قاتارىدا
كۈتۈۋالدىڭلار، بىراق ھازىر بىزنى بۇرۇنقىدەك قارشى ئالمايدى-
غان بولۇپ قالدىڭلار، ھەتتا بىزگە ئازراق ئۆچمەنلىكمۇ قىلىۋا-
تىسىلەر، بىزنى قوغلىۋېتىشنى ئويلاۋاتىسىلەر. بۇرۇن سىلەر
بىزگە نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتىڭلار، ھازىر بۇ
نەرسىلەر بەك ئازىيىپ كەتتى، بەلكى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ
كېتىۋاتىدۇ. سىلەر لەۋزىڭلاردا تۇرمايۋاتىسىلەر، ئەسلىدە سى-
لەر ھەر كۈنى بىزنى يېتەرلىك يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشكە
ماقۇل بولغان. سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار ئىلاھقا دەخلى -
تەرۇز قىلغانلىق، ئۇ ئىنتايىن غەزەپلەنمەكتە، ئۇ سىلەرنى
جازالاش ئۈچۈن قۇياشنى يوقاتماقچى» دەيدۇ.

كولومبو پات ئارىدا قۇياشنىڭ تۇتۇلىدىغانلىقى ئوبدان بى-
لەتتى، شۇڭا ئۇ «قۇياش يوقىتىلىدىغان» ۋاقىتنى ئىندىئانلارغا
ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇلار زادىلا ئىشەنمەي، يەتكۈزۈپ بېرىدىغان
يېمەكلىكلەرنى كۈندىن - كۈنگە ئازايتىۋېرىدۇ.

كولومبو ئالدىن بېشارەت بەرگەن كۈن يېتىپ كېلىدۇ،

قۇياش ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەكلا چىقىدۇ، ئاسماندا بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈشكە باشلايدۇ، قۇياشنىڭ يۈزىدە ئازراقمۇ قارا كۆرۈنمەيدۇ. ئىندىئانلار باشلىرىنى چايقىشىپ، كولومبو قاتارلىق كىشىلەرگە بولغان دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى يوشۇرمايدۇ. لېكىن، تۇساتتىن قۇياشنىڭ بىر تەرىپىدە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ. قارا چېكىتنىڭ كۆلىمى بارا ـ بارا يوغىناشقا باشلايدۇ. ئىندىئانلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كولومبونىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلەيدۇ. كولومبو ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن چېدىرىغا قايتىپ كىرىدۇ.

كۈن تۇتۇلۇش ئاياغلىشاي دېگەن چاغدا، ئۇ يەنە پەيدا بولۇپ، كىشىلەرگە ئىلاھنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلمىسىلا، ئىلاھنىڭ قۇياشنى يۇتۇۋالغان ئالۋاستىنى ناھايىتى تېزلا ھەيدىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىندىئانلار دەرھال قەسەم قىلىشىدۇ، ئارقىدىن قۇياش قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ چىراي ئاچىدۇ. بۇ كىشىلەر خۇشاللىقىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسپانىيىلىكلەرگە نېمە كېرەك بولسا، ئىندىئانلار شۇنى بېرىدىغان بولىدۇ.

* * *

ئامېرىكىلىق ناتىق، ئىسلاھاتچى ۋېندېل فىلىپس مۇنداق دېگەنىدى: «جاھانسىزلىقنى بىلىش دېگىنىمىز، دەل ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولۇنغان ياكى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش، دېگەنلىكتۇر.»

كايسار ئىنگلاند دېڭىز ساھىلىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان چاغدا، ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇملۇقنىڭ



بېشارىتى دەپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كايسار چاققانلىق بىلەن بىر ئوچۇم قۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەلىبە قىلغۇچى كىشىنىڭ قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئېيتقىنىدەك، ئاتىدىغان ئوقى قالمىغاندا، چاققانلىق بىلەن دەريا بويىدىن بىرنەچچە تال تاشنى تېرىۋالغان داۋىدنىڭ نەيزە تۇتقان، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچكە تولغان، ئەمما ھەرىكىتى كالامپاي گورىياغا سېلىشتۇرغاندا يۈز ھەسسىلەپ قالتىس بولغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

* * *

بۇ يەردە يەنە بىر ھېكايە بار. بۇ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئوخېئو شتاتىدا يۈز بەرگەن. موئۇر ئەپەندىنىڭ كەيپىگە تۇيۇقسىز كۈتۈلمىگەن بىر مېھمان ئۇسسۇپ كىرىدۇ، ئۇ ھاسىراپ كەتكەن بولۇپ، قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا ئىشىكتىن كىرىپلا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئىندىئانلار كەلدى، تېز ماڭا بىر چاپقۇر ئات تەييارلاپ بېرىڭ، مەن خەۋەر يەتكۈزۈشۈم كېرەك. تۇنۇگۈن كەچ ئۇلار دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

— ئەمىسە، بىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن موئۇر خانىم جىددىيلەشكەن ھالدا، — ئېرىم تۈنۈگۈن قىشلىق لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالغىلى كەتكەن، ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ كېلەلەيدۇ.

— ئەر خوجايىن يوقمىدى؟ ئاپلا، ئىش تۈگەپتۇ. ئەمىسە، سىز ھېچقانداق گەپ قىلماڭ، ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، كەچتە چىراغمۇ ياقماڭ، — خەۋەر يەتكۈزگەن بۇ كىشى شۇنداق دەپتۇدە، بالىلار يېتىلەپ كەلگەن ئاتقا مىنىپ، باشقىلارغا خەۋەر يەتكۈزگىلى ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ.

موئۇر خانىم چوڭ ئوغلى ئوۋبىد بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى جوئىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، ئىككىسىنى پەستە ئەھۋالنى كۆزىتىشكە قويۇپ قويۇپ، ئۆزى باشقا بالىلىرى بىلەن بالىخانىغا چىقىپ ئارام ئاپتۇ. ئەمدىلا گۈگۈم چۈشكەندە، ئوۋبىد تۇيۇقسىز يىراقتىكى ئېتىزلىقتا بىرقانچە قارىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەس ئاۋازدا:

— جوئې، ئۇلار كەلدى. سەن پالتىنى ئېلىپ ئاۋۇ دېرىزە قاپقىقىنىڭ كەينىدە تۇر، مەن بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلارنى قارىغا ئالاي، — دەپتۇ.

ئارقىدىن، ئوۋبىد ئوقداننى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ بەتلىمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئەسلىدە، بۇ ئوق بەك چوڭ بولۇپ، مىلتىققا چۈشمەيدىكەن، دادىسى موئۇر ئەپەندى مەشەكنى خاتا راسلاپ قويغانىكەن. ئوۋبىد ھەممە يەرنى ئىمىسقىلاپ، كىچىك ئوق تاپماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇ بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئەسلىدە بۇ بىر چوڭ كاۋا ئىكەن. خەۋەرچى خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگەندە، ئوۋبىد بىلەن جوئې ئىككى كاۋىدىن ئىككى پانۇس ياساۋاتقان، كېيىن يىغىشتۇرۇۋەتمەي شۇ يەردە تاشلاپ قويغانىكەن. ئوۋبىد تېزلىك بىلەن ئەقىل ئىشلىتىپ، كاۋا پانۇسقا يوغان كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىز ياساپ، ئۇنى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئالۋاستى چىرايىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئوچاقتىن بىر پارچە ياغاچ كۆمۈرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شامنى ياندۇرۇپ، پانۇسنىڭ ئىچىگە قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن چاپىنىنى سېلىپ كاۋا پانۇسنىڭ ئۈستىنى يېپىپتۇ. ئۇ پانۇسنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇۋېتىپ، پەس ئاۋازدا:

— تېز بول، بولمىسا ئۇلار ھازىرلا كېلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

— ھازىر باشلايمىز، — دەپتۇ ئۇ يەنە. ئۇ شۇنداق دەپتۇ-



دە، كاۋا پانۇسقا يېپىپ قويغان چاپىنىنى بىرلا تارتىپ ئېلىۋېتىپتۇ. ئارقىدىنلا «ئالۋاستى» پەيدا بوپتۇ، ئىندىئانلار قورققىنىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، چىرقىراشقىنىچە تەرەپ-تەرەپكە قېچىپتۇ.

— تېز بول، جوئې، يەنە بىرىنىمۇ ياندۇر. كۆردۈڭمۇ، ئۇلا نېمىدىن قورقىدىكەن؟

يەنە بىر بەتبەشىرە چىراي دېرىزىدە پەيدا بوپتۇ، ئىندىئانلار بۇنى كۆرۈپ يەنە قىيا-چىيا قىلىشىپ، ئورمانلىققا قاراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. تاڭ يورۇغاندا، موئۇر ئەپەندى قايتىپ كەلسە، ئۆيدىكىلەر ئامان-ئېسەن ئىكەن، ئىندىئانلار بولسا قايتا يولىماپتۇ.

* * *

بىلو ۋىددېر نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما ئۇ پەم-پاراسەتكە تايىنىپ، جەمئىيەتتە ئۆزى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇننى قولغا كەلتۈرگەنىدى. كۆپ يىللار ئىلگىرى، ۋىددېر نيۇ-يورك پورتىدا توختايدىغان بىر يەلكەنلىك كىچىك كېمىدە بىر يولۇچىنىڭ چوڭ چامادانىنى كۆتۈرۈپ مېھمانسارايغا ئاپىرىپ بەرگەن، يولۇچى ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئىش ھەققى بەرگەن، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق كىرىمى ئىدى. ئۇ چاغلار ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى، تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بىر ئوغۇل بالىنىڭ باش كۆتۈرۈش پۇرسىتى تولىمۇ ئاز ئىدى، ئەمما ۋىددېردا پەۋقۇلئاددە سەزگۈ ۋە پەم-پاراسەت بار ئىدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلەيتتى ھەمدە سۆز بىلەن قايىل قىلىش ماھارىتىگە ئىگە، شۇنداقلا كىشىلەرگە قارىتا مەرد ۋە شەخسىيەتسىز ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتى ۋە زېرەكلىكىگە تايىنىپ، ئۈچ نامرات كىشىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ئۇتۇپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەنىدى. بۇنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە، ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇنى ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق

باش ئەلچىلىككە ۋە باشقا بەزى مۇھىم خىزمەتلەرگە تەكلىپ قىلغان، ئەمما ئۇ تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلغانىدى.

لىنكولن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا، جەنۇب فېدېراتسىيىسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان «نيۇ - يورك ئاۋانگارتى» ناملىق بىر گېزىت بار ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ ياۋروپادىكى تىراژى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ماقالىلىرى ھەمىشە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغايتتى. شۇنىڭ بىلەن لىنكولن ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ۋىدېرغا ھاۋالە قىلىدۇ. ۋىدېر گېزىتخانىنىڭ خوجايىنى بېناد بىلەن مۇئامىلە قىلمىغىلى ئوتتۇز يىل بولۇپ قالغانىدى، بىراق ئۇلار سۆھبەتلەشكەنىنىڭ ئەتىسى، گېزىت دەرھال مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، قەتئىي تۈردە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرىدىغان بولىدۇ.

ئارقىدىن، ۋىدېر ياۋروپاغا بارىدۇ، چۈنكى جەنۇبتىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى تەسىر كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى دەل بۇنداق تەسىر كۈچىنى يوقىتىش ئىدى. ئۇ ئاۋۋال فرانسىيىگە بارىدۇ. فرانسىيە پادىشاھى ئەسلىدە جەنۇبنى قوللايتتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ چارلستون پورتىنى قامال قىلىش ھەرىكىتىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى، ھەتتا فرانسىيە ياساش سودىگەرلىرىنىڭ ئامېرىكىغا پاختا ئېكسپورت قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدا پەرمانمۇ چۈشۈرگەنىدى. ھالبۇكى، ۋىدېر ئۆزىنىڭ قالتىس پەم ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن فرانسىيە پادىشاھىنى مەيدانىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىدۇ. يەنە بىر دەلىل شۇكى، پادىشاھ ئەسلىدە قۇرۇلتايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قارىتا دۈشمەنلىك پۇرىقى تولغان سۆز قىلماقچى بولغانىدى، ئەمما ۋىدېرنىڭ ۋەز ئېيتىشى بىلەن، ئۇنىڭ سۆزى ئامېرىكىغا بولغان دوستانىلىقنى ئىپادىلەيدىغان باياناتقا ئايلىنىدۇ. يەنە بىر بېكەت ئەنگلىيە ئىدى. دەل ئۇ يېتىپ



بارغان چاغدا، ئەنگلىيە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگۈدەك ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى، لېكىن ۋىدېرنىڭ زىيارەتكە كېلىشى بىلەن، جامائەت پىكرىنىڭ پوزىتسىيىسىدە بىر يۈز سەكسەن گرادۇس ئۆزگىرىش بولىدۇ. ۋىدېر ئامېرىكىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، نيۇ - يورك شەھىرى ئامېرىكا جامائەتچىلىكىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ غايەت زور تۆھپىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ۋىدېر تىجارەت سورۇنىدىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مىليون دوللارلىق بايلىقنىڭ ئىگىسى بولىدۇ.

* * *

بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە، ناپولېئون قوشۇننى ۋە بىر ئىنژېنېرنى باشلاپ ئالدى تەرەپتىكى يولنى كۆرۈپ باققىلى بېرىپتۇ. ئۇلار بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ، دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىكەن، ئەمما قوشۇن تېزلىك بىلەن دەريادىن ئۆتمىسە بولمايدىكەن.

ناپولېئون ئىنژېنېردىن سوراپتۇ:

— ئېيتقىنا، دەريانىڭ كەڭلىكى قانچىلىك كېلىدۇ؟

— كەچۈرۈڭ، جانابلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىنژېنېر، — مېنىڭ ئۆلچەش ئەسۋابىم ئارقىمىزدىكى قىسىمدا قاپتۇ، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئارىلىقى ئون ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدۇ.

— مەن سېنىڭ دەرھال ئۆلچەپ چىقىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، جانابلىرى.

— دەرھال دەريانىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچەپ چىق، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

ئىنژېنېر تېزلىك بىلەن بىر ئامال تېپىپتۇ. ئۇ پولات قالپىقىنى ئېلىپ، كۆزى ۋە قالپاقنىڭ ئۇچىنى قارشى قىرغاق-

تىكى بىر نۇقتا بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۇستىگە ئەكىلىپتۇ،
ئاندىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن بەدىنىنىڭ تىكلىكىنى ساق-
لىغان ھالدا داۋاملىق ئارقىغا چېكىنىپ، كۆزى، قالپاقنىڭ
ئۇچى ۋە بۇ قىرغاقتىكى مۇناسىپ نۇقتا بىر تۈز سىزىققا كەلگەن-
دە چېكىنىشتىن توختاپتۇ. ئۇ ئۆزى تۇرغان ئورۇننى بەلگە
قىلىپ، ئارقىدىن پۇتى بىلەن ئىككى نۇقتىنىڭ ئارىلىقىنى
ئۆلچەپ چىقىپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇ ناپولېئونغا:
— مانا بۇ دەريا ئېقىنىنىڭ تەخمىنىي كەڭلىكى، —
دەپتۇ. ناپولېئون قاتتىق خۇشال بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭ ئەمەل-
نى ئۆستۈرۈپتۇ.

* * *

بىر قېتىم، ئامېرىكىلىق كاتتا سىياسىئون ۋېبستېر غەر-
بىي قىسىمدىكى بىر شەھەردە پويىزغا ئۇلگۈرەلمىگەنلىكتىن،
شۇ يەردە بىر سائەت ھايال بولۇپ قالىدۇ. بازار باشلىقى بۇ
بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى داڭلىق كىشى-
لەرنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ ئاۋۋال بىر كىشىنى كۆرسىتىپ:
— ۋېبستېر ئەپەندى، مېنىڭ جېمس ئەپەندىنى تونۇشتۇ-
رۇشۇمغا ئىجازەت بەرگەيسىز، ئۇ بۇ بازاردىكى ئەڭ داڭلىق بىر
پۇقرا، — دەيدۇ.
— ياخشىمۇسىز، جېمس ئەپەندى، — ۋېبستېر ئەپەندى
ئەدەپ بىلەن سالاملاشقاچ، بىر ياقتىن يەنە ئۆزى بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى كۈتۈۋاتقان نەچچە مىڭلىغان ئاممىغا سەپ-
سالىدۇ.
— ۋېبستېر ئەپەندى، راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ ئەھۋا-
لىم ئانچە ياخشى ئەمەس، — دەيدۇ جېمس ئەپەندى بىچارىلەرچە
قىياپەتتە.
— بەك يامانلىشىپ كەتمەسلىكىگە تىلەكداشمەن، — دەيدۇ
ۋېبستېر ئەپەندى ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى-



نى ئىپادىلەپ.
— ھەي، مەن بىلەلمىدىم. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە،
رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، بىراق
ئايالىمنىڭ دېيىشىچە...، — جېمس ئاغزى بېسىقمىغان ھالدا
سۆزلەشكە باشلايدۇ. بازار باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە
تېپىۋېتىدۇ:
— ۋېبستېر ئەپەندى، بۇ كىشى شىمس ئەپەندى.
ۋېبستېر شىمس ئەپەندى بىلەن سالاملىشىدۇ، جېمس ئە-
پەندى ئوسال بولغان ھالدا بىر چەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىش-
نىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكتىن مۇشۇنداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغانىدى.
— مەن سولومىنىنىڭ «پەند - نەسىھەت» نىنىڭ نەرى قال-
تىس ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، — دەيدۇ ئامېرىكا برانت ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئەجەبلەنگەن ھالدا، — بۇنداق
نەرسىنى مەنمۇ يازالايمەن.
— شۇنداقمۇ! ناھايىتى ياخشى، — دەيدۇ مەكتەپ مۇدىرى
ۋېيلاند، — ئەتە ئەتىگەن پەند - نەسىھەتتىن ئىككىنى يېزىپ
ماڭا كۆرسەتكىن.
ئەلۋەتتە، ئۇ ئوقۇغۇچى ھېچقانداق پەند - نەسىھەت يازال-
مايدۇ.
فرانسىيە مۇتەپەككۇرى مونتەينى بىر مۇستەبىتنى مىسالغا
ئالغانىدى. بۇ مۇستەبىتنىڭ بىردىنبىر ۋەلىئەھدى ئۇشتۇمتۇت
ئۆلۈپ كېتىدۇ، پادىشاھ ئاچچىقىنى تەڭرىگە چېچىپ، بىمەن-
لىك بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا خرىستىئان دىنىنى
ئىككى ھەپتە چەكلەشكە پەرمان چۈشۈرىدۇ.

* * *

بىز تەڭداشسىز ئىستىبدادنىڭ پەم - پاراسەت ۋە ئومۇمىي
ساۋاتقا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىغا دائىر مىساللارنى ھەممىلا يەردە

كۆرەلەيمىز. ئەنگلىيىلىك گراف ۋالبى خەت يازالمايتتى، فراد-
سىيە پادشاھى چاررىمان ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ تۇزۇك
يازالمايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.
ئۇلاردا ئادەم ۋە ئىشلارغا قارىتا چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى،
ئىنتايىن ئەمەلىيەتچىل بولغان پەم ۋە ئەقىل - پاراسەت بار
ئىدى، بۇ دۇنيانى قانداق ھەرىكەتلەندۈرۈشنى بىلەتتى، دەل
مۇشۇلار ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئېپى ئىدى.
پەم- پاراسەت رىۋايەتلەردىكى ئالېكساندرغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ
ئۆزى يېشەلمەيدىغان تۈگۈنگە دۈچ كەلگەندە، ئۇنى قىلىچى بە-
لەن ئۈزۈۋېتىپ، ئاندىن پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،
پارلاق مەنزىلگە قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىگەن. مەزمۇت قەدەم
باسىدىغان كىشىلەر پۇرسەتنى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى پۇرسەتنى
چىڭ تۇتالايدۇ. بۇنداق پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش قابىلى-
يىتىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىشىمىز تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.
لېكىن، شەك - شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن ھاياتنىڭ ئەركىسى
بولىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم بۇنداق ساپانى ھازىرلىشىمىز
لازىم. ناپولېئوننى ئالساق، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بار-
لىق ماھارەتلەرنى، جۈملىدىن ئوق - دورا ياساشنى ئۇ ناھايىتى
پىششىق بىلەتتى، بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. پالما دەرىخى دەل-
دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئاسان ئېگىلمەيدىغان دەرەخ، بىراق جەنۇ-
بىي ئامېرىكىنىڭ قويۇق ئورمانلىقلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ
شۇنچە قېلىنلىقى، ئۇلارنىڭ قۇياش نۇرىنى سۈمۈرۈشىگە توس-
قۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان
ئەڭ ئېگىز دەرەخكە يېپىشقان ھالدا قۇياشنى كۆرگەنگە قەدەر
يۇقىرىغا يامىشىدىكەن.
بۇرۇن بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ئۆتكەن،
ئۇنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ، ئامالسىزلىقتىن
دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېرىمىنى ئەمدىلا بېيىغان بىر ياشقا



سېتىپ بەرگەن. بۇ يىگىتنىڭ يانچۇقى توم بولۇپ، دېھقانچىلىق
مەيداندىن ئىككىنى سېتىۋېلىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ
ئەمەس ئىدى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى قىزىقىشىنى
باسالماي، ئىختىيارسىز: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدا قانداق
سىر بار؟ نېمە ئۈچۈن مەن بۇنچە پېشكەلچىلىكتە قالدىم؟» دەپ
سورىغان. ھېلىقى ياش ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن: «سىزدە
ئومۇمىي ساۋات ۋە پەم - پاراسەت يېتەرسىز ئىكەن» دەپ جاۋاب
بەرگەن.
ئامېرىكا ماساچۇستېس شتاتىنىڭ كاۋد دېگەن يېرىدە بىر
پوپ بولۇپ، بىر قېتىم ئۇ مەلۇم بىر جاينىڭ تەكلىپىنى تاپشۇ-
رۇۋاپتۇ. ئەسلىدە، ئۇ يەرنىڭ بىر قەدىمىي ئادىتى بار بولۇپ،
ھەر يىلى 4 - ئايدا بىر پوپنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ تىنچ-
ئامان، باي بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن
پوپ ئۇ يەرگە بېرىپتۇ، بىراق ئۇ يەرنى كۆرگەندىن كېيىن،
بېشىنى چايقىغان ھالدا: «بۇ يەرنىڭ موھتاج بولغىنى دۇئا
ئەمەس، بەلكى ئوغۇت ئىكەن» دەپتۇ.
ئەگەر بىز بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىق كۆر-
مەكچى بولساق، ئەڭ ياخشى كۆرۈش نۇقتىسىغا ئېرىشكۈچە
كۆزىتىش نۇقتىمىزنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ تۇرۇشىمىز لازىم.
شۇ چاغدا، بىز ئۇنى نۇر ئاستىغا قويغاندەك، ئۆزىمىزنىڭ
ئالاھىدە بېكىتكەن كۆرۈش نۇقتىمىزدىن ئۇنىڭ كەمچىلىك ۋە
يېتەرسىزلىكلىرىنى قالدۇرماي كۆرەلەيمىز.
ھەممىمىزدە مۇنداق كەچۈرمىش بولغانمۇ - يوق؟ مەسى-
لەن: بۇرۇن بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمىز ئەمەلىي تۇرمۇشقا
قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى ئىسىم تەرتىپى بىلەن
ئەسلىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى ئىسىم تەرتىپىدە قانداق ئۆزگى-
رىش يۈز بەرگەن؟ سىنىپتا بارماق بىلەن سانىغۇدەك بولۇپ،
كۆپچىلىكنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ كەلگەن ساۋاقداش ھازىر ئار-

قىدا قىلىپ، ئەكسىچە گاللىراق، دۆترەك دەپ قارالغان ساۋاقداشلار ياخشىراق تۇرۇۋاتامدۇ - يوق؟ كېيىنكىلىرى جەمئىيەتتە شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن ئۈستۈن بولالىغانكى، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارتۇقچىلىقى بىر خىل ئىنتايىن قەيسەر روھقا ئىگە بولغانلىقىدۇر. ئەسلىدىكى مەكتەپ ئەركىلىرى گەرچە نۇرغۇن كىتابىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار جىددىي رېئال مەسىلىلەر ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان. ئىستىقبالى چەكسىز بولغان تالانتلىق ئەرباب بولغان تەقدىردىمۇ، كىچىك، ئەمما مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان بەزى تەپسىلاتلارغا سەل قارىسا بولمايدۇ، بەلكى ئات - كالىدەك جاپاغا چىداپ ئىشلىگەندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

شېكسپېرنىڭ ئومۇمىي ساۋات ۋە پەم - پاراسەتنى ئىگىلەشى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ دراممىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. پادىشاھتىن تارتىپ ۋەزىرلەرگىچە، تۆۋەنى سېتىقچىدىن تارتىپ قۇللارغىچە، تۇرلۇك ئالىيجانابلىقلاردىن چاكىنىلىقلارغىچە، تېرىسى ئاقلاردىن تېرىسى قارىلارغىچە، پەزىلىتى ساپلاردىن پەزىلىتى ناچارلارغىچە، كىشىلەرنى كولدۇرلىتىدىغان قىزىقچى ئارتىسلاردىن سۆلەتۋاز بايۋەتچىلەرگىچە، يەنە ھەر خىل خاراكتېر، ھېسسىياتلار، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئەسىرى ئىچىدە خالىغىنىچە كۆرسىتەلەيتتى.

* * *

بەزى كىشىلەر كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن باشقىلارغا زىيادىكەشلىك قىلىش، زەربە بېرىش ۋە ئۆچ ئېلىشتىن ئۆزىنى توختىتالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى زەربىلەر بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەردە زورۇر بولغان ئومۇمىي ساۋات ۋە پەم - پاراسەت يېتەرسىز بولىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر دونكىخوتنىڭ شامال تۈگمىنىگە ھۇجۇم قىلغىنىغا



ئوخشاش، ھېچنېمە بىلەن كارى بولمىغان ھالدا تۇرلۇك جامائەت پىكرىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولغان مۇخبىر ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن ئېيتىشىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا بىر كىشىنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلىيەلىگۈدەك چوڭ ھوقۇق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا، بىز ۋاشىنگتوننى مىسالغا ئالساق بولىدۇ، ئۇنىڭ شۇ قەدەر خاراكتېر كۈچىگە ئىگە بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا ئۇنىڭ تۇرلۇك ھۇجۇم ۋە مەسخىرىلەرگە قارىتا تاقەت قىلالىشى ۋە ئۆزىنى بېسىۋالالىشىدىن ئىبارەت.

يۇمۇرلۇق يازغۇچى ئاتموس ۋورد ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن بۇنىڭدىكى سىرنى ئېچىپ بەرگەنىدى:

«بىر قېتىم، مەن ۋىرگىنىيە شتاتىغا باردىم، بۇ ئاتاقلىق كىشىلەر، ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپ چىقىدىغان جاي ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى بىر بازاردا، مەن بىر مۇھەررىرنىڭ قاتتىق ھاقارەتلىشىگە يولۇقتۇم.

ئۇ مېنىڭ تاشقى قىياپىتىمنى بىر قۇر قاتتىق ماختاپ، يۇرۇش - تۇرۇشۇمنى سىپايە، مۆتىۋەرلەرچە سالاپەتكە ئىگە، دېدى. ئەسلىدە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كەسپىي ئالاقەم بار بولۇپ، بىراق مەن بىرقەدەر ئادىل باھانى دەپ، باشقا بىر جايدا ئېلانىمنى باستۇرماقچى بولدۇم. بۇ مۇھەررىر چىرايىنى شۇ ھامان ئۆزگەرتىپ، مېنىڭ بۇ ئەسەرلىرىمنى ئادەم ئالدايدىغان بىر ئويۇن، ئۆزۈمنى بولسا، ھەممىلا يەردە ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان لۈكچەك، دېدى. ئەينى چاغدا مەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولدۇم، بىراق ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئېسىمگە ئالدىم، ئۇ گېزىت يۈزىدە تېخىمۇ زەھەرخەندە سۆزلەر بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى، مەن ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

بۇ يەردە، مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپچىلىكنى

ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن: ئەگەر سىلەر قاچانلىكى بۇنداق ئۈلگۈر گېزىتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى بولساڭلار، يەنىلا ئېھتىيات قىلغىنىڭلار تۈزۈك. ئەڭ ياخشىسى بىرەر مۇخبىرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماڭلار. ئۇ يۈزسىزلىك قىلىدىغان بولسا، ئېھتىمال سىزنىڭ نام - ئابرۇيىڭىزنى يامان قىلىۋېتىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغىنى دەل مۇشۇ ئىش. لېكىن، سىزنىڭ پاتقاققا تاشلىۋېتىلگىنىڭىز تاشلىۋېتىلگەن، ھەرقانچە يۇيۇنسىڭىزمۇ پاكىز بولالمايسىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كۆپ ساندىكى مۇھەررىر ۋە مۇخبىرلار ئىنتايىن ياخشى، بىراق ياخشىلار بىلەن يامانلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھامان بەزى چاكىنا ئادەملەر بار بولىدۇ.

* * *

ئامېرىكىلىق كاتتا سودىگەر جون ئاستېتمۇ ئىنتايىن پەم-پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. بىر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە، ئۇ ئولتۇرغان پاراخوت تۇيۇقسىز قاتتىق بوران - يامغۇردا قالىدۇ، يولۇچىلار قۇتۇلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئارقىدىن پاراخوت سۇپىسىغا يۈگۈرۈپ چىقىۋالىدۇ، پەقەت ياش ئاستېتلا خاتىرجەم ھالدا پاراخوت بۆلمىسىدە ئولتۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە سەپەر چامادىنىدىن ئەڭ قىممەتلىك كىيىملىرىنى ئېلىپ ئۈچىسىغا كىيىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە: تەلىيىمىزگە پاراخوت چۆكۈپ كەتمەي، ئامان قالغۇدەك بولساق، ھېچ بولمىغاندا بىر قۇر ئېسىل كىيىمىم بولسىمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ، بۇمۇ زىياننى ئازلاتقانلىق دەپ ئويلايدۇ.

بىر قېتىم، بىر ساياھەتچى بىر يەھۇدىي بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭ مىللىتىنى ماختاپ:

— سىلەر يەھۇدىيلار تىجارەت قىلىشقا بەك ئۇستا، مەيلى ئامېرىكا ياكى ياۋروپادا بولسۇن كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى بەرپا قىلىپ بولدۇڭلار،



ھېچ بولمىغاندا بەزى ساھەلەردىكى ئەھۋال مۇشۇنداق. قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئورنىنى تەۋرەنمەيدىغاندەك قىلىدۇ، — دەپتۇ.

— توغرا، بەزى يەھۇدىيلارنىڭ قىلغانلىرى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەھۇدىي، — بىراق، سىز نېمىشقا ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىش قابىلىيىتىنىلا تىلغا ئالىسىز؟

— ئەجەبا سىز بۇنى بىر خىل قابىلىيەت دەپ قارىمامسىز؟

— قابىلىيەت؟ ياق، بۇ بىر خىل تالانت. مەن سىزگە ئېيتالايمەنكى، بۇ ئىككىسى سودا ساھەسىدە ئوخشاشمايدۇ. سىز بىر ماگىزىنغا بېرىپ، ماگىزىن خوجايىنىغا كېرەكلىك مالنى ئۇنىڭغا ساتالىسىڭىز، بۇ قابىلىيەت بولىدۇ؛ ئەمما، ئەگەر سىزنىڭ ئۇنىڭغا ساتقىنىڭىز، ئەسلىدە ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسە بولمىسا، مانا بۇ تالانت بولىدۇ بىز يەھۇدىيلاردا مانا شۇنداق تالانت بار.

# ئون بىرىنچى باب

# غۇرۇر ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش

بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسى ئۆزى يېتىپ بارالىشىغا ئىشەنگەن يۈكسەكلىكتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ؛ باشقىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىز ئۆزىمىزگە مەلۇم باھانى بېرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ بىزنى بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنرەك كۆرۈش ئۈمىدىدە بولساق بولمايدۇ. سان ـ ساناقسىز مىساللار شۇنى ئىسپاتلىغانكى، مەغلۇبىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

دىننىڭ چەكلىمىسىدىن سىرت، بىر كىشىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشى قەبىھ قىلمىشلارغا بولغان ئەڭ كۈچلۈك چەكلەشتۇر.

— باكون

غۇرۇر — بارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۇل تېشى.

— جون خىرشىل

باشقىلارنى ئۆزۈڭگە دوست قىلىمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ دوستى بول.

— شوتلاندىيە ماقالى

بىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان . كۈچمۇ كۆپىنچە ھاللاردا «ئىشەنمىسە يوق، ئىشەنسە بار» نەرسە. بىركىشى قانچە قاۋۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۆزىگە، ئۆز كۈچىگە بولغان ئىشەنچى يېتەرسىز بولىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا ئەڭ ئاجىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

— بوۋېي

شوتلاندىيىدە بىر توقۇمىچىلىق ئىشچىسى ئۆتكەن. ئۇ ئىنتايىن نامرات بولسىمۇ، بىراق تولىمۇ تەقۋادار ئىكەن، ھەر كۈنى ئىبادەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ مەزمۇنى ئاجايىپ غەلىتە ئىكەن، يەنى ئۇ تەڭرىنىڭ ئۆزىگە بىر ياخشى باھا بېرىشىنى تىلەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نەرى بار؟ ئەجەبا شۇنداق قىلسا بولمامدىكەن؟ ئەگەر ئۆز - ئۆزىمىزگە بېرىدىغان ياخشى باھايىمىز بولمىسا، باشقىلارنىڭ ياخشى باھا بېرىشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتەلەيمىز؟ «ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىگەننى باشقىلارمۇ ھۆرمەتلىمەيدۇ» دېگەن ماقال ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. ئەگەر كىشىلەر مېنىڭ ئۆزۈمنى ئانچە ھۆرمەتلەپ كەتمەيدىغانلىقىمنى بايقىسا، ئۇلارمۇ مېنى رەت قىلىشقا، مېنى ئالدامچى، دەپ قاراشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ. چۈنكى، مەن بىر تەرەپتىن باشقىلارغا، سىلەر ماڭا قارىتا ياخشى تەسىراتتا بولۇشۇڭلار كېرەك، دەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز - ئۆزۈمگە ياخشى تەسىراتتا بولمىغانمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش بىلەن باشقىلارنى ئۆزىنى ھۆرمەتلەشكە دەۋەت قىلىش ئورتاق پرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ.

لىنكولن مۇنداق دېگەنىدى: «سىز مەلۇم ۋاقىت بارلىق كىشىلەرنى ئالدىيالىشىڭىز، شۇنىڭدەك ھەممە ۋاقىت بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىيالىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ھەممە ۋاقىتتا ھەممە كىشىلەرنى ئالدىيالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.» لېكىن، قانداق ۋاقىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۆزىمىزنى ئالداشقا ئامالسىز. شۇڭا، ھەقىقىي غۇرۇر تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى دەل ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىنى ھازىرلاشتۇر.

* * *

كىشىلەر بىزنىڭ ئۆزىمىزگە قارىغان نەزىرىمىز بىلەن بىزگە باھا بېرىشكە ھوقۇقلۇق؛ بىز ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى مۇنچىلىك، دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق، دەپ قارىشىنى ئۈمىد قىلساق بولمايدۇ. بىز جەمئىيەتكە قەدەم باسقان ھامان، كىشىلەر چىرايىمىزغا، كۆزىمىزگە قاراپ، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى قانچىلىك دەپ قارايدىغانلىقىمىزغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزىمىزگە بولغان باھايىمىزنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى بايقىسا، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ، زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىمىزگە بولغان باھايىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ يۈرۈشىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، جەمئىيەتكە چىققان بىر كىشىنىڭ ئۆز قىممىتىگە بولغان ھۆكۈمى باشقىلارنىڭ ھۆكۈمىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەمەلىي، تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

بىر قېتىم، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى پىتتېر گېنېرال ۋولفنى كانادادا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، گېنېرال ۋولفنىڭ ئۆزىنى كۆپتۈرۈشىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇ ياش گېنېرال قىلىچىنى ئوينىتىپ، توختىماي جوزىغا ئۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە قاتراپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۆھپە يارىتىدىغانلىقى توغرىسىدا پو ئاتقان. پىتتېر ئۇنىڭدىن قاتتىق بىزار بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا لورد تېمپلغا: «تەڭرىم، پۈتكۈل دۆلەت، پۈتكۈل ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرىنى مۇشۇنداق ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغىنىمنى قارىمامدىغان!» دەۋەتكەن.

لېكىن، بۇ باش ۋەزىر ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇ ياشنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، كېسەل كارىۋىتىدىن تۇرۇپ ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئابراخام ئېگىزلىكىدە شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋ-



ۋۇر قىلمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋولفنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يېتىپ بارالايدىغان يۈكسەكلىكىگە بولغان بىر خىل ئالدىن ئېيتقان سۆزى ئىدى.

* * *

گېنېرال سېتىفېن كورونادا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا، رەقىبى ئۇنىڭغا قاراپ، مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا: «ئەمدى سىزنىڭ قەيەردە قورغىنىڭىز قالدى؟» دەيدۇ. «بۇ يەردە، — دەيدۇ گېنېرال مەردانە قىياپەتتە بارمىقى بىلەن يۈرىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

«يېتىلگەن، مەشقلەندۈرۈلگەن بىر خىل تۇغما قابىلىيەتكە ئىشلىتىدىغان ئورۇن چىقماي قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېگەنىدى ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋاشىنگتون ئىرۋىن، — بىراق ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا بولمايدۇ. بىز بەزى يۈرەكلىك، قارام كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قانداق ئېرىشكەنلىكى، ھەقىقىي قابىلىيەتلىك، ئىنتايىن سالماق كىشىلەرنىڭ بولسا، ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىمىز، بۇ ئەلۋەتتە ئەمەلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، بەزى چاغلاردا دادىلراق بەزى كىشىلەر راستىنلا بەزى ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار ئىش قىلغاندا كەسكىن بولىدۇ، ئارىسالدى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، قابىلىيەت دېگىنىمىز قەغەز يۈزىدىكى نەرسىدىنلا ئىبارەتتۇر. دائىم مۈگدەپ ياتىدىغان شىرغا قارىغاندا، قاۋاشنى بىلىدىغان ئىتنىڭ پايدىسى كۆپرەك بولىدۇ.»

جون فرېمونت بۇرۇن ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدىكى بىر مۇھىم ئەرباب ئىدى، ئۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك ئىشى كالىفورنىيىنى ئامېرىكا زېمىنىغا ئايلاندۇرغانلىقىدىن ئىبارەت، بىراق

كېيىن ئۇ بارا - بارا كىشىلەر بىلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ
قېلىپ، ئاخىرىدا ئىلىم - پەن جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە
تايىنىپ، ياۋروپادىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەردە خوۋنبورگ ئالەم-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن بوش قالغان ئوقۇتقۇچىلىق ئورنىغىلا
ئېرىشەلىگەن. بىر سىياسىي رەقىبى ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «ئۇ-
نىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي، يەنى ئۇ-
نىڭدا كۈچلۈك بولغان شەخسىي ئىرادە كەمچىل، ئەكسىچە،
كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان قابىلىيەت
بار.»

ئامېرىكىلىق سىياسىئون جون كالخوۋن ئىرو ئۇنىۋېرسى-
تېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئىنتايىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى،
بىر ساۋاقدىشى زاڭلىق قىلغاندا، ئۇ: «بۇنىڭ ھېچقانداق غەلىتە
يېرى يوق. مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىشىم كېرەك،
بۇنداق قىلسام، كېيىن پارلامېنتتا ئىش قىلالىشىم مۇمكىن»
دېگەن. ساۋاقدىشى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندە، كالخوۋن ئەستا-
يىدىل قىياپەتتە: «ئىشەنمەمسەن؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، مەن
پەقەت ئۈچ يىل ئىچىدە پارلامېنت ئەزاسى بولالايمەن. ئەگەر
مەن بۇنداق قابىلىيىتىم بارلىقىنى بىلمىگەن بولسام، ھازىر بۇ
يەردە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم» دېگەن.

«گراتتون قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىشى مۇم-
كىن؟» گراتتون شوتلاندىيىلىك مەشھۇر ناتىق ئىدى، يۇقىرىقى
سۆزنى ئامېرىكىلىق داڭلىق ئادۋوكات كوۋران ئېيتقان، ئەمما
ئۇ بۇ سۆزنى ئۆزىنى تولىمۇ بىلىمدان چاغلايدىغان لورد ئېرىس-
كىننىڭ سۆزىدىن ئالغان. كوۋران سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ
مۇنداق دېگەنىدى: «گراتتون ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىمەيتتى.
ئەپەندى، سىز قانداقلارچە ئۇنى ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ،
دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟ چۈنكى، گراتتون بىر كاتتا ئەرباب.
قانتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزى-



دىن ئۆزىنى كۆپتۈرىدىغان بىر ئېغىز سۆزنى ئېلىشنى خام
خىيال قىلماسلىق كېرەك؛ ئالتە ئاتنىڭ كۈچىنى ئىشلەتسىمۇ،
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بۇنداق سۆزنى تارتىپ چىققىلى بولمايدۇ.
بارلىق ئۇلۇغ كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك
ئابرۇيى بارلىقىنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەدىرلەيدىغان-
لىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ نام - ئابرۇيى ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ
تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىزدەك ئاددىي كىشىلەر قىلغان ئىشلارنى قىل-
غانلىقىنى زادىلا كۆرەلمەيسىز.»

* * *

ئۆزىنى مەركەز قىلىشقا، ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىشقا
ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم دائىم بىزنى بىئارام
قىلىدۇ، بىراق بۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ بىر
خىل ئىپادىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ سەۋىيىگە يېتەلەيدىغانلى-
قىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ بىرد-
مۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەممىسى ئۆزىگە قارىتا ئادەتتىكى
كىشىلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ.
ئەنگلىيە شائىرى ۋاردسۋۇرت ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئورنىدىن
قىلچە گۇمانلانمايتتى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە گەپ قىلىشتىن خى-
جىل بولمايتتى؛ دانتېمۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى شۆھرىتىنى
ئالدىن كۆرگەنىدى. كايسار بىر قېتىم كېمە بىلەن سەپەر قى-
لىپ قاتتىق بوران - يامغۇردا قالغان، كېمىچى قاتتىق ۋەھىمى-
گە چۈشكەندە، كايسار: «نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ شۇ تاپتا سەن
كايسار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسەن؟» دېگەن.

ئۆزىنى مەركەز قىلىشنى يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدە دائىم
كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ بەلكىم بىر خىل مۇقەررەرلىك بولسا
كېرەك. تەقدىر بىزگە جەمئىيەتتىكى دەرىجە جەھەتتە بىر ئو-
رۇننى راسلاپ قويغان، بىزنىڭ بۇ ئورۇنغا يېتىپ بېرىشتىن
بۇرۇن يىقىلىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، تەقدىر بىزنى كەلگۈ-

سىگە تولۇق ئۈمىد باغلاتقۇزىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن، غايىلىك
كىشىلەردە «ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىش» پۈرىقى ھەددىدىن
زىيادە كۈچلۈك بولىدۇ، ھەتتا بۇ كىشىلەر تاقەت قىلىپ تۇرال-
مايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ، بىراق بۇ ئۇنى ئۈزلۈكسىز
ئالغا باستۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالىدۇ. بىر
كىشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چوڭ ئىش-
لارنى قىلالايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.
ئەخلاق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزىگە قارىتا تولۇق ئىشەنچى
بار كىشىلەرگە ئىشىنىش بىر خىل كاپالەتكە ئىگە ئۇسۇل.
ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ دۇرۇس ۋە سەممىيلىكىدىن گۇمان-
لىنىشقا باشلىسا، ئۇنداقتا بۇ ئۇزاققا قالماي باشقىلارنىڭمۇ
ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەخلاق
جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش ھەمىشە ئالدى بىلەن بىر ئادەمنىڭ
ئۆز ۋۇجۇدىدا ئالدىن كۆرۈلىدۇ.
بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆنلىرى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆت-
مەكتە، ئۇلارنىڭ تار كوچىلاردا پىنھان ياشاۋاتقان ئۇستازلارنى
ئىزدەشكە ۋاقتى يوق، بەلكى ئۇلار ئەرزىمەس بىر كىشىنىڭ
ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا — كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دېگەنلىرى-
نىڭ راستتىنلا ئەپلەشمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپلا قالمىسا —
ئىشىنىشكە رازى. بىلىش كېرەككى، بۈگۈنكى دۇنيا باتۇرلۇق
ۋە جاسارەتكە چوقۇنىدىغان دۇنيا، ھەرقانداق ئىشتىن ئاغرىنىپلا
يۈرىدىغان، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى غايەت زور خاتالىق، دەپ بىلىدى-
غان ياشلار بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە ئۇچ-
راشتىن خالىي بولالمايدۇ.

* * *

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ شېللىنگ مۇنداق دېگەنىدى: «ئە-
گەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتە-
لىسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئادەمگە ئايلىنىشى كېرەكلى-



كىنى بىلىۋالالايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىنىڭ
مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ - دە، ناھايىتى تېزلا رېئال تۇر-
مۇشتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋالا-
لايدۇ.»
بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىمى بىزنىڭ ئۇنى ئۆز
قابىلىيىتىگە ئىشىنىشكە قايىل قىلىشىمىزدۇر. ئەگەر بۇ نۇق-
تىنى ئورۇندىيالىساق، ئۇ ناھايىتى تېزلا غايەت زور كۈچكە
ئىگە بولالايدۇ.
«دەرۋەقە، كەمتەرلىك بىر خىل ئەقىل - پاراسەت، كى-
شىلەر بارغانسېرى بۇ خىل پەزىلەتكە دىققەت قىلماقتا، —
دېگەنىدى ۋېنگرىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى
كوسۇتېر، — لېكىن، بىز يەنە ئۆزىگە قارىتا ئىشەنچ تۇرغۇ-
زۇشنىڭ قىممىتىگە سەل قارىساق بولمايدۇ، ئۇ باشقا ھەرقانداق
خاراكتېر ئامىلىغا قارىغاندىمۇ بىر كىشىنىڭ ئەرلىك سالاپىتىنى
بەكرەك نامايان قىلالايدۇ.»
ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس فلوئود: «ئەگەر بىر دەرەخ مې-
ۋىلىمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن تۇپراققا يىلتىز تارتىشى كې-
رەك. ئوخشاشلا، بىر كىشىمۇ ئۆزىگە تايىنىشنى، ئۆزىنى ھۆر-
مەتلەشنى، باشقىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلماسلىق-
نى، تەقدىرنىڭ ئىنئامىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىشى
كېرەك. مۇشۇنداق ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن بىلىم جە-
ھەتتىكى ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن» دېگە-
نىدى.
ياشلار ئۆز غۇرۇرىنى يېتىلدۈرۈشى، بارلىق تار، چاكىنا
قىلمىشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خىلمۇخىل ھاقارەت ۋە سەتچى-
لىكلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇشى لازىم.

* * *

بىر قېتىملىق سوت مۇنازىرىسىدە، ئاقلىغۇچى ئادۋوكات

كوۋران: «مەن ئۆزۈم ساقلاۋاتقان قانۇنغا دائىر بارلىق كىتاب-
لارنى تەتقىق قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى قارشى تۇرغان
ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەنە مەلۇم شەرتنى ئالدىن بېكىتكىلى بولى-
دىغانلىقتىن ئىبارەت بۇنداق دېلو مىسالىنى زادىلا تاپالمىدىم.
بۇنداق ئىش ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باققان ئەمەس» دېگەن.
«ئەپەندى، — دېگەن باش سوتچى روبىنسون ئۇنىڭ سۆزى-
نى بۆلۈپ، بۇ سوتچى بىرنەچچە كىتابچىنى يازغانلىقى ئۈچۈن
بۇ ئورۇنغا ئېرىشكەنىدى، لېكىن بۇ كىتابلار ناھايىتى ناچار ھەم
قوپال يېزىلغانىدى، — مەن سىزنىڭ كۆتۈپخانىڭىزدىكى كىتاب-
لارنىڭ سانىنى يېتەرلىك ئەمەسمىكىن دەپ گۇمانلىنىمەن.»
«توغرا، ئەپەندى، مەن ھەرگىز باي ئەمەس، — ياش
ئادۋوكات سودىيىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ئىنتايىن تەمكىن ھالدا
شۇنداق دېگەن، — بۇ ئەھۋال مېنىڭ سېتىۋالىدىغان كىتابلى-
رىمنىڭ سانىنى چەكلەپ قويىدى. مېنىڭ كىتابلىرىم كۆپ ئە-
مەس، ئەمما ھەممىسى كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان، بەلكى مەن
ئۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغان. مەن قىلچە قىممىتى
يوق بىر دۆۋە ئەسەرلەرنى ئەمەس، بەلكى ئاز ساندىكى نادىر
ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم، ئاندىن كېيىن بۇ ئالىيجاناب كەسىپ
ساھەسىگە كىردىم. مەن نامراتلىقىمدىن خىجىل بولمايمەن،
ئەكسىچە ئەگەر ئۆز بايلىقىمغا خۇشامەت قىلىش ياكى ناتوغرا
ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن بولسام، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن
نومۇس ھېس قىلغان بولاتتىم. مەن بەلكىم كۆرۈنەرلىك ئورۇن-
غا ئېرىشەلمەسلىكىم مۇمكىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈمنىڭ
خاراكتېرىمدىكى دۇرۇسلۇق ۋە سەمىمىيلىكنى ساقلاپ قالى-
مەن. ئەگەر مەن دۇرۇسلۇق ۋە سەمىمىيلىكتىن ۋاز كېچىپ
مەرتىۋە قوغلىشىدىغان بولسام، كۆز ئالدىمدىكى نۇرغۇن مىسال-
لار ماڭا شۇنى ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇكى، بۇنداق قىلىش مېنى
بەلكىم ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن، بىراق



كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەن تېخىمۇ كىچىكلەپ كېتىمەن.»
شۇنىڭدىن كېيىن، روبىنسون بۇ ياش ئادۋوكاتنى زاڭلىق
قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولغان.

* * *

«ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىش — مۇستەقىللىققە
ئىگە خاراكتېرنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى، — دېگەنىدى مىچېل
راينولدس، — ئۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناش-
قان ئەزىمەتلەرنىڭ چېمپىيون بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بارلىق
ئۇلۇغ ئەربابلار، دۇنيا تارىخىدا شان - شۆھرەت قازانغان بارلىق
ئۇلۇغ كىشىلەر مۇشۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىق-
تىن بىر جەمەتكە مەنسۇپ بولىدۇ.»
ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە غۇرۇر بولغاندىلا، ئاندىن بىز
ئۆز قابىلىيىتىمىزنى ھېس قىلالايمىز؛ ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ
رولىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئاجىز، كۈچسىز، ئارىسالدى
بولىدىغان، ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان
كىشىلەر خۇددى شېكسپىرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۆز كۈچىگە
تايانغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقالغان نۇرنى ھېس قىلالمايدۇ،
ھېس قىلىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

# ئون ئىككىنچى باب

# پەزىلەت ۋە خاراكتېرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى

«ئەگەر ماڭا ئۆلۈم ۋە تېز پۈكۈشنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاتقۇزسا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلۈمنى تاللىغان بولاتتىم. مەن بۇرۇن ۋالىي بولۇپ، خاراكتېرى مەردانە بىر مىللەتنى باشقۇرغانمەن، بىراق ئاخىرىدا مەن پەرزەنتلىرىمگە مىراس قالدۇرمىدىم، بۇنداق قىلىش ھېچ بولمىغاندا كۆپچىلىكنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق دېيىشلىرىگە قالغاندىن كۆپ ياخشى... گەرچە مېنىڭ بىر جۈپ قولۇم قۇپقۇرۇق بولسىمۇ، بىراق ساپ ۋە پاكىز.» ۋېنگرىيىنىڭ سەرگەردان سىياسىئونى كوسۇتېر مانا شۇنداق دېگەنىدى.

— سىز بىر ئاددىي پۇقرا، — دەيدۇ بىر ئاقسۆڭەك سىتسىروغا.

— توغرا، مەن پەقەت بىر ئاددىي پۇقرا، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ بۇ رىملىق ئۇلۇغ ناتىق، — بىراق مېنىڭ ئاقسۆڭەكلىك نەسەبىم مەندىن باشلىنىدۇ، سىزنىڭ ئاقسۆڭەكلىك نەسەبىڭىز بولسا، سىز بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

* * *

سىپارتا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى كىرىئومېن III نى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ئارنىستاگىل ئالا كۆڭۈل بولغاچقا، پادىشاھ بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ قىزى گاۋلنى بىر ئامال قىلىپ كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولىدۇ. ئارنىستاگىلنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدىكى، بىر ئادەمنىڭ قېشىدا پەرزەنتلىرى تۇرغاندا، ئۇنى يامان ئىش قىلدۇرۇش تولىمۇ قىيىن ئىدى. لېكىن، پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي: «ھېچقىسى يوق، ئۇ توسالغۇ بولمايدۇ، گېپىڭ بولسا قىلىۋەر» دەيدۇ. گاۋل دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالىدۇ. ئارنىستاگىل ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا ۋەز ئېيتىپ، كىرىئومېن III نى ئۆزىنىڭ قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ ھەمدە ئىش پۈتكەندىن كېيىن ناھايىتى نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. كىچىك قىزچاق بۇ ئىشلارنى ئانچە ئۇقالمايدۇ، ئەمما دادىسىنىڭ چىرايىدىن گۇمانلانغانلىق، بېشى قاتقانلىق ئالامىتىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ دادىسىنى تارتىپ: «دادا، بۇياققا كېلىڭ، بۇ ئادەم سىزگە يامان ئىش قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەيدۇ.



— پەزىلەت كۈچ، پەزىلەت — تەسىر كۈچ؛ پەزىلەت تۈپەيلى دوستلۇق ۋە بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ پەزىلەت تۈپەيلى قوللاش ۋە مەدەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ پەزىلەت بىزنى بېيىش، شەرەپ ۋە بەختنىڭ داغدام يولىغا باشلاپ بارىدۇ.

— خاۋس

ۋەز ئېيتىش، ناخشا، رەسىم سىزىش ۋە تىياتىر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە پەزىلەت يۆلەك بولۇپ تۇرىدۇ؛ پەزىلەتتىن ئايرىلسا، بۇ نەرسىلەر بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— خوللاندېر

ئۆزىڭىزنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ساقلىغايسىز! ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان، ئەمما تېخى ئۆلمىگەن ئالىيجانابلىقنى ئويغۇتۇڭ.

— لوۋېل

گەرچە مېنىڭ ئىككى قولۇم قۇپقۇرۇق بولسىمۇ، بىراق ساپ ۋە پاكىز.

— كوسۇتېر

پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزچاق بىلەن ماڭىدۇ. شۇنداق قى-
لىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتى بىر قېتىملىق ئاپەتتىن
قۇتۇلۇپ قالىدۇ. پەزىلەت — كۈچ، ئۇ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا
بولسىمۇ ئوخشاشلا ئۇنۇم بېرىدۇ.

*　*　*

بىر كۈنى، بىر مۆتىۋەر ئەنگلىيىنىڭ ئېدىنبورگ شەھىرى-
نىڭ كوچىسىدا سەرەڭگە ساتقۇچى بىر ئوغۇل بالىنى ئۇچرىتىپ
قاپتۇ. چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بۇ بالا تولىمۇ ئورۇق ئىدى،
هاۋا بەك سوغۇق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يالىڭاياق بولۇپ، پۇت
بارماقلىرى توڭلاپ قىزىرىپ كەتكەن، ئۇستىۋېشى جۇل - جۇل
ئىدى.

— بولدى، ماڭا بۇنىڭ لازىمى يوق، — دەپتۇ مۆتىۋەر.

— بىر قېپى پەقەت بىر پېنس، ئەپەندى، بىر قاپ ئېلىپ
قويۇڭ، — دەپ توختىماي ئۆتۈنۈپتۇ بالا.

— لېكىن، راستىنلا ماڭا كېرەك ئەمەس.

— ئەمىسە، بىر پېنسقا ئىككى قاپ بېرەي، بولامدۇ؟ —
دەپتۇ بالا يەنە.

«مەن ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، — مۆتىۋەر كېيىن
بۇ كەچۈرمىشىنى گېزىتتە ئېلان قىلغاندا شۇنداق دەپ يازغان-
دى، — بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋېلىشقا ماقۇل بولدۇم، بىراق
يېنىمدا پارچە پۇل يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئەتە ئالاي، — دېدىم.

— هازىرلا ئېلىڭا، ئەپەندى، — ئوغۇل بالا يەنە يالۋۇر-
دى، — مەن پۇلىڭىزنى پارچىلاپ كېلەي. مەن بەك ئېچىرقاپ
كەتتىم.

مەن ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر شىللىڭ بەر-
دىم. بالا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەسلىي ئورنۇمدا بىردەم
ساقلىسام، ئۇ قايتىپ كەلمىدى. مەن بۇ بىر شىللىڭ يوق



بولدى، دەپ پەرەز قىلدىم. لېكىن، ھېلىقى بالىنىڭ كەيپىياتى-
دىن ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەم بولمايتتى، شۇڭا مېنىڭ يامان تەرەپ-
تىن ئويلىغۇم كەلمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە مەن ئۆيدە ئىدىم، خىزمەتكار كىرىپ،
بىر ئوغۇل بالىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى
ئېيتتى. ئۆيگە كىرگىنى ماڭا سەرەڭگە ساتقان ھېلىقى ئوغۇل
بالىنىڭ ئۇكىسى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كىيىۋالغانلىرى ھەم
ئاز، ھەم ۋەيرانە ئىدى. ئۇ قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، بىرنەر-
سىنى ئىزدىگەندەك قىلدى، ئاندىن كېيىن:

— سىز ئاكام ساندىدىن سەرەڭگە سېتىۋالغان ئەپەندى
بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— مانا بۇ سىزگە قايتۇرۇلىدىغان پۇل، — ئۇ پۇلنى ماڭا
ئۇزاتتى، — ساندى كېلەلمەيدۇ، ئۇنى بىر پەيتۇن سوقۇۋېتىپ-
تۇ، شەپكىسى، سەرەڭگە، يەنە سىزنىڭ ئون بىر پېنس پۇلىڭىز
يىتۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ، ئۇ ئېغىر يارىلىنىپتۇ،
دوختۇر ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ كېلەل-
مەيدۇ، شۇڭا مەن كەلدىم.

ئۇ پۇلنى جوزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزىنى باسالمىغان
ھالدا ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ئۆيۈمدە غىزالان-
دۇردۇم، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساندىنى كۆرگىلى
باردىم.

بارغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئىككى بىچارە بالىنىڭ ئۆگەي
ئانىسى بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتا-
ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، ئۆگەي ئانىسى دائىم مەست
بولىۋېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق خورلايدىكەن. ساندى بىر دۆۋە
پاخالنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى، مەن ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن،
ئۇ مېنى تونۇۋالدى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مەن پۇلنى پارچىلاپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، تۇساتتىن پەيتۇن سوقۇۋەتتى، پۇتۇممۇ سۇنۇپ كەتتى... روبىي، مېنىڭ روبىيىم، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. لېكىن، مەن ئۆلسەم، ساڭا كىم قارايدۇ - ھە؟ سەن قانداق قىلارسەن، روبىي؟

مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، روبىيدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى چۈشەندى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرى بىلەن ماڭا بىر قاراپ، مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچتى.

ياتاتتى ئۇ مۇقەددەس نۇر ئىچىدە،
ياتقان كەبى بوۋاق ئانا قوينىدا.
بارچە قايغۇ - ھەسرەتلەر كەتتى يىراق،
رەزىللىكلەر يولىماس ئەمدى ئاڭا.

سەرەڭگە ساتقۇچى بۇ ئوغۇل بالىنىڭ، پۈتۈن بەدىنى ياردىلانغان، ئاخىرقى تىنىقى قالغان بۇ ئوغۇل بالىنىڭ چۈشەنچىسىدە، جەننەت ئۇنىڭ چوقۇم ئەخلاق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىشىنى ھەرگىز بىلمەيتتى، ئەمما ھالاللىق، ئالىيجانابلىق، سەممىيلىك دېگەن بۇ پەزىلەتلەرنى پەيتۇنى بىلەن ئۆزىنى سوقۇۋەتكەن ئادەمگە قارىغاندا كۆپ بىلەتتى، ھالبۇكى، پەقەت مۇشۇ پەزىلەتلەرلا ئادەمنى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلەيدۇ.

* * *

1857 - يىلىدىكى ئامېرىكا پۇل كرىزىسى جەريانىدا، بانكا ساھەسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى نيۇ - يوركتا يىغىلىپ، تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە كېڭىشىدۇ. يىغىندا بەزى كىشىلەر شۇ كۈنىدىكى بانكىلاردىن پۇل ئېلىش نىسبىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، بەزىلەر ئەللىك پىرسەنت دېسە، يەنە بەزىلەر يەتمىش



بەش پىرسەنت دەيدۇ، پەقەت ۋاچىر بانكىسىدىكى مورىس تەيلورنىڭ جاۋابىلا كۆپچىلىكنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىدۇ: «بىزنىڭ بانكىمىزدا ئەتىگەندە تۆت يۈز مىڭ دوللار بار ئىدى، كەچتە تۆت يۈز يەتمىش مىڭ دوللار بولۇپتۇ.» بۇ يەردە بىر روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولغان، باشقا بانكىلار قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ۋاچىر بانكىسى تەيلور ئەپەندىنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئابرۇيىنىڭ يارقىن بولغانلىقى ۋە ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن، كىشىلەر ھەتتا باشقا بانكىلاردىكى پۇلىنى ئېلىپ، ۋاچىر بانكىسىغا ئامانەت قويىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان. بۇنداق ئۆزىگە ئىشىنىش دەل رەھبەرلىكنىڭ خاراكتېرىدىن كېلىدۇ.

* * *

بىر قېتىملىق سېرىق قىزىتما كېسىلى يامراپ كەتكەن مەزگىلدە، ئامېرىكا تېننېسى شتاتىدىكى كىچىك شەھەر مېمفىستا، قۇتقۇزۇش كومىتېتىنىڭ خادىملىرى يېتىشەلمەي ۋە يېتەرلىك كۈتۈش خادىملىرىنى تاپالماي تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، بىر كىشى كېسەللەرگە قاراۋاتقان دوختۇرنىڭ قېشىغا ئۇدۇللا كىرىپ:

— مېنىڭ كۈتۈش خىزمىتىنى قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ! — دەپتۇ.

دوختۇر گۇمانلىنىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپتۇ. بۇ كىشى تولىمۇ بەدبەشىرە بولۇپ، يۈزىدە نۇرغۇن چوقۇرلار بار ئىكەن، چېچىنى پاكىز قىرىۋەتكەن ئىكەن، پۈتىنى سۆرەپ ماڭىدىكەن. دوختۇر ئۇنى بۇ خىزمەتكە ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ دەپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپتۇ:

— سىزنى ئىشلىتەلمەيمىز.

— مەن سېستىرالىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ ناتونۇش ئەر چىڭ تۇرۇپ، — ئاۋۋال بىر ھەپتە سىناپ كۆ-

رۇك. شۇ ۋاقىتتا بارغاندا رازى بولمىسىڭىز، ئاندىن مېنى كەتكۈزۈۋېتىڭ. ئەگەر مېنىڭ ئىشىمنى يامان ئەمەس دەپ بىلسىڭىز، ئىش ھەققىمنى بېرىپ، مېنىڭ ئىشلەۋېرىشىمگە يول قويۇڭ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ دوختۇر، — مەن سىزنى قوبۇل قىلسام بولىدۇ، ئەمما كۆڭلۈمدە مەن سىزنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ دەپ قارىمايمەن، — دوختۇر يەنە بىر ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويۇپتۇ، — مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزغا دىققەت قىلىمەن.

لېكىن، بۇ ناتونۇش ئەرنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. نەچچە ھەپتىدىلا، ئۇ بۇ باتۇر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ياراملىق سېستىرا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھېرىش - چارچاش دېگەننى زادىلا بىلمەيدىكەن، ئۆزىنى شەخسىيەتسىز ھالدا تەقدىم قىلىپ، قەيەردە كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ شۇ يەردە پەيدا بولۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. بىمارلاردىن ئۇنى ياقتۇرمايدىغىنى يوق ئىكەن؛ ئۇنىڭ قوپال چىرايى تەقدىر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خۇددى بىر پەرىشتىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

كېيىن ئۇ مائاش ئېلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ خىزمىتى بەك كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ھەر قېتىم مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى سېرىق قىزىتما كېسەللى بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئىئانە ساندۇقىغا سالىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سېرىق قىزىتما بىلەن يۇقۇملىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۆز ئىسمىنى باشقىلارغا زادىلا ئېيتىپ باقمىغانلىقتىن،



جەسىتىنى نامسىز قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىشقا توغرا كەپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، كىشىلەر ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بىر قارا بەلگىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىسمى جون بولۇپ، ئېغىر جىنايەتچى ئىكەن.

* * *

بىز ئەسەبىيلىك بىلەن پۇلغا ئىنتىلىدىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. ھالبۇكى، بىر غەلىتە ئەھۋال شۇكى، گەرچە مۇشۇنداق دەۋردە تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئۇستىۋېشى ۋەيرانە، يانچۇقىدا تىيىننىڭ سۇنۇقى يوق يازغۇچى، سەنئەتكار، ئاددىي-ساددا كىيىنگەن ئالىي مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىقلار جەمئىيەتتە تېخىمۇ ئابرۇيلۇق بولماقتا، گېزىتلەرمۇ ستونلىرىنى ئايىماي ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى ياكى پائالىيىتىنى خەۋەر قىلماقتا. مانا شۇنداق تەتۈر پەرق بولغانلىقى بىلىمگە ئىنتىلىش بىلەن بايلىققا ئىنتىلىشنىڭ ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرلىك پائالىيەت بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك: ئالدىنقىسىدا ئىنتايىن نۇرغۇن ئىجابىي تەسىرلەر بولىدۇ، كېيىنكىسىدە بولسا ناھايىتى زور سەلبىي رول مەۋجۇت بولىدۇ. بىز شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، پۇلنى ئۆلچەم قىلىدىغان دۇنيادا، بىر ئادەمنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى جەزمەن مىڭلىغان رىقابەتچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى بەدەل قىلىدۇ؛ بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت دۇنياسىدا بىر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتكە بولغان تۆھپىدۇر، بۇنى بىر خىل قانۇنىيەت، دېيىشكە بولىدۇ.

خاراكتېر بىزنىڭ شەيئىلەر ئۈستىگە ئويۇپ قويىدىغان بەلگىمىز، ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان مۇشۇ بەلگە ھەممە ئادەم، ھەممە ئەمگەكلەرنىڭ مۇپەسسەل قىممىتىدۇر. بىز خاراكتېرى يېتىلگەن كىشىلەرگە ئىشىنىمىز. بىر ئۇلۇغ ئىسىم بىر خىل سېھرىي كۈچتىن دېرەك بېرىدۇ! تېئودۇر پاك دائىم مۇنداق

دەيتتى: بىر دۆلەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، سوقراتنىڭ قىممىتى
كارولىنا شتاتىنىڭ قىممىتىدىن كۆپ ئارتۇقتۇر.
ئىككى نۆۋەت ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بولغان سىياسىئون
جون رۇسسېل مۇنداق دېگەنىدى: «ئەنگلىيىدىكى بارلىق پارتى-
يىلەردە بىر خىل تەبىئىي خاھىش بار، ئۇلار تالانتلىق ئەربابلار-
نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش كويىدا بولىدۇ، ئەمما ئۇلۇغ پەزىلەتكە
ئىگە كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.»
«پەزىلەت ۋە خاراكتېر يېتىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىرى
مەن ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولدۇم، — ئەنگلىيىنىڭ
مەشھۇر سىياسىئونى كاننىنگ شۇنداق دەپ يازغانىدى، — مەن
باشقا يوللارنى ھەرگىز سىناپ كۆرمىدىم. مەن بۇنىڭ بەكمۇ
ئۇنۇملۇك يول ئەمەسلىكىگە، ئەمما ئەڭ پۇختا يول ئىكەنلىكىگە
ئىشىنىمەن.»
بىز بىر ماشىنىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈشتە، ئۇ بەر-
داشلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ زور بېسىم كۈچىنى ئاساس قىلىمىز.
لېكىن، بىر خىل ئۇلۇغ پەزىلەت ۋە خاراكتېر ئۇچۇن ئېيتقاندا،
ئۇنىڭدىكى كۈچ - قۇدرەتنى كىم مۆلچەرلەپ چىقالايدۇ؟ بىر-
ئىككى كىچىك بالىنىڭ بىر مەكتەپنىڭ خىسلىتىگە قارىتا پەيدا
قىلىدىغان تەسىرىنى كىممۇ پەرەز قىلالايدۇ؟ بىر مەكتەپنىڭ
ئەنئەنىسى، قائىدە - يوسۇنى ۋە ھەرىكەت شەكلى دەل مۇشۇنداق
بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ — ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بىرنەچچە
ئوقۇغۇچىنىڭ بولۇشى، يەنە بىرنەچچە قارار ئوقۇغۇچىلاردىكى
ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن.
بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوينايدىغان رولى خۇددى ئۇزۇن ۋاگونلارنى
سۆرەپ كېتىۋاتقان پاراۋوزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇن-
داقلا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك، ئەمما ئۆرپ - ئادەت
ۋە ئەنئەنىگە ئوخشاش مۇھىم بولغان ئۇسۇلى ئارقىلىق، بۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپتىكى قەھرىمانغا ئايلىنى-



دۇ. ھەربىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى غايەت زور تەسىرلەن-
دۈرۈش كۈچىگە ئىگە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپنىڭ ئالغا
بېسىشىغا قانداق باشلامچىلىق قىلغانلىقى ياكى ئۇنىڭ تەرەققىيا-
تىنى قانداق بۇزغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بې-
رەلەيدۇ.

* * *

بۇرۇن گېرمانىيىدە بىر شاھزادە ئۆتكەن، ئۇ ساپ پەزىلى-
تى بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. قار
لەپىلدەپ يېغىۋاتقان زىمىستان قىشتا، ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
موسكۋادىن قېچىپ چىقىدۇ. سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بو-
لۇۋاتقان كېچىدە، ئۇلار بۇرۇن ئېغىل قىلىنغان بىر كەپىگە
كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار كەپىگە كىرىدۇ، ھەممەيلەن ھارغان ھەم
ئېچىرقاپ كەتكەنىدى، شۇڭا يېتىپلا ئۇخلاپ قېلىشىدۇ. تاڭ
ئاتاي دېگەندە، شاھزادە ئويغىنىپ، خېلى ئىسسىپ ۋە ماغدۇر-
لىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كەپىنىڭ سىرتىدا شىۋىرغان
ھۇۋلىماقتا ئىدى، شاھزادە توۋلاپ ئەسكەرلىرىنى تۇرۇشقا بۇي-
رۇيدۇ، ئەمما ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمايدۇ. ئۇ ئەتراپىغا قارىۋې-
تىپ، ھەممە ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىنى قار باسقان ھالدا توڭلاپ
ئۆلۈپ قالغانلىقىنى، ئەمما چاپانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يې-
پىپ قويغانلىقىنى بايقايدۇ. دەل مۇشۇ ئەسكەرلەر ئۆزلىرى
ھۆرمەتلەيدىغان شاھزادىنى ئۆز ھاياتى بىلەن قوغداپ قالغانىدى.
ئەپسانىلەردە، فېلكىيە پادىشاھى مىرىداس خۇدادىن ئۆزىگە
تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاتا قىلىشنى
ئۆتۈنىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بولغاندا تولۇق بەختلىك بولالايمەن،
دەپ ئويلايدۇ. خۇدا ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن، ئۇ نېمىگە قول تەگكۈزسە، بۇ نەرسە مەيلى كىيىم،
يېمەكلىك، ئىچىملىك ياكى گۈل - گىياھ بولسۇن، ھەتتا ئۇ
سۆيۈپ قويغان قىزىمۇ شۇ زامات ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ

تىت - تىت بولۇپ خۇدادىن ئۆزىدىكى بۇ سېھرىي كۈچنى يوقىتىۋېتىشنى تىلەيدۇ. مۇشۇ ئىشتىن، پادىشاھ بۇ دۇنيادا تېخىمۇ قىممەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ئالتۇنلارنى يىغسىمۇ ئۇلارنىڭ قىممىتىگە يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

بىر قېتىم، كامپاگنا ۋىلايىتىدىكى بىر ئېسىلزادە خانىم كېنىلىيەنى زىيارەت قىلىدۇ. كېنىلىيە كېيىنكى چاغلاردىكى مەشھۇر رىملىق ئىسلاھاتچى گراكو ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئانىسى ئىكەن. ھېلىقى خانىم كېنىلىيەدىن ئۆيىدىكى گۆھەرلىرىنى ئاچىقىپ كۆرسىتىشىنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرغاندا، كېنىلىيەنىڭ بالىلىرى مەكتەپتىن كېلىپ قالىدۇ. كېنىلىيە ئاكا - ئۇكا گراكولارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «مانا بۇلار مېنىڭ گۆھەرلىرىم» دەيدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن سىپىيو ئافرىگانوسىنىڭ قىزى، تىبرو گراكونىڭ ئايالى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مەھسۇلاتى ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن خەلقى بولۇشى كېرەك.

* * *

«مېنىڭ بىلىشىمچە، — دېگەنىدى ۋولتېر، — ئىنسانىيەت ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشمايدىغان بىرمۇ ئۇلۇغ ئەرباب يوق.» بىر كىشىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بايلىقىدا ئەمەس، بەلكى قوشقان تۆھپىسىدە بولىدۇ.

«مائارىپ — بۈگۈنكى كىشىلەر كەلگۈسى كىشىلەر ئۈچۈن زىممىسىگە ئالغان مەسئۇلىيەت.» بۇ تىلەك سۆزى بىر كونۇېرتقا يېزىپ قويۇلغان. ماساچۇسېتس شتاتىنىڭ دانفورت شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر مۇراسىمدا، كىشىلەر بۇ كونۇېرتنى ئاچقاندا، ئىچىدىن شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر كۈتۈپخانا قۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان يىگىرمە مىڭ دوللار پۇلنىڭ چېكى چىققان. ئىئانە قىلغۇچى گېئورگې پېئابودى ئەپەندى ئەينى چاغدا ئامېرىكىنىڭ سودا ساھەسىدىكى بىر داڭلىق ئەرباب بولۇپ، كىچىكىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات ئىدى، كېيىن ئۇ تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، بايلىقى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان بانكىرغا ئايلانغانىدى. نەچچە يىللاردىن كېيىن، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، پېئابودى ئەپەندى كۈتۈپخانا ئۈچۈن يەنە ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ دوللار ئىئانە قىلىدۇ. زىياپەتتە، پېئابودى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قاراشتا ئۇنىڭ ئۆرپ - ئادەت مەنىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى بايلىقىغا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان - تۇرمىغانلىقىغا، دۇرۇس، قورقماس بولغان - بولمىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ شان - شەرىپىگە مۇناسىپ سۆز - ھەرىكەت قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. پەقەت مۇشۇ جەھەتلەردە قۇسۇرى بولمىسىلا، ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي ئۇلۇغ، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.»

ستېۋارد ئەپەندى ئۆزىنىڭ سەمىمىي ۋە دۇرۇسلۇقىغا تايىنىپ، ياخشى نامغا ئېرىشكەن كىشى. ئۇ دەسلەپ نيۇ - يوركتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، بىر كۈنلۈك كىرىمى بىر دوللارغىمۇ يەتمەيتتى، بىراق ئاخىرى ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى قىرىق مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن؛ تېخىمۇ قىممەتلىكى، ئۇنىڭ مىليونلىغان بايلىقىنىڭ بىر سېنتىمۇ پاسكىنا پۇل ئەمەس ئىدى.

1792 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، فرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غەزەپلەنگەن كىشىلەر پارىژ تۈرمىسىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ، شىددەت بىلەن يوپۇرۇلغان بۇ ئادەملەر ئېقىنىدا ئاقسۆڭەك ۋە پوپلار قىستاڭچىلىقتا ئۆلۈپ، ئەسەبىيلەرچە ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق قانلىق ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان چاغدا، مائونو ئىسىملىك بىر ئاددىي پۇقرا

تۈيۇقسىز پوپ سكالنى كۆرۈپ قالىدۇ. مائونو بۇرۇن پوپ
سكالنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئابرۇيىنى،
ئۆزىنىڭ بارلىق قان- تەرىنى مېيىپلار مائارىپى ئىشلىرىغا بې-
غىشلىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاممىنى تۇساپ: «بۇ كې-
شى پوپ سكال، ئۇ بىر دۇرۇس پۇقرا. سىلەر ئۇنى تونۇماي-
سىلەر، ئەمما مەن تونۇيمەن. ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ
مېھرىبان، تۆھپىسى ئەڭ زور ئادەم، ئۇ ئۆزىنىڭ مېھىر -
مۇھەببىتىنى مېيىپلارغا بېغىشلىغان» دەيدۇ. ئامما ئۇنىڭ گې-
پىنى ئاڭلاپ، ھۇجۇم قىلىشنى دەرھال توختىتىدۇ، شۇنداقلا
ئۇنى بەس - بەس بىلەن قۇچاقلايدۇ ۋە كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ
قويماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆچمەن-
لىككە تولغان بۇنداق زوراۋانلىق ئىچىدىمۇ، بىر خىل ئالىيجا-
ناب پەزىلەت يەنىلا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى
ئىپادىلىيەلەيدۇ.

* * *

ئەگەر بىر كىشىدە ئىنتايىن مەغرۇر چىراي ئىپادىسى
بولسا، ئۇ سىزگە ئۆزىنىڭ بېيىش تارىخىنى قايتا - قايتا
سۆزلەپ، پەقەت ئالغان، ئەمما بېرىپ باققان كەچۈرمىشى يوق-
لۇقىنى ئېيتسا، سىز ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن دەپ قا-
رامسىز؟ ئۇنىڭ رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن ساڭ-
سىزلىغان يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنىڭ ئېچىنىشلىق كە-
چۈرمىشلىرىنى كۆرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىنمۇ؟ ئۇ باشقىلارنى
قۇربان قىلىش ھېسابىغا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، باشقىلارنىڭ
كۆز ياشلىرىنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىدىكى شوتا قىلغان
ھېسابلىنامدۇ - يوق؟ باشقىلارنى ئەپچىللىك بىلەن شىلىۋالىدى-
غان ئادەم ھەقىقىي باي ھېسابلىنامدۇ - يوق؟ ئۇنىڭ چىرايىدىن
ئاچ كۆزلۈكنىڭ تامغىسىنى، خۇددى چىلبۆرىنىڭ چىرايىدا
مەڭگۈ ئەكس ئېتىپ تۇزىدىغان ئىچىرقاش ئىزىنى كۆرگىلى



بولمامدۇ؟ بۇنداق كىشى ھەقىقىي بەختىنىڭ ساھىبى بولغان
بولامدۇ؟ مانا شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنى ئۆرپ-
ئادەت ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەندە، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن خاتىر-
جەملىك، ھۇزۇرلىنىش ئىپادىسىنى قانداقمۇ كۆرگىلى بول-
سۇن؟ ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئېنىق
بىلىنىپ تۇرىدىغىنى مۇستەبىتلىكنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نا-
چار ھالىتىدىن ئىبارەت.

ئۆمۈر بويى مەغلۇپ بولغان بىر كىشى تاج كىيدۈرۈشكە
ئەرزىمەيدۇ؛ لېكىن، يەپ - ئىچىش، ئويناپ - كۈلۈشنى،
مال- دۇنيا يىغىشنىلا بىلىدىغان بىر كىشىمۇ ھەقىقىي مۇۋەپپە-
قىيەت قازانغۇچى ھېسابلىنالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى
ھەرگىز ئۇنىڭ ھاياتى تۈپەيلى ياخشىلىنىپ قالمايدۇ. مىسكىن
چىرايلار ھەرگىز ئۇنىڭ كۆزلىرىنى نەمدىيەلمەيدۇ، جاپا- مۇ-
شەققەت ئىچىدە تىركىشىپ تۇرغان بىر ئائىلىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى-
نى يۇمشىتالمايدۇ. ئۇنىڭدا پەقەت رەھىمسىز يۈرەكلا بار، ئۇ
قۇتقۇزۇش ئىلاھىغا ئەمەس، بەلكى بايلىق ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ.

* * *

قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى تازا ئەۋج ئېلى-
ۋاتقان كۈنلەردە، ئۆكتىچى گۇرۇھتىكى ئەربابلاردىن تەشكى-
لەنگەن «فېدراتسىيىنى قۇتقۇزۇش ئىتتىپاقى» بىر قېتىم نيۇ-
يورك شەھىرىنىڭ قەلئە باغچىسىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، قۇل-
لۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرىغا قارشى تۇرمىغان
سودىگەرلەرنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈشنى ھەمدە ئۇلارغا قا-
رىتا ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرلەشمە چەكلەش چارىسىنى قوللى-
نىشنى قارار قىلىدۇ. لېكىن، «بومبىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر
يىپەك بۇيۇملار شىركىتى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنى
ئۈمىد قىلىدىغانلىقى، بىراق ئۆزىنى سېتىش پرىنسىپىنىڭ بو-
لۇشىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق باyanat ئېلان قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇستەقىل مەيدانى پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەل-
تۈردۇ، تىجارىتى ئازراقمۇ تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. كىشىلەر
ئۆزىنى ساتمايدىغان سودىگەرلەرنىڭ قولىدىن مال سېتىۋېلىشنى
ئۈمىد قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

جەمئىيىتىمىز دەل مۇشۇنداق ئۆزىگە باھا قويۇپ ساتمايدى-
غان كىشىلەرگە موھتاج. ئۇلار ئالدامچىلىقتىن يىراق، سەمى-
مىي، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولىدۇ؛ ئۇلار خۇددى ماگنىتقا
يېپىشقان يىڭنىدەك، ئۆز ۋىجدانىدىن تەۋرەنمەيدۇ، ئاسمان -
زېمىن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قىلچە
ئارىسالدى بولماي تېگىشلىك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ؛
ئۇلار ھەقىقەتنى ئېنىق تونۇيدۇ، رەزىللىكنىمۇ ئۇنى تونۇغاندەك
تونۇيدۇ؛ ئۇلار مۇبالىغە قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ-
مۇ يۈرمەيدۇ؛ ئۇلار ئۆز باتۇرلۇقى ئۈچۈن جار سېلىپ يۈرمەي-
دۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، شۇن-
داقلا دائىم پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ؛ ئۇلار ھەرقانداق
ئىشتا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئۆزىنى ئەپقاچمايدۇ؛ ئۇلار باشقىلار-
نى يۇقىرى ئاۋازدا رەت قىلىشتىن قورقمايدۇ، شۇنىڭدەك باش-
قىلارغا كەسكىنلىك بىلەن: «مەن ئۇنداق قىلالمايمەن...» دې-
يىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ.

* * *

سېر فىلىپس سىدنېي ژۈتېفېن ئۇرۇشىدا ئېغىر يارىلى-
نىپ، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق ئۇسساپ كېتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ئەسكەر بىر كورۇشكا سۇ ئېلىپ كېلىدۇ.
سېر ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز نېرىدىكى چۆپ ئۇس-
تىدە ياتقان، ئۆتۈنۈش ئالامىتىگە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ
قولىدىكى كورۇشكىغا قاراۋاتقان بىر يارىدار ئەسكەرنى كۆرۈپ
قالىدۇ. گېنېرال ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپ بولغان كورۇشكىنى
پەسكە چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئاشۇ ئەسكەرگە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ:



«ئۇ بۇ سۇغا مېنىڭدىنمۇ بەكرەك موھتاج» دەيدۇ. ھالبۇكى،
سېر بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، پەقەت مۇشۇ بىر
ئىش ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەر
بەلكىم ئۇ كۈچ چىقارغان پادىشاھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ
كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشىنى ئۇنتۇمايدۇ.

فلورېنز نىگتىنگال بۇرۇن تولغاق بولۇپ قالغان بەزى
ئەسكەرلەرنى كۆرگەن، ئۇلار چارچاپ ھالىدىن كەتكەن سەپداش-
لىرىغا يۈك بولۇپ قالماسلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى ئۇلارغا
يۈكلەپ قويماسلىق ئۈچۈن، كېسىلىنى يوشۇرۇپ، ئاكوپ قې-
زىش ئەمگىكىنى داۋاملاشتۇرغان، ئاخىرىدا ئاشۇ يەر ئۇلارنىڭ
مەڭگۈلۈك ئارام ئالىدىغان جايى بولۇپ قالغان.

* * *

ئەگەر بىر كىشى ئۆزى خالىمايدىغان مەلۇم نەرسە ئۈچۈن
پۈتۈن ۋاقتى ۋە زېھنىنى بېغىشلاشنى، زورۇر تېپىلغاندا ھەتتا
ئۆز ھاياتىنى بەدەل قىلىشنى خالىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆزىنى
بېغىشلايدىغان نەرسىسى نېمە بولۇشىدىن، يەنى مەيلى پادىشاھ،
مەيلى دۆلەت، مەيلى ئىرق ياكى قېرىنداشى بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلى-
رىدە ئىپادىلىنىدىغان خرىستىئان روھى كىشىلەرنىڭ بارلىق
تائەت - ئىبادەت ۋە دۇئالىرىدا ئىپادىلەنگەندىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئېمىرسون مۇنداق دەپ يازغانىدى: «مەن بۇرۇن كىتابتا،
لورد چاتامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممى-
سى، لوردنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىدە
بار بولغان مەلۇم نەرسىدەك جەلپكار ئەمەس ئىكەن، دەپ قاراي-
دىغانلىقىنى ئوقۇغان.» كارلىلمۇ ئاغرىنغان ھالدا، گەرچە ئۆ-
زى بىلەن مىرابىئاۋغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارنى ناھايىتى
ئېنىق بايان قىلىپ بولغان بولسىمۇ، بىراق مىرابېئاۋغا بولغان
ئېتىقادىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ مىرابې-

قالدۇ. ئاۋنى بىر پەۋقۇلئاددە تالانت، دەپ قارايتتى. پرۇتاكىنىڭ ئا- مى ئاستىدىكى قەھرىمان شەخسلەر، جۈملىدىن گراكو، گىس، كرويئومىن Ⅲ قاتارلىقلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنىمۇ گويا ئۇنىڭ نامى بىلەن تەڭ تىلغا ئالغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. سىر فىلىپس سىدنىي، سىر ۋالتىر لارىيلار نامى مەشھۇر، ئەمما ئىش ئىزلىرى تولىمۇ ئاز تارقالغان تالانتلىق ئەربابلار. ۋاشىنگتونمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى قانداق بايان قىلساق- مۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۈچ - قۇدرەتنى كىشى- لەرگە تولۇق چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ؛ شىللىرنىڭ ئە- سەرلىرىمۇ ئۇنىڭ نام - شۆھرىتىگە يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق نام - ئابرۇي ۋە ئەسەر ياكى ئىش ئىزلارنىڭ ئۆزئارا ماس كەلمەسلىك ھادىسىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈشىمىز كې- رەك؟

ھەقىقىي سەۋەب شۇ يەردىكى، بۇ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ۋۇ- جۇدىدىكى مەلۇم خىل پەۋقۇلئاددە پەزىلەت كىشىلەردە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بىر خىل ئۈمىدنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار ئىگە بولۇپ تۇرغان ئاشۇ كۈچنىڭ كۆپىنچىسى بىر خىل ئىچكى كۈچ، شۇنىڭدەك ئۇ بىز پەزىلەت ۋە خاراكتېر دەپ ئاتايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزى. بۇنداق كۈچ ئۇن - تىنسىز بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ساقلىنىق- لىق بولىدۇ، ئۇ باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇنلىغان بىۋاستە تەسىرلەر- نى پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر ئۆز قابىلىيىتى، گەپ - سۆزىنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ، بىراق پەۋقۇلئاددە پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەلۇم سېھرىي كۈچىگە تايىنىپ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مەلۇم تاشقى كۈچنىڭ رولىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ باشقىلار- دىن ئۈستۈن تۇرۇشىغا تايىنىدۇ؛ ئۇ پەيدا بولغان ھامان، ھەممە



نەرسە ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولالايدۇ.

مەيلى قايسى دۆلەتتە بولسۇن، ھامان مۇشۇنداق بىرمۇنچە كىشىلەر بولىدۇ، ئۇلار ھەتتا بۇيرۇق چۈشۈرمەيلا ئۆز مەقسە- تىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ئۆزىدە بار بولغان قابىلىيەت بىلەن باراۋەر بولۇپ كەتمەيدۇ؛ باشقىلارمۇ زادى نېمە سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇلارغا شۇنچە ئاسان بويسۇنىدى- غاندۇ، دەپ ئەجەبلىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، بارلىق سىنىپلاردىكى كىشىلەر ئۇلۇغ پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەگە- شىدۇ، چۈنكى پەزىلەت كۈچتۇر.

* * *

بۇرۇن بىر كىشى گېنېرال شېردانغا: «ئەگەر ئۇ بەزى پرىنسىپلارنى بېكىتمىدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايتتى» دەپ باھا بەرگەنىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز ياكى مەغلۇپ بولۇشىمىز نېمىنى بىلىدىغانلىقىمىزغا ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىمىزدا نېمىنىڭ بارلى- قىغا تېخىمۇ بەكرەك باغلىق بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر بۇ نۇقتىنى بىلىدىغان ياشلار ھەقىقەتەن بەك ئاز. ۋاشىنگتون، لىنكولنلارنىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىنىشى، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى پەزىلىتى سەۋەبىدىندۇر. سىياسىي ھاياتتا، ۋېبستېر يۇقىرى باھا قويۇپ سودىلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيىنى پاك - پاكىز ئۇتتۇرۇۋەتكە- نىدى، بىر دېھقان ۋېبستېرنىڭ سايلام رىقابىتىدە ئوڭۇشسىزلىق- قا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «جەنۇبلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ بويسۇنى- غۇچىلىرى بىلەن ئەزەلدىن باھا تالاشمايدۇ» دېگەنىدى.

ئۇنداقتا، ناپولېئون بىلەن ۋېبستېردا كەمچىل بولغىنى زادى قايسى خىل پرىنسىپ؟ ئەجەبا بۇ ئىنسانلارنىڭ تا بۈگۈنگە- چە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ يۈكسەك ئەقىدىلەرگە بولغان

ساداقەتمەنلىكى ئەمەسمۇ؟ هالبۇكى، بۇ نۇقتىدا دەل ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىزنى چوقۇندۇرۇپ، بىزنى ئەڭ قايىل قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەردۇر. ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ يىلتىزى زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پەزىلىتى بولسا، ئۇلارنى يېگانە هالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ، گەرچە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىسى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۇلار غايەت ئېگىز كاۋچۇك دەرىخىدەك تەۋرەنمەيدۇ.

*  *  *

ۋېنگرىيىلىك سىياسىئون كوسۇتېر ئۇزۇن يىللار چەت ئەللەردە سەرگەردان بولغان. تۇركىيە ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولۇشقا ماقۇل بولسا، پاناهلىق بېرىشكە ماقۇل بولغان. لېكىن، كوسۇتېر: «ئەگەر ماڭا ئۆلۈم ۋە تىز پۈكۈشنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاتقۇزسا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلۈمنى تاللىغان بولاتتىم. مەن بۇرۇن ۋالىي بولۇپ، خاراكتېرى مەردانە بىر مىللەتنى باشقۇرغانمەن، بىراق ئاخىرىدا مەن پەرزەنتلىرىمگە مىراس قالدۇرمىدىم، بۇنداق قىلىش هېچ بولمىغاندا كۆپچىلىكنىڭ ئۇنداق - مۇنداق دېيىشلىرىگە قالغاندىن كۆپ ياخشى. تەڭرىنىڭ تىلىكى هامان ئىجابەت بولىدۇ، مەن ئۆز هاياتىمنى تەقدىم قىلىشقا هەر ۋاقىت تەييارمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. يەنە بىر قېتىم، ئۇ: «گەرچە مېنىڭ بىر جۈپ قولۇم قۇپقۇرۇق بولسىمۇ، بىراق ساپ ۋە پاكىز» دېگەنىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر پېتراگ بىر قېتىم سوتتا گۇۋاهلىق بەرمەكچى بولىدۇ. ئەسلىدە ئۇمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش سوتنىڭ قەسەم بېرىش تەرتىپىنى ئورۇندىشى كېرەك ئىدى، بىراق سوت ئۇنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ گۇۋاهلىق سۆزى ئۈچۈن قەسەم قىلىشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتقان، يەنە



سوت ئۇنىڭ گۇۋاهلىق سۆزىنى ئۆلچەم قىلغان.

خۇگ مىل بۇرۇن بىر چوڭ بانكىنىڭ كاسسىرلىق خىزمىتىگە ئېرىشكەن، ئەمما ئۇ تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ هېسابات ئىشلىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆزى ئۈچۈن كېپىل بولىدىغان ئادەمنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئېيتقان. بانكىنىڭ لىدىرى رووس ئەپەندى قەتئىي ئاهاڭدا: «بىزگە بىر كىمنىڭ سىز ئۈچۈن كېپىل بولۇشىنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن، مىل ئەپەندى ئۆزىنى رووس ئەپەندىنىڭ تونۇيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، هەرقانداق چاغدا بىزنىڭ پەزىلىتىمىز هامان كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق - ئاڭسىز هالدىكى كۆزىتىشى ئاستىدا تۇرىدۇ، بۇ مەيلى بىز تونۇش بولايلى ياكى بولمايلى، شۇنداق بولىدۇ.

ۋىكتورىيە كروناننىڭ ئېرى بۇرۇن ئىسپانىيە خان جەمەتىگە سادىق بولۇشقا قەسەم بەرگەن، شۇڭا ئىتالىيىنىڭ ۋەلىئەهدى ئۇنى ئىسپانىيىدىن ئايرىلىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ قاتتىق ئارىسالدى بولغان، چۈنكى ئۇ ئۆز قەسىمىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان. بۇ چاغدا، ئايالى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ: «ئۆزىڭىزنىڭ شان- شەرىپىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ، ئاشۇ شان - شەرىپىڭىز بولغانلىقى ئۈچۈن، سىز پادىشاهتىن يۈكسەك تۇرىسىز. بۇنداق شان - شەرەپ بولغاندىلا، هەقىقىي پارلاقلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك هېچقانداق تاج - لىباسنى كىيىشنىڭ هاجىتى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق پارلاقلىق هېچقانداق داغ تەگمىگەن هالدا ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈلىدىغان بولسا، سىز هەقىقىي بەخت ۋە شەرەپكە ئېرىشكەن بولىسىز» دېگەن.

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى خېنرى تورېئاۋ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن، گالۋېن مەزهىپىدىكى بىر دوستى ئالدىرىغان هالدا ئۇنىڭدىن: «خېنرى، سەن تەڭرىم بىلەن ياخشىلىشىپ قالدىڭمۇ؟» دەپ سورىغان. «جون، — ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان،

خرىستىئان دىنىغا ئىشەنمەيدىغان بۇ كىشى پەس ئاۋازدا شۇنداق
دېگەن، — مەن تەڭرى بىلەن مېنىڭ ئارامدا ماجىرا بولغانلىقى-
نى بىلمەيمەن.»

* * *

گەرچە لىنكولن بىر ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى بولسىمۇ،
بىراق ياۋروپا يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ مودا چەمبىرىكى
ئىچىدە، ئۇ دائىم كىشىلەرنىڭ كۈلكە ماتېرىيالى ئىدى. بارلىق
خرىستىئان دۆلەتلىرىنىڭ گېزىتلىرى ھەجۋىي رەسىملەردىن
پايدىلىنىپ چەت - ياقا جايدىن كەلگەن بۇ نامرات ئوقۇغۇچىنى
مەسخىرە قىلاتتى، ئۇنىڭ تومپايلىقىنى، سالاپىتىنى زاڭلىق
قىلاتتى. ئۇ تارقاتقان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى تولىمۇ قىسقا،
يىغىنچاق ئىدى، بۇ نۇقتا سىياسەتۋازلارنى ھەيران قالدۇراتتى،
ئۇلار بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇنتىزىمراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.
ئۇلارنىڭ بارلىق قارشى پىكىرلىرىگە قارىتا، لىنكولن ئاددىيلا
قىلىپ: «كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان بولسا بولدى» دەپ جاۋاب
بېرەتتى.

ھەتتا ئۇ ۋاشىنگتوندىمۇ مەسخىرىگە ئۇچرىغان، كىشىلەر
ئۇنىڭغا «مايمۇنسىمان ئادەم»، «كۆتەك باش»، «ھايۋانىي
مەخلۇق» دېگەندەك لەقەملەرنى قويۇۋالغانىدى. كېيىن، ئۇ بۇ
مەسخىرىلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىدىن: «ھەي، ئابراخام لىن-
كولن، بەزىلەر ساڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، سەن زادى
ئادەممۇ ياكى بىر ئىتمۇ؟» سورىغانىدى. ئۇ فرېدرىك قەلئەسىدە
بۇنداق مەسخىرىلەرگە رەددىيە بەرگەندىن كېيىن، يەنە: «ئەگەر
دوزاختىن قېچىپ چىققان بىر كىشى مېنىڭدىن بەتەر ھۇجۇم
ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان
بولاتتىم» دېگەنىدى.

ھالبۇكى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ قەلبى لىنكولن بىلەن بىللە
ئىدى. ئەينى چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر ياۋروپالىقلار ئاچقان پاختا



زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيتتى، تۇرمۇشى ئىنتايىن غورىگىل ئىدى.
پاختا ئېكسپورتى مەنئى قىلىنغانلىقتىن، بەزى كىشىلەر ئاچ -
يالىڭاچ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى، بىراق ئۇلار زادىلا
ئاغرىنمىغان، لىنكولننىڭ پاختا ئېكسپورتىنى مەنئى قىلىش
سىياسىتىگە بىرەر قېتىممۇ قارشى چىقىپ باقمىغانىدى. ھەر-
قايسى جايلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ھېس-
داشلىق قىلاتتى.

«لىنكولننىڭ ۋۇجۇدىدا ھەممە نەرسە شۇنداق مۇكەممەل-
لەشكەن، ھەتتا ياراتقۇچى ئىگەممۇ ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،
پۈتۈن دۇنياغا: ‹مانا بۇ مەن ياراتقان ئىنسان!›، دەيدۇ.» قە-
دىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە، بۇ سۆزگە لىنكولندىنمۇ بەكرەك
مۇناسىپ كېلىدىغان يەنە بىر ئادەم چىقىپ باقمىدى.

لىنكولننىڭ ھەر ۋاقىت ئۇنتۇمايدىغىنى ئۆز پەزىلىتىنىڭ
مۇكەممەللىكى ئىدى، شېرىكلىرى ئۇنى «سەممىيلىكتە جاھىل-
لىق دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان» دەپ تەرىپلەيتتى. ئۇ بارلىق
ئېزىقتۇرۇشلارنى رەت قىلالايتتى، ھەرگىز خاتا تەرەپتە تۇرمايت-
تى؛ ياكى دەسلىپىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن خاتا مەيداندا تۇرۇپ
قالغان تەقدىردىمۇ، بىلگەن ھامان دەرھال تۈزىتەتتى، ھەرگىز
يامانغا يانتاياق بولمايتتى. بىر قېتىم، بىر خانىم ئۇنىڭغا ئىككى
يۈز دوللار ئادۋوكاتلىق ھەققى بېرىدۇ، ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن
كېيىن، بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ ھەمدە بۇ خانىمغا چۈشەندۈ-
رۈپ: «بۇ دېلويىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك سوت تېخى باشلانمىدى»
دەيدۇ. «لېكىن، سىز بۇ پۇلنى ئېلىشىڭىز كېرەكقۇ» دەيدۇ
ھېلىقى خانىم. «ياق، ياق، — دەيدۇ لىنكولن، — بۇ توغرا
بولمايدۇ، مەن مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىۋاتىمەن، بۇنىڭغا پۇل
ئالسام بولمايدۇ.»

* * *

ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىنمۇ

ئۇلۇغ، بايلىقىدىنمۇ چاقناق، ئىستىبداتىدىنمۇ ئالىيجاناب، نامئابرۇيىدىنمۇ مەڭگۈلۈك بەزى نەرسىلەر بولۇشى كېرەك. بارلىق مىللەتلەر، بارلىق كىشىلەر مائارىپ ۋە مەدەنىيەتكە ئىشىنىدۇ، مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرنى زىننەتلەيدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، بىراق يالغۇز بۇلار بىلەنلا كىشىلەرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلەيدىغانلىقى ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. قەدىمدىن تا هازىرغىچە، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى هەشەمەتخورلۇق، چۈشكۈنلىشىش بىلەن هەمراھ بولۇپ كەلمەكتە.

دۇنيادا بىزگە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى هېس قىلدۇرىدىغان يەنە بىر كۈچ بار دېيىلسە، ئۇ جەزمەن پەزىلەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدۇر. جەمئىيەتتە، بىر كىشىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، قابىلىيىتى، بايلىقى ۋە ئورنى يوق بولۇپ، بىراق ساپ ۋە يارقىن پەزىلەتكە ئىگە بولسا، ئۇ چوقۇم تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

فرانسىيە پادىشاھى لۇئى XIV بىر مەسىلىنى چۈشىنەلمىگەن: نوپۇسى كۆپ بىر دۆلەت نېمە ئۈچۈن گوللاندىيىدەك بىر كىچىك دۆلەتنى بويسۇندۇرالمايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ مەسىلىنى ۋەزىرى كولبىرتتىن سورىغان. ۋەزىر مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «چۈنكى، بىر دۆلەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ چوڭلۇقىغا ئەمەس، بەلكى خەلقىنىڭ پەزىلىتىگە باغلىق بولىدۇ.»

* * *

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى بىر دۆلەتنىڭ بىباها ئەڭگۈشتىرى. ئەنگلىيىلىك بىر خۇرۇم بۇيۇملىرى ياسىغۇچى ئۆزىنىڭ خۇرۇم بۇيۇملىرىنىڭ شۇ قەدەر نەپىس ياسىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە قىلالىشى كارلىل ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ



قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فرانكلىنمۇ بۇرۇن لوندوندىكى بىر زاۋۇتنىڭ كەيپىياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدىكى ئىتالىيىلىك داڭلىق رەسساملار تېشان بىلەن ئارىئوستا ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، ئۆزئارا هەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاخىرى غايەت زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

«سىز ماڭا ئۆزىڭىز چوقۇنىدىغان مەبۇدنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، مەن سىزنىڭ قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.» بىر كىشىنى كۆزىتىشتە، بىز ئۇنىڭ يازما ۋە سىزما ئەسىرى ئارقىلىقلا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى بىلەلەيمىز. مىخالونگرو بىزدىن ئايرىلدىمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ سوئالنى بۇرۇن رىمدا ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدىن، روھىدىن بەھىر ئالغان ۋە شۇ تۈپەيلى هاياجانلانغان سانسىز تاماشىبىنلاردىن سورىساق بولىدۇ. ئۇنىڭ قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ هاياتىدا ئۆز تامغىسىنى قالدۇرغانلىقىنى كىممۇ ئېنىق ئېيتالىشى مۇمكىن؟ ئەجەبا بۇرۇنقىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۈگۈن ئۇلار بىزگە تېخىمۇ يېقىن، دېسەك بولمامدىكەن؟ هازىر قايسىبىر ئامېرىكىلىق، قايسىبىر ئائىلە ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلمىغان؟

سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، مىسىردا مورېس، بابىلۇندا دانىيېل، ئافىنادا دېموستىن، فېدىياس، سوقرات، پلاتونلار بولمىغان بولسا قانداق بولاتتى؟ ئوخشاشلا، مۇبادا رىمدا كايسار، سىتسېرو، ماك ئوئېخرىئوس، پارىژدا ناپولېئون، هيۇگو، ئەنگلىيىدە نيۇتون، شېكسپېر، مىلتون، پىتتېر، بوۋرك ۋە گلادستونلار بولمىغان بولسا، قانداق بولغان بولاتتى؟

ئىتالىيە گەرچە نەچچە ئەسىرلىك تىمتاسلىقنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق دانتې دېگەن بۇ ئىسىم باشتىن - ئاخىر ئىتالىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىسى بولۇپ كەلدى، هەت

تا ھېچقانچە تەربىيە ئالمىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا،
ستېسىرو، سېپىيو ۋە گراكولارنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا
سالىدىغان سۆزلىرى ھەر دەم ياڭراپ تۇرىدۇ. بايرون مۇنداق
دېگەنىدى: «بۈگۈنكى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ دانتېنى زىكرى قىل-
مايدىغان، دانتېنى يازمايدىغان ۋاقتى يوق، ئۇلار ھەتتا چۈشىدى-
مۇ دانتېنى كۆرىدۇ، ئەگەر دانتې شۇ قەدەر چوقۇنۇشقا ئەرزىي-
دىغان تالانت بولمىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى راستىنلا
كىشىلەرگە بىمەنىلىك ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلغان بولاتتى.» گرېت-
سىيە پەسكە قاراپ ماڭغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئالتۇن
دەۋرىدىكى ئاشۇ بىلىملىك سەرخىللارنىڭ ۋە ئەخلاقلىق تالانتلار-
نىڭ تەسىرىنى ھېس قىلالىدى، ئۇلار بارلىق روھ ۋە ھېسسىيات
جەھەتلەردە بۇرۇنقىدەكلا بۈگۈنكى كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق
قىلماقتا، بەلكى بۇنداق تەسىر ھەتتا ئۇلارنىڭ ھايات چېغىدىكى-
دىنمۇ بەكرەك زور ۋە كۈچلۈك بولماقتا.

بىزنىڭ قەلبىمىز بىر تەرەپتىن دەۋرداشلىرىمىزنىڭ كۈچ-
لۈك تەسىرىگە ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالەمدىن ئۆتكەن
نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زور تەسىرى ئاستىدا تۇرىدۇ؛
بىزنى تەسىرلەندۈرىدىغان، شۇنىڭدەك بىزنى پەخىرلەندۈرىدىغان
يول ئاچقۇچىلارنىڭ پىداكارلىقىنىڭ ياردىمى بىلەنلا، بىزنىڭ
ئېتىقادىمىز بۈگۈنكىدەك مۇقەددەس ئورۇندا تۇرالايدۇ؛ ئاخىرى-
دا، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزمۇ بىز ئۈمىد قىلغان قىياپەتتە ئىپادى-
لىنىدۇ.

پەسكەش، نادان، قىلچە غايىسى بولمىغان ھاياتمۇ ئۆز
پەزىلىتى ئۈستىگە، خۇددى خۇدا شەيتاننىڭ ۋۇجۇدىغا جىنايەت
تامغىسىنى باسقاندەك تامغا باسىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ دۇنيادا
نومۇسسىز زوراۋانلار چوقۇنىدىغان مەبۇدلارمۇ ئاز ئەمەس.

* * *

بىز ئىنسانلار بىر جەھەتتىن ھاشاراتلار بىلەن بەك ئوخشى-



شىپ كېتىمىز. ھاشارات ناھايىتى ئاسانلا ئۆزى يەيدىغان يوپۇر-
ماق، ئوت - چۆپنىڭ رەڭگىنى ئالالايدۇ. بىزمۇ يا بۇرۇن،
يا كېيىن بولسۇن، ئۆز قەلبىمىزدىكى ئوزۇقلۇقنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرايمىز. ھاياتىمىزدا، بىزنىڭ ھەربىر سۆزىمىز، ھەربىر
ھەرىكىتىمىز، ھەربىر تەسەۋۋۇرىمىز بىز ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ
چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. بىز قانچىلىغان ئەگرى -
توقاي يوللارنى باسقاندا، ئاندىن «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن»
دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. كاۋچۇك دەرىخىدە
كاۋچۇك ئۇرۇقىدىن باشقا ئۇرۇق بولمايدۇ، شۇنىڭدەك كاۋچۇك
ئۇرۇقىدىنمۇ باشقا نەرسە ئۈنۈپ چىقمايدۇ، ئوخشاش تۈردە
ئۆزئارا قوبۇل قىلىش بولىدۇ، جىمى مەۋجۇداتلار ئۆز تۈرى
بويىچە جەم بولىدۇ، بۇ مۇقەررەر قائىدە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار
مۇقەررەر ھالدا ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ،
ئورتاق ھەرىكەت شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ.

كونىلاردا «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يوقار، قازانغا يولۇق-
ساڭ قارىسى» دېگەن ماقال بار. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ قانچى-
لىك يوشۇرۇن بولۇشى، ئۇنىڭ مەخپىي ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى-
دىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر كۈنى بۇ شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى
بىزنىڭ چىرايىمىزدا ئايان بولىدۇ، ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلىنى-
دۇ. ئۇ چاغدا، بىزنىڭ كۆزىمىزدە، يۈرۈش - تۇرۇشىمىزدا
مەبۇدىمىزنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىرمۇ جاي بول-
مايدۇ. بىز ئىلگىرىكى ئالاقىلىرىمىز، سۆيگەن ياكى نەپرەتلەن-
گەنلىرىمىز، مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەتلىرىمىز، ئىنتى-
زارلىقىمىز، سۇيىقەستلىرىمىز، سەمىمىيىتىمىز ياكى ۋاپا-
سىزلىقىمىزنىڭ ھەممىسى روھىمىزنىڭ رۇجىكىدە ئىز قالدۇ-
رىدۇ، كىشىلەر بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي كۆرەلەيدۇ. جى-
نايەتكار قەلب پەقەت چىرايىدىلا جىنايەت ئىزىنى قالدۇرىدۇ،
خاسىيەتلىك ئادەمنىڭ ئىرادە كۈچى بولغان تەقدىرىدىمۇ، ئۇنى

يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. بىز شەھۋەتخورلۇقنىڭ چېكى بولمىغان،
بىكار تەلەپلىك بىلەن ياشايدىغانلارنىڭ چىرايىدا قانداق كۆرۈ-
نۈشنىڭ ئايان بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى: ئۇ يەردە بىز
قاۋاقخانا ۋە كوڭۇل ئېچىش سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى ھېس
قىلالايمىز، ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ھەمراھلىرىنى، ئۇنىڭ كۆ-
ڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان ئىشقۋازلىقلىرىنى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى غا-
يىسىنى، تەۋرەنگەن ئىرادىسى ۋە ئاخىرىدا تەسلىم بولغانلىقىنى
كۆرەلەيمىز. سېلىشتۇرما سۈپىتىدە، يەنە تۇرلۇك ئېزىقتۇرۇش-
لارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلغان، ئۇز-
لۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق،
ئۇلارنىڭ چىرايىدىن باشقىچە ئالامەتلەرنى كۆرەلەيمىز.

ئەگەر بىر كىشى مېنى مۇھىتتىكى خىلمۇخىل چەكلىمە-
لەردىن قۇتقۇزالىسا، ئۆزۈمنى بېكىندۇرۇۋالمايدىغان قىلالىسا،
ماڭا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەر خىل دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەرگەن
بولىدۇ؛ ئەگەر بىر كىشى مېنىڭ ئەينىكىم بولسا، يېتەرسىز-
لىكلىرىمنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، مەسىلىلەرنى كۆزەت-
كەن ۋە تەھلىل قىلغان چاغلىرىمدا نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتەلەي-
دۇ، تېخىمۇ ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان قىلالايدۇ. ئەگەر
بىر كىشى مېنى ئۆز كۈچۈمنىڭ تېخىمۇ زور ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدۇرالىسا، روھىمنى تېخىمۇ ئۇرغۇتالايدۇ؛ ئەگەر باشقا بىر
روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدى-
غان جەلپكارلىقى تۈپەيلى، مېنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشۇمنى ئۆز-
گەرتەلەيدىغان بولسا، ئەگەر راستتىنلا مۇشۇنداق بىر ئادەم
مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ نەزىرىمدە،
ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ بىر ئادەم بولالايدۇ!

ئاچچىق ئاچچىقنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۆچمەنلىك ئۆچمەنلىك-
نى قوزغايدۇ، ھەربىر كەيپىيات ئاسانلا باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا
يۇقىدۇ ۋە تارقىلىدۇ. سەھنە ئارتىسلىرىنىڭ تەجرىبىسى بويى-



چە، ھەر قېتىم ئۇلار بەزى خۇشال روللارنى ئوينىسا، سەھنىگە
چىققاننىڭ دەسلىپىدە، كۆپىنچە ھاللاردا ئەسلىدىكى ئېغىر قاي-
غۇلۇق كەيپىياتتىن نېرى بولالماي، دراممىدىكى پېرسوناژنىڭ
ھېسسىياتىغا ئازراقمۇ كىرەلمەيدۇ. لېكىن، ئويۇن باشلانغان
ھامان، ئۇلار ئوينىماقچى بولغان رولنىڭ خۇشاللىقى ۋە غەزىپى-
نى ئىپادىلەپ، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئاشۇ قەھرىماننىڭ ھېس-
سىياتىنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. مانا شۇنىڭدىن بىز كەيپىياتنىڭ باغ-
لىنىش قائىدىسىنىڭ زور قۇدرىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«بىزنىڭ خاراكتېرىمىز باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇ-
تۇلالمايدۇ، — دېگەنىدى ئېمىرسون، — ئوغرىلىق بىلەن بېيىد-
غىلى بولمايدۇ، خەير - ساخاۋەت قىلىشمۇ بىزنى ۋەيران قىلىد-
ۋېتەلمەيدۇ، ھەرقانچە پۇختا يوشۇرۇنغان قاتىلمۇ ھامان بىر
كۈنى چاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەيلى قەستەن كىشى-
لەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان قىلمىش
بولسۇن ياكى مەقسەتلىك ھالدا كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان قىيا-
پەتكە كىرىۋېلىش بولسۇن، ئۇنىڭدا قىلچىلىك يالغانچىلىق بولى-
دىكەن، كىشىلەر دەرھال بۇنىڭ ئىچىدىكى پۇراقنى پۇرىۋالالاي-
دۇ. تامامەن ئاشكارا بولغاندىلا، ئاندىن سىزنىڭ قەلبىڭىز
ھەقىقىي قوللاشقا، كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.»

* * *

ۋالتېر «لۇئىي XIV» ناملىق كىتابىنى يېزىشقا تەييارلىق
قىلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپتىن ماتېرىيال يىغقان، ئۇ ئۆزى
سۆھبەتلەشمەكچى بولغان كىشىگە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئاشۇ
دەۋردىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارغا قىزىقىمەن، مەن پادى-
شاھنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دەۋردە گۈللەنگەن سەنئەت
تۇرمۇشىغا قىزىقىمەن. مېنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىم ستېئارك
ئورۇشىنىڭ تەپسىلاتلىرى ئەمەس، بەلكى لاسىنگ، مولىئېر،
دېسكارتلارنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار. ئاشۇ ئورۇشقا

قوماندانلىق قىلغان ئوفىتسېرنىڭ ئىسمى بەلكىم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالار، ئەمما ئۇ يۈز قېتىم غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغان تەقدىردىمۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتا قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ. مەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئەربابلاردىن بولسا، ھەتتا كەلگۈسىدىكى كىشىلەرمۇ ساپ، مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئوردىدىكى ئۇششاق - چۈششەك، زېرىكەرلىك خەۋەرلەرنى، جەڭنىڭ تەپسىلاتلىرىنى يېزىشقا قارىغاندا، بىر پارچە رەسىم، بىر تراگېدىيە، بىر ئىلمىي قائىدە ۋە دېڭىز ھالقىپ ئىككى يەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۈستەڭنىڭ ئوينايدىغان رولى تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ. سىزگە مەلۇم، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلۇغ كىشىلەر بىرىنچى ئورۇندا، قەھرىمانلارنىڭ ئورنى بولسا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. مەن دەۋاتقان ئۇلۇغ كىشىلەر ئىنسانلار تۇرمۇشىغا زور پايدا يەتكۈزىدىغان ساھەلەردە، ئىنسانلار ئۇچۇن قەدىرلىك بولغان ساھەلەردە يارقىن قابىلىيەت ھازىرلىغان ئەربابلاردۇر. ھۇجۇم بىلەن شەھەرلەرنى ئالالايدىغانلارغا كەلسە، ئۇلار پەقەت قەھرىمانلا ھېسابلىنالايدۇ.»

* * *

تۆت مىڭ يىللار بۇرۇن مىسىرنىڭ بىر فىرئونى ياشىغان، ئەينى چاغدا تېخى خرىستىئان دىنى پەيدا بولمىغان، بىراق ئۇنىڭ قەبرىسىگە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «مەن بىرەر يېتىم ئوغۇل ياكى تۇل خوتۇنغا زىيان يەتكۈزمىدىم، بىرەر پادىچىنى خورلىمىدىم. مەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە دۆلىتىمدە دىۋانە پەيدا بولۇپ باقمىدى، بىرەر ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىدى. قەھەتچىلىك يىللاردا، مەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنى تېرىقچىلىققا ئىشلىتىپ، پۇقرالىرىمنى يېتەرلىك ئاشلىققا ئىگە قىلدىم، بىر كىشىمۇ ئاچ قالمىدى. تۇل خوتۇنلاردىنمۇ ناھايىتى ياخشى خەۋەر ئېلىندى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەرلىرى



ھايات ۋاقتىدىكىدىن ئانچە پەرقلەنمىدى.» ھازىر مەدەنىي دەۋردە ياشاۋاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ قايسىبىرى مەردانىلىك بىلەن بۇ سۆزلەرنى قىلالايدۇ؟

بىر كىشى سەممىيلىكنى روھىنىڭ ھەمراھى قىلالىسا، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇشىدا بۇ پەزىلەتنى ئادا قىلالىسا، گەپ ـ سۆزىدە بۇ پەزىلەتكە رىئايە قىلالىسا، ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا ئۇنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى قىلالىسا، ئۇنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ، «زورلۇق تىز پۈككۈزەلمەيدىغان، بايلىق چىرىتەلمەيدىغان، نامراتلىق تەۋرىتەلمەيدىغان» بولالىسا، بۇنداق كىشى ھەقىقىي تۈردە دۇرۇس، ئالىيجاناب، باتۇر ۋە ئۇلۇغ ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

فىلىپ بروكس مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كىشىنىڭ قەلبىدە مەن ھاياتىمنى ياراتقان تۇرداش كوللېكتىپقا مەنسۇپ، دەپ قارايدىغان ھەممىدە تەڭرى ماڭا ئاتا قىلغان ھەممە نەرسىنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىمەن، دېگەندىن ئىبارەت كۆزقاراش بولمىسا، ئۇ يەنىلا ھەقىقىي ئۇلۇغ ھېسابلانمايدۇ.»

# ئون ئۈچىنچى باب

# توغرىلىق ۋە مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش

بىخۇدلۇق قىلىش، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىش كېسەلى بىر مىليونېرنى ناھايىتى تېزلا ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن؛ ئەكسىچە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەربىر كىشى ئەستايىدىل، تىرىشچان بولىدۇ. ئىزدىنىش روھى بىلەن مۇكەممەللىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ خاس پەزىلىتى. بىر مەشھۇر يازغۇچى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: قانداق ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن جان - دىلى بىلەن ئىشلەش، قىلچە تەۋرەنمەسلىك لازىم، چۈنكى بىز قايسى ئىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمەيمىز.

*توغرىلىق سەممىيلىكنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشى.*

*— سىمونس*

*تالانت — پۈتمەس - تۈگىمەس قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش سەنئىتىدۇر.*

*— كارلىل*

*مەن ئىشنى ئارقىغا سۈرەشتىن ئىنتايىن بىزار. ئەگەر قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، ئۇنى تېزلىك بىلەن ئىشلىۋېتىش لازىم؛ ئەگەر مۇۋاپىق بولمىسا، بىراقلا قول ئۈزۈش لازىم.*

*— كىپلىن*

*ئەگەر بىر كىشىنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى، ۋەز ئېيتىش سەنئىتى، ھەتتا ئۇنىڭ تاختىمۇشۇك ياساش ھۈنىرى ئەتراپىدىكىلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولسا، ئۇ نامرات، چەت جايدا ياشىغان تەقدىردىمۇ، دوستى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ.*

*— ئېمېرسون*

گېئورگىي گراخام لوندوندىكى ناھايىتى داڭلىق سائەت سودىگىرى ئىدى. بىر كۈنى، بىر خېرىدار كېلىپ، ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى بىر قول سائىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىدى، ئەمما يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، گراخامدىن سائەتنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى.

— ئەپەندى، بۇ سائەتنى ئۆزۈم ياسىغان، ۋاقتىنىمۇ ئۆزۈم توغرىلىغان، — دەپ جاۋاب بەردى گراخام، — سىز خاتىرجەم ئىشلىتىۋېرىڭ. يەتتە يىلدىن كېيىن سائەتنىڭ ۋاقىت خاتالىق پەرقى بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتسە، مېنى ئىزدەپ كېلىڭ، شۇ چاغدىمۇ پۇلىڭىزنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن.

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى، دەرۋەقە ھېلىقى ئەپەندى ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گراخام ئەپەندىنىڭ دۇكىنىغا كەلدى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مەن سائىتىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم.

— بىزنىڭ دېيىشكەن شەرتىمىز ئېسىمدە، — دېدى گراخام، — سائەتنى كۆرۈپ باقاي. ۋۇي، نېمە بولدى؟ سىزگە قەيىرى ياقمىدى؟

— مۇنداق ئىش، — دېدى خېرىدار، — مەن يەتتە يىل ئىشلەتتىم، ئۇنىڭ ۋاقىت خاتالىق پەرقى بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتتى.

— راستمۇ؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، مەن پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— سىز ماڭا پۇلۇمنى ئون ھەسسە قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىشىڭىز كېرەك، بولمىسا، سائەتنى قايتۇرمايمەن.

— سىز قانداق شەرت قويسىڭىز قويۇۋېرىڭ، مەن لەۋزىمدىن يانمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گراخام. ئۇ پۇلنى ھېلىقى كىشىگە بېرىپ، سائەتنى قايتۇرۇۋېلىپ، ۋاقىتنى توغرىلاپ ئۆزى ئىشلىتىشكە ئېلىپ قالدى.

گراخام ئەپەندى ھۈنەرنى تايۋىن ئەپەندىدىن ئۆگەنگەنىدى. تايۋىن ئەپەندى ئەينى چاغدىكى لوندون — بەلكىم پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ نەپىس ئىش قىلىدىغان مېخانىك ئىدى. بىر سائەتكە ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بولسا، بۇ سائەت سۈپىتىنىڭ ئەڭ ئەلا ئىكەنلىكىنىڭ، توغرا ماڭىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولاتتى. بىر قېتىم، بىر خېرىدار ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بۇزۇق قول سائىتىنى رېمونت قىلدۇرغىلى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ سائەتكە ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ساختا مال ئىدى. تايۋىن ئەپەندى گەپ - سۆز قىلماي بولقىسىنى قولىغا ئېلىپ سائەتنى يانجىۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۆزى ياسىغان بىر سائەتنى داڭقېتىپ قالغان خېرىدارغا سۇنۇپ: «ئەپەندى، مانا بۇ مېنىڭ مەھسۇلاتىم» دەيدۇ.

گراخام ئەپەندى ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەشىپ قىلغان، ئۇ كەشىپ قىلغان قۇياش سىستېمىسى ئەسۋابى، سىماب ماياتنىك قاتارلىقلارنى كېيىنكى ئەۋلادلار ھېچقانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەي ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئۇ گرىنۋىچ رەسەتخانىسى ئۈچۈن ياساپ بەرگەن چوڭ سائەتنىڭ مېڭىۋاتقىنىغا يۈز ئەللىك يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىقتىدارى يەنىلا ياخشى بولماقتا، ھەر ئون بەش ئايدا بىر قېتىم ۋاقىتنى توغرىلاپ قويسىلا بولىدۇ. تايۋىن ۋە گراخامنىڭ خىزمىتى مۇكەممەللىكتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، كېيىن ئۇلار ۋېنچېستېر چېركاۋىغا دەپنە قىلىنغان.

* * *

ماتروسلار دېڭىزدا يۈرگەندە، ئۆزىنىڭ ئېكۋاتورنىڭ شىما-



لىي تەرىپىدە ياكى جەنۇبىي تەرىپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئېكۋاتور بىلەن ئارىلىقى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم؛ يەنە نىسپىي ھالدىكى مەلۇم* مۇقىم ئورۇننىڭ ئورنىنى، مەسىلەن، گرىنۋىچ، پارىژ ياكى ۋاشىنگتوننىڭ شەرقى ياكى غەربىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. دېڭىزدا بىخەتەر يۈرۈش ئۈچۈن بۇلارنى بىلىش زۆرۈر. ئەگەر ئۇنىڭ مۇتلەق توغرا بولغان ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋابى بولسا، ئۇنداقتا ھەر كۈنى قۇياش بار ۋاقىتتا، ۋاقىت ھېسابلىغۇچنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن، ئەينى چاغدا توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بۇنداق ۋاقىت ھېسابلىغۇچ تېخى كەشىپ قىلىنمىغانىدى. مېرىدىئاننى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى تېپىش ئۈچۈن، 16-ئەسىردە، ئىسپانىيە پادىشاھى مىڭ كرانگنى مۇكاپات سوممىسى قىلىدۇ. ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مۇكاپات سوممىسىنى بەش مىڭ فوندستېرلىڭ قىلىدۇ. ئەگەر كىم بىر خىل ۋاقىت ھېسابلىغۇچنى كەشىپ قىلىپ، كېمىنىڭ تۇرغان مېرىدىئانىنى ئۆلچەشكە ياردەم بېرەلىسە، شۇنىڭدەك خاتالىق پەرقى ئاتمىش ئىنگلىز چاقىرىمدىن ئېشىپ كەتمىسە، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيتتى. خاتالىق پەرقى ئوتتۇز ئىنگلىز چاقىرىمدىن ئاز بولسا، ئون مىڭ فوندستېرلىڭغا ئېرىشەتتى. يەنە بىر نۇسخىدىكى ھۆججەتتە ئاخىرقى مادىدا دىققەتسىزلىكتىن يىگىرمە مىڭ فوندستېرلىڭ، دەپ يېزىلىپ قالغان.

شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سائەت ئۇستىلىرى بۇ مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قاتتىق باش قاتۇرىدۇ. لېكىن، 1761 - يىلىغىچە، يەنىلا بۇ پۇلغا ئېرىشىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. دەل شۇ يىلى، جون خاررىسون ئۆزىنىڭ ۋاقىت ھېسابلىغۇچىنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا قارىتا سىناق ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر قېتىملىق پوسموستىن يامايكىغا

بېرىپ - كېلىدىغان بىر يۈز قىرىق يەتتە كۈنلۈك دېڭىز سەپىرىدە، خاررىسون ئەپەندى كەشىپ قىلغان ۋاقىت ھېسابلىغۇچ ئىشلىتىلدى، سەپەرنىڭ ئاخىرىدىكى ۋاقىت خاتالىق پەرقى ئاران تۆت سېكۇنت بولىدۇ. ئاندىن كېيىنكى باربادوسقا قىلىنغان بىر يۈز ئەللىك ئالتە كۈنلۈك يەر شارى سەپىرى جەريانىدا بۇ ئەسۋابنىڭ خاتالىق پەرقى ئاران ئون سېكۇنت بولىدۇ. ئاخىرى، يىگىرمە مىڭ فوند ستېرلىڭ خاررىسون ئەپەندىگە — قىرىق يىل تىرىشىپ ئىشلىگەن، بىر جۈپ قولى ۋە ۋاقىت ھېسابلىغۇچى ئوخشاشلا نەپىس بولغان بۇ مېخانىكقا بېرىلىدۇ.

— ماڭا ئەڭ ياخشى بولقىدىن بىرنى ياساپ بېرىڭ، سىز ئەڭ ياخشى ياسىيالايدىغىنىڭىزدىن بولسۇن، — نيۇ - يورك شتاتىدىكى بىر كىچىك كەنتتە، بىر ياغاچچى بىر تۆمۈرچىگە شۇنداق دېدى، — بىز ئالتەيلەن بۇ يەرگە ئىشلىگىلى كەلدۇق، بولقامنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مەن ياسىيالايدىغان ئەڭ ياخشى بولقا؟ — داۋىي مېئادول قاتتىق شۈبھىلەنگەن ھالدا سورىدى، — سىز شۇنچە جىق پۇلنى چىقىرالامسىز؟

— چىقىرالايمەن، — دېدى ياغاچچى، — ماڭا بىر ياخشى بولقا كېرەك.

ئاخىرى، تۆمۈرچىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنى راستتىنلا ناھايىتى ئېسىل بولقا ئىدى، ئېھتىمال ئەزەلدىن بۇنداق ياخشى بولقا بولۇپ باقمىغان بولغىيدى. بولقىنىڭ تۆشۈكى ئادەتتىكى بولقىلارنىڭكىدىن ئۇزۇن بولۇپ، دەستە ئۇنىڭغا ئىچكىرىرەك كىرەلەيتتى، بۇنداق بولسا، ئىشلەتكەندە بولقا دەستىدىن چىقىپ كەتمەيتتى. ياغاچچى بۇ ئۆزگەرتىشنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا ماختاپ كەتتى ۋە ھەمراھلىرىغا بولقىنى كۆز - كۆز قىلدى. ئەتىسى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ، بولقا بۇيرۇتتى. بۇ بولقىلار پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلار-



نىڭ ئىش بېشى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىش بېشىمۇ ئىككى بولقا ياساتقىلى كەلدى ۋە بۇلارنىڭ بۇرۇنقىلاردىنمۇ ياخشى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

— بۇنى قىلالمايمەن، — دېدى مېئادول، — ھەر قېتىم مەن بىرنىمە ياسىغاندا، ئىمكانىمنىڭ بارىچە ئۇنى ياخشى ياسايمەن، ئەمما بۇيرۇتمىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىگە قارىمايمەن.

بىر بەش خىل مېتال ماگىزىنىنىڭ خوجايىنى بىراقلا ئىككى دوژنا بولقا زاكاز قىلدى، مېئادول بۇنچە كۆپ زاكازنى زادىلا قوبۇل قىلىپ باقمىغانىدى. نيۇ - يوركلۇق بىر سودىگەر كەنتكە مال ساتقىلى كەلگەندە، بەش خىل مېتال ماگىزىنىنىڭ خوجايىنى ياساتقان بولقىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى، يەنە ئۇزاق مەزگىللىك زاكاز تىزىملىكىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، مېئادول ئۆزىدە بار بولغان ھۈنەر-سەنئەت ئۆلچىمى بويىچە ياساۋەرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا بېيىپ كەتكەن بولاتتى، بىراق ئۇزاق داۋام قىلغان ئىش جەريانىدا، ئۇ چارە - ئامال ئىزدەپ ھەربىر ھالقىنى ياخشىلىدى. بۇ بولقىلارنى تاپشۇرىدىغان چاغدا، «سۈپىتى ئەلا» دېگەن كارتوچكىسى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلارغا ئويۇلغان «مېئادول» دېگەن خەتلا ئۇلارنىڭ سۈپىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ بارغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

بىر تاۋارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۈپىتىنىڭ ياخشى، ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى ئېلاندۇر.

* * *

«بىزنىڭ ئېيتقۇدەك ھېچقانداق سىرىمىز يوق، — نەچچە مىڭ ئىشچىسى بار بىر چوڭ پولات زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى شۇنداق دېگەنىدى، — بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئەمەلىيەتتە سۈپەت جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشتىنلا ئىبارەت. مانا بۇ بىزنىڭ سىرى-

مىز، كىشىلەر بىلسىمۇ ھېچۋەقەسى يوق.»

ئالەمدىن ئۆتكەن جون ۋېيتىنگ ماسساچۇستېس شتاتىنىڭ نورتبرىج شەھىرىدىكى داڭلىق ماشىنا ياساش سودىگىرى ئىدى. بىر قېتىم، بىر خېبىردار ئۇلارنىڭ پاختا ئايرىش ماشىنىسىنىڭ باھاسىنىڭ بەك يۇقىرىلىقىدىن ئاغرىنغاندا، ئۇ: «مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان نەرسە مەھسۇلاتىمىز باھاسىنىڭ قانچىلىك تۆۋەن بولۇشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. سودىگەرلەر دەرھاللا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، كېيىن ھەر قېتىم مەھسۇلات ئېلانىنى ئىشلىگەندە، يېڭى ئەنگلاندلىق پاختا سودىگەرلىرى ئادەتلەنگەن ئۇسۇلنى، يەنى كىشىلەرگە ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ تارىخىنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىغان، شۇنداقلا «ۋېيتىنگ ياسىغان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولدى. بۇ سۆزنى قوشۇپ قويسا، گويا نوتبرىجتا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغاندەك بولۇپ قالدى.

بىر قېتىم، ھەيكەلتاراش بىرۋۇننىڭ ئەپەندى ۋورد خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى بىر گەج ھەيكەلنىڭ تولىمۇ راستەك ياسالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ پروتوتىپى نەچچە يىل بۇرۇن ۋورد ئائىلىسى بىروكلىندا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇلارنىڭكىدە ئىشلىگەن ئىرېلاندىيىلىك بىر ئىشچى بولۇپ، بەدەن شەكلى، چىرايى بەك ئوخشايتتى، ھەتتا ئىشتىنىنىڭ يامىقى، چاپىنىنىڭ يىرتىقى ۋە تار گىرۋەكلىك شلەپىسى قاتارلىقلارمۇ پەرقلەنمەيتتى. ھەيكەلنىڭ ئاپتورى ۋورد خېنىمنىڭ ئۆكىسى ۋورد ئىدى. بىرۋۇننىڭ ئەپەندى: «بۇ بالا قالتىس ئىكەن» دەپ ماختاپ كېتىدۇ. ئالتە يىلدىن كېيىن، ئۇ كىچىك ۋوردنى ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۈنەر ئۆگىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ ھەيكەلتاراشلىق ساھەسىدە، ۋوردنىڭ ئىسمى ئەڭ



جاراڭلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

«مېنىڭ ئەسلىي قىياپىتىم بويىچە سىزىڭ، سىزىشقا تېگىشلىك جايلارنىڭ ھەممىسىنى سىزىڭ» ئولىۋېر كرومۋېل رەسسامغا شۇنداق دېگەنىدى. چۈنكى، رەسسام بۇ ئۇلۇغ ئەربابنى خۇش قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قارا مەڭنى سىزماسلىقنى ئويلىغانىدى.

«ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز دادامنىڭ ئايىغىنى مايلىغانىغۇ دەيمەن، — دەيدۇ بىر پارلامېنت ئەزاسى خىجىلچىلىقنى ئاچچىقتا ئايلاندۇرۇپ. ئۇ بۇ سۆزنى قىلىش ئارقىلىق، ئۆزى بىلەن مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان رەقىبىنى ھاقارەتلىمەكچى بولغانىدى. «ئىنتايىن توغرا ئېيتتىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ قارشى تەرەپ، — نېمە، مەن ئاياغنى ياخشى مايلىيالماپتىكەنمەنمۇ؟»

«قاراكۆك بوياقنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى پەرق ئېتىش ئوڭاي، — دېگەنىدى بىر موماي، — ئۇنىڭدىن بىر كىچىك پارچىنى سۇغا سېلىڭ، ئەگەر ياخشى بولسا، سۇنىڭ تېگىگە چۆكىدۇ، ئاپلا، كەچۈرۈڭ، سۇدا لەيلىشىمۇ مۇمكىن، قانداق بولىدىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن، بۇنىڭ ھېچۋەقەسى يوق، ئۆزىڭىز سىناپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.» بۇنداق چۈشەندۈرۈش ئادەمنى نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئەنگلىيىلىك كىنەز ۋېللىنگتون گاسلىقنىڭ دەردىنى بىر مەزگىل قاتتىق تارتىپ، بىر داڭلىق دوختۇرغا كۆرۈنگەن. دوختۇر كۈچلۈك چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقنى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە تېمىتىدۇ، نەتىجىدە ياللۇغلاندۇرۇپ قويۇپ، كىنەزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. دوختۇر قاتتىق ئۆكۈنىدۇ ۋە بۇ خاتالىقنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قايتا - قايتا ئەپۇ سورايدۇ.

— ئەنسىرىمەڭ، — دەيدۇ كىنەز مەردلىك بىلەن، — بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمايمەن.

— ئەممىسە، مەن سىزنى داۋاملىق داۋالىسام بولامدۇ؟ بۇنداق بولغاندا، كىشىلەر مېنىڭ سەۋىيەمدىن گۇمانلانمىغان بولاتتى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — كىنەز كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىدۇ، — بۇ ئالدامچىلىق بولىدۇ.

* * *

— دادا، — دېدى بىر بالا، — تۈنۈگۈن كەچ مەن كوچىدا بىر توپ ئىتنى كۆردۈم، ئۇلار بەش يۈزدىنمۇ جىق ئىكەن، سىنى ئالدىمايمەن.

— بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئاتا.

— ئەممىسە، يۈزچە بار، مەن راستىنلا كۆردۈم.

— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئاتا، — بىزنىڭ كەنتتە ئۇنچە كۆپ ئىت يوق.

— ھە، ئەممىسە ئاز دېگەندىمۇ ئون ئىتنى كۆردۈم، بۇنىڭغا كاپالەتلىك بېرەلەيمەن.

— سېنىڭ ئون ئىتنى كۆردۈم، دېگىنىڭگىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئاتا، — چۈنكى، دەسلەپ سەن بەش يۈز ئىتنى كۆردۈم، دېگەندە، تەلەپپۇزۇڭ ھازىرقىدەك قەتئىي بولدى. سەن ئىككى قېتىم چاندۇرۇپ قويدۇڭ، ئەمدى ساڭا ئىشەنمەيمەن.

— ۋاي، دادا، — بالا ئاخىرى راست گەپ قىلدى، — مەن ئىككى ئىتنى كۆرگەنىدىم، ئۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ بۇجەغۇر ئىت، يەنە بىرى باشقىلارنىڭ ئىتى.

بالا ھېكايىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەستەن مۇبالىغە سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن، بىز ئۇنى توغرا قىلمىدى، دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز. لېكىن، تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق



كىشىلەر باركى، ئۇلار دائىم «بۇنداق قاتتىق يامغۇرنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەيدۇ ياكى ھەر كۈنى «بۇنداق ئىسسىق يازنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن»، «بۇنداق سوغۇق قىشنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەپ غۇدۇراپلا يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگۈدەك قانچىلىك نەرسە بار؟

كىشىلەر توقۇغان بارلىق ئىزلارنى تاشلىۋېتىش، گەپ قىلغاندا پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئىستىلى ھەرقانداق يەردە كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ نامايان قىلغان خاراكتېر كۈچى ۋە ئىرادە كۈچى دەل كىشىلەر ئىشىنىشنى ئەڭ خالايدىغان نەرسىلەردۇر.

توغرىلىق خاراكتېرى يېتەرسىز بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپ. باشقىلارنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن پەقەت ياخشى گەپنىلا قىلىش؛ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە قەستەن سۈكۈتنى ساقلاش، قەستەن ئېغىرىدىن قېچىپ، يېنىكىنى تىلغا ئېلىش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش؛ مۇبالىغە سۆزلەرنى ئىشلىتىش، بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش، سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىش، بىلمەسلىككە سېلىۋېلىش قاتارلىق ساختىلىق قىلىش پوزىتسىيىلىرىنىڭ ھەممىسى ناتوغرىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ناچار قىلمىشلاردۇر.

* * *

تەبىئەت دۇنياسىدا كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي، ئەمما ساختا ئەمەس، ئەستايىدىل، ئەمما ئەزمە نەرسىلەر ئەمەس. بۈگۈن بىز كۆرگەن قىزىلگۈل ياكى خرۇستال ئالەم بىنا بولغان چاغدا جەننەتتە بار بولغان قىزىل گۈل ۋە خرۇستال بىلەن ئوخشاش شەكىلدە، ئوخشاش رەڭدە. بىر تال قىزىل گۈل مەيلى پادىشاھنىڭ بېغىدا ياكى ئاۋام كۆرەلەيدىغان جايدا ۋە ياكى كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان يول بويىدا، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان قاقاس تاغلاردا ئۆسكەن بولسۇن، ئۇنىڭ

گۈزەللىكى، خۇش پۇرىقىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ.
خرۇستال مەيلى يەرنىڭ تەكتىدە، مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە شە-
كىللەنگەن بولسۇن، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدا ھېچقانداق پەرق بول-
مايدۇ. سەييارىلار قۇياشنى ئايلىنىۋېرىدۇ، ئەمما ھەر قېتىمدا
ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ، بۇنداق
ھەرىكەتنى دەل خۇدانىڭ ئىرادە كۈچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلى-
لى، دېيىشكە بولىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە قەد كۆتۈرۈشى ۋە بايلىقىنىڭ
موللۇقى بۇ دۆلەتتە ھەرقانداق ئىشتا مۇبالىغە قىلىش، بېزەپ
كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرۈشتەك ناچار خاھىشنى پەيدا قىلىپ
قويدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۆلەتتە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن ئىشلار-
نىڭ ھەممىسى، رومانىدىكى توقۇلمىلاردىنمۇ قالتىس. دەل مۇ-
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇبا-
لىغىلىق بايانلارغا شۇنچە ئامراق بولۇشىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمەي-
مىز. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش چىرايلىق سۆزلەرگە
قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنى ھەممەيلەن بىلىمىز،
ئەمما ئاغزىمىز ئېچىلىشى بىلەن يەنە ئۇنى ئارقىمىزغا تاشلىۋې-
تىمىز. بىزنىڭ ئامېرىكا رېئاللىقىدا يۈز بەرگەن بارلىق نەرسى-
لەرنى پەرق ئېتەلمىسىز تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدىغان بولۇپ قال-
دى، چۈنكى ئۇنىڭدىكى قانچىلىك بايلىقنىڭ خاتا ئېيتىلغانلىقى-
نى بىلمەيمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇنداق خاتا تەشۋىق قىلىش-
نىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، قانداق نەرسە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي
قىياپىتىدىنمۇ بەكرەك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالىشى
مۇمكىن؟

* * *

بىر ساياھەتچى سىبىرىيىدە، شۇ يەرلىك بەزى ئاھالىلەر-
نىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكىنى، ئەم-
ما كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ بىزنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىكەنلىكى-



نى، يۇپىتېرنى كۆز بىلەن كۆرەلەيدىغانلىقىنى بايقىغان. قايتۇ-
رۇپ ئويلاپ باققىنىمىزدا، بىزدە غايەت زور تېلېسكوپنىڭ يار-
دىمىسىز ئېرىشكەن بىرەر زور ئاسترونومىيىلىك بايقاش يوق،
مۇنداقلا قارىغاندا بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بىز يەنە قاراپ
باقايلى، بۇ ئىلىم ساھەسىدە بىلىم تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ زور
تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ ئاددىي ئەسۋابلارنى
ئىشلەتكەن، بىراق ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە كۆزى ئىنتايىن
قاتتىق مەشىقلەندۈرۈشتىن ئۆتكەن.

ئېلۋاين كلاك بۇرۇن دىئامېتىرى ئۈچ ئىنگلىز چىسى
كېلىدىغان قوش يۈزى كۆپۈنكى ئەينەكنى ياسىغان، ئۇنىڭ قىم-
مىتى ئاتمىش مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. پۈتۈن ئەسۋاب
ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، ئاخىرىدىكى ئەينەك يۈزىنى سىلىقلى-
تىش ئىشى قولدا ئىشلەنگەن، قول ھەرىكىتى سەللا كۈچلۈك
بولۇپ كەتسە ئۆلچەشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى بۇزۇۋېتىپ قوياتتى.
تى. بۇ ئەسۋابنى رۇسىيە زاكاز قىلىپ ياساتقان. سىناق قىلى-
غان چاغدا، خىزمەتچى خادىملار ئۇنى قول بىلەن يۆتكىمەكچى
بولغاندا، كلاك دەرھال ئۇنى توختىتىپ: «توختاپ تۇرۇڭلار،
ئۇ سوۋۇغاندىن كېيىن يۆتكەڭلار» دېگەن. كلاكنىڭ چۈشەندۈ-
رۇشىچە، قولنىڭ ھارارىتىمۇ ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە تە-
سىر قىلىشى مۇمكىن ئىكەن. كلاك ئەپەندى توغرىلىقتا بولغان
ئىزدىنىشى بىلەن ئىنتايىن داڭق چىقارغان، پۈتۈن دۇنيادا
دېگۈدەك ئۇنىڭ ئىسمى توغرىلىقنىڭ ئالماش سۆزى ئىدى.

بىر قېتىم، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىغىنى يېپىلى-
دىغان چاغدا، بىر كىشى ۋېبستېرنىڭ تالاش - تارتىش كۈچلۈك
بولۇۋاتقان بىر مەسىلە توغرىسىدا كۆزقارىشىنى ئېيتىپ بېقىشى-
نى سورىغاندا، ئۇ: «بولمايدۇ. مېنىڭ ئىشىم بەك جىق، بۇ
توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشقا ۋاقتىم يوق» دەيدۇ. «كېرەك يوق،
ۋېبستېر ئەپەندى، مەيلى نېمە توغرۇلۇق گەپ بولۇنسۇن، ھەر

قېتىمدا سىزنىڭ پىكرىڭىز ئەڭ قالتىس بولىدۇ، زادىلا كەتكۈزۈپ قويمايسىز» دەيدۇ ھېلىقى كىشى. ۋېبستېر: «دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم قانداق مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنسۇن، ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈۋالمىسام، ھەرگىز پىكىر بايان قىلمايمەن، بۇ قېتىم راستىنىلا ۋاقتىم يوق، ناھايىتى خىجىلمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئامېرىكىلىق داڭلىق سودىيە چوئات رۇفۇس ئىنتايىن ئەستايىدىل ئادەم ئىدى. بەزى چاغلاردا، ئۇ بىر كىچىك تىجارەتچى بىلەن بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردىكى ئەستايىدىللىقى ئۇنىڭ فېدراتسىيە ئالىي سوتىدا قىلىدىغان نۇتقىدىن قىلچە قېلىشمايتتى.

«قانداق ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، — دەپ يازغانىدى بىر داڭلىق يازغۇچى، — پۈتۈن جان - دىلى بىلەن قىلىش، قىلچە بوشاڭلىق قىلماسلىق لازىم. چۈنكى، زادى نېمىنىڭ ھەقىقىي چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزمۇ تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەيمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ئەرزىمەس ئىش ئەمەلىيەتتە ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.»

«بۇ ئادەم چوقۇم دوزاخقا بېرىپ باققان» دېيىشتى ھەر قېتىم دانتېنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن فلورېنسىيىلىكلەر. دانتېنىڭ دوزاخنى شۇ قەدەر جانلىق، ئەينەن تەسۋىرلىشى كىشىلەردە مانا شۇنداق ئويىنى پەيدا قىلماي قالمايتتى.

داۋىنچى مەشھۇر رەسىمى «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا»نى ئىجاد قىلىدىغان چاغدا، دائىم بىر تەپسىلات، بىر خىل رەڭ ئۈچۈن پۈتۈن مىلان شەھىرىنى ئايلىنىپ چىقاتتى. تارىخشۇناس گىببون ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىنى توققۇز قېتىم ئۆزگەرتىپ چىققان، «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشى»نىڭ بېشىدىكى بىرنەچچە بابنى ئون سەككىز قېتىم ئۆزگەرتكە-



نىدى. مونتېسكيۇمۇ بىر دوستىغا ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ: «سەن ئۇنى بىرنەچچە سائەتتىلا ئوقۇپ بولىسەن، ئەمما مەن جىق جاپا تارتتىم، ئۇنى يېزىپ بولغۇچە چاچلىرىممۇ ئاقىرىپ كەتتى» دېگەنىدى. يېزىقچىلىق جەريانىدا بولسۇن، مەيلى سەگەك ھالدا كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ياكى كېچىدە چۈش كۆرگەندە بولسۇن، مونتېسكيۇ پەقەت مۇشۇ كىتابىنىلا ئويلىغان، بۇ ئىش ئۇنىڭ پۈتۈن كۈنتەرتىپىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ قالغان. «ئەگەر بىر كىشى ھەربىر خىل ئەھۋال ئاستىدا ئىمكانىنىڭ بارىچە ياخشى يازالمايدىغان بولسا، — دېگەنىدى گېئورگې لىپرېل، — ئۇنداقتا ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا ياخشى يازالماسلىقتەك يامان ئادەتنى ناھايىتى تېزلا يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.»

ئازراق نەتىجىسى بار بىر ھاشاراتشۇناس ئامېرىكىلىق مەشھۇر ھايۋاناتشۇناس، پروفېسسور ئاگاسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆز بىلىمىنى كۆپەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. پروفېسسور بىر ئۆلۈك بېلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئوبدان كۆزىتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئىككى سائەت ئۆتكەندە، ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىسىدىن سورۇشتۇرىدۇ ۋە ئاخىرىدا بېشىنى چايقاپ: «كۆزىتىشىڭىز تېخى ئىنچىكە بولماپتۇ. يەنە قاراپ بېقىڭ» دەيدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئۇ يەنە باش چايقاپ: «قارىغاندا، سىز ئۆز كۆزىڭىزدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەيدىغاندەك قىلىسىز» دەيدۇ. بۇ گەپ ئوقۇغۇچىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن شەيئىلەرگە مۇنداقلا قاراپ قويۇشتەك يامان ئادىتىنى تاشلاپ، ھەربىر ئىشقا قىزىقىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى، ئۇ پروفېسسورنىڭ تەكشۈرۈشىنى ئۈچىنچى قېتىم قوبۇل قىلغاندا: «ناھايىتى ياخشى، ئەمدى سىز كۆزىڭىزدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىۋاپسىز» دېگەن باھاغا ئېرىشىدۇ. بۇ مەشھۇر ئالىم ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولىدۇ.

* * *

ئامېرىكىلىق پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسى ستىفېن گىللارد توغرىلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇ چۈشۈرگەن بۇيرۇقلار بىردەك قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى كېرەك ئىدى، قىلچە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا ئىنتايىن زور دەرىجىدىكى توغرىلىق ئىزدىنىلمىسە، ئاخىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزى لەۋز قىلغانلىكى ئىشلارغا قىلچە خىلاپلىق قىلمايتتى. ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان سۆزى «يامان ئەمەس ئىشلەش» ئەمەس، بەلكى «ئازراقمۇ خاتاسىز ئىشلەش» ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەرگىز تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاشلاپ بەرمەيتتى، تىجارەتتىكى ھەربىر ھالقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىناتتى، بۇ نۇقتىدا ئۇ ناپولېئونغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۆزى بىلەن بىللە تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇكىسىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭ بۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى ئاساسلىقى ئۇنىڭ تەلەيلىك بولغانلىقىدىن ئىدى.

1805 ـ يىلى، ناپولېئون ئەنگلاند بوغۇزىدىكى زور قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، دوناي دەرياسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئىشلىرى شۇنچە ئالدىراش، كاللىسىنىڭ ئارامى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈش، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كونكرېت ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئۇ ھەربىر ھالقىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى، ھەتتا تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار كىچىك ئىش دەپ قاراپ، ئويلىنىپ يۈرمەيدىغان ئىشلارنىمۇ بىرمۇبىر سۈرۈشتۈردى. ھەتتا ھەربىي كاناي چېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ ھەربىر تارماق ئەترەتنىڭ ئېنىق يۈرۈش لىنىيىسىنى، توغرا بولغان يولغا چىقىش ۋە يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ تەپسىلاتلارنى ئەتراپلىق ئويلىناتتى، ئارمىيە تامامەن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىل-



سىلا بولاتتى. ئاخىرى، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ نەتىجىسى مەشھۇر ئوستېرلىتس غەلىبىسى بولدى. بۇ ئۇرۇش ياۋروپانىڭ كەلگۈسى ئون يىللىق ۋەزىيىتىنى بېكىتتى.

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى سېر ۋالتېر سكوت ئۆز ئەسىرى مەلۇم بىر قەلئەگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، تاشلىۋېتىلگەن بۇ قەدىمىي قەلئەگە ئاتايىتەن بېرىپ كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇ خاتىرىسىنى ئېلىۋېلىپ، قەلئە ئەتراپىدىكى ھەربىر گىياھ، ھەربىر گۈلنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىگەنىدى، ئۇنىڭ دېگىنىچە بولغاندا، بىر ئاپتور مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقالايتتى.

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس ماك كاۋلېينىڭ قىيىندىلارنى چاپلايدىغان دەپتىرىدىن باشقا، يەنە ئەللىك نەچچە ماتېرىيال قىسقۇچى بار ئىدى، شۇنداقلا ئۇ مەزمۇنى بويىچە ئۇلارنى «رىۋايەتلەر» ، «سايلام قانۇنى ۋە سايلام كومىتېتى» ، «دۆلەت سىياسىيسى» ، «باج» ، ، «ئاخبارات ـ نەشرىيات» ، «ئامېرىكا تارىخى» قاتارلىق تېمىلارغا بۆلۈپ قويغانىدى. قىممىتى بار دەپ قارىغان ھەرقانداق ماتېرىيالنى قىلچە ئېرىنمەي ماتېرىيال قىسقۇچتا ساقلاپ قوياتتى. شۇڭا، ئۇ قانداق تېمىدا سۆزلىمەكچى بولسا، پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللىرى ئىنتايىن تولۇق بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى. توغرىلىقتا ئىنتىلىدىغان كىشىلەر ئەستايىدىل، ئىنچىكە كىشىلەردۇر، ئىنچىكىلىك خاراكتېردىكى بىر خىل گۈزەل ئەخلاق.

* * *

«ئون مىڭ خاند بۇغدايىنىڭ يەككە باھاسى بىر ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن، قىممەتمۇ؟ ئالامسىز؟» سان فرانسىسكولۇق بىر سودىگەر ساكرامېنتولۇق بىر سودىگەرگە شۇنداق تېلېگرامما يوللىدى. ساكرامېنتولۇق سودىگەر «ياق. قىممەت ئىكەن»

دېمەكچى ئىدىيۇ، بىراق تېلېگراممىدا بىر چېكىت چۈشۈپ
قېلىپ، «قىممەت ئەمەس ئىكەن» گە سۆزگە ئايلىنىپ قالدى.
نەتىجىدە، بۇ تېلېگراما تۈپەيلى ئۇ مىڭ دوللار زىيان تارتتى.
ئۇچۇر ئەۋەتكەن چاغدىكى بۇنداق بىپەرۋالىقلار قانچىلىغان كى-
شىلەرنى ۋەيران قىلىپ، قانچىلىك بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ
كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ!
«بىر ئادەمنىڭ ئىش قىلغاندا ئەستايىدىل بولۇشى، قىلچە
بىپەرۋالىق قىلماسلىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، —
دېگەنىدى توئوتېل ئەپەندى، — قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدامچى،
ئەخمەق كۆرۈپ كەينىگە كىرىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان خوجا-
يىن يوق. ئەگەر بىر ياغاچچى ئۆزى ياللىۋالغان ئىشچىنىڭ
ئىشىغا نېرى كەتمەي قاراپ تۇرىدىغان، ئەگەر بىر كاسسىر
ھېساباتنى سېلىشتۇرغاندا ھېساب خاتىرىلىگۈچىنىڭ ھەربىر خا-
تىرىسىنى سېلىشتۇرۇپ چىقمەن دەيدىغان بولسا، بۇنىڭدىن
كۆرە ئۇلارنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگىنى ياكى غاچ - غۇچلا
باشقا بىرىنى تەكلىپ قىلغىنى تۈزۈك. ئىش قىلىشنى بىلمەيدى-
غان بولۇمسىزلارغا كەلسەك، ئەلۋەتتە ئۇلارنى دەرھال كەتكۈ-
زۈۋېتىش كېرەك.»
ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ياسىغۇچى سودى-
گەر مۇنداق دېگەنىدى: «بىر تال سۈپەتلىك يىڭنىنى ياسىيال-
سا، چاتىقى بار بىر پار ماشىنىسىنى ياسىغانغا قارىغاندا پۇل
تاپقىلى بولىدۇ.»

*   *   *

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىسى فېئار مۇنداق دېگەنىدى:
«بەزى ئايالLAR يامغان كىيىم ئاسانلا سۆكۈلۈپ كېتىدۇ، قادى-
غان تۈگمىسى ئازراقلا كۈچەپ قويۇلسا چۈشۈپ كېتىدۇ. لې-
كىن، دۇنيادا شۇنداقمۇ ئايالLAR باركى، ئۇلار ئوخشاش يىپ
بىلەن ياماق يامايدۇ، ئوخشاش يىڭنە بىلەن تۈگمە قادايدۇ،



ئەمما خېلى كۈچىگىزنى ئىشلەتسىڭىزمۇ سۆكۈلمەيدۇ ياكى ئۈ-
زۈلمەيدۇ.»
«بىپەرۋالىق»، «ھۇرۇنلۇق»، «يەڭگىلتەكلىك» دېگەن
باھالار تۇرمۇشتىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان مەغلۇپ بولغۇ-
چىلارغا تەقدىم قىلىنسا قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. قاي-
چىلىغان كىشىلەر، جۇملىدىن خىزمەتچى، كاسسىر، مىسسى-
ئونېر، مۇھەررىر، ھەتتا ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى دەل
بىپەرۋالىق تۈپەيلى ئۆز خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالماقتا.
ئادۋوكات كوۋران: «گراتتون، ئەگەر سەن شوينىنى كۆپ-
رەك ئېلىپ، ھۆججەت، تالونلىرىڭنى ئوبدان باغلىساڭ، دەۋرى-
مىزدىكى ئەڭ قالتىس ئەرباب بولالايسەن» دېگەنىدى. كوۋران
پەقەت ئەستايىدىل كىشىلا ئىشنى توغرا، خاتاسىز قىلىدىغانلى-
قىنى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەت-
تى. بۇنى بىر قائىدە، دېيىشكە بولىدۇ.
بۇرگېر بىر ياش سودىگەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگە-
نىدى. بۇ سودىگەر ھەر كۈنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا دۇكىنىنى
ئاچىدىكەن، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا تاقايدىكەن. ئۇ بۇنداق قىلىش-
نى ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىر مەزگىل ھېچقاي-
داق تىجارەت قىلالماپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇنداق تىجارەت ئۇسۇ-
لى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ ھەمدە ئاخىرى ئۇنىڭغا
بېيىش يولىنى ئېچىپ بېرىپتۇ.
ستېۋارت ئەپەندى مەيلى قانداق تىجارەت قىلسۇن، توغرى-
لىق ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ
ماگىزىنىدا ھەربىر تارماقنىڭ قاتتىق تۈزۈملىرى بار بولۇپ،
ھەرقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈلسە جازاغا ئۇچرايتتى. ئۇ ھەرقاي-
داق ئىشتا ئىنچىكە ئىدى، ئۆتكەلنى چىڭ تۇتاتتى، شۇنداقلا
ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ ياتاتتى، خىزمەتتە ئىنتايىن
ئەستايىدىل ئىدى.

* * *

جوناس چىككىرىنگ بىر چالغۇ دۇكىنىنىڭ خوجايىنىنىڭ
خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىغان چاغدىلا، قىلچە بىخەستەلىك قىل-
ماسلىقى، جاپاغا چىداپ ئىشلىشى بىلەن نام چىقارغانىدى.
ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەربىر ھالقا كىچىك ئىش ئەمەس
ئىدى؛ ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىشنى ھېسابقا
ئېلىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى چوقۇم تېخىمۇ
مۇكەممەل قىلىش ئىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ چالغۇ
دۇكىنىنى ئېچىۋالدى، شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ ئەڭ ياخشى رويال
ياساشقا، ئۇنىڭ ئاۋاز تۇسىنى تېخىمۇ مول، توق قىلىشقا،
چالغۇچى كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايدىغان، شۇنداقلا رويالنىڭ
ئاۋاز ساپلىقىنى ساقلىيالايدىغان قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇڭا،
ئۇ ھەربىر رويالنى ياسىغاندا، ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ئەسلىدىكى
روياللاردىن ئېشىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى؛ ئۇنىڭغا كېرىكى
دەل سۈپەت جەھەتتىكى مۇكەممەللىك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن-
كى كەسپىي ھاياتىدا، ئۇ ياسىغان بارلىق چالغۇلارنىڭ ئاخىرقى
ئۆتكىلىنى ئۆزى تۇتۇپ، بۇ خىزمەتنى ھېچكىمنىڭ قولىغا تۇت-
قۇزمىدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ياكى سېتىش جەريانىدا بەلگىلە-
مىگە خىلاپ ھەرقانداق ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا چىداپ تۇرال-
مايتتى.

دەل مۇشۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ياردىمى بىلەن، چىككىرىنگ
رىقابەتچىلىرىنى تولىمۇ ئارقىدا قالدۇردى. مۇنداق بىر ئىش
ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى تەسىر كۈچىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.
بىر قېتىم، ماسساچۇستېس شتاتىدىكى بىر چالغۇ دۇكىنىنىڭ
خوجايىنى شتاتلىق پارلامېنتنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ
ئىسمىنى چىككىرىنگكە ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە بۇ ئىسمىنى ئاشكارا
ھالدا ئۆزى ياسىغان رويالغا باسىدۇ. جوناس چىككىرىنگ شۇ
ھامان شتاتلىق پارلامېنتقا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ، ھېلىقى خوجا-



يىن ئىسمىنى يەنە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خاراكتېر جەھەتتىكى بىر خىل ئالاھى-
دىلىك ئەخلاق قىممىتىگىمۇ، سودا قىممىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ.

* * *

جوزېف تېنانىڭ كىچىك چېغىدا، دادىسى ئۇنىڭ بىر سائەت-
راش بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، ئۇ رەسىم
سىزىشقا بەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەچكە، دادىسى نائىلاج
ئۇنىڭ سەنئەتنى كەسىپ قىلىشىغا قوشۇلدى. تېنا ناھايىتى
تېزلا بىر سەنئەت ئەھلىگە ئايلاندى، لېكىن تىرىكچىلىكنىڭ
ئېھتىياجى بىلەن، ئەينى چاغدا قانداقلىكى ئىش بولسا قوبۇل
قىلدى ھەمدە كۆپىنچە ئىشى ھەر خىل ساياھەت قىبلىنامىسى
ۋە يىلنامىلارغا قىستۇرما رەسىم سىزىش بولدى. بۇ ئىشلارغا
بېرىلىدىغان ھەق تولىمۇ ئاز بولسىمۇ، بىراق تېنا يەنىلا ئىنتا-
يىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى-
نىڭ قىممىتى ئېرىشىدىغان ھەققىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى.
كېيىنچە ئۇنىڭ ئىش ھەققى بارا ـ بارا ئۆستى، شۇنداقلا دەرى-
جىسى يۇقىرىراق ئىشلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. چۈنكى،
كىشىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن مەسئۇل بولىدىغان كىشىلەرگە
ئىش تاپشۇرۇشنى، دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى خىزمەتلەرنى
ئۇلارنىڭ ئىشلىشىگە — ئەگەر ئۇلار قىلالايدىغانلا بولسا —
تاپشۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. تېنانىڭ ئىشىنىڭ كۆپىيىشىگە
ئەگىشىپ، باھاسىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆستى، كىشىلەر ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدىكى تېخىمۇ يارقىن نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشقا باش-
لىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىشىلەر بۇ نەرسىلەرنى
تا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ تېخى تامامەن چۈشىنىپ بولالىغى-
نى يوق. جاھان ئەھلى ئېتىراپ قىلغان نۇرغۇنلىغان مەنزىرە
رەسىم ئۇستىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى
ھەممىسىنىڭكىدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن؛ تەبىئەت مەنزىرىسى-

گە بولغان تەقىقاتتىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ھېچكىم يوق.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تېنانىڭ رەسساملىق ساھەسىدىكى
ئورنى خۇددى شېكىسپىرنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى بە-
لەن ئوخشاش بولۇپ، ئىككىسىلا تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ تالانت-
لىقلاردۇر.
ئامېرىكىلىق ناتىق ۋىندېل فىلىپسنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بۇنداق
مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش خاراكتېرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ
ھەربىر تاۋۇش، ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملە سۆزنى ئېغىزدىن
چىقىرىشتىن بۇرۇن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ ۋە دەڭسەپ،
جەزمەن ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان قىلاتتى، شۇنداقلا
ئۇزۇن - قىسقىنى تەڭشەپ، ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇراتتى.
توغرىلىقتا ئىنتىلىش ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى
ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدىغان سوت مۇنازىرىسى ئۇستىسى ئىدى، ئۇنىڭ
سۆزمەنلىكى، رىتىمنى ئىگىلىشىگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى.
فرانسىيە يازغۇچىسى چوڭ دىيومانىڭ قولىيازمىلىرىمۇ ئۇ-
زىنىڭ پاكىزلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. بىر قېتىم، ئەسەرلى-
رىنىڭ دائىم نەشرىيات تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېتىلىدىغان بىر دوس-
تى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغىلى كېلىدۇ. دىيوما ئۇنىڭغا،
بىر كەسپىي كۆچۈرگۈچىنى تەكلىپ قىلىپ ئەسەرلىرىڭنى پا-
كىز كۆچۈرۈتۈپ چىققىن، يەنە ماۋزۇلىرىنى ئۆزگەرتكىن،
دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. دوستى ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش
كۆرىدۇ، دەرۋەقە، بۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىلگىرى ئۇنى رەت قىلغان بىر نەشرىيات
سودىگىرىگە ياراپ قالىدۇ. ناھايىتى ياخشى يېزىلغان نۇرغۇن
ئەسەرلەر خەتنىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن قايتۇرۇۋېتىلىدۇ.
شۇڭا، بىز ئەقىل - پاراسەت ۋە بايلىقتا ياكى بىز تەشنا
بولغان باشقا نەرسىلەرگە ئىنتىلگەندەك توغرىلىقتا ئىنتىلىش-



مىز لازىم. قەتئىي نىيەتكە كېلىشىمىز، ياخشى بولغان ئىش
قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز، ئىشنى كەينىگە سۈرمەسلى-
كىمىز، مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىقىمىز لازىم. بىخۇدلۇق قى-
لىش، قول ئۇچىدا ئىش قىلىش كېسىلى بىر مىليونېرنى
ناھايىتى تېزلا ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن؛ ئەكسىچە، مۇۋەپ-
پەقىيەت قازانغان ھەربىر كىشى ئەستايىدىل، تىرىشچان بولى-
دۇ. توغرىلىق بىر خىل خاراكتېر، ئۆز نۆۋىتىدە خاراكتېرمۇ
كۈچ - قۇدرەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب

## مۇۋەپپەقىيەت ئىرادىلىكلەرگە مەنسۇپ

ھەرقانداق ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالماسلىق نۇر-
غۇن كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مەنبەسى؛ بارلىق
ساھەلەردىكى ھەممە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قەتئىي تەۋرەن-
مەسلىك خىسلىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇۋەپپەقىيەت
تۇغما قابىلىيەت ۋە ئىستىبدادقا ئەمەس        ، بەلكى
قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىققا تېخىمۇ بەك تايىنىدۇ.
بۇلۋېر مۇنداق دېگەنىدى: «قەتئىي ئىرادە ۋە چىدام-
چانلىق بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ جېنى، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ
تەقدىرگە تاقابىل تۇرۇشىدىكى، شەخسنىڭ دۇنياغا تاقا-
بىل تۇرۇشىدىكى، روھنىڭ ماددىغا تاقابىل تۇرۇشىدىكى
ئەڭ كۈچلۈك مەدەت، شۇنداقلا ئۇ ئىنجىلنىڭ جەۋ-
ھىرىدۇر.»

*ھەربىر ئالىيجاناب بۇرچ ئەڭ دەسلەپتە ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك بىلىنىدۇ.*

*—— كارلىل*

*مۇۋەپپەقىيەت ئاخىرغىچە چىڭ تۇرغان كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر.*

*—— ناپولېئون*

*كۆپ ۋاقىتلاردا، ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا مەسىلە چىقمايدۇ.*

*—— مونتېسكيۇ*

*ئىشەنچ بولسا، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىسىلا، قارىماققا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارمۇ ئاسان ئىشقا ئايلىنىدۇ.*

*—— گرام كورريل*

*روھىي جەھەتتە بوشاشمايدىغان، نەزىرىنى يۆتمەيدىغان، دىققىتىنى چاچمايدىغان كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا گەپ كەتمەيدۇ.*

*—— بۇرك*

«تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ماڭا ئالقىش ياڭراتتى، — ئېدمون كېئان ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، قورقۇپ كەتكەن ئايالىنى قۇچاقلىدى ۋە ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا ئۈنلۈك سۆزلىدى، — بۈنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئۆز پەيتۈنۈڭ بولىدۇ، چارلىزمۇ ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىدە ئوقۇيالايدۇ!»

كېئان بىر ئارتىس ئىدى، ئۇ ئىزچىل تۇردە ئۆزىنىڭ ئارتىسلىق ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرى ئەينى چاغدىكى كاتتا چولپانغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ تېرىسى قارامتۇل ئىدى، تۇغما چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىغانلارنى بىئارام قىلاتتى. ئەمما، ئەمدىلا رولغا چىقىشقا باشلىغاندا، ئۇ ئالدىنقىلار تېخى ئويناپ باقمىغان بىر رولنى، يەنى ماسسىگنىڭ درامىسىدىكى سېر گىللىياس ئوۋرىچنىڭ رولىنى ئويناشقا بەل باغلىدى. ئۇ بوشاشماي سىناق قىلدى، مەغلۇبىيەتتىن قورقمىدى، ئاخىرى بۇ رول كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، پۈتكۈل لوندوننىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

«كۆزقارىشىمنى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقىنىمنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭچە سىز نۇتۇق سۆزلەشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىكەنسىز.» شېردان دۆلەت مەجلىسىگە ئەمدىلا كىرىپ، تۇنجى نۇتقىنى سۆزلىگەندە، داڭلىق مۇخبىر ۋۇئوفۇر شۇنداق دېگەن ۋە ئۇنى يەنىلا ئەسلىدىكى كەسپىگە قايتىپ بېرىشقا دەۋەت قىلغانىدى. «ياق، — دەپ جاۋاب بەردى شېردان قولى بىلەن ئېگىدىكىنى تىرەپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، — مەن بۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىمەن دەپ ئويلايمەن، كېيىن كۆرۈپ قالىسىز.» دەرۋەقە، شېردان كېيىن دېگىنىنى راستتىنلا قىلالىدى. مەشھۇر ناتىق فوكس تەرىپىدىن تارىختىن بۇيان ئاۋام پالاتاسىدا

سۆزلەنگەن ئەڭ قالتىس نۇتۇق، دەپ ماختالغان نۇتۇق دەل
شېردانىنىڭ ئاغزىدىن چىققانىدى، بۇ ئۇنىڭ ۋاررېن خاستىڭسقا
رەددىيە بېرىش ئۈچۈن سۆزلىگەن مەشھۇر نۇتقى ئىدى.

* * *

1828 ـ يىلى، ئون سەككىز ياشلىق بېنارد پاررىخ فرانـ
سىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتىدىن ئايرىلدى. ئۆزىنىڭ دېگىنى
بويىچە، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ «بىر پارچە كىتابىمۇ يوق ئىدى،
ئۆزىگە پەقەت ئاسمان بىلەن زېمىنلا ھەمراھ ئىدى، چۈنكى ئۇلار
ھېچكىمنى رەت قىلمايتتى». ئەينى چاغدا ئۇ كىشىلەرنىڭ دىقـ
قىتىنى قوزغىمايدىغان ئەينەككە رەسىم سىزغۇچى ئىدى، بىراق
قەلبى سەنئەتكە بولغان قىزغىنلىققا تولغانىدى.

بىر قېتىم، ئۇ تۇشتۇمتۇت بىر دانە ئىتالىيە رومكىسىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ،
ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىلگىرىكىگە تامامەن ئوخشىماي قالدى. ئاشۇ
چاغدىن باشلاپ، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل ھاياجانلىق ھېسسىـ
يات چۇلغىۋالدى، يەنى ئۇ ئىمالىنىڭ سىرىنى ئېچىشقا، ئۇنىڭ
نېمە ئۈچۈن رومكىنى شۇنچە پارقىراق قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى
بىلىشكە بەل باغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئايلاپ، يىللاپ
پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىمالىنىڭ ھەر خىل تەركىبلىرىنى تەتقىق
قىلىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزى قول سېلىپ ئېرىتىش ئوچىقى
ياسىدى، بىراق تۇنجى قېتىملىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشـ
تى. كېيىن ئۇ ئىككىنچى ئوچاقنى ياسىدى. بۇ قېتىم مۇۋەپپەـ
قىيەت قازانغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئوچاقنىڭ يېقىلغۇ ۋە ۋاقىت
سەرپىياتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە مال ـ بىساتىنى قۇرۇـ
تۇپ قويغىلى تاس قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يېقىلغۇ سېتىۋالالـ
مىغانلىقتىن، ئادەتتىكى ئوچاقتىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولـ
دى. مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى،
لېكىن ھەر قېتىم قەيەردە مەغلۇپ بولسا، شۇ يەردە يېڭىۋاشتىن



ئىش باشلىدى. سانسىز مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن، ئاخىر ئۇ
رەڭگى ئىنتايىن چىرايلىق ئىمالنى ئىشلەپچىقاردى.

ئۆز كەشپىياتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، پاررىخ بىر
جۈپ قولى بىلەن بىر خىش ـ بىر خىشتىن تىزىپ، بىر ئەينەك
ئوچىقى ياساپ چىقتى. ئاخىرى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش
ياكى مەغلۇپ بولۇشنى سىناق قىلىش ۋاقتىنى بەلگىلىدى. ئۇ
ئوچاقنى ئۇدا ئالتە كۈن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزىتتى. لېـ
كىن، كۈتۈلمىگەندە ئىمال ئېرىمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يانچۇقىـ
دا تىيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ باشقىلاردىن قەرز
ئېلىپ ساپال ۋە ئوتۇن سېتىۋېلىشقا ھەمدە تۇرلۇك چارە ـ
ئاماللار بىلەن تېخىمۇ ياخشى بولغان ئېرىشكە ياردەم بەرگۈچى
سۇيۇقلۇق تېپىشقا مەجبۇر بولدى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېـ
يىن، ئۇ يېڭىۋاشتىن ئوت ياقتى، لېكىن يېقىلغۇ كۆيۈپ تۈگـ
گۈچە ھېچقانداق نەتىجە كۆرۈلمىدى. ئۇ بېغىغا يۈگۈرۈپ كىـ
رىپ، قاشانىڭ رېشاتكىلىرىنى سۇندۇرۇپ كېلىپ ئوتۇن ئورـ
نىدا ئىشلەتتى، ئەمما يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى. كېيىن ئۇ ئۆي
جابدۇقلىرىنى قالىدى، بۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى. ئەڭ ئاخىرىـ
دا، ئۇ ئاشخانىسىدىكى جاھازىلارنىڭ ھەممىسىنى سۇندۇرۇپ
ئوچاققا تاشلىدى. مۆجىزە ئاخىرى يۈز بەردى: لاۋۇلدىغان ئوت
يالقۇنى ئىمالنى بىراق ئېرىتىۋەتتى. سىر ئاخىر يېشىلدى.
ئەمەلىيەت: غەلىبە ئىرادىلىكلەرگە مەنسۇپ، دېگەن نۇقتىنى
يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

* * *

«ئەگەر سەن ئىككى ھەپتە ئىچىدە بىر پارچە كىتابىنىمۇ
ساتالمىساڭ، ئەمما ئازراقمۇ بوشىشىپ قالمىساڭ، — بىر نەشر
سودىگىرى ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە شۇنداق دېگەنىدى، —
ئۇنداقتا، سەن چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن.»

«ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان

ئويلۇپلىش كىرەك، — دېگەنىدى كارلىل، — ئاندىن كېيىن بەئەينى ھىراكلىستەك ئۆز خىزمىتىگە ئاتلىنىش لازىم.»

«بىر كىشى رەسساملىقتا نەتىجە قازانماقچى ياكى باشقا سەنئەت ساھەسىدە نەتىجە قازانماقچى بولسۇن، — دېگەنىدى ئاتاقلىق رەسسام رېنوز، — ئۇنداقتا، ئۇ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندىن تارتىپ، تاكى كەچتە ئۇخلىغۇچە بۇ نىشاننى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم.»

«مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر ئېپى — تىرىشىپ ئىشلەش» دېگەنىدى مەشھۇر رەسسام تېنا.

«مۇبادا بىر كىشى دائىم لىكتاسىملىق قىلسا، ئالدى بىلەن نېمە قىلىشنى بىلمىسە، — دېگەنىدى ۋىليام ۋېئارت، — ئۇنداقتا، ئۇ ھېچنېمىنى قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇ بىر قارارغا كەلسە، ئەمما دوستىنىڭ قارشى پىكرىنى ئاڭلاپ دەرھال خىيالىنى ئۆزگەرتسە، ئۆز ئۇسۇلىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرسا، خۇددى شامال يۆنىلىشىگە ئوخشاش، شەرق شامىلى چىقسا غەربكە ئاغسا، غەرب شامىلى چىقسا شەرققە ئاغسا، بۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچقانداق چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇ ئازراقمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئۆز ئورنىدىلا مىدىرلاپ تۇرىدۇ، ئەپلەشتۈرەلمەي قالغۇدەك بولسا، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن.»

* * *

قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىق بولغانلىقتىن، مىسىر تۇزلەڭلىكىدە ھەيۋەتلىك ئەلئېھرام، ئېروسالىمدا كاتتا ئىبادەتخانا بار بولدى؛ قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىق بولغانلىقتىن، كىشىلەر ھاۋا كىلىماتى ناچار، بۇلۇت ۋە تۇمانلار ئوراپ تۇرغان ئالپىس تېغىغا چىقالىدى، بىپايان ئاتلانتىك ئوكياندىن يول ئاچالىدى؛ قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىق بولغانلىقتىن، ئىنسانلار يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى خىلمۇخىل توسالغۇلارنى يېڭىپ،



ئىنسانلار ياشايدىغان ئورتاق گەۋدىنى بەرپا قىلدى. قەتئىي ئىرادە بىلەن چىدامچانلىق تالانتلارغا مەرمەر تاشلار ئۈستىگە نەپىس ئىجادىي ئەسەرلەرنى ئويغۇزدى، رەخت ئۈستىگە تەبىئەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىنى سىزغۇزدى. قەتئىي ئىرادە بىلەن چىدامچانلىق دەستىگاھنى ئىجاد قىلدى، موكىنى كەشىپ قىلدى؛ قەتئىي ئىرادە بىلەن چىدامچانلىق ماشىنىنى ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش ئېتىغا ئايلاندۇردى، لىققىدە مالنى بېسىپ تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قاتناپ يۈرىدىغان قىلدى؛ قەتئىي ئىرادە بىلەن چىدامچانلىق دېڭىزنى ئاق يەلكەنلەرگە تولدۇرۇپ، ئوكياننى سان - ساناقسىز مىللەتلەرگە ئېچىپ بەردى، ھەربىر پارچە دېڭىز تەۋەسىدە دېڭىزچىلارنىڭ قارىسى كۆرۈنىدىغان بولدى، ھەربىر قاقاس ئارالغا ئېكسپېدىتسىچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بېسىلدى. قەتئىي ئىرادە بىلەن چىدامچانلىق يەنە تەبىئەت تەتقىقاتىنى نۇرغۇنلىغان پەنلەرگە ئايرىپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان قىلدى، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان بولدى، ئېچىلمىغان بوز يەرلەرنى ئۆلچىدى.

تامچە سۇ تاشنى تېشەلەيدۇ، قىل ھەرە دەرەخنى كېسەلەيدۇ. ئەگەر ئۇجمە كۆكۈللۈك قىلىنسا، تالانتلىقلارنىڭمۇ ھېرىپ - چارچايدىغان ۋە زېرىكىدىغان ۋاقتى بولىدۇ؛ قەتئىي ئىرادە بولغان ۋە ئاز - ئازدىن جۇغلىغاندا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كۈنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تىرىشچان كىشى ئەڭ ئاخىرىغىچە كۈلەلەيدۇ، چىدامىلىق ئات بولسا، پەللىگە يېتىپ بارالايدۇ.

* * *

«سىزنىڭ ھەممە بايقاشلىرىڭىز بىۋاستە سىزنىشتىن پەيدا بولغانمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى توماس ئېدىسوننى زىيارەت قىلغان بىر مۇخبىر، — كېچىسى ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىڭىز-

دا، ئاشۇ كەشپىياتلار تۇيۇقسىز سىزنىڭ كاللىڭىزدا پەيدا بولۇپ قالغانمۇ؟»

«مەن ئەزەلدىن پۇرسەتپەرەسلىك قىلمايمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى ئېدىسون، — مېنىڭ كەشپىياتلىرىمدىن سۇرەت تارتىشتىن باشقىسى تەلەي ئىلاھىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن پەيدا بولغان ئەمەس. مەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەن هامان، ئۆزۈمنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تىرىشىشىم كېرەكلىكىنى بىلىۋالىمەن ـ دە، ئاخىرقى نەتىجە بارلىققا كەلگۈچە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىمەن. مېنىڭ كەشپىياتلىرىم سودا قىممىتىگە ئىگە ساھەلەر بىلەن چەكلىنىدۇ، نوقۇل هالدا كىشىلەرنىڭ قىزىقىش پىسخىكىسىنى قاندۇرىدىغان ۋە قىلچە ئەمەلىي قىممىتى بولمىغان غەلىتە خىياللارنى قىلىشقا مېنىڭ هەرگىز ۋاقتىم يوق، — بۇ كاتتا كەشپىياتچى سەل توختىۋېلىپ، يەنە مۇنداق دېگەنىدى، — مەن بۇ ئىشلارنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭدا باشقا سەۋەب يوق. مەيلى قانداق ئىشقا قول سالسام، ئۇنى پۈتكۈزمىگۈچە كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، هەر ۋاقىت ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.»

خىزمەتكە قارىتا مانا شۇنداق پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىدىغان ئادەم جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؛ ئەگەر شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىستېبدادقا، پەم ـ پاراسەتكە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولىدىغانلىقىغا ئاز قالغان بولىدۇ.

* * *

دىپلومات پولۋارنىڭ يولى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماسلىق، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش يولى! دەسلەپتە ئۇ هېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مەغلۇپ بولغان، ناخشا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يەنە مەغلۇپ بولغان؛ ئۇنىڭ گۆدەكلىك چېقىپ تۇرغان نۇتقى رەقىبلىرىنىڭ كۈلكە دەسمايىسى بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇ بارلىق مەسخىرە ۋە



ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئاخىرى ئۆز قىممىتىنى جەمئىيەتكە ئىسپاتلاپ بەرگەن.

گىببون تىرىشچانلىق بىلەن يىگىرمە يىل ئەجىر قىلىپ، «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇش تارىخى»نى يېزىپ چىققان؛ نوئاخ ۋېبستېر ئوتتۇز ئالتە يىلدا «ۋېبستېر لۇغىتى» نىڭ دەسلەپكى شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى سۆزلۈكلەرنى يىغىش، كەسپلەرگە ئېنىقلىما بېرىشكە ئاتىغان، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئىپادىلىگىنى نەقەدەر پەۋقۇلئاددە قەيسەرلىك ۋە ئالىيجاناب روھ ـ هە! گېئورگې بانكروفت يىگىرمە ئالتە يىللىق يۈرەك قېنى بەدىلىگە «ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تارىخى» نى يېزىپ چىققان؛ نيۇتون «قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ يىلنامە تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن ئون بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان. تىشان چارلىز V كە يازغان خېتىدە: «مەن ئەڭ مۇهىم ئەسىرىمنى ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلماقچىمەن، يېقىنقى يەتتە يىل ئىچىدىكى هەممە ۋاقتىمنى مۇشۇ ئەسەرگە سەرپ قىلدىم» دېگەنىدى. ئۇ يەنە بىر رەسىمى ئۈچۈنمۇ سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. گېئورگې ستېفېنسىن ئون بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پاراۋوزنى ئىسلاھ قىلغان؛ ۋات سوۋۇتۇش ئەسۋابىنى ئىسلاھ قىلىشقا يىگىرمە يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان؛ خارۋېي سەككىز يىل كۆزىتىپ، ئاندىن قان ئايلىنىشنىڭ سىرىنى يېشىدىغان ئەسىرىنى نەشر قىلغان. ئەينى چاغدا ئۇ كەسپداشلىرى تەرىپىدىن روهىي كېسەل، ئالدامچى، دەپ ئاتالغان، يىگىرمە بەش يىللىق هۇجۇم ۋە مەسخىرىلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرى ئىلىم ساھەسىگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بايقىشىنى ئېتىراپ قىلغۇزغان.

نيۇتون يىگىرمە بىر يېشىدىلا ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنىنى بايقىغان، ئەمما يەر شارىنىڭ ئايلانمىسىنى ئۆلچىگەن چاغدا

كىچىككىنە سەۋەنلىك يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىد-
نى ئىسپاتلىشى ئۇزاققىچە كېچىكىپ كەتكەن. يىگىرمە يىلدىن
كېيىن، ئۇ بۇ سەۋەنلىكنى تۈزىتىپ، سەييارىلار ئۆز ئوربىتىد-
سىدا ئايلانغاندا ياكى ئالما يەرگە چۈشكەندە بولسۇن، بىر خىل
قانۇنىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ
چىققان.

ئۇلۇغ ئارتىس سولون ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، ئۆزىنىڭ
تىياتىر هاياتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىشەنچكە ئېرىشەلمىگەن-
لىكتىن، دائىم ئىشتىن بوشىتىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇرغانلى-
قىنى ئېيتقاندى.

«پۈتۈنلەي ئىستىبداتقىلا تايىنىۋالماسلىق لازىم، —
دېگەنىدى جون روسكىن نوئاخ ۋېبستېرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەل-
تۈرۈپ، — تېخىمۇ مۇھىمى — تىرىشچانلىق. ئەگەر سىزدە
ئىستېدات بولسا، تىرىشچانلىق سىزنى يولۋاستەك كۈچلۈك قى-
لىدۇ؛ ئىستېداتى يېتەرسىز بولۇشنىڭ كارايىتى چاغلىق، تى-
رىشچانلىق ئۇنى تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ.» ئىپتىدائىي ئادەملەر-
دە، دۈشمەننى بويسۇندۇرغان هامان، ئۆزىنىڭ روهى ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىغا كىرىپ، دۈشمىنىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا
مەجبۇرلايدۇ، دېگەن بىر خىل ئېتىقاد بار ئىدى. ئۇلار چوقۇنى-
دىغان ئادەملەرنىڭ روهىمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا كى-
رىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

پروسسىيە مارشالى بروشېل تۇنۇگۇنلا ناپولېئون بىلەن مەغ-
لۇبىيەتلىك جەڭ قىلغانىدى. لېكىن، بىر كۈن ئۆتۈپلا، ۋاتېر-
لودا بىز يەنە ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ گۈلدۈرلىگەن توپ ئاۋازىنى
ئاڭلىدۇق. تۇنۇگۇنلا مەغلۇپ بولغان قوماندان ۋەھىمە، ئۆلۈم-
نىڭ كۆلەڭگىسىنى يەنە رەقىبىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەمەلىيەت-
تە، توقۇنۇش كۈچ - قۇدرەتنى پەيدا قىلالايدۇ. قارشىلىشىد-
غان بىر تەرەپ بولغاندىلا، ئاندىن بىز ۋۇجۇدىمىزدىن تېخىمۇ



زور كۈچنى ئۇرغۇتۇپ چىقىرالايمىز. هەر قېتىم بىر توسالغۇنى
يەڭگەندە، بىزنىڭ قابىلىيىتىمىزمۇ بىر ئۇلۇش كۆپىيىپ بارى-
دۇ- دە، يەنە بىر توسالغۇغا تاقابىل تۇرالايمىز.

* * *

1492 - يىلى 2 - ئايدا، كولومبو ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا
ئېلخامبرا ئوردىسىدىن ئايرىلدى. ئەسلىدە ئۇ ئىسپانىيە پادىشا-
هى فېردنان ۋە خانىش ئىلىزابېلانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە هەرىكەت قىلغان، ئەمما مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇ قېچىرىغا
مىنىپ ئوردا دەرۋازىسىدىن ئاستا چىقىپ، نەگە بېرىش هەققىدە
ئويلاندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، روهى
ئىنتايىن چۈشكۈن بولۇپ، كاللىسى ساڭگىلاپ قېچىرنىڭ دۈم-
بىسىگە تېگىپ قالغىلى ئازلا قالغانىدى. گۆدەك چاغلىرىدا
ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئوي پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى، ئۇ يەرشا-
رىنى شار شەكىللىك جىسىم، دەپ قارايتتى. ئەينى چاغدا،
كىشىلەر دېڭىز قىرغىقىدىن تۆت يۈز ئىنگلىز چاقىرىم نېرىد-
كى دېڭىز يۈزىدە بەلگە چۈشۈرۈلگەن ياغاچ پارچىسىنى، يەنە
پورتوگالىيە دېڭىز ساهىلىدا ئىككى جەسەتنى بايقىغان، بەدەن
تۈزۈلۈشىدىكى ئالاهىدىلىكلەردىن بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىرقى ئۇلار
ۋە ئۇلار بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىرقى بىلەن ئوخشاشمايتتى.
كولومبو بۇ جەسەتلەرنىڭ ياۋروپالىقلار تېخى بىلمەيدىغان يىراق
غەربىي قىسمىدىكى ئاراللاردىن ئېقىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنەت-
تى. ئۇ بۇرۇن پورتوگالىيە پادىشاهىنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ،
ئۇنىڭ دېڭىز سەپىرى قىلىپ يىراقتىكى ئاشۇ ئاراللارنى تېپى-
شىغا ياردەم بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتكەنىدى. لېكىن، پادىشاھ
يوهان II بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان قىياپەتكە كىرىۋې-
لىپ، يەنە بىر ياقتىن يوشۇرۇنچە ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى-
نى ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن كولومبونىڭ ئەڭ ئاخىرقى
ئۈمىدىمۇ ئۈزۈلگەن بولدى.

كولومبو تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، كىشىلەرگە ھەر خىل چېرتيوژلارنى سىزىپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەنىدى، دوستلىرىمۇ ئۇنى ساراڭ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىمايتتى. فېدنان بىلەن ئىلىزابېلا ئەر - خوتۇننىڭ قېشىدىكى دانىشمەنلەر ئۇنىڭ غەربكە سەپەر قىلسا، شەرققە يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە قارىتا دىماغلىرىنى قېقىشتى.

— لېكىن، قۇياش ۋە ئايمۇ يۇمىلاق بولىدىكەنۇ، نېمە ئۈچۈن يەر - زېمىن يۇمىلاق بولسا بولمايدىكەن؟ — دەپ سورىدى كولومبو.

— ئەگەر يەر - زېمىن شار شەكىللىك جىسىم بولسا، ئۇنى نېمە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراشتى ھېلىقى دانىشمەنلەر.

— ئەمىسە، ئېيتىڭلارچۇ، قۇياش بىلەن ئاينى نېمە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى كولومبو.

— ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بېشى پەسكە، پۇتى ئاسمانغا قاراپ قالسا، تورۇستىكى چىۋىنغا ئوخشاپ قالىدۇ، سېنىڭچە بۇ مۇمكىنمۇ؟ — بىر دوكتور كولومبودىن سورىدى، — قېنى ئېيتىڭا، دەرەخ يىلتىزى يۇقىرى تەرەپتە بولسا، دەرەخنىڭ ئۆسەلىشى مۇمكىنمۇ؟

— كۆلچەكتىكى سۇمۇ ئېقىپ كېتىدۇ، بىزمۇ ئۆرە تۇرالمايمىز، — دەپ قوشۇمچە قىلدى يەنە بىر پەيلاسوپ.

— بۇ «ئىنجىل»دا دېيىلگەنلەرگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا: «كۆك ئاسمان تېگىگە زېمىن خۇددى پەردىدەك يېيىلغان» دېيىلگەن. بۇنىڭ ئۆزى يەرنىڭ تۈز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇنى يۇمىلاق دېيىش كۇپۇرلۇق، — بىر پوپمۇ مۇنازىرىگە قوشۇلۇپ شۇنداق دېدى.

كولومبو ئۇلارغا يەنە ھېچقانداق ئۈمىد باغلىيالمىدى. ئۇ خىيالىنى ئۆزگەرتىپ، چارلىز VII ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىيە-



تىگە كەلگەن چاغدا، تويۇقسىز ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. ئىلىزابېلانىڭ بىر دوستى ئۇنىڭغا، تاسادىپەن كولومبونىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولۇپ چىقسا، ئازغىنا خىراجەت بىلەن ھۆكۈمرانلىقىڭىزنىڭ ئابرۇيىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ مەسلىھەت بەردى. «ماقۇل، مەن زىبۇزىننەتلىرىمنى گۆرەگە قوياي، بۇ ئۇنىڭغا بەرگەن راسخوتۇم بولسۇن. ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار» دېدى ئىلىزابېلا.

مانا شۇنداق قىلىپ، كولومبو كېينىگە قايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيامۇ ئۆز ھالىتىگە قايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سەپەر قىلىشىدا يەنە باشقا مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، يەنى ئۇنىڭ بىلەن سەپەر قىلىشنى خالايدىغان بىرمۇ دېڭىزچى چىقمىدى. تەلىيىگە، پادىشاھ بىلەن خانىش مەجبۇرلاش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى سەپەرگە چىقىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، «پىنتا» ناملىق كېمە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ كېمىسى بەك كىچىك بولۇپ، ئادەتتىكى كېمىلەردىن ھېچقانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاران ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، كېمە رولى سۇنۇپ كەتتى. ماتروسلار بۇنى بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلىپ، كەيپىياتى بىر مەزگىلگىچە ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتتى. كولومبو ئۇلارغا ھىندىستاننىڭ ئۆزى بىلىدىغان مەنزىرىلىرىنى، ئۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپ، ماتروسلارنىڭ كەيپىياتىنى ناھايىتى تەستە تۇراقلاشتۇردى.

كېمە كانارىيە تاقىم ئارالLIرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئىككى يۈز ئىنگلىز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كومپاسىنىڭ يىڭنىسى شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى يۆنىلىشىنى كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. كولومبو ھەرنېمە دېسىمۇ، ماتروسلار ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۇنىمىدى، توپىلاڭ چىقىش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ

ئارىلىقىدەكىلا بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، كولومبو يەنە ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ئەمەلىيەتتە دەل شىمال تەرەپتە ئەمەس، دەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلارنى قايىل قىلغان بولدى. يولغا چىققان جايدىن ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئىنگلىز چاقىرىم (كولومبو ئۇلارغا ئاران بىر مىڭ يەتتە يۈز ئىنگلىز چاقىرىم، دەپ يالغان ئېيتتى) يىراقلاشقاندا، ئۇلار گىلاس شاخلىرىنىڭ سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى، كېمە ئەتراپىدىن بەزى قۇرۇقلۇق قۇشلىرىنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردى. يەنە ئۇلار سۇدىن ئىنتايىن غەلىتە بەلگە ئويۇلغان ياغاچ پارچىلىرىنىمۇ سۈزۈۋالدى. 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە بارغاندا، كولومبو ئىسپانىيە پادىشاھلىقىنىڭ بايرىقىنى يېڭى قۇرۇقلۇققا قادىدى.

* * *

خىللاس فىيېلدېر ئەپەندى پېنسىيىگە چىققۇچە خېلى جىق پۇل توپلىۋالغانىدى، لېكىن بۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى، يەنى ئۇ ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تېگىدىن ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنى تۇتاشتۇرىدىغان كابېل ياتقۇزۇشنى ئويلىدى. ئارقىدىن، ئۇ پۈتۈن جان - دىلى بىلەن بۇ ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت مىڭ ئىنگلىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى، نيۇ - يورك بىلەن نېۋفوندلاندقىچە بولغان تېلېگراف لىنىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. نېۋفوندلاندنىڭ تۆت يۈز ئىنگلىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى تېلېگراف لىنىيىسى ئادەمزات ئايىغى كەمدىن - كەم تېگىدىغان ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتەتتى. شۇڭا، بۇ خىزمەتنى تاماملاش بىر تېلېگراف لىنىيىسىنى بەرپا قىلىشنىلا ئەمەس، يەنە ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تاشيول ياساشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە برېتتون ئارىلىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تۆت يۈز قىرىق ئىنگلىز



چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى لىنىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇنىڭغا يەنە سايىنت لاۋرېنس بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان كابېل ياتقۇزۇش ئىشى قوشۇلغان بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىنتايىن زور ئىدى.

فىيېلدېر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ لايىھىسى پارلامېنتتا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراپ، يۇقىرى پالاتادا ئاران بىر بېلەتنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماقۇللاندى. ئارقىدىن، فىيېلدېر ئەپەندىنىڭ كابېل ياتقۇزۇش خىزمىتى باشلاندى، كابېلنىڭ بىر ئۇچى سېباستوفول پورتىدىكى ئەنگلىيە پاراخوتى «ئاگاممېنىن» غا، يەنە بىر ئۇچى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ يېڭى ياسالغان «نىئاگارا» ناملىق پاراخوتىغا قويۇلدى. لېكىن، بەش ئىنگلىز چاقىرىم ئارىلىققا كابېل ياتقۇزۇلغاندا، تۇيۇقسىز ماشىنىنىڭ ئىچىگە يۆگىلىپ قېلىپ، كابېل ئۈزۈلۈپ كەتتى.

فىيېلدېر تەن بەرمەي، ئىككىنچى قېتىم سىناق قىلدى. بۇ قېتىمقى سىناقتا، كابېل ئىككى يۈز ئىنگلىز چاقىرىم ئارىلىققا ياتقۇزۇلغاندا، تۇيۇقسىز توك ئېقىمى ئۈزۈلۈپ قالدى، پاراخوتتىكى كىشىلەر تىت - تىت بولغىنىدىن پاراخوت سۇپىسىدا گويا ئەزرائىل يېتىپ كېلىدىغاندەك پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. فىيېلدېر ئەپەندى كابېلنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىپ، بۇ قېتىملىق سىناقتىن ۋاز كەچمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، توك ئېقىمى خۇددى سىرلىق ھالدا غايىب بولغىنىدەك، يەنە سىرلىق ھالدا بىردىنلا پەيدا بولدى. كېچە، پاراخوت سائىتىگە تۆت ئىنگلىز چاقىرىملىق سۈرئەت بىلەن ئاستا - ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، كابېل ياتقۇزۇشمۇ سائىتىگە تۆت ئىنگلىز چاقىرىملىق سۈرئەت بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، پاراخوت تۇيۇقسىز قىڭغىيىپ كېتىپ، كابېلنى ئۈزۈۋەتتى.

لېكىن، فىيېلدېر ئەپەندى ئاسان ۋاز كېچىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە يەتتە يۈز ئىنگلىز چاقىرىملىق كابېل زاكاز

قىلدى، شۇنداقلا بىر مۇتەخەسسىسنى تېخىمۇ ياخشى بولغان بىر ماشىنىنى لايىھىلەشكە تەكلىپ قىلىپ، بۇنچە ئۇزۇنلۇقتىكى كابېل ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىماقچى بولدى. كېيىن، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىختىراچىلىرى ھەمكارلىشىپ بۇ ماشىنىنى تېزلىك بىلەن ياساپ چىقتى. ئاخىرى، ئىككى ھەربىي پاراخوت ئاتلانتىك ئوكياندا ئۇچراشتى، كابېلنىڭ ئۇچلىرىمۇ تۇتاشتۇرۇلدى. ئاندىن كېيىن، بىر پاراخوت ئىرېلاندقا قاراپ، يەنە بىرى نېۋفوندلاندقا قاراپ ئىلگىرىلىدى، نەتىجىدە ئۇلار كابېلنى ئىشلىتىپ بولدى، ئىككى پاراخوت ئايرىلىپ ئۈچ ئىنگلىز چاقىرىم ئارىلىقتا بارغاندا كابېل يەنە ئۈزۈلۈپ كەتتى. قايتا ئۇلىغاندىن كېيىن، ئىككى پاراخوت داۋاملىق ئىلگىرىلىدى، ئارىلىقى سەككىز ئىنگلىز چاقىرىمغا يەتكەندە، توك ئېقىمى يەنە يوقىلىپ كەتتى. كابېل ئۈچىنچى قېتىم ئۇلانغاندىن كېيىن، ئىككى يۈز ئىنگلىز چاقىرىم ياتقۇزۇلۇپ، «ئامىنىنىن» ناملىق پاراخوتنىڭ يېگىرمە ئىنگلىز چېسى نېرىسىدا يەنە ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئىككى كېمە ئاخىرى ئىرېلاند دېڭىز قىرغىقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ئىشقا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بەل قويۇۋەتتى، جامائەت پىكرىمۇ گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنى ئاشكارىلىدى، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭمۇ بۇ تۈرگە بولغان ئىشەنچى يوقىلىپ، يەنە مەبلەغ سېلىشنى خالىمىدى. بۇ چاغدا، ئەگەر فىيلدېر ئەپەندى بولمىغان بولسا، ئەگەر ئۇنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى، ئۆتكۈر قايىل قىلىش كۈچى بولمىغان بولسا، بۇ تۈر شۇ يەردىلا تاشلاپ قويۇلغان بولاتتى. فىيلدېر كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئىشنىڭ غېمىدە بولۇشنى داۋاملاشتۇردى، ھەتتا ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان دەرىجىگە يېتىپ باردى، ئۇ مەغلۇبىيەتكە قەتئىي تەن بەرمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۈچىنچى قېتىملىق سىناق باشلاندى، بۇ



قېتىم ھەرھالدا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ، پۈتۈن كابېل ياتقۇزۇلۇپ بولۇندى، ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان ئىش يۈز بەرمىدى، بىرنەچچە خەۋەر بۇ ئۇزۇن دېڭىز ئاستى كابېلى ئارقىلىق يوللىنىپ، ئىش غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقاندەك بولۇپ تۇرغاندا، تۇساتتىن توك ئېقىمى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى.

بۇ چاغدا، فىيلدېر ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستىدىن باشقا، ئۈمىدسىزلەنمىگەن كىشى قالمىدى. لېكىن، ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ئىشەنچىنى يوقاتمىدى، مانا شۇنداق قەتئىي بوشاشماس ئىرادە تۈپەيلى، ئۇلار يەنە مەبلەغ سالغۇچىلارنى تېپىپ، يېڭى بىر قېتىملىق سىناقنى باشلىدى. ئۇلار سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى كابېل سېتىۋالدى. بۇ قېتىمقى كابېل ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى «شەرق» ناملىق پاراخوت ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئاتلانتىك ئوكيانغا قاراپ يۈرۈپ، يول بويى كابېل ياتقۇزۇپ ماڭدى. ھەممە ئىش ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى، لېكىن نېۋفوندلاندتىن ئۆتۈپ ئالتە يۈز ئىنگلىز چاقىرىملىق لىنىيىگە كابېل ياتقۇزۇلغاندا، كابېل تۇيۇقسىز يەنە ئۈزۈلۈپ كېتىپ، دېڭىز تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار سۈزۈۋېلىشقا بىرنەچچە قېتىم ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خىزمەت تاشلاپ قويۇلدى، بەلكى توپتوغرا بىر يىل تاشلاپ قويۇلدى.

فىيلدېر قالتىس ئادەم ئىدى، بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇنى قورقۇتالمىدى. ئۇ يەنە يېڭى شىركەت تەشكىللەپ، بۇ ئىش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى، بەلكى خۇسۇسىيىتى ئادەتتىكى كابېللاردىن كۆپ ياخشى بولغان يېڭى تىپتىكى كابېلنى ياساپ چىقتى. 1866 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، يەنە بىر قېتىملىق سىناق باشلاندى ھەمدە كابېل ئوڭۇشلۇق ئۇلاندى. ئاتلانتىك ئوكياننى ھالقىپ ئۆتىدىغان تۇنجى تېلېگراما يوللاندى! تېلېگرامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

بىر كەچ سائەت توققۇزدە مەنزىلگە يېتىپ باردۇق، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى. خۇداغا رەھمەت! كابېل ياتقۇزۇلۇپ بولۇندى، تامامەن نورمال ئىشلەۋاتىدۇ. خىللاس فىيىلدىر.»

ئۇزاق ئۆتمەي، دېڭىز تېگىگە چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى كابېلمۇ سۈزۈۋېلىپ، يېڭىۋاشتىن ئۇلىنىپ، نيۇفوندلاندغىچە تۇتاشتۇرۇلدى. ھازىر بۇ ئىككى كابېل لىنىيىسى يەنىلا ئىشلىتىلمەكتە، ئۇلارنى چاتاق يوق نەچچە ئون يىل ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

* * *

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىر ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ياكى دوستلىرىنىڭ قوللىشى ۋە تۈرلۈك پايدىلىق شارائىتلارنىڭ ماسلىشىشىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە چىدامچانلىقىغا تېخىمۇ بەكرەك تايىنىدۇ. تالانتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ھامان تىرىشچانلىق بىلەن جاپالىق ئىشلەشنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە يەتمەيدۇ. دەرۋەقە، ھەممىمىز ئىستېداتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئەمما قەتئىي ئىرادە بىلەن چىدامچانلىق بىزنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

* * *

«سىز ئىسكىرىپكا چېلىشنى قانچىلىك ۋاقىتتا ئۆگەنگەنىدىڭىز؟» بىر يىگىت ئاتاقلىق ئىسكىرىپكىچى گىرادىنىدىن شۇنداق سورىغاندا، ئۇ: «يىگىرمە يىلدا، ھەر كۈنى ئون ئىككى سائەتتىن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بەزى كىشىلەر كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىدىكى داڭلىق پوپ لېمان بىتچېردىن، «ئىلاھىي ھۆكۈمەت» توغرىسىدىكى مەشھۇر ۋەزىنى قانچىلىك ۋاقىتتا تەييارلىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ئالاھەزەل قىرىق يىلدا» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

«ماھارەت يېتەرلىك بولغاندىلا، لوم تۆمۈرنى بىلەپ يىڭنە



قىلغىلى بولىدۇ.» بۇ سۆزنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى بىر ئەدىب ئېيتقان. ئۇ بىر قاتار مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، ئوقۇشتىن ۋاز كېچىش خىيالىغا كەلگەندە، بىر موماينىڭ بىر لوم تۆمۈرنى تاشقا سۈركەپ يىڭنە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان. ئۇ شۇ ھامان بۇنداق قەتئىي ئىرادىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغان. ئاخىرى ئۇ جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئاتاقلىق ناخشىچى مارى بۇلاند مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر بىر كۈن مەشىق قىلمىسام، ئۆزۈمنى چېكىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن؛ ئىككى كۈن مەشىق قىلمىسام، دوستلىرىم كۆرۈۋالالايدۇ؛ بىر ھەپتە مەشىق قىلمىسام، پۈتۈن دۇنيا سېزىۋالالايدۇ.» مارى بۇلاند ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىدۇر.

بېنجامىن فرانكلىننىڭ قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇ فىلادېلفىيە شەھىرىدە باسما كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر كۈنى ئۆزى قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ، كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ماتېرىياللارنى توشۇغان. ئۇ بىر كىچىك ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ھەم ئىشخانا، ھەم ياتاق قىلغان. شۇ شەھەردە فرانكلىننىڭ بىر قابىل رىقابەتچىسى بار ئىدى، ئۇ بۇ كىشىنى ئاتايىتەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان، ئاندىن كېيىن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئېشىپ قالغان كىچىككىنە بولكا پارچىسىنى كۆرسىتىپ: «سىزمۇ مۇشۇنداق كۈن كەچۈرۈشنى بىلمىسىڭىز، مېنى مەغلۇپ قىلالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس» دېگەن.

كارلىلنىڭ «فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخى»نى يازغان چاغدىكى بەختسىز كەچۈرمىشلىرى كىشىلەرگە تونۇشلۇق. ئۇ قولىيازمىسىنىڭ بىرىنچى جىلدىنى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىش ئۈ-

چۈن قوشنىسىغا بەرگەن. قوشنىسى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن
مۇنداقلا تاشلاپ قويغان، نەتىجىدە ئايال خىزمەتكارى ئوت يې-
قىشقا ئىشلىتىۋەتكەن. بۇ ئىنتايىن چوڭ زەربە ئىدى، بىراق
كارلىل ھەرگىز بوشىشىپ قالمىغان، ئۇ نەچچە ئاي ئەجىر
قىلىپ، تۇترۇق قىلىۋېتىلگەن بۇ قولىيازمىنى يېڭىۋاشتىن يې-
زىپ چىققان.

مۇزېيشۇناس ئاۋدۇبون مىلتىقى ۋە خاتىرىسىنى ئېلىپ،
ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئورمانلىقلاردا ئىككى يىل يۈرۈپ ھەر
خىل قۇشلارنى ئىزدىگەن ۋە ئۇلارنىڭ شەكلىنى سىزغان. بۇ
ئىشلارنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ماتېرىياللىرىنى قارىماققا
ئىنتايىن بىخەتەر بولغان بىر ساندۇققا سېلىپ پېچەتلىۋېتىپ،
دەم ئالغىلى كەتكەن. دەم ئېلىش ئاخىرلىشىپ، ئۆيگە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچى
چاشقان ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغان، جاپا تارتىپ سىزغان رە-
سىملىرى يىرتىلىپ كېرەكتىن چىقىپ كەتكەن. بۇ ھەقىقەتەن
ئېغىر زەربە ئىدى، بىراق ئاۋدۇبون لام ـ جىم دېمەي، مىلتىقى
ۋە خاتىرىسىنى ئېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئورمانلىققا كىرىپ،
بىردىن ـ بىردىن سىزىشقا باشلىغان، ھەتتا بۇ قېتىم سىزغانلى-
رى بىرىنچى قېتىمدىكىدىنمۇ ياخشى چىققان.

بىر قېتىم، كىشىلەر دىككىنسنى ئۆز ئەسىرىدىن بىر
پارچىنى دېلاماتسىيە قىلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلغان، دىككىنس
ۋاقىت يېتىشمەيدۇ دەپ، شۇ زامات رەت قىلغان. ئەسلىدە، ئۇ
بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ھەر قېتىم كۆپچىلىك-
نىڭ ئالدىدا ئەسىرىنى ئوقۇشتىن ئاۋۋال، ئالتە ئاي بۇرۇن
تەييارلىق قىلىشنى باشلاپ، تاكى پىششىق ئۆزلەشكۈچە مەشىق
قىلىدىكەن.

ھەرىكەتتە كەسكىن، بوشاشمايدىغان ئادەم ھامان كۆپچى-
لىكنىڭ قايىللىقىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ماركوس مېرتون ئۆز



ئۆمرىدە ئون ئالتە قېتىم ماسساچۇستېس شتاتىنىڭ باشلىقلىقى
سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان، ئاخىرى ئۇنىڭ جاسارىتى ۋە چى-
دامچانلىقىغا قايىل بولغان رىقابەتچىسىمۇ ئۇنىڭغا بېلەت تاشلى-
غان، ئۇ دەل بىر بېلەت ئۈستۈنلۈكى بىلەن شتات باشلىقلىقىغا
سايلانغان! چىڭ تۇرۇش، يەنە چىڭ تۇرۇش، ھەرگىز ۋاز
كەچمەسلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بارلىق سىرىدۇر.

* * *

ئامېرىكىلىق سىياسىئون ۋېبستېر فىلىپ ئېسېك مەكتە-
پىدە ئوقۇۋاتقاندا، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدىغا چى-
قىپ نۇتۇق سۆزلەشكە زادىلا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئۆيدە
يالغۇز چاغلىرىدا، ئۇ نۇتۇق سۆزلەشنى قايتا ـ قايتا مەشىق
قىلاتتى، بىراق ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ئىسمى چاقىرىلىپ، كۆپ-
چىلىكنىڭ كۆزلىرى تەڭلا ئۇنىڭغا قارىغاندا، ياد بولۇپ كەتكەن
ھەممە نەرسىلەر نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. ھالبۇكى، مانا
شۇنداق بىر ئادەم ئاخىرى ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ناتىق
بولۇپ چىقتى. ھەتتا ۋېبستېر چوقۇنىدىغان ئافېنالىق دېموس-
تىنىنمۇ ۋېبستېر كېڭەش پالاتىسىدا خېيىننىڭ سۆزىگە قارشى
قىلغان نۇتقىدەك ياخشى نۇتۇقنى سۆزلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى.

ۋېبستېرنىڭ ھەيران قالارلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى
بارلىقىنى مەكتەپتىكى چېغىدىكى بىر كىچىك ئىشتىنمۇ كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ. بىر قېتىم، ئۇنىڭ كەپتەرگە رەگەتكە ئاتقانلى-
قىنى مەكتەپ مۇدىرى كۆرۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا
قەدىمكى رىم شائىرى ۋىگىلنىڭ شېئىرلىرىدىن يۈز مىسرانى
يادلاش جازاسىنى بېرىدۇ. ۋېبستېر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ شۇ
كۈنى چۈشتىن كېيىن پويىز بىلەن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى
بىلىپ، دەرھال ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، بىراقلا يەتتە
يۈز مىسرا شېئىرنى يادلايدۇ. پويىز قوزغىلىشقا ئاز قالغاندا،

ئۇ مۇدىرنى تېپىپ، مىسرامۇمىسرا ياد ئوقۇشقا باشلايدۇ. يۈز مىسرا ئوقۇلۇپ بولىدۇ، بىراق ۋېبستېر توختايدىغاندەك قىلمايدۇ، ئارقىدىن ئىككى يۈز مىسرانى ئوقۇيدۇ. مۇدىر ھەدەپ سائىتىگە قاراپ، سەل تاقەتسىزلىنىدۇ، ئەمما ۋېبستېر بۇنى كۆرمەسكە سېلىپ داۋاملىق ئوقۇۋېرىدۇ. ئاخىر مۇدىر تاقەت قىلالماي ئۇنى توختىتىپ، يەنە قانچە مىسرانى يادلىيالايدىغانلىقىنى سورايدۇ. «تەخمىنەن يەنە بەش يۈز مىسرانى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋېبستېر ۋە يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

«ئەمدى سېنىڭ قانداق ئوينىغۇڭ كەلسە، شۇنداق ئوينىساڭ بولىدۇ.» مەكتەپ مۇدىرى نائىلاج شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

* * *

بارلىق ئۇلۇغ يازغۇچىلار داڭق قازىنىشتا قەتئىي ئىرادىگە تايانغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەرگىز تالانتىنىڭ ئىلھامى بىلەنلا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاخىردا مۇكەممەللىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەممە داغلارنى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىقلا، ئەنە شۇنداق ئالىيجانابلىق ۋە نەپىسلىكنى ئىپادىلىيەلىگەن.

ئېپىسكوپ بۇتلېر «ئانالوگىيە توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىگە يىگىرمە يىللىق ۋاقتى ۋە قان - تەرىنى سىڭدۈرگەن. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىردا ئۇ يەنە قانائەتلەنمەي، ئەسىرىنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان. روسسو ئۆزىنىڭ ئەڭ راۋان ۋە نەپىس بولغان يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش ۋە رەڭ بېرىشكە تايىنىدۇ، دەپ قارايتتى. ۋىگىل «ئېنېئىېت» ناملىق ئەسىرىنى ئون بىر يىلدا يېزىپ بولغان. خاۋتورن، ئېمىرسوندەك كاتتا يازغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرى بىزگە بىر ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ئارقىسىدىكى جاپالىق ئەمگەكنى، ئۇلارنىڭ بىر كىتابنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن نەچچە



يىللىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما بىرەر سائەتكە قالمايلا ئۇنى ئوقۇپ بولىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مونتېسكيۇ «قانۇننىڭ روھى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن يىگىرمە بەش يىلنى سەرپ قىلغان، ئەمما بىز ئۇنى ئاتمىش مىنۇتتىلا ئوقۇپ بولالايمىز. ئادام سمى «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى» نى يېزىش ئۈچۈن ئون يىلنى سەرپ قىلغان. قەدىمكى ئافېنادىكى تراگېدىيە يازغۇچىسى ئولپىتېسنى رەقىبى مەسخىرە قىلىپ، ئۇ ئۈچ كۈندە ئاران ئۈچ قۇر خەت يازىدۇ، ئەمما مەن نەچچە يۈز قۇر خەت يازالايمەن، دېگەن. ئولپىتېس بولسا: «سەن ئۈچ كۈندە يازغان نەچچە يۈز قۇر خەتنى كىشىلەر ئېسىدە تۇتالمايدۇ، ئەمما مېنىڭ ئۈچ قۇر خېتىم مەڭگۈ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىتالىيە شائىرى ئارئوستو «بوران - چاپقۇنلۇق يامغۇر» ناملىق ئەسىرىنى ئوخشاشمايدىغان ئون ئالتە خىل شەكىلدە يېزىپ باققان، «ئەسەبىيلەشكەن ئورلىئاندۇ» نى توپتوغرا ئون يىلدا يېزىپ پۈتكۈزگەن، شۇغىنىسى يەككە باھاسى ئون بەش پېنسلىق بۇ كىتاب ئاران يۈز پارچە سېتىلغان. بۇركىنىڭ «بىر ئاقسۆڭەك بىلەن يېزىشقان خەتلەر» ناملىق ئەسىرى ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ يارقىن، سەلتەنەتلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. كوررېكتورىسىنى كۆرىدىغان چاغدا، بۇرك ئىنتايىن ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆزگەرتكەن، ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسى ئەسلىدىكى ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ھالدا نەشرىيات سودىگىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان. باسما ئىشچىلىرى توغرىلاشنى رەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئەسەر يېڭىۋاشتىن تىزىلىپ نەشر قىلىنغان. ئادام تاكېر داڭلىق ئەسىرى «تەبىئەت نۇرى» نى يېزىش ئۈچۈن ئون سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. تورېئاۋنىڭ «كونكورد دەرياسى ۋە مېررىماك دەرياسىدىكى بىر ھەپتە» ناملىق ئەسىرى كىشىلەرنىڭ دىققىت-

نى زادىلا قوزغىيالمىغان، بۇ ئەسەر ئاران مىڭ پارچە بېسىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا يەتتە يۈز پارچىسى ئاپتورغا قايتۇرۇۋېتىلگەن. تورېئاۋ خاتىرىسىگە: «كىتابخانامدا توققۇز يۈز پارچە كىتاب بار، بۇنىڭ يەتتە يۈز پارچىسىنى ئۆزۈم يازغان» دەپ يازغانىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قەلىمىنى تاشلىمىغان، غەيرىتىنى بوشاشتۇرمىغان.

* * *

«دومىلايدىغان تاشتا مۇخ ئۆسمەيدۇ، قەتئىي بوشاشمايدىغان تاشپاقا يۈگۈرۈشتە توشقاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن تەمسىل جايىدا ئېيتىلغان. ئەگەر ھەر كۈنى بىر سائەتتىن ئۆگىنىشنى ئون ئىككى يىل داۋاملاشتۇرسا، ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەر چوقۇم ئالىي مەكتەپتە تۆت يىل ئۆگەنگەنلەردىن كۆپ بولىدۇ. ئوخشاشلا، ياخشى كىتابنى زېرىكمەي كۆپ قېتىم ئوقۇسا، بۇنداق ئوقۇش ئۇسۇلىنىڭ كىشىنىڭ ئىدىيىسىنى يارىتىشقا بولغان تەسىرى يىڭناغۇچنىڭ سۇ يۈزىگە تېگىپ ئۇچۇش شەكلىدىكى ئوقۇشنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا زور بولىدۇ. خۇددى بۇلىۋېرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىق بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ جېنى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرگە تاقابىل تۇرۇشىدىكى، شەخسنىڭ دۇنياغا تاقابىل تۇرۇشىدىكى، روھنىڭ ماددىغا تاقابىل تۇرۇشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك مەدەت، يەنە ئۇ ئىنجىلنىڭ جەۋھىرىدۇر. جەمئىيەت نۇقتىسىدىن، قەتئىي ئىرادە ۋە چىدامچانلىقنىڭ ئىرق مەسىلىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان تەسىرىنى ئويلىغاندا، ھەرقانداق تەشەببۇسمۇ ئۇنىڭ مۇھىملىقىغا يەتمەيدۇ.»

ھەرقانداق ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالماسلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مەنبەسى. بۈگۈنكى مىليونىر ئەتىلىككە كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەر قاراپ باقسا بولىدۇكى،



ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قايسى بىرى قەتئىي بوشاشماسلىق روھى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقمىغان؟ تىشاننىڭ بىر پارچە داڭلىق رەسمى ئۇنىڭ رەسىم رامكىسىدا سەككىز يىل، يەنە بىر پارچىسى يەتتە يىل تۇرغان. ھازىر، بىز كۆرۈپ تۇرغان، جاھان ئەھلى چوقۇنىدىغان ئاشۇ يازغۇچىلار نام - ئابرۇيغا قانداق ئېرىشكەن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايلاپ، يىللاپ ھەق بىلەن كارى بولمىغان ھالدا تىرىشچانلىق بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەسىرىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئەسەرنى يېزىشتىن ئاۋۋال ئۇزاق مەزگىل يېزىقچىلىق مەشىقى قىلغان، ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىدىكى زېھنىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان، ھەتتا قۇلغا ئوخشاش باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن بىردىنبىر ھەققى — مەڭگۈلۈك گۈزەل نام بولغان.

«ھەرگىز ئۈمىد ئۈزمەسلىك لازىم، — بۈرك كىشىلەرنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى، — ئەگەر بۇنى ئورۇندىيالمىساق، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.»

رىۋايەتلەردىكى ھىراكلىسنىڭ باش ھەيكىلىگە بىر پارچە يولۋاس تېرىسى يېپىلىپ، يەنە ئىككى پەنجىسى ئېڭىكى ئاستىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن مەقسەت، كىشىلەرنى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلار بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش بولۇپ، بىز بۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن ھامان، ئۇلار بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ بولۇپ قالىدۇ.

ئېھ، مەڭگۈ تىز پۈكمەس ئىرادە، بارلىق شان - شەرەپ ۋە پارلاقلىق ھامان ساڭا مەنسۇپتۇر!

# ئون بەشىنچى باب

## ئېخچام بولۇش ئادىتى

ئېخچام بولۇش — ئەقىل - پاراسەتنىڭ جېنى. ھەرقانداق ئىشتا ئېخچام بولۇشقا، كەسكىن بولۇشقا، ئەڭ مۇھىم يېرىنى تۇتۇشقا تىرىشىش لازىم. شائىر روسسو مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر سىز ئۆز گېپىڭىزنىڭ تەسىرچانلىقىغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، سۆزىڭىزنى ئىمكانقەدەر ئېخچام قىلىڭ.»

ھەرقانداق ئىشتا ئىخچام بولۇشقا، كەسكىن بولۇشقا، ئەڭ
مۇھىم جايىنى تۇتۇشقا تىرىشىش لازىم. ئۇ ھەم بىر خىل زىرەك-
لىك، ھەم بىر خىل ئەقىل - پاراسەت. ياقۇتنىڭ قىممىتى
ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدا ئەمەس؛ بىز دائىم نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا
پىرىسلانغان ھامان بومبىنىڭكىدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولى-
دۇ، ھەرقانچە مەزمۇت قورام تاشمۇ ئۇنى توسىيالمايدۇ. شىل-
دىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇدەك سىلىق ۋەز - نەسىھەتلەر ئاڭلاپ
بولغاندىن كېيىنلا ئۇنتۇلۇپ قېلىشى، ھېچقانداق ئىز قالدۇر-
ماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، شىرىنىڭ ھۆركىرىشىدەك كۈچلۈك
ئاۋاز ھەممىنى لەرزىگە سالغۇدەك كۈچكە ئىگە. گەپ دېگەننى
ھەممە ئادەم قىلالايدۇ، ئەمما ئىدىيە خۇددى قۇمدىن تاسقىۋېلىن-
غان ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەقىقىي تۇردە كۆپچىلىكنىڭ تەپەك-
كۇرىنى قوزغىيالايدۇ.

ئوقلار قويۇق ئېتىلغاندىلا تېخىمۇ قىرغىنچىلىق كۈچىگە
ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر سىز ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى
بولسىڭىز، ئۇنداقتا زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز لازىم؛
ئەگەر سىز ئۆز خىزمىتىڭىزنىڭ قىممىتىنى باشقىلارنىڭ بىلى-
شىنى خالىسىڭىز، مۇرەككەپلىكنى ئاددىيلىققا ئايلاندۇرۇڭ.
باش سودىيە چوئات رۇفۇس بىر مىنۇت ئىچىدە مەسىلىنى ناھا-
يىتى ئېنىق قىلىپ سۆزلىيەلەيتتى، ئەمما باشقىلارنىڭ بۇنى
سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشى ئۈچۈن بىر سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

قىزىق يېرى شۇكى، خوراس گېرل ئوخشاش تېمىدا «نيۇ-
يورك مۇنبىرى» گە ئۇزۇن ماقالە يازسا، تۇرلۇۋ ۋىدېر «ئالبانى
كەچلىك گېزىتى» دە بىرنەچچە جۈملە بىلەنلا كىشىلەرنى قايىل
قىلالايتتى. •



*مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل
ئارتۇقچىلىقنى بايقىدىم، ئۇ بولسىمۇ ئىخچام بولۇشتۇر.*
—— جاي

*ئىخچام بولۇش مەيلى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ياكى ناتىق
ئۈچۈن بولسۇن، ئەڭ ياخشى ناتىقلىق ئۇسلۇبىدۇر.*
—— ستىنسبېرو

*سۆزلەر خۇددى دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرماقلار
قانچە قويۇق بولسا، مېۋە شۇنچە ئاز بولىدۇ.*
—— پوپې

*سۆزلىگىنى قانچە ئاز بولسا، ئېيتىلغان ۋەز شۇنچە ياخشى
بولىدۇ.*
—— مادىن رود

* * *

«ئىخچام بولۇش لازىم، — خىللاس فىيىلدىر زىيارەت قىلغىلى كەلگۈچىلەرگە شۇنداق دېگەنىدى، — ۋاقىت دېگەن قىممەتلىك، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، سەمىمىي بولۇش، ئىخچام بولۇش بىزنىڭ ئۆمرىمىزنىڭ دەستۇرى بولۇشى لازىم. خەتنى ئۇزۇن يازماسلىق كېرەك، ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئوقۇپ بولغۇدەك ۋاقتى يوق. ئەگەر بىرنېمە دېمەكچى بولسا، مېغىزلىق قىلىپ سۆزلەش كېرەك. ھەرقانچە مۇھىم ئىش بولسىمۇ، بىر بەت قەغەزدىلا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولىدۇ. كۆپ يىللار ئىلگىرى، مەن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تېگىگە كابېل ياتقۇزغان چاغدا، ئەنگلىيىگە بىر پارچە مۇھىم ئالاقە ئەۋەتىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن باش ۋەزىر ۋە ئايال پادىشاھنىڭ خېتىمنىڭ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا بىرنەچچە ۋاراق قەغەزگە دېمەكچى بولغانلىرىمنى يېزىپ بولۇپ، ئاندىن توختىماي ئۆزگەرتىپ، سۆز - جۈملىلەرنى ئىمكانىنىڭ بارىچە ئىخچاملىدىم. يىگىرمە قېتىم ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئاخىرى مەن دېمەكچى بولغان مەسىلىنى بىر بەت قەغەزگىلا ئېنىق يېزىپ بولدۇم. ئاندىن كېيىن، خەتنى ئەۋەتىۋەتتىم، ئۇزاق ئۆتمەي جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئەلۋەتتە، بۇ ئادەمنى مەمنۇن قىلىدىغان جاۋاب ئىدى. لېكىن، سىلەر ئويلاپ باقتىڭلارمۇ، ئەگەر خېتىم بەش - ئالتە بەت يېزىلغان بولسا، ئىش يەنە ئاشۇنداق ئوڭۇشلۇق بولارمىدى؟ ياق، ئۇنداق بولمايتتى. ئىخچاملىقنىڭ ئۆزى بىر قىممەتلىك سوۋغات.»

ستېۋارد ئەپەندى ۋاقىتنى ئۆز كاپىتالىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايتتى. ئۇ خۇسۇسىي ئىشخانىسىغا ھېچكىمنىڭ كىرگۈزمەيتتى، مېھمانلار ئىشىنى ئىشىكباقارغا ئېنىق ئېيتالىسا، ئاندىن يەنە بىر ئىشخانىدا ستېۋارد ئەپەندى بىلەن كۆرۈشەلەيتتى. ئەگەر بىرەر مېھمان ئۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي ئىشلار توغ-



رۇلۇق سۆزلەشمەكچى بولسا، ئىشىكباقار: «ستېۋارد ئەپەندى ھازىر خۇسۇسىي ئىشلارغا توغرۇلۇق سۆزلەشمەيدۇ» دەيتتى. ئەگەر كىم ئىجازەتكە ئېرىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرەلىسە، دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىمكانقەدەر ئىخچام، مېغىزلىق قىلىپ سۆزلىشى كېرەك ئىدى. ستېۋارد ئەپەندىنىڭ شىركىتىدە ھەممە ئىشلارنىڭ تېز ھەم تەرتىپلىك بېجىرىلىشىگە ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى قايىل بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ يەردە چېچىلاڭغۇلۇق، بىكار تەلەپلىك ئەھۋاللارنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھېچكىم خالىغىنىچە چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈپ يۈرمەيتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە، ئىشقىلىپ خىزمەت ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ شوئارى: «ئۇنۇم» دېگەن بىرلا سۆز ئىدى. ستېۋارد ئەپەندى خىزمەت قىلىۋاتقاندا ھېچكىم بىلەن دوستلارچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇ مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ ئىسراپ قىلىشنى خالىمايتتى.

* * *

فرانسىيىلىك ئاتاقلىق پوپ، يازغۇچى فېنارون مۇنداق دېگەنىدى: «ناتىقلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى سۆزنى ئىخچام ھەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىش، پىكرىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش، سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھودۇقماسلىق، تەمكىن، تەبىئىي بولۇشتۇر.»

ئەنگلىيە شائىرى روسسو مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر سىز ئۆز گېپىڭىزنىڭ تەسىرچانلىقىغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، سۆزىڭىزنى ئىمكانقەدەر ئىخچام قىلىڭ. تىلمۇ قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ، قانچە مەركەزلەشكەنسېرى، باشقا نەرسىلەرگە شۇنچە ئاسان ئوت تۇتاشتۇرىدۇ.»

تايلۇن ئادۋاردس مۇنداق دېگەنىدى: «گەپ قىلغۇسى كەلسە، گەپ قىلىش، دەيدىغاننى دەپ بولغاندا، گەپنى دەرھال توختىتىش لازىم.»

مەسئۇل مۇھەررىر :
**دولقۇن قادىر**
مەسئۇل كوررېكتور :
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: دولقۇن قادىر

ئورىسون مادېن (ئامېرىكا)

# بۈيۈك ئىلھامنامە

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ئارسلان

| | |
|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى : 100013 تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010 |
| ساتقۇچى | : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : 850×1168م م. 32كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : 12.75 |
| سانى | : 0001 ـ 3000 |
| باھاسى | : 17.00 يۈەن |

责任编辑
责任校对 ：多鲁洪

图书在版编目(CIP)数据

伟大的励志书/（美）马登著；吴群芳，余星汉译；卡德尔.阿尔斯郎维译.一北京：民族出版社，2005.5
ISBN 7-105-06900-7

Ⅰ.伟... Ⅱ.①马... ②吴...③余...④卡
Ⅲ.成功心理学-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.B848.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 031867 号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005 年 5 月第 1 版　2005 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张：12.75
印　　数：0001-3000 册
定　　价：17.00 元

1BUI00000210